ئىيارەجلەرگە نام بېرىشتە تەركىبى ۋە ئىشلىتىش مەقسىتى ئاساس قىلىنماستىن بەلكى شۇ ياسالمىنى ئىجاد قىلغۇچى كىشىنىڭ نامى دورا ئىسمى قىلىنىدۇ .

ئىيارەجلەرنىڭ تۇرۇش مۇددىتى ئىتريىفىللار بىلەن ئوخشاش .

## ئىككىنچى ، قاتتىق دورا ياسالمىلىرى

### 1 . بانادۇقلار

بانادۇق ـــ پىندۇق شەكلىگە ئوخشايدىغان قاتتىق دورا ياسالمىلىرى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بىر تەرىپى ياپىلاق ، بىر تەرىپى توم يۇمىلاق كېلىدۇ .

دورا ياسالمىنىڭ نامى شۇ دورا ياسالمىسى تەركىبىدىكى ئاساسلىق دورىنىڭ نامى ياكى دورا ياسالمىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئاتىلىدۇ ، مەسىلەن : بانادۇق بوزورى (ئۇرۇقلاردىن ياسالغان بانادۇق ) ياكى بانادۇق ئىدرار ( سۈيدۈك ھەيدىگۈچى بانادۇق ) قاتارلىقلار .

بانادۇقلار ئاساسەن سۈيدۈك يوللىرى كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

### 2 . شىيافلار

شىياف ( شامچە ) دورىلار ـــ يۇمشاق سوقۇلغان دورا تالقانلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان قوشۇمچە دورا ماتېرىياللىرىنى قوشۇپ ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدىغان قاتتىق دورا ياسالمىسى بولۇپ ، بۇرۇن ، كۆز ، قۇلاق ، مەقئەد ۋە سۈيدۈك يولى قاتارلىق

بوشلۇقلارغا كىرگۈزۈپ كېسەل داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

شىيافلار بوشلۇقلارغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن يۇمشاپ ئېرىش، تېز شۈمۈرۈلۈش، بەدەن بوشلۇقلىرىدىكى سۇيۇقلۇقلار بىلەن قوشۇلۇپ ئۆزىنىڭ شىپالىق تەسىرىنى تەدرىجىي كۆرسىتىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بەزى دورا ياسالمىلىرىنى ئېغىز ئارقىلىق ئىستېمال قىلغاندا ئاشقازاننى كۈچلۈك غىدىقلايدۇ ياكى ئاشقازان سۇيۇقلۇقى تۈپەيلىدىن ئۈنۈمى زىيانغا ئۇچرايدۇ، بەزىلىرى جىگەرگە زىيان قىلىدۇ. شۇڭا، بەدەننىڭ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن بوشلۇقلىرىدىكى بەزى كېسەللىكلەرگە بىۋاستە دورا ئىشلىتىپ داۋالاش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبلەردىن شىياق ياساپ ئىشلىتىلىدۇ.

شىيافلار ئېغىز ئارقىلىق دورا ئىستېمال قىلالمايدىغان بىمارلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ شۈمۈرۈلۈشى تېز، ئۈنۈمى ياخشى. تەسىرى بەدەندە ئۇزۇن ساقلىنىدۇ. لېكىن ئىشلىتىش قولايسىزراق، ياساش تەسرەك، تەننەرقى قىممەترەك.

شىيافلارنى تەييارلاشتا دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ نېپىز ئەگلەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭغا سۇ، كاكاۋۇ يېغى، ئاق موم ۋە قوي يېغىنى باراۋەر مىقداردا قوشۇپ، ئېرىتىلگەن مۇۋاپىق قوشۇمچىلارنى سېلىپ خېمىر قىلىپ، قول ياكى قېلىپتا شىياق قىلىنىدۇ. قول بىلەن تەييارلىغاندا تەييار بولغان خېمىرنى بىر خىل تەكشىلىكتە پىلتە قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۈز تاختاي ئۈستىدە يەنە بىر نېپىز تاختاي بىلەن خېمىرنى تەكشى بې-سىپ يۇمىلىتىلىدۇ. پىلتە كۆز مۆلچەرىدە باراۋەر بۆلەكلەرگە كېسىلىدۇ. چاپلىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن تاختاي يۈزىگە ئازراق تالكوم تالقىنى سېپىلىدۇ ۋە ئىشلىتىش ئورنىغا قاراپ تېگىشلىك شەكىلگە كىرگۈزۈلىدۇ. نۆۋەتتە ساقلاش مۇددىتىنى ئۇزارتىش، تەسىر قىلىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن يار يېلىم، قويۇقلاشتۇرۇلغان گىلىتسېرىن ۋە باشقىلار ئىشلىتىلمەكتە.

شىيافلارنى ساقلاشتا دورا تەييار بولغاندىن كېيىن ئۇنى موم قەغەز، ئەينەك قەغەزلەرگە يۆگەپ ئاندىن ئەينەك شىشە ياكى قەغەز قۇتىغا سېلىپ سالقىنراق يەردە قو-يۇپ ساقلاش لازىم.

شىياق تەييارلاشتا تازىلىققا ئالاھىدە دىققەت قىلىش، قوشۇمچىلارنىڭ قويۇقلۇقى ۋە سۈپىتىنى ياخشى ئىگىلەش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا شىياق دورىلارغا قويۇلىدىغان

تەلەپلەرگە يەنى ، ئۆي تېمپېراتۇرىسىنىڭ دورا قاتتىقلىق ھالىتىنى ساقلاش ، ئىشلىتىش جەريانىدا شەكلى ئۆزگىرىپ كەتمەسلىك ، شىللىق پەردىلەرنى غىدىقلىماسلىق ۋە ئاسان بۇزۇلۇپ قالماسلىقتەك قاتارلىق تەلەپلەرگە يەتكىلى بولمايدۇ .

3 . فەتىللەر

فەتىلەر ( پىلىكۈچ ) — سۈيدۈك يولى ، بۇرۇن ۋە قۇلاق تۆشۈكلىرىگە تىقىپ قويۇلىدىغان پىلتىسىمان قاتتىق دورا ياساملىرىغا قارىتىلغان .

ئۇلارنى ياساش ئۇسۇلى شىيافلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ ، ئاساسەن بۇرۇن ، قۇلاق ۋە سۈيدۈك يولى كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

4 . فەرزىجىلەر

بۇ ، مەخسۇس ئاياللار جىنسىي يولىغا كىرگۈزۈپ ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىسى بولغاچقا ، فەرزىجە دەپ ئاتالغان . ئۇنىڭ شەكلى يۇمىلاق ياكى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ ، ئېغىرلىقى تەخمىنەن 3~5 گرام ، دىئامېترى 1.5 ~2.5 س م كېلىدۇ .

5 . قۇرسلار

قۇرس ( توقۇچاق ) لار — بىر خىل ياكى كۆپ خىل دورىلارنى ئۇنىدەك تالقانلاپ ، ئۇنىڭغا شەكىل ياسىغۇچى ، چاپلاشتۇرغۇچى ، سىلىقلاشتۇرغۇچى ھەمدە مايلارنى ئۆزىگە سۈمۈرۈپ ئالالايدىغان ، ئاسان پارچىلىنالايدىغان قىلغۇچى قوشۇمچە ماتېرىياللارنى قوشۇپ ئۆششاق مۇنەكچىلەرگە ئايلاندۇرۇپ ، مەخسۇس قۇرس قېلىپى ياكى قۇرس ماشىنىلىرىدا بېسىپ تۈگمە شەكلىدە چىقىرىلىدىغان ، مەلۇم مىقدار ئۆلچىمى بولغان قاتتىق دورا ياساملىرىغا قارىتىلغان . ئۇلار تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە :

1) دورا مىقدارى ئېنىق ۋە توغرا، سۈپىتى تۇراقلىق، ھەجمى كىچىك، ئىستېمال قىلىش، ئېلىپ يۈرۈش، يۆتكەش ۋە ساقلاش ئەپلىك بولۇشتەك ئارتۇقچىلارغا ئىگە بولۇشتىن سىرت، ماشىنا مەشغۇلاتى قولايلىق، تەننەرقى ئەرزان بولۇشتەك ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە.

2) قۇرسىنىڭ تېشىنى قاپلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق دورىلارنىڭ سېسىق ۋە ئاچچىق تەمىنى يېپىپ قىلىشقا بولىدۇ ھەمدە ھاۋا، سۇ، يورۇقلۇق ۋە رادىئو ئاكتىپلىق ماددىلارنىڭ دورىغا قارىتا پايدىسىز تەسىرلىرىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك يېتەرسىزلىكى بار:

1) كىچىك بالىلار ۋە بىھوش بىمارلارغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

2) ياساش ۋە ساقلاشتا دىققەت قىلىنمىسا سۈپىتىگە تەسىر يېتىشى مۇمكىن.

شۇڭا، قورسلارنى ياساشتا تۆۋەندىكىدەك تەلەپلەر قويۇلىدۇ:

1) تەركىبى ۋە مىقدارى توغرا بولۇشى، شەكلى تۇراقلىق، تەكشى، رەڭگى بىر خىل، كۆرۈنۈشى سىلىق بولۇشى، ئاشقازان ۋە ئۈچەيدە ئېرىگىدەك قىلىپ ياسىلىشى لازىم.

2) قۇرس دورىلارغا قوشۇلىدىغان قوشۇمچە ماتېرىياللار چوقۇم سۈپىتى تۇراقلىق، زىيانسىز، ئەران، مەنبەسى مول بولغاننىڭ سىرتىدا ئۇ چوقۇم ئاساسى دورا بىلەن رېئاكسىيىلەشمەيدىغان ۋە سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزمەيدىغان بولۇشى شەرت. قۇرسلارنى ياساشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم:

1) مىقدارى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك. ئادەتتە قۇرسلار 0.5 گراملىق قىلىپ تەييارلىنىدۇ، بەزىدە بىر گراملىق قىلىپمۇ ياسىلىدۇ.

2) قۇرس دورىلارنى ئېھتىياجغا قاراپ ياساش لازىم. ئادەتتە قۇرس دورىلار ئالتە ئايدىن بىر يىلغىچە ئۆز قۇۋۋىتىنى ساقلايدۇ، ئۇندىن كېيىن قۇۋۋىتى ئازىيىشقا باشلايدۇ. ئەگەر كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىش توغرا كەلسە رېتسېپتا كۆرسىتىلگەن دورىلارنى ئۆز نىسبىتى بويىچە توغرا كۆپەيتىپ تەييارلاش، ھەرگىزمۇ كۆز مۆلچەرى بىلەن تەييارلىماسلىق لازىم.

3) دورا تەييارلاش ئۆيى پاكىز، سايمانلار تولۇق ۋە ئۆلچەملىك بولۇشى، تەييار بولغان دورىلارنى قاچىلاش ۋە ساقلاشقا سەل قارىماسلىق، كۈن نۇرى، نەملىك، توپا-چاڭلاردىن مۇھاپىزەت قىلىش لازىم. سۈپىتى، رەڭگى ئۆزگەرگەن دورىلارنى قەتئىي ئىشلەتمەسلىك لازىم.

## 6 . ھەبلەر

ھەب ( كۇمىلاچ ) لار ـــ دورىلارنى ئۇنىدەك يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ مۇۋاپىق كېلىدىغان چاپلاشتۇرغۇچىلار ( مەسىلەن ، ھەسەل سۈيى ، دورا سۈيى ياكى قايناقسۇ قاتارلىقلار) بىلەن خېمىر قىلىپ ، ئاندىن بەلگىلىك چوڭلۇقتىكى كۇمىلاچ (شارچە ) ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن دورا ياساملىرىغا قارىتىلغان . ھەبلەر تۆۋەندىكىدەك ئارتۇقچىلىقلار ئىگە :

1 ) ئاچچىق دورىلارنى يۇتۇشقا ئوڭاي ، دورا مىقدارى توغرا ، ئېلىپ يۈرۈش ئەپلىك ، ياساش ئۇسۇلى ئاددى .

2 ) ئۇنى ئاددىي قول مەشغۇلاتىدا ياكى مەخسۇس ھەب ماشىنىلىرىدا ياسىغىلى بولىدۇ . ھەبلەرنى ياساشتىكى چاپلاشتۇرغۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر تۆۋەندىكىچە :

چاپلاشتۇرغۇچىلار ھەب ياساشتا كەم بولسا بولمايدىغان قوشۇمچە ماتېرىيال . ئۇنىڭ مۇۋاپىق تاللىنىش ـ تاللانماسلىقى دورىنىڭ سۈپىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ . شۇڭا چاپلاشتۇرغۇچى ماتېرىياللار ئومۇمەن ئاساسىي دورىنىڭ شىپالىق ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكى ، ھەبلەرنىڭ ھەجىمىنى چوڭايتىۋەتمەيدىغان بولۇشى ، چاپلاشقاقلىقى كۈچلۈك بولۇشى ۋە ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا سۈپەت ۋە سان جەھەتتىن ئۆزگىرىش بولمايدىغان بولۇشى ھەمدە ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن دورىنىڭ تەمىنى ۋە سىڭىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان بولۇشى لازىم . ھەبلەرنى ياساشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم :

1 ) دورا تەركىبلىرى نۇسخىدا كۆرسىتىلگەن سان ۋە سۈپەت بويىچە ئېلىنىشى ۋە ياسالمىغا ئۇيغۇنلاشقان ھالەتتە بولۇشى ( ئىسلاھ قىلىنغان ، تازىلانغان زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن ۋە باشقىلار ) ، ئالمىشىپ قالماسلىقى كېرەك .

2 ) ھەبنىڭ سۈپىتى ۋە تېز سىڭىشىغا تەسىر يەتمەسلىكى ئۈچۈن دورىلار ناھايىتى يۇمشاق سوقۇلۇشى ۋە قېلىن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك ( 80 ـــ 100 ـ نومۇرلۇق ئەلگەكلەرگە توغرا كېلىدۇ ) .

3 ) خېمىرنى بەك سۇيۇق ياكى بەك قويۇق قىلىپ قويماسلىق لازىم .

4 ) ھەبلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بىر خىل ۋە نۇسخىدا كۆرسىتىلگەن مىقداردا بولۇشى شەرت .

5 ) ھەبـلـەرنـى ياغلاشنى ئۇنتۇماسلىق لازىم . كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ياغلار ئادەتتە كۈنجۈت يېغى ، بادام يېغى ، سېرىق ياغ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

## ئۈچىنچى ، سۇيۇق دورا ياساملىرى

### 1 . ئەرەقلەر

بۇ ، دورىلارنـى قـايـنـىـتـىـپ مـەخـسۇس ئەرەق تـارتىش ئەسۋابلىرى ئارقىلىق چـىـقـىرىلغان دورىلىق پار سۇيىگە قارىتىلغان . پەقەت بىر خىل دورىدىن ئېلىنغان ئەرەق ئاددىي ئەرەق ، كـۆپ خـىـل دورا مـاتـېـرىياللىرىنى قايىنتىپ ئېلىنغان ئەرەق مۇرەككەپ ئەرەق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ

ئەرەقـلـەرنىڭ ئۈنۈمى تېز ، ھەممە بىمارلارغا بولۇپمۇ ئەھۋالى ئېغىر ۋە تەبىئىيتى نازۇك كىشلەرگە تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ . دورىلىق تەسىرى بەدەننىڭ توقۇلمىلىرىغىچە يېتـىـپ بـارىـدۇ . ئەرەقـلەرنى تەييارلاشنىڭ ماشىنىلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۇنى تارتىش ۋە قاچىلاش مەشغۇلاتلىرى بارغانسېرى تېز بولماقتا .

ئەرەقـلـەرنـى تەييارلاشتا ئومۇمەن بىر ھەسسە دورىغا ئالتە ھەسسە قايناقسۇ قويۇپ ئـىـكـكى لىتىر ئەرەق ئېلىنىدۇ . بىر قىسىم قاتتىق دورىلارنى بىر كېچە قايناقسۇغا چىلاپ ، ئانـدىـن كېيىن پار قازىنىغا سېلىپ ئۇزۇن قاينىتىلىدۇ . تەمى تېز چىقىدىغان گۈل — چېـچـەكـلـەر ئالدىدىن چىلانمىسىمۇ بولىدۇ . ئوت چوقۇم بىر خىل ۋە مۇلايىم بولۇشى لازىم . ئەرەقـنـىـڭ رەڭگى سۈزۈك بولۇشى ، دۇغ ياكى كۆپۈك تەملىك بولماسلىقى ، رەسمىي قاـ چـىـغـا ئېـلـىـشـتـىـن بۇرۇن چوقۇم تەكشۈرۈلۈشى لازىم . پار قازىنى تەلەپكە لايىق ، ھەم بولۇشى ، ئاغزى چىڭ بېكىتىلىشى كېرەك . تەلەپكە لايىق قاچىلانسا قۇۋۋىتى بىر يىلغىچە تۇرىدۇ .

### 2 . تىزابلار

تـىـزاب ( كـىـسلاتـالىق سۇيۇقلۇق ) لار — قاتتىق جىسىم ھالىتىدىكى دورىلارنى مـەخـسۇس ئىشلەنگەن ئەسۋابلارغا قاچىلاپ ، ئىسسىقلىق تەسىر قىلدۇرۇش ئارقىلىق گاز

ھالـىتىگە كەلتۈرۈپ تامچىلىتىپ ئىشلىتىدىغان كىسلاتالىق سۈيۇق دورا ياسالمىلىرىغا قارىتىلغان، ئۇلار تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئىگە بولۇپ، سىرتقى كېسەللىكلەرگە بولۇپمۇ جاھىل تېرە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

2) تەسىرى تېز بولۇپ، ئاغرىق توختىتىدۇ، مەسىلەن: قۇرت چۈشكەن چىشقا ئىشلەتسە تېزلا ئارام بېرىدۇ.

3) ئۇزۇنراق ساقلىسىمۇ بۇزۇلۇپ، ئۆزگىرىپ قالمايدۇ.

تىزابنى تەييارلاش مۇرەككەپرەك بولۇپ، ئادەتتە تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ:

1) چەتنەك بىر جايغا ھەممە تەرىپى ھەم قىلىپ بىر كىچىك خىش ئۆي سېلىنىدۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىغا سىرلىق لېگەن ياكى پەتنۇس قويۇپ، كىچىكرەك چىنە تۆمۈرچىنىڭ چوققىسى بىلەن گىلى ھېكمەت قىلىنىپ لېگەنگە پۇختا توختىتىلىدۇ. چىنە ئىچىگە دورىنى سېلىپ، ئاغزى چوڭ تۆشۈكلۈك سىم تور بىلەن يېپىلىدۇ. ئاندىن چوڭراق پىيالە ئېلىپ ئاستىدىكى غىدىرلىكىدىن يىپ بىلەن چىگىپ، دوم قىلىپ دورا سېلىنغان چىنىنىڭ ئۈستىدىكى سىم تورغا تەگكۈدەك يېقىنلاشتۇرۇپ يىپنىڭ ئۇچىدىن تورۇسقا ئېسىپ قويۇلىدۇ. ئاندىن چىنىدىكى دورىغا ئوت يېقىپ قىزدۇرۇلىدۇ. دورا كۆيۈپ ئۈنگەندىن چىققان گاز پىيالىغا ئۇرۇلۇپ تامچىلاپ لېگەنگە چۈشىدۇ. مانا بۇ تىزاپ دورا بولىدۇ.

2) نۆشۈدۈردىن تىزاب تەييارلاشتا ئەرەق تارتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

3) ھازىر مەخسۇس ياسالغان تىزاب چىقىرىش ئەسۋابلىرى بىلەن زامانىۋى ئۇسۇلدا تىزاب چىقىرىلىدۇ. تىزابلارنى تەييارلاش ۋە ئىشلىتىشتە تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم:

1) تىزاب تەييارلىغۇچى خادىملار بىخەتەرلىكنى قوغداش ئۈچۈن ئىش كىيىمى ۋە بۆك كىيىپ، ماسكا تارتىپ، مۇداپىئە كۆزەينەكنى تارتىپ ئىشلىشى لازىم. بولمىسا چىشنى بوشىتىش، كۆزنى ئاغرىتىش ئەھۋاللىرى سادىر بولىدۇ.

2) مۇھىتنى بۇلغاپ قويماسلىق ئۈچۈن تىزاب چىقىرىدىغان ئۆينىڭ ھەممە يېرى ھەم ئېتىلگەن بولۇش كېرەك.

3) ئىشلىتىش مىقدارىنى تىزگىنلەش لازىم، چۈنكى كۆپرەك ئىشلەتسە بەدەن گۆشلىرىنى سېسىتىپ قويىدۇ.

4) تېرە كېسەللىكلىرىگە ئىشلەتكەندە تېرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارغا

ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئارقىلىق ، تىزابنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان زىيانلىق تەسىرىنى ئازايتىش كېرەك .

5 ) ئاغرىغان ۋە قۇرت يېگەن چىشقا ئىشلەتكەندە باشقا چىشلارغا تەگكۈزۈپ قويماسلىق كېرەك ، بولمىسا ساق چىشلارنى بۇزۇپ قويىدۇ .

### 3 . پاشويىلار

پاشويە ـــ پۇتنى ياكى زۆرۈر تېپىلغاندا قولنى قىزىق پېتى چىلاپ ئولتۇرۇشقا تەييارلانغان مەخسۇس دورا قايىنتىلمىسىغا قارىتىلغان .

پاشويە ئۇسۇلى ئاساسەن مۇفاسىل ، نىقرىس ۋە باش ئاغرىشنى داۋالاشتا قوللىنىلىدىغان بولۇپ ، ئىشلىتىش ئوڭاي ، تەسىرى تېز ، ئۈنۈمى يۇقىرى .

پاشويىنى تەييارلاشتا بىر ياكى بىر قانچە خىل دورىنى بىرلەشتۈرۈپ ، تەمى پۈ-تۈنلەي چىققىچە قايىنىتىپ ، سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

پاشويە بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزگەن ۋە تەرلەنگەندە سوغۇق ئۆتۈپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىش ، دورا سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى مۇۋاپىق ئىگىلەش ، لېكىن بەك قىزىق بولۇپ كەتمەسلىك ، پۇت ـ قولنى كۆيدۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم .

### 4 . رەۋغەنلەر

بۇ ، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك ياغلىرى شۇنداقلا مۇشۇ ياغلار بىلەن تەركىبلىنىپ ، گۈل ـ چېچەك ، ياغاچ غوللۇق ياكى يىلتىزلىق ئۆسۈملۈك دورا چۆشكەن ھەمدە مەخ-سۇس ئۇسۇل بىلەن تەييارلىنىپ بەدەن سىرتىنى ياغلايدىغان سۇيۇق دورا ياسالمىسىغا قارىتىلغان .

ياغ دورىلارنىڭ تەركىبى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ ، ئىششىق قايتۇرۇش ، ئاغ-رىق پەسەيتىش ، تېرە ، پەي ، مۇسكۇللارنى يۇمشىتىش ياكى چىڭىتىش ، يەل تارقىتىش مەقسەتلىرىدە سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ . ياغ دورىلارنىڭ دورا مەنبەسى كەڭ ، ئاسان تېپى-لىدۇ . تەييارلاش ۋە ئىشلىتىش ئاسان ، ئۈنۈمى تېز . ئۇلارنى تەييارلاش ئۇسۇلى ۋە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە :

1 ) ھايۋانات ياغلىرىنى تەييارلاشتا گۆش ۋە بەزلەردىن تازىلانغان ياغ قازاندا ئې-

رىتىپ تەييارلىنىدۇ .

2 ) مېغىز ۋە ئۈرۈق ياغلىرى ياغ چىقىرىش كارخانىلىرىدا تەييارلىنىدۇ .

3 ) گۈل ـ چېچەكلەردىن ياغ تەييارلاشتا گۈلنىڭ لازىملىق قىسمىنى قىرقىپ ئېلىپ ، 4 ـ 3 ھەسسە كەلگۈدەك زەيتۇن يېغى ، بادام يېغى ياكى كۈنجۈت ياغلىرىنىڭ بىرىگە 30 كۈن چىلاپ ، ئاغزىنى ھىم ئېتىپ ئاپتاپقا قويۇلىدۇ . ئاپتاپتا قويۇش جەريانىدا 3 ـ 2 كۈندە بىر قېتىم ئارىلاشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ . گۈلنىڭ تەمى پۈتۈنلەي مايغا ئۆتۈپ ، مايدىن گۈل پۇرىقى كەلگەندە تىرىپلىرىنى سىقىپ ، سۈزۈپ ، قاچىلاپ ئىشلىتىلىدۇ ياكى مەلۇم مىقداردىكى گۈلنى ئۈچ ھەسسە قايناقسۇغا بىر كېچە چىلاپ ، يۇمشاق ئوت بىلەن سۈيى تۈگىگىچە قايىنىتىپ ( كۆيدۈرۈۋەتمەي ) ، سىقىپ سۈيىنى ئېلىپ ، تۆت ھەسسە كۈنجۈت يېغى قوشۇپ ، سۇ تەركىبى تۈگەپ ياغ قالغىچە قايىنىتىپ ، سۈزۈپ قاچىلاپ ساقلىنىدۇ .

4 ) يىلتىز دورا ياكى ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەردىن ياغ تەييارلاشتا دورىلارنى يېرىك سوقۇپ ئىسسىق ياكى قايناقسۇغا بىر كېچە چىلاپ . سۈزۈپ ، دورا سۈيىگە باراۋەر ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك مىقداردا زەيتۇن يېغى ياكى كۈنجۈت يېغى قوشۇپ يەڭگىل ئوتتا ئۈزۈلدۈرمەي قىزدۇرۇپ ، ئىسسىق ياكى سۈيى پۈتۈنلەي پارغا ئايلىنىپ ساپ يېغى قالغاندا قاچىلاپ ئىشلىتىلىدۇ .

## 5 . سىركەنجىبىنلەر

سىركەنجىبىن ( سىركىلىك قىيام ) لار ــ قايىنىتىلغان دورا سۈيىگە شېكەر ۋە ئۈزۈم سىركىسى قوشۇپ تەييارلانغان دورا ياسالمىلىرىغا قارىتىلغان .

سىركەنجىبىنلەرنى تەييارلاشتا دورىلارنى چىلاپ ، قايىنىتىپ سۈزگەندىن كېيىن ، شېكەرنى سېلىپ ئېرىتىپ ، ئاخىرىدا سىركىنى قۇيۇپ ئۆرلەشكە تەمشەلگەندە ئوتتىن چۈشۈرۈلىدۇ . سىركىنى قۇيغاندىن كېيىن قايىنىتىشقا بولمايدۇ . ئۇنى تەييارلاشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم :

1 ) ئەگەر سىركەنجىبىنگە رەڭ قوشۇشقا توغرا كەلسە رەڭنىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئوتتىن چۈشۈرۈلگەن قازانغا سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاش ، ھەرگىز قايناتماسلىق لازىم .

2 ) سىركە قوشۇلغان دورا تەركىبىدە قىزىلگۈل بولسا ياكى تۆمۈر قازاندا قايناتسا

ياسالما قارىيسپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنى سىرلىق قاچىدا قايىنتىش لازىم ياكى سىركىنى تېمىتىپ قوشۇش ياكى دورىنى چىلىغاندا سىركىنى قايىناقسۇ بىلەن بىرگە قوشۇپ چىلاش ۋە بىرگە قايىنتىش كېرەك. شۇندىلا قارىداپ قېلىشتىن ساقلىغىلى بولىدۇ.

3) سىركەنجىبىننى كۈچلۈك تەييارلاش، ئىستېمال قىلىش ۋاقتىدا قايىناقسۇ قوشۇپ ئىچىش لازىم.

4) سىركەنجىبىننى ھەرگىز تۆمۈر ياكى ئالىيۇمىن قاچىغا ياكى ھەر قانداق ھۆل قاچىغا ئالماسلىق كېرەك.

5) شېكەر ۋە سىركە ئۆلچەملىك بولۇشى، سىركە ئاخىرىدا قوشۇلۇشى، قايىنتىلماسلىقى لازىم، بولمىسا كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ.

ياخشى ۋە تەلەپكە لايىق تەييارلانغان سىركەنجىبىنلەرنى 3 ئاي ساقلىغىلى بولىدۇ.

## 6. شەربەتلەر

بۇ، دورا ماتېرىياللىرىنىڭ ئۆزىدىن سىقىپ ئېلىنغان سۈيى ياكى قايىنتىپ ئېلىنغان سۈيىگە قەنت، شېكەر ياكى ھەسەل قوشۇپ قايىنتىپ تەييارلانغان سۇيۇق دورا ياسالمىلىرىغا قارىتىلغان. ئۇلارنى تەييارلاش ئادەتتە تۆۋەندىكىدەك:

1) ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ سىقىۋېلىنغان سۈيىگە بەلگىلىك مىقداردا شېكەر سېلىپ، پەس ئوتتا قايىنتىپ قىيامغا كەلتۈرۈپ تەييارلىنىدۇ.

2) بىر ياكى بىر قانچە خىل ئۆسۈملۈك دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ، قاتتىقلىرىنى ئازراق سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناقسۇغا بىر سوتكا چىلاپ ئاندىن مۆلايىم ئوتتا قايىنتىپ تەمىنى چىقىرىپ $\frac{2}{3}$ قىسمى قالغاندا دورىلارنى سىقىپ سۈزۈپ، بەلگىلەنگەن مىقداردا شېكەر سېلىپ يەنە مۆلايىم ئوتتا قايىنتىپ تەييارلىنىدۇ.

شەربەتلەردە سۇيۇق دورىلاردىكى ئالاھىدىلىكلەردىن سىرت، يەنە تاتلىق ۋە ئىچىشكە ئوڭاي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەر بار. شەربەتلەر ئەگەر يىلتىز دورىلاردىن تەركىبلەنگەن بولسا مائۇلئۇسۇل (يىلتىزلار سۈيى)، ئۇرۇق دورىلاردىن تەييارلانغان بولسا شەربىتى بوزورى (ئۇرۇقلار شەربىتى)، ئەگەر سىركە قوشۇپ ياسالغان بولسا سىركەنجىبىن دېيىلىدۇ. شەربەتلەرنى تەييارلاشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش

كېرەك :

1 ) شەربەت دورىلار تەركىبىدىكى يىلتىزلار يۇمشاق ، ئۇرۇقلار يېرىك سوقۇلىدۇ . مېۋە ، گۈل ، يوپۇرماقلار سوقۇلمايدۇ . ئۇچۇچان خۇسۇسىيەتلىك دورىلاردىن زەپەر ، ئىپار قاتارلىقلار ، مەستىكى قاتارلىق يىلىم دورىلار ۋە قايناتسا مەلۇم خىمىيۋى تەركىبلىرى بۇزۇلۇپ كېتىدىغان دورىلار ، مەسىلەن : رەۋەن قاتارلىقلار قاينىتىلمايدۇ ، بەلكى تاللانىلاپ قاينىتىلغان دورىلارنىڭ سۈزۈلمىسىگە قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

2 ) ئەگەر پىلە غوزىسى سېلىشقا توغرا كەلسە ئۇنى ئۇششاق قىرقىپ ، سۇغا بىر سوتكا ئايرىم چىلاپ ، قاينىتىپ تەمى چىققاندىن كېيىن باشقا دورىلار سۈيىگە قويۇپ قايتا قاينىتىلىدۇ .

2 ) شەربەتنى تەييارلاشتا پاكىزلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش ، ئادەم ، جابدۇق ۋە مۇھىت تازىلىقىنى ياخشى ئىشلەش ، دورىنىڭ پاكىز ، قۇرۇق بولۇشىغا كاپالەت قىلىشى كېرەك .

3 ) شېكەرنى قاتتىق تاللاش ، سارغايغان ، چۈرۈك ۋە ئۇۋۇلغان شېكەرنى ئىشلەتمەسلىك ، زۆرۈر تېپىلسا خىمىيىلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك .

4 ) شەربەتكە ئىشلىتىلگەن سۇ چوقۇم پار سۈيى ياكى قاينىتىلغان سۇ بولۇشى لازىم .

5 ) شەربەتلەر تەييار بولغاندىن كېيىن چوقۇم رەڭلىك شىشىلەرگە قاچىلاش ، شىشە ۋە شەربەت ئۇسىدىغان ساپلىقنىڭ قۇرۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ، دورىلارنى تەخمىنەن 10°C—15 تا ساقلاش لازىم . شۇندىلا ، شەربەت دورىلارنى بىر يىلغىچە ساقلاپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ . مېۋە ( ئالما ، ئانار ، بېھى ) سۈيىدە تەييارلانغانلىرى خېلى ئۇزۇن مۇددەت تۇرالايدۇ . لېكىن شەربەتلەرنى ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىماسلىق كېرەك ، شۇڭا ، ئەڭ ياخشىسى قاچان ئىشلىتىش زۆرۈر بولسا ، شۇ ۋاقىتتا تەييارلاش لازىم .

## 7 . قوتۇرلار

قوتۇر ( تامچە ) لار — قۇلاق ، كۆز ۋە بۇرۇنغا تېمىتىلىدىغان سۈزۈك ، سۇيۇق دورا ياسالمىلىرىغا قارىتىلغان .

قوتۇرلارنى تەييارلاش مەشغۇلاتى ئوڭاي ، تەسىرى تېز ، ئىشلىتىش ئاسان بولۇپ ، ئەزالارنى غىدىقلاش تەسىرى يوق دېيەرلىك ، شۇڭا نازۇك ئەزالارغا ئىشلىتىلىدۇ

ئۆلارنى تەييارلاشتا دورا ياسالمىسى تەركىبىدىكى يەككە دورىلاردىن ئەرەق تارتىپ چىقىرىلغان سۈيىگە گۈل يېغى ياكى بىنەپشە يېغىدىن ئاز مىقداردا قوشۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

قوتۇرلارنى تەييارلاشتا بولۇپمۇ كۆزگە ئىشلىتىلىدىغان قوتۇرلارنى تەييارلاشتا قويۇلىدىغان سۈيەت، مۇھىت ۋە سايمان تازىلىقى تەلىپى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، ساقلاش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتىمۇ ئۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئۇندىن باشقا ياسالمىنىڭ PH قىممىتى قاتتىق ئىگىلىنىشى لازىم.

8. لۇئابلار

بۇ، ھەرخىل ئۇرۇقلارنى قايناقسۇغا چىلاپ چىقارغان شىلىمشىمان سۇيۇقلۇققا قارىتىلغان.

لۇئابلاردا باشقا سۇيۇق دورا ياسالمىلاردىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا يەنە ئاشقازان، ئۈچەيلەرنىڭ چۇشۇپ كېتىۋاتقان تىۋىتىنى قوغداش ۋە ئاشقازان، ئۈچەي سۇيۇقلۇقلىرىنى تولۇقلاش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

لۇئابلارنى تەييارلاشتا مۇناسىۋەتلىك ئۇرۇقلارنى (مەسىلەن، بېھى ئۇرۇقى، ئىسپەغۇل، شۇمشە ئۇرۇقى قاتارلىقلار) قايناقسۇغا چىلاپ، ئېغىزىنى يېپىپ، يېرىم سائەتچە قويغاندىن كېيىن، چوكا بىلەن ئارىلاشتۇرغاندا خۇددى خام تۇخۇمنىڭ ئېقىغا ئوخشاش شۆلگەيسىمان يېپىشقاق سۇيۇقلۇق ھاسىل بولىدۇ، مانا بۇ لۇئاب (شىرە) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

9. مەتبۇخلار

مەتبۇخ (قايناتما) لار — بىر ياكى بىر قانچە خىل دورىلارنى مەلۇم ۋاقىت قايناقسۇغا چىلاپ قويۇپ، قايىنتىپ، سۈزۈپ تەييارلانغان دورا ياسالمىلىرىغا قارىتىلغان.

مەتبۇخلارنىڭ قاراتمىلىق تەسىرى قاتتىق دورىلارغا قارىغاندا تېز بولىدۇ. شۇڭا تېز خاراكتېرلىك ۋە يەككە كېسەللىكلەرگە، شۇنداقلا بەدەننى تەڭشەش مەقسەتلىرىدە بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئايلاندۇرىدىغان، قۇستۇرىدىغان تەسىرى يوق. تېز ۋە ئەترابلىق تەسىر قىلىدۇ. ياساش ئاددى، تەننەرقى تۆۋەن.

مەتبۇخلارنى تەييارلاشتا نۇسخىدا كۆرسىتىلگەن مىقداردىكى دورىلارنى ئېلىپ قاتتىقلىرىنى چالا سوقۇپ، سىرلىق قاچا، ئەينەك قاچا ياكى مەخسۇس ياسالغان داتلاشمايدىغان مېتال قاچىلارغا سېلىپ، ئۈستىگە قايناقسۇ قۇيۇپ (دورىغا قۇيۇلغان سۇ دورا يۈزىدىن ئۈچ سانتىمېتر ئېگىز بولۇشى لازىم)، ئۈچ سائەتتىن بىر كۈنگە قەدەر چىلاپ، ئاندىن قايناتقاندا ئۈچ، سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

مەتبۇخلارنىڭ يېتەرسىزلىكى شۇكى، ساقلاپ ئىشلىتىشكە ئەپسىز، ۋاقتىدا ئىشلىتىلمىسە بۇزۇلۇپ قالىدۇ. مەتبۇخلارنى تەييارلاشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم:

1) گۈل - چېچەكلىك ۋە يوپۇرماقلىق ئۆچۈچان دورىلارنى ئۇزۇن قايناتقىلى بولمىغانلىقتىن باشقا دورىلار قايناپ تەييار بولغاندا ئاخىرىدا سېلىپ 5 — 10 مىنۇت ئەتراپىدا قايناتقاندا ياكى بىر تۈرلىتىپلا ئېلىنىدۇ.

2) بەزى يېپىشقاق خۇسۇسىيەتلىك دورىلارنى، مەسىلەن: پاقا يوپۇرمىقى ئۇرۇقى ياكى قايناتسا زەھەرلىك ماددىغا ئايلىنىپ قالىدىغان ئەفتىمۇنغا ئوخشاش دورىلارنى داكا خالتىغا ئېلىپ، ئاخىرىدا سېلىپ، تۈرلىتىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

3) بەزى قىممەت باھالىق دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئايرىم قايناتقاندا ئاخىرىدا دورىغا قوشۇش لازىم.

4) بەزى قىممەت باھالىق ئەمما ئاز ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنى، مەسىلەن: ئىپار، مەرۋايىت، ئەنبەر ... قاتارلىقلارنى قايناتماي يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ، ئاخىرىدا سېلىپ تەييارلىنىدۇ.

5) يېلىم دورىلارنى بىللە قايناتقىلى بولمىغانلىقتىن ئاخىرىدا سالسىلا ئۆزلۈكىدىن ئېرىپ كېتىدۇ.

6) ئىسبەغۇل ۋە تەرەنجىبىننى قايناتماي لۇئابىنى ئېلىپ قوشۇش لازىم.

7) مەتبۇخنى قىزىق ۋاقتىدا سۈزۈۋالمىسا تەمىنى تىرىپلار تارتىپ كېتىدۇ.

8) مەتبۇخلارنى سۈزۈكرەك چىقىرىش ئۈچۈن دورا سۈيىگە تۇخۇمنىڭ ئېقىنى قوشۇپ، كۆپۈك چىققاندا دورا سۈيىنى ئايرىم قاچىغا تۆكۈپ، يەنە بىر ئاز قايناتسا بولىدۇ.

مەتبۇخلارنى پاكىز، قۇرۇق قاچىلارغا قاچىلاش، سالقىن جايدا ساقلاش لازىم.

ئۇلارنىڭ تۇراقلىق دەرىجىسى تۆۋەن بولۇپ، ئاسانلا بۇزۇلۇپ قالىدۇ. ئادەتتە 8 — 1 كۈن تۇرىدۇ. شۇڭا ئىمكان قەدەر ۋاقتىدا تەييارلاپ ئىشلەتكەن تۈزۈك.

## 10. مۇراببالار

بۇ، مېۋىلەرنى شېكەر قىيامىدا پىشۇرۇپ تەييارلىغان بىر خىل سۇيۇق دورا يا-سالمىلىرىغا قارىتىلغان.

مۇراببالار ئادەتتە ھۆل مېۋىلەردىن تەييارلىنىدۇ، ھۆل مېۋە يوق چاغدا قۇرۇق مېۋىلەرنى سوغۇق سۇغا چىلاپ ھۆللىنىكگە ياندۇرۇپ، شېكەر قىيامىغا سېلىپ پىشۇرۇپ تەييارلىسىمۇ بولىدۇ. مۇراببالارنى ئومۇمەن ھەممە مېۋىدىن تەييارلاشقا بولىدۇ. ئادەتتە بىر ھەسسە مېۋىگە 1.5 — 2 ھەسسە سۇ قوشۇپ ئېزىلىپ كەتمىگۈدەك دەرىجىدە قايناتىپ، مېۋىنى سۈزۈپ ئېلىۋېتىپ، سۇيىگە شېكەر سېلىپ قىيام قىلىپ، ئاندىن پىشۇرۇلغان مېۋىنى يەنە سېلىپ سۇيى تۈگەپ قىيامغا كەلگىچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ. مۇراببالارنى قۇرۇق، سىرلىق قاچىغا ئېلىش، ئەگەر شىشە قاچىغا ئېلىشقا توغرا كەلسە، سوۋۇتقاندىن كېيىن ئېلىش لازىم.

مېۋىلەر چوقۇم سولاشمىغان، قۇرتلىمىغان بولۇشى، سەۋزە، بېھى، ئالما قاتار-لىقلاردىن مۇراببا تەييارلىغاندا سەۋزىنىڭ كۆتىكىنى كېسىپ ئېلىۋېتىش، پوستىنى قىرىپ تازىلاش، ئالما ۋە بېھىلەرنىڭ پوستى ۋە ئۇرۇقلىرىنى ئېلىۋېتىپ مەلۇم چوڭلۇقتا ياپىلاقلاش لازىم.

تېز ئارىدا ئىستېمال قىلىشقا توغرا كەلسە قىيامنى بەك كۆچلۈك قىلمىسىمۇ بو-لىدۇ. ئۇزۇنراق ساقلىماقچى بولغاندا چوقۇم چىڭ قىيام قىلىش لازىم. ئەگەر قىيام بوش بولۇپ قالسا مۇراببا پاختىلىشىپ ھەتتا كۆكىرىپ قالىدۇ. ناۋادا بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە، ئاۋۋال پاختىلاشقان قىسمىنى ئېلىۋېتىپ ئاندىن شېكەر قوشۇپ قايتا قىيام قىلىۋەتسە بو-لىدۇ. لېكىن بەك كۆكىرىپ تەمى ۋە پۇرىقى بۇزۇلغانلارنى ئەڭ ياخشىسى ئىشلەتمەسلىك لازىم.

مۇراببالار تەلەپكە لايىق تەييارلانسا ۋە قاچىلاپ ساقلانسا بىر يىلدىن ئارتۇق بۇزۇلمايدۇ.

## 11 . نوقۇئلار

نوقۇئ ( چىلانما ) لار — بىر خىل ياكى بىر نەچچە خىل دورىنى چالا سوقۇپ ياكى سوقماي قايناقسۇ ياكى سوغۇق سۇغا چىلاپ، تەمى چىققاندىن كېيىن سۈزۈپ تەييارلانغان سۇيۇق دورا ياسالمىلىرىغا قارىتىلغان .

چىلانمىلارنى تەييارلاشتىكى مەقسەت ، بىر قىسىم دورىلارنى قايناتقاندا سوغۇق تەبىئىيتى ئىسسىققا ئۆزگىرىپ قالىدۇ ياكى ئۇچۇچان تەركىبلىرى ئۇچۇپ كېتىپ قۇۋۋىتى يوقىلىدۇ ، شۇڭا قايناتماي نوقۇئ تەييارلىنىدۇ .

چىلانمىلار بىر ھەسسە دورىغا 2 ـ 3 ھەسسە قايناقسۇ ياكى سۇ قوشۇپ ، ئۈچ سائەتتىن 24 سائەتكىچە چىلىغاندىن كېيىن سىقىپ ، سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ . دورىلارنى پاكىز تازىلاش ، زۆرۈر تېپىلغاندا يۇيۇپ ئاندىن ئېغىز بار قاچىلارغا چىلاش لازىم .

چىلانمىلار سۇغا چىلانغاچقا ئۇلارنىڭ تۇراقلىق دەرىجىسى تۆۋەنرەك بولىدۇ ، ئۇزۇن ساقلىغىلى بولمايدۇ ، شۇڭا ۋاقتىدا ئۇدۇللۇق تەييارلاپ ئىشلەتكەن ياخشى .

## 12 . ھوقنەلەر

ھوقنە ( كىلىزما ) لەر — دورىلىق ياكى ئوزۇقلۇق سۇيۇقلۇقلارنى مەخسۇس سايمان ( يەنى ھەمەلچە ) ئارقىلىق مەقئەتتىن ئۈچەي يولىغا كىرگۈزىدىغان سۇيۇق دورا ياسالمىلىرىغا قارىتىلغان .

ھوقنىلەرنى تەييارلاش ئاسان ، تەسىرى تېز ، ئىشلىتىش ئوڭاي بولۇپ ، ئېغىز ۋە ئاشقازان ئارقىلىق دورا ئىشلىتىش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋاللاردا قوللىنىلىدۇ .

ھوقنىلەرنى تەييارلاشتا يەككە دورىلارنى سوقۇپ ، قاينىتىپ ، سۈزگەندىن كېيىن گۈل يېغى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

ھوقنىلەرنى تەييارلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە :

1 ) ھوقنە دورا ياسالمىلىرى ئىشلىتىلىدىغان بىمارنىڭ يۈرەك ، مېڭە ، جىگەر خىزمىتى ياخشى بولۇشى ، بىر قېتىملىق ئىشلىتىش مىقدارى 150 م ل دىن ئېشىپ

كەتمەسلىكى لازىم .

2 ) ھوقـىننى ئىشلىتىشتە بولۇپمۇ بەدىنى ئاجىز بىمارلارغا قوللىنىشتا دورا سۈپىتى ۋە مىقدارىنى قالايمىقان بەلگىلەشكە بولمايدۇ .

## 13 . ئوكۇللار

ئوكـۇللار ـــ مۇۋاپىق ئۇسۇل ۋە ئېرىتكۈچىلەردىن پايدىلىنىپ ، گىيا دورىلارنىڭ جەۋھـىرىنى ئېلىپ ، ئۇنى ساپلاشتۇرۇپ ، پىششىقلاپ تەييارلىنىدىغان ، جاراسـىم (مىكروب ) سـىز سۇيـۇق دورا ياسـالـمـىلىرىغا قارىتىلغان . ئۇلار سۇيۇق دورا ياسالمىلىرىغا قـوشـۇلـغـان يېـڭـى بىر خىل ياسالما بولۇپ ، تېرە ئاستىغا ، مۇسكۇلغا ، ۋېنا تومۇرىغا ۋە توچكىلارغا ئوكۇل قىلىنىدۇ .

ئۇلار ، مـىقدارى ئېنىق ، تەسىرى تېز ، ئۇنۇمى ئىشەنچلىك ، ئەكس تەسىرى ئاز ، دورا مەنبەسى مول بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە .

ئوكـۇللارنـى يـاسـاشتا ئومۇمەن جەۋھىرىنى ئايرىش ، پىششىقلاپ ئىشلەش ، ئېرىـتـىش ، تـىـنـدۇرۇش ، سـۈزۈش قـاتـارلـىق بـىـر قـاتـار قـاتتىق تەلەپلىك جەريانلارنى ئۆتـكـۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ . شـۇڭا ، ئـۇلارنـى يـاساشتا تـۆۋەنـدىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك :

1 ) نـەزەرىـيـە جـەھەتـتـىـن ئېيتقاندا تەخمىنەن ھەممە دورىدىن ئوكۇل ئىشلەش مۇمـكـىـن . بـىـراق دورىنىڭ تەركىبىنى ئېنىقلاش ، ئېرىتكۈچىلەرنى تاللاش ۋە شۇنىڭغا خاس ئوكۇل ياساش تەرتىپى بولۇش كېرەك .

2 ) ئوكـۇل دورىـلىرىنى تەييارلاش پاكىزلىقنى ۋە ئېنچىكىلىكنى تەلەپ قىلىدىغان خىـزمەت بولۇپ ، ئىشلەش مۇھىتى چوقۇم تەلەپكە لايىق بولۇشى شەرت . مەلۇم دورىنىڭ ئوكۇللۇق ياسالمىسىنى تەييارلاشتا نەزەرىيىۋى ، ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ئىمكانىيەتلەرنى تولۇق نـەزەرگـە ئالـغـان ھالـدا يـۇقـىرىـدا كۆرسىتىلگەن ئىش ھالقىلىرىنىڭ چوقۇم خاسلىقىغا ، مـاسلىقىغا ئىگە بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەت قىلىش زۆرۈر . بولۇپمۇ ئېرىتكۈچىلەرنى ياخشى

تاللاش ، دورىنىڭ خاس خۇسۇسىيىتىگە تەسىر يەتكۈزمەيدىغان ئەڭ بىخەتەر بولغان ئىش ھالقىسىنى قوللىنىش لازىم .

## تۆتىنچى ، تالقان دورا ياسالمىلىرى

### 1 . زورۇرلار

زورۇر ( سەپمە ) لار — جاراھەت يۈزىگە سېپىلىدىغان تالقان دورا ياسالمىلىرىغا قارىتىلغان .
زورۇرلار يەككە دورىلارنى ئۆپىدەك سوقۇپ ئەلگەپ ، ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

### 2 . سۇفۇفلار

سۇفۇف ( تالقان ) لار — بىر خىل دورا ياكى كۆپ خىل دورىنى ئۇندەك سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان دورا ياسالمىلىرىغا قارىتىلغان .
سوفۇفلار تەييارلاش ئاددىي ، مەشغۇلاتى ئاسان ، دورا مىقدارىنى ئېھتىياجغا قاراپ ئازايتىش ياكى كۆپەيتىشكە بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە . شىللىق پەردە ۋە جاراھەت يۈزىنى قاپلاش ، مۇھاپىزەت قىلىش ، تېز تەسىر قىلىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولۇپ ، باشقا دورا شەكىللىرىدە داۋالىنىشنى كۆتۈرەلمەيدىغان بىمارلار ، جۈملىدىن ئاشقازان سۇيۇقلۇقى كۆپ ، شېكەر ۋە ھەسەل تەركىبلىك دورىلار مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بىمارلارغىمۇ باب كېلىدۇ .
تەسىرى ھەب ، قۇرس دورىلاردىن تېز بولۇپ ، ساقلاش ، ئېلىپ يۈرۈش ۋە يۆتكەشكە ئەپلىك .
ئۇلارنى ياساشتا دورىلارنىڭ خاراكتېرى ۋە تەرتىپى بويىچە سوقۇش ، ئارىلاشتۇرۇش ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈش ، بەلگىلىك مىقدارلارغا بۆلۈش ، قاچىلاش باسقۇچلىرىغا دىققەت قىلىش لازىم :
1 ) دورىلارنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ يۇمشاق سوقۇش بولۇپمۇ مېغىزلار ، يىلىملار ۋە

بەزى ئالاھىدە شەكىللىك دورىلار چوقۇم قانۇنىيەت بويىچە ئايرىم سوقۇلۇشى شەرت .

2 ) نۇسخىدا ئىسبەغۇل بولسا ئۇنى سوقماستىن قويۇق لۇئابىنى چىقىرىپ ، باشقا سۇفۇق قىلىنغان دورىلارغا سىڭدۈرۈپ شامالدىتىش لازىم .

3 ) كۈچلۈك ۋە زەھەرلىك دورىلارنى سۇفۇفقا قوشۇش توغرا كەلسە ، تەڭ مىقداردىكى شەكىل ھاسىل قىلغۇچى قوشۇمچە ماتېرىياللارنى تەدرىجىي قوشۇپ تەييارلاش لازىم ، مەسىلەن : نىشاستە ، شېكەر قاتارلىقلار قوشۇلىدۇ ۋە تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ .

4 ) ئېھتىياجغا قاراپ تەييارلاش لازىم . سوفۇفلار ئادەتتە ياسىلىپ بىر ئايدىن كېيىن قۇۋۋىتى كېمىيىدۇ .

5 ) بىر نەچچە خىل دورىلارنى سۇفۇف قىلىپ ئارىلاشتۇرۇشتا چوقۇم تەكشى بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش ، ئۈستەلگە پارقىراق قەغەز قويۇپ ياغاچ ياكى مېتال پىچاقلار بىلەن تەكرار ئارىلاشتۇرۇش لازىم . ماشىنىلاردا ئارىلاشتۇرۇش دەسلەپكى ئارىلاشتۇرۇشقا كىرىدۇ .

ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئارىلاشتۇرۇش تەكشى ئارىلاشتۇرۇشتىكى ياخشى ئۇسۇل بولۇپ ، ئەلگەكتىن بىر ئۆتكۈزۈۋېتىپ بىرلەشتۈرگەندە يۇقىرىقى مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ .

6 ) سالايە قىلىپ ئارىلاشتۇرۇشتا دورىلارنى خاراكتېرى ۋە مىقدارىغا قاراپ رېتى بويىچە ھاۋانچىغا ياكى مەخسۇس ماشىنىغا سېلىپ ئېزىپ ، ئۆزئارا تەكشى ئارىلاشتۇرۇش ۋە ئومۇمىي دورا رەڭگى بىردەك بولۇشقا دىققەت قىلىش لازىم .

مىقدارغا بۆلۈشتە ئېھتىياجغا ئاساسەن ، ئىشلىتىش شەكلى ۋە ئورنىغا مۇناسىپ ھالدا باراۋەر بۆلۈشى كېرەك . بۇ ، دورىلارنىڭ سۈپىتىگە ، تەسىرىگە جۈملىدىن زەھەرلىك ياكى قىممەتلىك دورىلارنى توغرا ئىشلىتىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . مىقدارغا بۆلۈشتە تۆۋەندىكى ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ :

1 ) قاراپ بۆلۈش ، بۇنىڭدا نۇسخىدىكى ئومۇمىي سۇفۇف دورىنى تەڭ مىقداردا بۆلۈپ ئېلىپ ، ئاندىن ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ . بۇنىڭدا دورا مىقدارى ناھايىتى توغرا بولۇشى ناتايىن . شۇڭا ، زەھەرلىك ۋە كۈچلۈك تەسىرى بولمىغان سۇفۇفلارنى بۆلۈشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ .

2 ) ئۆلچەپ بۆلۈش ، بۇنىڭدا ئېھتىياجلىق دورا مىقدارى بىر ـ بىرلەپ تارازا بىلەن تارتىپ بۆلۈنىدۇ ، مىقدارى توغرا بولىدۇ . شۇڭا ، كۈچلۈك ۋە زەھەرلىك سۇفۇفلارنى بۆلۈشكە مۇشۇ ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ .

سۇفۇفلارنى قاچىلاشتا دەرھال لازىم قىلىدىغان دورىلارنى ئالدىن سۇفۇق قىلىش ۋە قاچىلاش، ئاخىرىدا ئىشلىتىلىدىغانلىرىنى ئاۋۋال تاللاپ قىلماسلىق لازىم. ئەگەر ئالدىن ھازىرلاپ قويۇشقا توغرا كەلسە ئاغزى مەھكەم شىشە قاچىدا ساقلاش كېرەك. ئادەتتە سۇپىتى ياخشى مايلىق قەغەزگە ئوراپ قويۇلىدۇ. پۇرىقى ئۆتكۈر ياكى بەك سېسىق، تەمى ئاچچىق ۋە ئىچىشتۇرغۇچى سۇفۇفلارنى كاپسۇللۇق قاپچۇقلارغا قاچىلاپ ئىشلەتسە بولىدۇ.

سۇفۇفلارنى مىقدارغا بۆلۈشتە مەلۇم دەرىجىدە ئاۋارىچىلىقلار بولىدۇ، دورا ماتېرىياللىرى سوقۇلغاندىن كېيىن پۇرىقى ۋە غىدىقلىشى ئاشىدۇ. تەركىبىدە ئۇچۇچان ۋە مايلىق ماددا تۇتقانلىرى ئاسانلا تەسىرىنى يوقىتىدۇ ياكى بۇزۇلىدۇ. ئوچۇق قالسا نەملىشىدۇ ياكى سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ۋە باشقىلار.

## 3. سۇنۇنلار

سۇنۇن (چىش تاللىقنى) لار — مەخسۇس چىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا قوللىنىلىدىغان تاللاپ دورا ياسالمىلىرىغا قارىتىلغان.

سۇنۇنلارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى سۇفۇفلارغا ئوخشايدۇ. ئايرىم ھاللاردا ئىشلىتىشكە ئەپلىك، دەل بولسۇن ئۈچۈن قەلەمچە قۇرس ۋە ھەب شەكلىدە تەييارلىنىدۇ. چۈنكى تاللاپ دورا ساق چىشقا ئاسانلا تېگىپ كېتىپ چىشنى بۇزۇپ قويۇش ئېھتىمالى بولىدۇ.

سۇنۇننى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى چىشنى پاكىز تازىلاپ ئىشلىتىش لازىم.

## 4. كوھلىلار

كوھلى (سۇرمە) لەر — كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان (تاللاپ) دورا ياسالمىلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرچە نامدىكى سۇرمىنىڭ تار ھەم كەڭ ئىككى خىل مەنىسى بار. تار مەنىسى ئانتىمونىيۇم دېگەن مەدەننى، كەڭ مەنىسى كېسەل داۋالايدىغان سۇرمىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئانتىمونىيۇم ئادەتتە زىننەت بۇيۇمى قاتارىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

كوھلىنى تەييارلاشتا ئالدى بىلەن سۇرمە مېتاللىنى پارچىلاپ ئۆچكە ياكى قوي

يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر ئېچىگە ئېلىپ ئوتقا كۆمۈلىدۇ. پىشقاندىن كېيىن ئىچىدىكى سۇرمە مېتالىنى زەھەرسىزلەندۈرۈش مەقسىتىدە يېڭى تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ سۈتىگە ياكى كونا ھاراقتا چىلاپ ئاندىن قۇرۇتۇپ سوقۇپ تالقان قىلىپ، باشقا يەككە دورىلارنىڭ يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن تالقىنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

سۇرمىلەر كۆزگە ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى يۇمشاق سوقۇلغان، قىلىن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن ۋە ئىنتايىن پاكىز بولۇشى لازىم.

**دورا ياسالمىلىرىنىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك خىللىرىمۇ بار:**

1. ئابىزنىلەر: دورىلارنىڭ قاينىتىلغان سۈيىگە بىمارنى ئولتۇرغۇزۇپ داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىسى.

2. ئەتۇسلەر: دورىلارنى سوقۇپ ياكى سوقماي پۇرىتىپ چۈشكۈرتۈش ئارقىلىق دىماغنى ئاچىدىغان دورا ياسالمىسى.

3. بوخۇرلار: دورىلارنى قىزىتىپ كۆيدۈرۈپ ياكى قاينىتىپ ھورىغا ئەزالارنى بۇسلاپ كېسەل داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىسى.

4. بورودلار: كۆزگە تېمىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان يەنە بىر خىل سۇيۇق دورا ياسالمىسى.

5. تەدھىنلار: سىرتتىن ياغلاش ئۈچۈن تەييارلانغان يەنە بىر خىل ياغ دورا ياسالمىسى.

6. تىلالار: دورىلارنى سۇ تېمىتىلغان مېتال ياكى تاشلارغا سۈرۈپ چىقارغان تاتىقىنى ھۆل ۋە سوغۇق پېتى بەدەنگە سۈرتىدىغان دورا ياسالمىسى.

7. جەۋھەرىلەر: بۇ دورىلار كىرىستاللاشتۇرۇپ تەييارلانغان يېڭى بىر خىل تالقان دورا ياسالمىسى.

8. داۋائىلار: بۇ ھەر خىل شەكىللەردە تەييارلىنىدىغان، مەلۇم دورا نامى ياكى مەلۇم كېسەللىك نامى بىلەن ئاتىلىدىغان دورا ياسالمىسى.

9. سەكۇبىلەر: كۆز ئەتراپىغا ئاستا قويۇپ، يۇيۇش ئۈچۈن تەييارلانغان سۇيۇق

دورا ياسالمىسى.

10. سۇئۇتلار: بۇرۇنغا تېمىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان سۇيۇق دورا ياسالمىسى.

11. شەمۇملار: بۇرۇنىما پۇرۇتۇش ئۈچۈن تەييارلانغان دورا ياسالمىسى.

12. غەر ـ غەرەلەر: ئېغىز چايقاش ئۈچۈن تەييارلانغان سۇيۇق دورا ياسالمىسى.

13. فۇلۇنىيالار: بىر خىل مۇرەككەپ قويۇق دورا ياسالمىسى.

14. كاپسۇللار: بەزى تالقان دورىلارنى ئىشلىتىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن كاپسۇللارغا قاچىلاپ تەييارلانغان يېڭى بىر خىل دورا ياسالمىسى.

15. كەشكابلار: دورىلارنى ئارپا سۇيىگە چىلاپ، چىلانما مەخسۇس زوكام ئۈچۈن تەييارلانغان سۇيۇق دورا ياسالمىسى.

16. كەمەدلەر: هۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەرنى قىزىتىپ ئەزالارغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلانغان دورا ياسالمىسى.

17. لەخلەخەلەر: دورىلارنى چالا سوقۇپ پۇرىتىش ئارقىلىق سەرسامنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىسى.

18. مائۇلار: گۆش، هەسەل، مېۋە ۋە دورىلارنى سىقىپ ياكى قاينىتىپ تەييارلانغان دورا ياسالمىسى.

19. مەز ـ مەزەلەر: بۇرۇنغا ئېلىپ چايقاش ئۈچۈن تەييارلانغان سۇيۇق دورا ياسالمىسى.

20. مۇسەللەسلەر: ئۈزۈم، تاۋۇز قاتارلىقلاردىن ئېچىتىپ تەييارلانغان سۇيۇق دورا ياسالمىسى.

21. نوپۇخلار: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ بۇرۇنغا پۈركۈش ئۈچۈن تەييارلانغان تالقان دورا ياسالمىسى.

22. نوتۇللار: دورىلار قايناتمىسىنى باش ۋە بەدەنگە ئاستا ـ ئاستا قويۇش ئۈچۈن تەييارلانغان دورا ياسالمىسى.

23 هومۇللار: ئەم دورىلارنى داكىغا سۈرتۈپ چوڭ يارىلار ئېغىزىغا تىقىپ قويۇلىدىغان دورا ياسالمىسى.

24. ۋۇجۇرلار: دورىلار سۇيۇقلۇقنى تېمىتىپ، بولۇپمۇ باللارنىڭ گېلىغا تېمىتىش ئارقىلىق سەرئىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىسى.

25 . ئىنكىبابلار : دورىلارنى قايىنتىپ ھورىنى مەلۇم ئەزاغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلانغان دورا ياسالمىسى .

26 . ئىچىلىدىغان سۇيۇقلۇقلار : ھەجمى ئازايتىلىپ ، مەخسۇس ئامپۇللارغا قاچىلاپ تەييارلانغان يېگى بىر خىل ئىچىلىدىغان دورا ياسالمىسى .

27 . ياقۇتىلار : بۇ ، ياقۇتلار باش دورا قىلىنىپ ھەر خىل شەكىللەردە تەييارلىنىدىغان ، ياقۇتلار ۋە ئىجاد قىلغۇچىلارنىڭ نامى ھەمدە دورىنىڭ تەسىرى بىلەن ئاتىلىدىغان دورا ياسالمىسىدۇر .

# باش ، مېڭە ۋە ئەسەب كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

## سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىشقا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

### بۇخورى سودائى بارىد

تەركىبى : رەيھان ، پىننە ، بابۇنە ، ئىكلىلمىلىك ، قەيسۇم ، سېرىق چېچەك ، لىھيەتە تۇس ھەر بىرى 10 گرام .

ياسىلىشى : قاينىتىلىدۇ .

تەسىرى : سوغۇق ماددىدىن بولغان باش ئاغرىشنى توختىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : قاينىتىپ بىمارنىڭ بېشىنى ئوراپ ھورداپ تەرلىتىلىدۇ . سۈيى بىلەن باشنى يۇسا ياكى دورا قالدۇقلىرىنى باشقا چاپسىمۇ تەسىرى ياخشى .

### جەۋارىش ئامىلە I

تەركىبى : قىزىلگۈل 250 گرام ، ئاقلانغان ئامىلە 70 گرام ، ھېلىيلە كابۇلى پوستى 60 گرام ، مۇدەببەر قىلىنغان تۈمۈر پوقى ( خۇبسۇلھەدىد ) 20 گرام ، سىماق 15 گرام ، پىستە پوستى ، جۇيزە پوستى ، مەستىكى ، نارمىشكى ، ئۇغرى تىكەن ، دارچىن ، قىزىل سەندەل ، ئاق سەندەل ، قىر قىلىغان پىلە ، گاۋزەبان گۈلى ھەر بىرى 10 گرام ، قەنت 1.8 كىلوگرام .

ياسىلىشى : خۇبسۇلھەدىد مۇدەببەر قىلىنىپ ، قالغانلىرى سوقۇپ تالقان قىلىنىدۇ .

خۇبسۇلهەدىد سوقۇلۇپ 10 كۈن سىركىگە چىلىنىدۇ ھەمدە كۈندە سىركە ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ. ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن سوغۇق سۇ ۋە قايناقسۇدا 15 قېتىم يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ، دورىلار تالقىنىغا ئارىلاشتۇرۇپ، قەنت قىيامىغا سېلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: يۈرەك، جىگەر، ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ. ئىشتىھانى ئېچىپ، قاننى كۆپەيتىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: باش ئاغرىش، ئاشقازان كېسەللىكلىرى ۋە كەم قانلىققا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىچىلىدۇ. باللارغا مۇۋاپىق مىقداردا ئازايتىلىدۇ.

## جەۋارىش جالىنۇس

تەركىبى: مەستىكى 15 گرام، سۇنبۇل، قەلەمفۇر، قاقىلە، سەلىخە، دارچىن، خۇلىنجان، سەئدى كوفى، زەنجىبىل، قارامۇچ، فىلفىل، قۇستە، ئۇد بىلسان، ئاسارۇن، ھەببۇلئاس، قەسبۇزەرىرە، زەپەر ھەر بىرى 6 گرام، ئاق شېكەر 120 گرام، ھەسەل 250 م ل.

ياسىلىشى: مەستىكىنى سالايە قىلىپ، زەپەرنى ئايرىم سوقۇپ، باشقا دورىلارنى چالا سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئېرىتىپ كۆپۈكى ئېلىۋېتىلگەن ھەسەل ئىلمان ھالەتكە كەلگەندە دورىلارنى سېلىپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقنى پەسەيتىش، ھەزىمنى ياخشىلاش، رەئىس ئەزالارنى ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، باھنى كۈچەيتىش، چاچ ـ ساقالنىڭ بالدۇر ئاقىرىشنى توساش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىش ۋە ئاشقازان، بوغۇم ئاغرىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇندىن باشقا ھەزىم ۋە باھ ئاجىزلىقى، چاچ ئاقىرىش، چالاش، بەھەق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىچىلىدۇ. باللارغا مۇۋاپىق مىقداردا ئازايتىلىدۇ.

## داۋائى سودائى بەلغمى

تەركىبى: قەلەمفۇر، زەنجىبىل، قارامۇچ تەڭ مىقداردا.
ياسىلىشى: دورىلارنى يانچىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن چاچما تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى: بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقنى توختىتىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: بەلغەم خىلتىدىن بولغان باش ئاغرىقىغا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: بىمارنىڭ بېشىغا چېچىپ، بېشى ياخشى يۆگەپ قويۇلىدۇ.

## رەۋغىنى بادام تەلخ

تەركىبى: ئاچچىق بادام مېغىزى.
ياسىلىشى: رەۋغەن ياساش ئۇسۇلى بويىچە تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى: سوغۇقتىن بولغان ھەر خىل ئاغرىشلارنى ۋە سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. تا‌ى پارچىلايدۇ، قۇلۇنجى توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىش، قۇلاق ئاغرىش، قۇلاق ئېغىرلىشىش، سۈيدۈك يولىدىكى تاشلار ۋە قۇلۇنجى كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: باشنى سىرتىدىن مايلايدۇ.

## رەۋغىنى سوزاپ

تەركىبى: سوزاپ سۈيى 420 م ل، قىزىل قىچا، ئاق قىچا، ئاقىرقەرھا ھەر بىرى 3 گرام، كۈنجۈت يېغى، زەيتۇن يېغى ھەر بىرى 265 م ل.
تەييارلاش: رەۋغەن تەييارلاش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى: باش ئاغرىش، تۇتقاقلىق، يانپاش ئاغرىش، يۈرەك ئاغرىش، پاچاق

ئاغرىش ، قولاق ئاغرىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ . ھەيز ۋە سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ . يەللەرنى تارقىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : باش ، قولاق ، يۈرەك ۋە يانپاش ئاغرىشلارغا ، تۇتقاق كېسىلى ، ھەيز ۋە سۈيدۈك تۇتۇلۇشلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۈرتۈلىدۇ ياكى ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى ئۇستۇخۇدۇس I

تەركىبى : ئۇستۇخۇدۇس 30 گرام ، بەسفا ئىج ، گاۋزەبان ، بادىرەنجبويا ھەربىرى 15 گرام ، شېكەر 300 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 2.5 لىتر سۇدا 1 لىتر قالغۇچە قاينىتىپ ، سىقىپ سۈزۈپ شېكەر سېلىپ ، بىر ئۆرلىتىپ ئېلىنىدۇ .

تەسىرى : سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىش ۋە نېرۋا ئاجىزلىقىغا تېز تەسىر قىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 — 45 م ل ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## شەربىتى ئۇستۇخۇدۇس I

تەركىبى : ئۇستىخۇددۇس ، فىرسياۋشان ، ئۇد سەلىب ھەربىرى 15 گرام ، گاۋزەبان ، بىخسۇس ، باديان ، چىگىسەي يىلتىز پوستى ، ئاقلەيلى ئۇرۇقى ، بىنەپشە ، قىزىلگۈل ھەربىرى 9 گرام ، قورۇق ، ئۈزۈم ، سەرپىستان ھەر بىرى 50 دانە ، شېكەر 600 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى 2.5 لېتر سۇغا بىر كېچە چىلاپ 1 لىتر قالغىچە قاينىتىپ ، سىقىپ سۈزۈپ شېكەر سېلىپ بىر ئۆرلىگەندىن كېيىنلا ئېلىنىدۇ .

تەسىرى : سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىشنى ، توختىتىدۇ . تۇتقاقلىقنى

قالدۇرىدۇ ، خىيالپەرەسلىكنى يوقىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىش ، تۇتقاقلىق ، خىيالپەرەسلىك قا- تارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 — 50 م ل ئىچىلىدۇ .

## قۇرسى مۇنەۋۋەم ھار

تەركىبى : سېرىق چېچەك ئۇرۇقى 6 گرام ، زەپەر ، بەزىررۇلبەنجى ، مۇرمەككى ، ئەپيۇن ھەربىرى 1 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ شۇمشە سۈيىدە يۇغۇرۇپ تابلېت قىلىنىدۇ .

تەسىرى : سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىشتىن كېلىپ چىققان ئۇيقۇسىزلىقنى يوقىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىشتىن كېلىپ چىققان ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام يېيىلىدۇ .

## مەئجۇنى بەرشىشا كەبىرى

تەركىبى : قارامۇچ ، ئاقمۇچ ، ئاق بەزىررۇلبەنجى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرى 80 گرام ، ئەپيۇن 40 گرام ، زەپەر 20 گرام ، سۇنبۇل ئاقىرقەرھا ، پەرفىيۇن ، لىسانىلئە سافۇر ھەر- بىرى 4 گرام ، ھەسەل 950 گرام .

ياسىلىشى : زەپەر بىلەن ئەپيۇندىن باشقا دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ھەسەل سوۋۇغاندىن كېيىن زەپەرنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ، ئاندىن ئەپيۇننى سېلىپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ ، ئەڭ ئاخىرىدا تالقانلارنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاغرىق توختىتىش ، تېنچلاندۇرۇش ، ئۇخلىتىش ، يۈرەك ۋە ئاشقازاننى

قۇۋۋەتلەش ، خۇش خۇي قىلىش ، زېھنىنى ئېچىش ، بەدەننى سەمرىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : زۇكام ، نەزلە ، باش قېيىش ، كۆز قاراڭغۇلىشىش ، قۇلاق گۇگ-رەش ، لەقۋا ، پالەچ ، سەرئى ، تەشەننۇج ، تۇتقاقلىق ، ئۇيقۇ نورماللىشىش ، ئۇنۇتقاقلىق ، ھەرخىل نېرۋا ئاجىزلىقلار ، چېكىملىك ۋە ئىچىملىك خۇمارى ، پەي ۋە گۆشلەر بوشلۇقى ، ھەر خىل ئاغرىش ، ئورۇقلاش ، تەرلەش ، ئاجىزلىق ۋە نەپەس سىستېمىسى كېسەللىرى ، سۈيدۈك يولىدا تاش ۋە قۇم تۇرۇپ قېلىش ، ئىچكى – تاشقى ئەزالاردىن قان كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى : چوڭلارغا كۈندە 1 قېتىم 0.3 ~ 0.5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ . باللارغا بېرىلمەيدۇ .

ئەسكەرتىش : بۇ دورىنى ئۆسمۈر ۋە ياشلارغا ئىشلەتمەسلىك ، ئۇزاققىچە بىر خىل كېسەلگە كۆپ بەرمەسلىك ، دورا ئىستېمال قىلغاندا ، يەل – يېمىش ۋە سوغۇق سۇ ئىچمەسلىك لازىم . شىپالىق ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ، ئەڭ ياخشىسى مەزكۇر دورىنى 6 ئاي ئارپىغا كۆمۈش كېرەك . ئۈنۈمدارلىق مۇددىتى 10 يىل بولۇپ ، ئۇندىن كېيىن ئاجىزلاپ كېتىدۇ .

### نوپۇخى سوداسى

تەركىبى : قىيمسا ئۆلھىيمار ئۇسارىسى ، بۇخۇرى مەريەم ، گىلى ئەرمىنى تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلار سوقۇپ ياكى ئىككىلەپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : كونارغان باش ئاغرىشنى قالدۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : كونارغان باش ئاغرىشقا ئىلىنتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بۇرنىغا ئاز – ئازدىن پۈركۈلىدۇ .

### نۇتولى سوداسى

تەركىبى : بابۇنە ، ئىكلىلمەلىك ، نەمام ، رەيھان ، ئەفسەنتىن ، يالپۇز ، غار ياپرىقى

تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قايىنىتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىشنى توختىتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىشقا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : ئىسسىق پېتى باش يۇيۇلىدۇ .

### نۇتۇلى سودائى سەۋدائى

تەركىبى : بىنەپشە ، ئىكلىمەلىك ، بابۇنە ، قۇرۇتۇلغان سەۋسەن گۈلى ، سازەج هىندى ، قەلەمفۇر تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : مەلۇم مىقداردىكى سۇ بىلەن قايىنىتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : سەۋدادىن بولغان باش ئاغرىشنى توختىتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : سەۋدادىن بولغان باش ئاغرىشنى ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : قايىنىتىلغان دورا هورىغا باشنى تۇتۇپ تەييارلىنىدۇ ۋە سۈيىدە يۇيۇلىدۇ .

### نۇقۇئى سەبرى I

تەركىبى : ئەفسەنتىن 30 گرام ، سەبرى 18 گرام ، ئاسارۇن 15 گرام ، قەنتەريۇن ، مەستىكى هەر بىرى 10 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى 1 لىتر سۇ بىلەن $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قايىنىتىپ ، سىقىپ سۈزۈپ ، ئۈستىگە سەبرى سېلىپ ئۈچ كۈن تۇرغۇزۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان باش ئاغرىشنى قالدۇرىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان باش ئاغرىشقا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، هەر قېتىمدا 60 م ل تاتلىق بادام يېغى بىلەن 50 ~ 100 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## نۇقۇئى سەبرى II

تەركىبى: سەبرى 60 گرام، سەئدى كوفى، سۇنبۇل، ئەفسەنتىن، ئىزخىر، ئىزخىر ئۇرۇقى، ئارپا باديان، چىگىسەي ئۇرۇقى، جوۋنە، زىرە ھەر بىرى 50 گرام، سۇ 1 لىتر.

ياسىلىشى: دورىلارنى سۇ بىلەن $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قاينىتىپ سىقىپ سۈزۈپ، سەبرىنى سېلىپ ئۈچ كۈن ئاپتاپتا تۇرغاندىن كېيىن يەنە سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىشنى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 م ل ئىنەك پىتى (ئابدىمىلىك) يېغى بىلەن 60 ~ 90 م ل ئىچىلىدۇ.

## ھەببى قوقىيا I

تەركىبى: سەبرى، ئەفسەنتىن، غارىقۇن ھەربىرى 30 گرام، شەھمى ھەنزەل، سەقمۇنىيا ھەربىرى 15 گرام،

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ (غارىقۇننى سوقماي سىم ئەلگەكتىن سۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ)، 6 گرام چىگىسەي ئۇرۇقىنى قاينىتىپ سۇيىدە يۇقىرىدىكى دورىلار تالقىنىنى يۇغۇرۇپ، 0.3 گراملىق ھەب قىلىنىدۇ.

تەسىرى: سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىش، كۆز ئاغرىشنى توختىتىدۇ ۋە باشقا باش كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئومۇمي بەدەننى بۇزۇق خىلىتلاردىن تازىلايدۇ. چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: باش ئاغرىش، شەقىقە، كۆز ئاجىزلىشىش، كۆز ئاغرىش، كۆز ياشاڭغۇراش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە كەچتە 1 دانە يەيدۇ. چايلىقى ئۈچۈن چىگىسەي ئۇرۇقى قاينىتىلمىسى ئىچكۈزۈلىدۇ.

## ھەببى ئىيارەج I

تەركىبى : ئىيارەجى پەيقەرا 90 گرام ، تۇربۇد 7 گرام ، غارىقۇن ، بەسفا ئىج ، قىزىلگۈل ، ئۇستۇخۇدۇس ھەربىرى 6 گرام ، زەنجىبىل 5 گرام ، مۇقەل ، ئەفتىمۇن ، بېلىيلە پوستى ، ھېلىلە كابۇلى پوستى ، قارا ھېلىيلە ، سانا ، ئۇد سەلب ، رۇمبادىيان ھەر بىرى 3 گرام ، بادام يېغى 3 م ل .

ياسىلىشى : ھەببى قوقىيا بىلەن ئوخشاش .

تەسىرى : سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىش ۋە باشقا نېرۋا كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ . باش ۋە ئاشقازان ساھەسىنى تازىلايدۇ . چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : باش ئاغرىش ، پالەچ ، لەقۋا ، ئىسترخا ، كېكەچلىك ھەر خىل بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە بەلغەمدىن بولغان ئىستىسقايى لەھمىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، كەچتە قايناقسۇ بىلەن 15 دانىغىچە ئىچىلىدۇ .

## ئىترىيفىلى ئەفتىمۇن

تەركىبى : كابۇل ھېلىيلە پوستى ، تازىلانغان ئامىلە، بېلىيلە پوستى ھەر بىرى 30 گرام ، تۇربۇد ، ئەفتىمۇن (سېرىق يۆگەي) ، سانا ھەر بىرى 15 گرام ، شەترەنجى ھىندى ، بەسفا ئىج ، ئۇستۇخۇدۇس ، قىزىلگۈل ھەربىرى 10 گرام ، رۇمبادىيان ، تاش تۇزى ھەر بىرى 6 گرام ، ھەسەل 500 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، ئېرىتىپ يىلمان ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : تۇقۇلما ۋە قان تومۇرلاردىكى بۇزۇلغان سەۋدا خىلتىنى ھەيدەش ، مېڭە قان تومۇرلىرىنى تازىلاش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر ، جۈملىدىن ساراڭلىق ، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىش ، ھۆللۈكتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى ھەمدە جوزام كېسەللىكىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 ــ 10 گرام

ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### ئىترىيفىلى سەغىر

تەركىبى: سېرىق ھېلىلە پوستى، بېلىيلە پوستى، قارا ھېلىيلە، ئامىلە، ھېيلىلە كابۇلى پوستى، سېرىق ماي ھەربىرى 30 گرام، ھەسەل 5000 م ل.

ياسىلىشى: دورىلارنى تالقانلاپ سېرىق ماي بىلەن مايلاپ، ئېرىتىلگەن ھەسەلدە يۇغۇرۇلۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: سوغۇق مىزاج كىشىلەردىكى باش ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ. مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مېڭە تومۇرلىرىنى تازىلاپ زېھنىنى ئاچىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىش، كۆز ـ قۇلاق ئاغرىقلىرى ۋە بوۋاسىر كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 ـ 9 گرام تاماقتىن كېيىن ئىچىلىدۇ.

### ئىيارەجى پەيقەرا I

تەركىبى: سۇنبۇل، دارچىن، قوۋزاق دارچىن، ھەببى بىلسان، ئۇد بىلسان، مەستىكى، ئاسارۇن، زەپەر ھەربىرى 30 گرام، سەبرى 500 گرام، ھەسەل 1.2 كىلوگرام.

ياسىلىشى: ئېرىتىپ يىلمان ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن ھەسەلگە بوشراق سوقۇلغان زەپەرنى قوشۇپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن باشقا دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ قوچۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: باش ئاغرىشنى توختىتىدۇ، مېڭە، ئاشقازانغا مەنپەئەت قىلىدۇ، بولۇپمۇ سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىشقا ئوبدان تەسىرى ياخشى.

ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىش ۋە سوغۇقتىن بولغان مېڭە، ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم، چوڭلار 5 گرام، بالىلار 2 گرام كەچتە قايناقسۇ بىلەن ئىچىدۇ.

## ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىشقا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياساملىرى

### بوخۇرى سودائى ھار

تەركىبى: بىنەپشە، نىلۇفەر، قۇمۇش يىلتىزى، ئارپا، قاپاق پىشى ھەر بىرى تەڭ مىقداردا.

ياسىلىشى: دورىلار مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قايىنىتىپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىشنى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى: بىمارنىڭ بېشىنى ئەدىيال بىلەن ئوراپ، دورا ھور پۈرتىلىدۇ. دورا سۈيىنى پات ـ پات قوچۇپ، ئۈچ قېتىم تەكرار پۈراتسا ئۈنۈمى ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

### داۋائى سودائى سەپراۋى

تەركىبى: ئامىلە، بەرەڭگى كابۇلى، زەنجىبىل، ئاق سەندەل، گۈلى سەۋسەن يىلتىزى، ئۈزۈم، ناۋات ھەربىرى تەڭ مىقداردا.

ياسىلىشى: مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قايىنىتىپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: سەپرادىن بولغان باش ئاغرىشقا شىپا بولىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: دورا سۈيىدىن مۇۋاپىق ئېلىپ ھەسەل ياكى ئات سۈتى بىلەن ئىچىلىدۇ.

### رەۋغىنى بىنەپشە

تەركىبى ۋە ياسىلىشى: مەلۇم مىقداردىكى بىنەپشىنىڭ ھۆل گۈلىنى ئېلىپ كۈن-

جۇت يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئاپتاپتا قويۇپ پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ ياكى كۈنجۈتنى سوقۇپ، بىنەپشىنىڭ ھۆل گۈلى بىلەن مۇجۇپ، سىقىپ يېغى ئېلىنىدۇ.

تەسىرى: سەپرادىن بولغان باش ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ. ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ. مېڭىنى ھۆللەشتۈرۈپ قۇرۇقلۇقنى يوقىتىدۇ. قېتىپ قالغان بوغۇم ۋە پەيلەرنى يۇمشىتىدۇ، ھەرىكەتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: سەپرادىن بولغان باش ئاغرىش، قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان ئۇيقۇسىزلىق ۋە قۇرۇق تەمرەتكە، بوغۇم ۋە پەي قېتىشمىلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يەرلىك ئورۇننى مايلايدۇ.

## رەۋغىنى خەشخاش

تەركىبى: خەشخاش گۈلى، كۈنجۈت يېغى مۇۋاپىق مىقداردا.

ياسىلىشى: خەشخاش گۈلىنى كۈنجۈت يېغىغا چىلاپ ئاپتاپتا تۇرغۇزۇش ياكى خەشخاش گۈلى پايراقلىرىنى سوقۇپ سۈيىنى ئېلىپ كۈنجۈت يېغىدا قايىنتىش ياكى ئۇرۇقلىرىنى جۇۋازدا تارتىپ يېغىنى ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: پۈتۈن بەدەننى كۈچلەندۈرىدۇ. ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ. باش ئاغرىش ۋە باشقا ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىشلارنى پەسەيتىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. قۇلاق ئاغرىشنى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: ئىسسىقتىن بولغان بەدەن زەئىپلىكى، ئۇيقۇسىزلىق، باش ئاغرىش، يۆتەل، قۇلاق ئاغرىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يەرلىك ئورۇنغا سۈرتۈلىدۇ ياكى ئىستېمال قىلىنىدۇ. پەلكۈچكە چىلاپ قۇلاققا تېمىتسا قۇلاق ئاغرىشقا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە بەدەننى سەمرىتىدۇ.

## رەۋغىنى ۋەرد (قىزىل گۈل يېغى) I

تەركىبى: ھۆل يېڭى قىزىلگۈل 140 گرام، زەيتۇن يېغى ياكى بادام يېغى ياكى كۈنجۈت يېغى 700 م ل.

ياسىلىشى : يېڭى ئېچىلغان قىزىلگۈلنىڭ ئاستىدىكى ئاق يېرىنى قىرقىپ تاشلاپ گۈل ياپرىقىدىن 20 گرام ئېلىپ ، چوڭ ئېغىزلىق شىشىگە سېلىپ ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردىكى ياغنى قۇيۇپ ، 5 ـ ، 6 ـ ئايلارنىڭ ئاپتىپىدا 7 كۈن تۇرغۇزۇپ ، گۈل ياپراقلىرى ئاقارغاندا سىقىپ تاشلىۋېتىلىدۇ ھەمدە ئوخشاش ئۇسۇلدا قىزىلگۈل ياپرىقىدىن يەنە 20 گرام سېلىپ يەنە 7 كۈن ئاپتاپتا تۇرغۇزۇلىدۇ . بۇ ئۇسۇلنى 7 قېتىم تەكرارلاپ 49 كۈن ئاپتاپتا تۇرغۇزغاندىن كېيىن ياغ پىشىپ تەييارلىنىدۇ . ياغنى سۈزۈپ شىشىنىڭ ئاغزىنى ئوبدان ئېتىپ ساقلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : ئىسسىقتىمنى چۈشۈرۈش ، ئاغرىق پەسەيتىش ، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ، ئىششىق ياندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : باش ئاغرىش ، خاپىقان ، ئۇيقۇسىزلىق ، مۇفاسىل ۋە ھەر خىل ئىششىقلار ئۈچۈن بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : مەزكۇر ياسالمىنى ھۆل ـ يېغىندىن ساقلاشقا دىققەت قىلىش لازىم .

## رەۋغىنى ۋەرد ئاپتابى

تەركىبى : قىزىلگۈل ، كۈنجۈت يېغى مۇۋاپىق مىقداردا .

ياسىلىشى : يېڭى قىزىلگۈلنىڭ ياپرىقىدىن 5 ـ ئايدا مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ، كۈنجۈت يېغىغا چىلاپ 40 كۈن ئاپتاپتا تۇرغاندىن كېيىن سىقىپ تىرىپلىرىنى ئېلىۋېتىپ تەييارلىنىدۇ . بۇ قاينىتىپ تەييارلانغىنىغا قارىغاندا ، تەسىرى ياخشى .

تەسىرى : ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىش ، ئۇيقۇ كەلمەسلىك ۋە ھەر خىل ئىششىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىش ، ئۇيقۇسىزلىق ۋە ھەر خىل ئىششىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى : ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ .

## سۇفۇفى كەشنىز I

تەركىبى: تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، تاتلىق قاپاق مېغىزى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 31 گرام، ناۋات 100 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ تالقانلاپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: ھۆل سوغۇق.

تەسىرى: سەپرا ۋە قاننى تازىلاش، تومۇرلارنى ئېچىش، ئاغرىق توختىتىش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ئۇخلىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىش، باش چىڭقىلىش، باش قېيىش، نېرۋا ئاغرىش، كۆز، قۇلاق ئاغرىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. تاماكا خۇمارىدىن بولغان باش ئاغرىشقىمۇ ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 گرام ئىچىدۇ.

## سۇفۇفى مۇنەۋۋىم

تەركىبى: خەشخاش ئۇرۇقى 30 گرام، قارا سۇنا ئۇرۇقى 15 گرام، ئۇدخام، كۈندۈر ھەر بىرى 3 گرام، زەپەر 1 گرام، ناۋات 60 گرام.

ياسىلىشى: ئالدى بىلەن زەپەر سالايە قىلىنىدۇ. قالغان دورىلارنى يانچىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ زەپەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: ئۇيقۇسىزلىققا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ئۇيقۇ كەلمىگەندە ياكى كەچتە 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەربىتى نىلۇفەر

تەركىبى: بىنەپشە، قەنت مۇۋاپىق مىقداردا.

ياسىلىشى : شەربىتى بىنەپشە بىلەن ئوخشاش .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىش ، سەرسام ، سەپرادىن بولغان تەپ ، يۆتەل ، ھەر خىل زاتىللارغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى ئۇججاس

تەركىبى : ئەينۇلا ، قەنت مۇۋاپىق مىقداردا .

ياسىلىشى : ئەينۇلانى مۇۋاپىق مىقداردىكى قاينىتىپ ياخشى پىشۇرۇپ سۈزۈپ ، قەنت بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ . ئەگەر سۈرگە مەقسىتىدە ئىشلىتىلمەكچى بولسا ، ئازغىنا سەقمۇنىيا قوشۇلىدۇ .

تەسىرى : باش ئاغرىش ، ئىسسىقتىن بولغان تەپنى پەسەيتىش ، سەپرانى نورماللاشتۇرۇش ۋە سېرىق چۈشۈش ( يەر قان ) نى يوقىتىش رولىغا ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : باش ئاغرىش ، ئىسسىقتىن بولغان تەپ ، سەپرانىڭ غالىبلىقى ۋە سېرىق كېسەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىچىلىدۇ .

## قۇرسى مۇنەۋۋەم بارىد

تەركىبى : قاراسونا ئۇرۇقى ، خەشخاش ئۇرۇقى ، شۇمشە ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، كاكنەج ھەر بىرى 3 گرام ، ئەپيۇن 2 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ئىسبەغول لۇئابى بىلەن تابلېت قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىش ، ئۇيقۇسىزلىق ، كېزىك ، سەرسەم ۋە ھەر خىل زاتىللارغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

مەتبۇخى فىۋاكە I.

تەركىبى: ئەينۇلا 100 گرام، تەرەنجىبىن، خىيار شەنبەر ھەر بىرى 50 گرام، تەمرى ھىندى 31 گرام، سانا 20 گرام، بىنەپشە سەرپىستان ھەر بىرى 16 گرام، قىزىلگۈل 13 گرام، نىلۇفەر، كاسنى ئۇرۇقى، چىلان ھەر بىرى 10 گرام، گۈلقەنت 50 گرام.

ياسىلىشى: قايناتما ياساش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: ھۆل سوغۇق.

تەسىرى: قاننى تازىلاش، كۆيگەن سەپرانى ھەيدەپ چىقىرىش، قىزىتمىنى قايتۇرۇش، يۈرەك ۋە مېڭە ھارارىتىنى پەسەيتىش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: قان ۋە سەپرادىن بولغان باش ئاغرىش، شەقىقە، قاندىن بولغان باش قېيىش، باش چىڭقىلىش ۋە جىگەر ئىششىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 ــ 50 م ل ئىچىلىدۇ.

مەتبۇخى ھېلىيلە I

تەركىبى: تەرەنجىبىن، ئەينۇلا ھەر بىرى 100 گرام، تەمرى ھىندى، خىيار شەنبەر ھەر بىرى 60 گرام، سېرىق ھېلىيلە پوستى 31 گرام، سەرپىستان، بىنەپشە، سېرىق ئوت ئۇرۇقى، كاسنى ئۇرۇقى، شوخلا ھەر بىرى 16 گرام، شېكەر 200 گرام،

ياسىلىشى: قايناتما تەييارلاش ئۇسۇلىدا ياسىلىدۇ.

تەبىئىيتى: ھۆل سوغۇق

تەسىرى: ئارتۇق سەپرانى چىقىرىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، مېڭىنى تازىلاش، قاننى تازىلاش، ئىششىق ياندۇرۇش، چوڭ ــ كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: قان ۋە سەپرادىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەرگە، جۇملىدىن

ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

مەتبۇخى سوداڭ

تەركىبى: گۈلبىنەپشە، ئۇستۇخۇدۇس، قىزىلگۈل ھەر بىرى 10.5 گرام، سۇ 400 م ل.

ياسىلىشى: گۈل دورىلارنى پاكىزلاپ بىر كۈن سۇغا چىلاپ، ئاندىن مۇلايىم ئوتتا 200 م ل قالغىچە قاينىتىپ، قازاننى چۆشۈرۈپ تىرىپلىرىنى ئېلىۋېتىپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: سوغۇق.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، ئارام بېرىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىش ۋە شەقىقىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: بۇ بىر كىشىلىك مىقدارى بولۇپ ھېلىلە مۇرابباسى بىلەن 2 ـ 3 كۈندە ئىچىپ تۈگىتىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئەگەر بىمارنىڭ مىزاجى بەلغەم بولسا مەرزەنجۇشتىن 6 گرام قوشۇپ تەييار قىلىنسا تەسىرى كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

مەئجۇنى بىنەپشە I

تەركىبى: سانا 150 گرام، تەرەنجىبىن 100 گرام، شىرخىشت 75 گرام، تۇربۇد، گاۋزەبان، قىزىلگۈل ھەر بىرى 16 گرام، گۈلبىنەپشە، نىلۇفەر گۈلى، تازىلانغان ئۈششاق ئۈزۈم ھەر بىرى 3 گرام، ھەسەل 150 م ل، گۈلاب 200 م ل.

ياسىلىشى: تەرەنجىبىننى گۈلابتا قىيام قىلىپ، ئۈستىگە كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلنى قويۇپ، ئارقىدىن تالقان قىلىنغان دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ.

تەسىرى: ئىسسىتما قايتۇرۇپ باش ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. نورمالسىز بەلغەم ۋە سەپرانى تازىلايدۇ. رەئىس ئەزالارنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ. چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىدۇ.

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل باش ئاغرىشلار بولۇپمۇ ئىسسىقتىن بولغان باش، كۆز، قۇلاق ئاغرىش، كۆز قىزىرىش، باش چىڭقىلىش ۋە باش قېيىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم، 10 گرام يەيدۇ.

## نۇتۇلى سودائى سەپراۋى

تەركىبى : گۈلاب 150 م ل، ئۈزۈم ھارىقى 10 م ل، گۈل يېغى 5 م ل.
ياسىلىشى : بىرلەشتۈرۈپ تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى : ئىسسىقتىن، سەپرادىن بولغان باش ئاغرىشنى قالدۇرىدۇ، خۇمارنى يوقىتىدۇ.
ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن، سەپرانى بولغان باش ئاغرىش، ئىچىملىك ۋە چېكىملىك خۇمىرى تۇتۇۋالغاندا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : باش ساھەسى يۇيۇلىدۇ.

## نۇتۇلى سودائى ھار

تەركىبى : بىنەپشە، چالا سوقۇلغان ئارپا، ئىسبەغۇل، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، خەشخاش پوستى، خەشخاش گۈلى، بىللادۇن يىلتىزى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، سېرىق چېچەك ئۇرۇقى، سۆگەت غازىڭى، قىزىلگۈل ھەر بىرى تەڭ مىقداردا.
ياسىلىشى : قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى : ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىشقا شىپا بولىدۇ. ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : باش ساھەسى يۇيۇلىدۇ.

## نۇقۇئى سەبرى I

تەركىبى : سەبرى 6 گرام، ھۆل كاسنى سۈيى 210 م ل.
ياسىلىشى : سەبرىنى كاسنى سۈيىگە سېلىپ ئۈچ سوتكا ئاپتاپتا تۇرغۇزۇپ (كېچىسى ئىسسىق جايدا ساقلىنىدۇ) تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى : ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىش ۋە ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىش ، قىچىشقاق ، تەمرەتكە ۋە باش تەمرەتكىلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 1 كۈندە ئىچىپ تۈگىتىلىدۇ .

## نۇقۇئى مۇرەتتەب

تەركىبى : غورا ، چىلان ، ئەينۇلا ھەر بىرى 15 دانە ، بىنەپشە گۈلى 12 دانە ، ماش ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ھەر بىرى 9 گرام ، تۇخمى كاسنى 5 گرام ، نىلۇفەر گۈلى 3 دانە .

ياسىلىشى : مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناقسۇغا چىلاپ چىلا ما تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : مېڭە ھارارىتىنى پەسەيتىپ ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ . ئومۇمىي بەدەن ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : باش قىزىپ ئاغرىش ، ئومۇمىي بەدەنگە قۇرۇقلۇق يېتىپ ھارارەت ئۆرلەش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ . بولۇپمۇ ھاۋاسى ئىسسىق جايلاردىكى بىمارلارغا ناھايىتى باب كېلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ .

ئەسكەرتىش : سەپرانى پەسەيتىش مۇھىمراق دەپ قارالسا ئەينۇلا سانى 20 گە يەتكۈزۈلىدۇ ، ئىچ سۈرۈش مەقسەت قىلىنسا 45 گرام تەرەنجىبىن قوشۇلىدۇ .

## نۇقۇئى مۇسھىل

تەركىبى : خىيار شەنبەر 45 گرام ، تەمرى ھىندى 30 گرام ، ئەينۇلا ، چىلان گۈلبىنەپشە ، سانا ، سېرىق ھېلىلە ھەربىرى 15 گرام ، چوڭ ئەينۇلا 7 دانە ، كاسنى ئۇ- رۇقى 5 گرام ، نىلۇفەر 3 گرام ، دەن ، بادام يېغى ھەر بىرى 1.5 گرام .

ياسىلىشى : مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناقسۇ چىلاپ چىلانما تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئومۇمىي بەدەننى تازىلاپ باش ئاغرىش ۋە باشقا مېڭە كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ

## نۇقۇئى ھېلىلە I

تەركىبى : قارا ئۆرۈك 100 گرام ، تەمرى ھىندى 60 گرام ، تەرەنجبىن 50 گرام ، سېرىق ھېلىلە پوستى ، خىيار شەنبەر ، چىلان ، ھەر بىرى 31 گرام ، بىنەپشە ، كاسنى ھەر بىرى 10 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى بىر سوتكا قايناقسۇغا چىلاپ ، سىقىپ ، سۈزۈپ چىلانما تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : نورمالسىز سەپرا خىلتىنى بىشۇرۇپ چىقىرىش ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىشنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : سەپرادىن بولغان باش ئاغرىشقا ۋە سەپرادىن بولغان كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 ـ 60 گرام ئىچىلىدۇ .

## ھەببى بىنەپشە I

تەركىبى : بىنەپشە 6 گرام ، تۇربۇد 3 گرام ، سەقمۇنىيا 1 گرام ، كەتىرا ، رۇببۇسۇس يېرىم گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سوقۇپ ، قايناقسۇ بىلەن قارامۇچ چوڭلۇقىدا ھەب قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : نورمالسىز سەپرانى ۋە مېڭە ، ئاشقازان ، بالىياتقۇدىكى ئارتۇقچە ھۆللۈكنى ھەيدەش ، نەپەس يوللىرىنى تازىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىش ، يۆتىلىش ، كۆز ئاغرىش ، كۆز ياشاڭغۇراش ۋە زىققىنەپەس قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەتىگەندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 ـ 15 دانە بېرىلىدۇ . باللارغا كېمەيتىپ بېرىلىدۇ .

## ھەببى شىپا I

تەركىبى : زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن ۋاڭ ئۇرۇقى 36 گرام ، رەۋەن 24 گرام ، زەنجىبىل ، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 12 گرام .

ياسىلىشى : سەمغى ئەرەبىدىن باشقا دورىلار يانجىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ سەمغى ئەرەبى سۇيىدە ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، تىنچلاندۇرۇش ، كونا ـ يېڭى باش ئاغرىش ۋە قىزىتمىلارنى پەسەيتىش ، چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل باش ۋە نېرۋا ئاغرىشلىرىنى قالدۇرۇش ، قىزىتما پەسەيتىش ، مەنى ئۇتالماسلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 ـ 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا بىر دانە بېرىلىدۇ .

## ھەببى شىپا II

تەركىبى : زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن ۋاڭ ئۇرۇقى ، زەنجىبىل 6 گرام ، رەۋەن 9 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ قايناقسۇ بىلەن يۇغۇرۇپ ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى : تىنچلاندۇرىدۇ ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ مەنى تىزگىنلەيدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قوزغىلىشچان كېسەللىكلەردە نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش ، ئاغرىق پەسەيتىش ، مەنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 ـ 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 دانە بېرىلىدۇ .

## ھەببى شىپا III

تەركىبى : زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن ۋاڭ ئۇرۇقى 27 گرام ، رەۋەن 9 گرام ، زەنجىبىل ، جويۈز ھەر بىرى 6 گرام ، ھەسەل 30 م ل .

تەييارلىنىشى : دورىلارنى سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، مۇقەلنى قايناقسۇدا ئېزىپ دورىلار تالقىنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇپ 0.3 گراملىق ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى : ئاغرىق قالدۇرۇش ، ھارارەت پەسەيتىش ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش ، مەنى تىزگىنلەش ، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : باش ، قۇلاق ۋە كۆز ئاغرىشقا ، ئىسسىق ، سوغۇقتىن بولغان قىزىتمىلارغا ، مېگە ۋە جىگەرنىڭ زەئىپلىكىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ئەتىگەن ۋە كەچتە 1 دانىدىن ئىستېمال قىلىدۇ .

## ھەببى ھېلىلە I

تەركىبى : سېرىق ھېلىيلە پوستى ، ھېلىيلە كابۇلى پوستى ، قارا ھېلىلە ، بېلىيلە پوستى ، تازىلانغان ئامىيلە ھەر بىرى 1 گرام ، سانا ، يۇيۇلغان لاجۇەرد ، ئەفتىمۇن غارىقۇن ، كەتىرا ھەر بىرى 0.5 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ 10 م ل بادام يېغىدا ئۇششاق ئۈزۈم بىلەن يەنجىپ 0.3 گراملىق ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى : نورمالسىز سەپرا ، سەۋدا ۋە بەلغەمنى سۈرۈپ چىقىرىش ، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش ، توسالغۇلارنى ئېچىش ، مېڭىنى ، ئاشقازان ، ئۈچەي ھەمدە قاننى تازىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : سەپرا ، سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىش ، قەۋزىيەت ، بوۋاسىر ، باش قېيىش ، كۆز قاراڭغۇلىشىش ، ئاشقازان ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ھەپتىدە بىر قېتىم ھەر قېتىمدا 6 ـ 9 گرام ئېلىپ گاۋزەبان ياكى شېكەر سېلىنغان گۈلاب بىلەن ئىچىلىدۇ .

## ئىترىيفىلى سانا

تەركىبى : ھېلىيلە كابۇلى پوستى ، تازىلانغان ئامىيلە ، بېلىيلە پوستى ، سانا ھەر بىرى 30 گرام ، بادام يېغى 10 م ل ، ھەسەل 400 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، بادام يېغى بىلەن نەمدىگەندىن كېيىن ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ خېمىر قىلىنىدۇ.

تەسىرى : سەپرانى پەسەيتىدۇ ، توسالغۇلارنى ئېچىپ چوڭ تەرەتنى راۋان قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سەپرادىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەر ، بولۇپمۇ سەپرادىن بولغان باش ئاغرىش ، باش چىڭقىلىش ، باش قېيىش ، بوۋاسىر پەيدا بولۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ئىترىيفىلى كەشنىز

تەركىبى : ئاقلانغان يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى 155 گرام ، ھېلىيلە كابۇلى پوستى ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، قارا ھېلىيلە ، بېلىيلە پوستى ، ئاقلانغان ئامىلە ھەر بىرى 31 گرام ، ئاق شېكەر 500 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ 50 م ل بادام يېغى ياكى كۈنجۈت يېغى ياكى كالا يېغىدا قورۇپ سارغايتىپ ، شېكەر قىيامىدا يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : سوغۇق .

تەسىرى : ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىشنى پەسەيتىش ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش ، مېڭە تومۇرلىرىدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش ، يەل ھەيدەش ، سەپرانى پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل باش ئاغرىشلارغا جۈملىدىن ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىش ، كۆز ۋە قۇلاق ئاغرىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ . ئۇندىن باشقا ئاشقازان ئاجىزلىقى ، بوۋاسىر ھەمدە ئىس ـ تۇتەك ۋە خۇمار تەسىرىدىن بولغان باش ئاغرىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 ـ 9 گرام ئېلىپ تاماقتىن كېيىن ئىچكۈزۈلىدۇ .

## ئىيارەجى بارىد

تەركىبى: سېرىق ھېلىيلە پوستى، ئىچىدىكى ياغىچى ئېلىنغان تۇربۇد (بۇلار بادام يېغىدا ياغلىنىدۇ)، قۇرۇق بىنەپشە ھەر بىرى 36 گرام، ئىيارەجى پەيقەرا 20 گرام، قىزىلگۈل، كاسنى ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام. كەتىرا، مەھمۇدە ھەر بىرى 10 گرام.

ياسىلىشى: سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، شىشە قاچىدا ساقلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: سوغۇق.

تەسىرى: باش ئاغرىشنى پەسەيتىش، ئومۇمىي بەدەن ۋە مېڭىدىكى ھۆللۈكنى چىقىرىش، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: مېڭىنى ۋە ئاشقازان، ئۈچەيلەردىكى زىيادە خىلىتلارنى تازىلاشقا، پالەج، لەقۋا، تىل سۇسلىقى قاتارلىقلارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم 9 گرام ئېلىپ تەرەنجىبىن ياكى شىرخىشت ئېزىلگەن قايناقسۇدا ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇ ئىيارەجگە چۈشىدىغان ئىيارەجى پەيقەرا تەركىبىدىكى سەبرى چوقۇم يۇيۇلغان بولۇشى لازىم. بۇ ئىيارەج ھامىلدارلارغا، ئاشقازان، ئۈچەيلىرىدە يارا بارلارغا، ھەيز مەزگىلىدە، ئۈچەي تۇسۇلۇش ۋە بوۋاسىر كېسەللىكلىرى بارلارغا بېرىش چەكلىنىدۇ.

## ئىيارەجى پەيقەرا II

تەركىبى: گاۋزەبان ھىندى 30 گرام، سەبرى 16 گرام، ئىگىر، ئاترىلال، ئاسارۇن، ھەببى، تاغ يالپۇزى، ئادەتتىكى يالپۇز، چىگىسەي ئۇرۇقى، تاغ سەۋزە ئۇرۇقى، ئادەتتىكى سەۋزە ئۇرۇقى ھەر بىرى 10 گرام، ئەفتىمۇن 7.5 گرام، رەيھان ئۇرۇقى، فەرەنجىمىشكى ئۇرۇقى، قۇرۇق پىننە، بادىرەنجبۇيا ئۇرۇقى، تۇرۇنجى ئۇرۇقى، غارىقۇن، زەنجىبىل ھەر بىرى 6 گرام، ئاچچىق تاۋۇز، ئاقمۇچ، ھىندى تۇزى ھەر بىرى 4 گرام، قىزىلگۈل، خەربەق ھەربىرى 3 گرام، ئەرمەن تېشى 1.5 گرام، ھەسەل 3 ھەسسە.

ياسىلىشى: مەئجۇن ياساش ئۇسۇلى بويىچە تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىتى : سوغۇق .

تەسىرى : مېڭە ۋە ئاشقازاننى تازىلاش ، مېڭە ۋە جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش ، سۈيدۈك ھەيدەش ، ئىششىق ياندۇرۇش ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىشنى پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى ۋە باش ئاغرىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 ـ 3 گرام بېرىلىدۇ .

## قۇرۇقلۇقتىن بولغان باش ئاغرىشقا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياساللىرى

خېمىرى خەشخاش

تەركىبى : تىلىنمىغان ياخشى سۈپەتلىك خەشخاش غوزىسى 31 گرام ، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ، بادام مېغىزى ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى ، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى ھەر بىرى 20 گرام ، تاباشىر ، كەتىرا ، ئەرەب يېلىمى ھەر بىرى 6 گرام ، زەپەر ، ئىپار ، كۈمۈش ۋەرەق ھەر بىرى 5 گرام ، ئەرىقى بېدىمىشكى 16 م ل .

ياسىلىشى : خەشخاشنى بىر سوتكا چىلاپ ، قايىنىتىپ ، سۈزۈپ ناۋات سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ . قىيام ئۈستىگە دورىلار تالقىنىنى ئارىلاشتۇرۇپ ، ئۈستىدىن ئىپار ، زەپەرلەرنى ئەرەقتە سالايە قىلىپ ، كۈمۈش ۋەرەق سېلىپ قوچۇلىدۇ .

تەبىئىتى : ھۆل سوغۇق .

تەسىرى : ئىسسىتما قايتۇرۇش ، تىنچلاندۇرۇش ، قۇرۇقلۇقتىن بولغان باش ئاغرىش ، قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى توختىتىش ، مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : مېڭىگە قۇرۇقلۇق يېتىشتىن بولغان باش ئاغرىش ، ئۇيقۇسىزلىق ، قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل ۋە چاڭ ـ توزان ، تۈتەكتىن بولغان يۆتەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ . ئۇندىن باشقا بۇلغانغان ھاۋادىن بولغان باش ئاغرىش ، خۇمارىدىن بولغان

باش ئاغرىش ، قانلىق تەرەت ، سۈيدۈكنىڭ كۆپۈپ كېلىشى قاتارلىقلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 گىراممى ئەرىقى گاۋزەبان ياكى ناۋات ، لېچىندانە سېلىپ دەملەنگەن چاي بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ .
ئەسكەرتىش : بىراقلا كۆپ ئىستېمال قىلماسلىق ، كىچىك باللارغا ئىشلەتمەسلىك لازىم .

**رەۋغىنى كەدۇ ( قاپاق يېغى )**

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : ھۆل قاپاقنى ئاقلاپ گۆش ۋە ئۇرۇقلىرى بىلەن قوشۇپ سىقىپ ئېلىنغان سۇنىڭ تۆت ھەسسىسىگە بىر ھەسسە كۈنجۈت يېغى ئارىلاشتۇرۇپ قايىنتىلىدۇ ۋە يېغى قالغاندا سوۋۇتۇپ ئېلىنىدۇ .
تەسىرى : ئۇيقۇسىزلىق ، مېڭىگە قۇرۇقلۇق يېتىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ . بولۇپمۇ سەپرا ۋە سەۋدادىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرىنى تۈزۈتۈپ مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئۇخلىيالمايدىغان بىمارلارغا ئىشلىتىلىدۇ . مېڭە پەردە ياللۇغى ( سەرسام) ۋە خىيالپەرەستلىك (مالىخولىيا) نى داۋالاشتا ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : بۇرۇنغا پۇرقۇتۇش ، قۇلاققا تېمىتىش ، سىرتتىن ياغلاش ئۇسۇللىرى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ ، قوللىنىلىدۇ .

**رەۋغىنى مۇرەتتەب ( ھۆللۈك يەتكۈزۈش يېغى )**

تەركىبى : قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ، خەشخاش ئۇرۇقى ، قاراسونا ئۇرۇقى تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : ھەممىنى بىرلەشتۈرۈپ سوقۇپ سىقىپ يېغى ئېلىنىدۇ .
تەسىرى : مېڭىنى ھۆللەندۈرۈپ قۇرۇقلۇقنى يوقىتىش ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىشنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : ئۇخلىيالمايدىغان ۋە بېشى ئاغرىيدىغان بىمارلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ باشنى ياغلايدۇ .

مەئجۇنى راھەت I

تەركىبى : كاسنى ئۇرۇقى ، ئاقلانغان يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ھەر بىرى 25 گرام ، ئاق سەندەل سۇرۇلمە تالقىنى ، شاھتەررە ئۇرۇقى ، ئەنجباھار يىلتىزى ، تەرخەمەك مېغىزى ، تاۋۇز مېغىزى ، قاپاق مېغىزى ، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى ، تەرەنجىبىن ھەر بىرى 13 گرام ، تېشىلمىگەن مەرۋايىت ، ياقۇت ، تاباشىر ، قاقىلە ، لېچىندانە ، ھەر بىرى 5 گرام ، كافۇر 1 گرام ، كۆك قاپاق سۈيى ، تاۋۇز سۈيى ، چىلان سۈيى ھەر بىرى 200 م ل ، قىزىلگۈل ئەرىقى ، بېدىمشكى ئەرىقى ھەر بىرى 110 م ل ، بېھى شەربىتى ، تاتلىق ئانار شەربىتى ھەر بىرى 30 م ل ، ئاق شېكەر 200 گرام .

ياسىلىشى : قۇرۇق دورىلارنى تالقانلاپ ، سۈيۇقلۇقلىرىنى شېكەر بىلەن قىيام قىلىپ ئۈستىگە دورا تالقانلىرىنى سېلىپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى : مەئجۇنى خەشخاش بىلەن ئوخشاش .

ئىشلىتىلىشى : مەئجۇنى خەشخاش بىلەن ئوخشاش .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، 3 گرام بېرىلىدۇ .

## نەزلە تەسىرىدىن بولغان باش ئاغرىقىغا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

ھەببى مەۋىز

تەركىبى : ئىت ياڭىقىنىڭ ئۇرۇقى 31 گرام ، بەزرىرۇلبەنجى (مىلك دىۋانە) 16 گرام ، ئۇرۇقىدىن ئاجرىتىلغان ئۈزۈم 200 گرام .

ياسىلىشى : ئالدىنقى ئىككى خىل دورىنى 300 م ل سۇ بىلەن 100 م ل قالغىچە قاينىتىپ ماتادىن ئۆتكۈزۈپ سۈزۈپ ، ئۇنى يەنە ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ قازانغا قۇيۇپ ، ئۈستىدىن ئۈزۈمنى سېلىپ يەنە سۇس ئوتتا سۈيى تۈگىگىچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

دورا كۆيۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كەپچە بىلەن قوچۇپ تۇرۇلىدۇ. سۈيى تامامەن تۈگىگەندە ئېلىپ نۇقۇت چوڭلۇقىدا ھەب ياسىلىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق سوغۇق.

تەسىرى: ئاغرىق توختىتىش، تىنچلاندۇرۇش، ئۇخلىتىش، مېڭىنىڭ ھۆل‑لۇكىنى قۇرۇتۇش، نەزلىنى يوقىتىش، تارتىشىشنى بوشىتىش تەسىرىگە ئىگە. سىرتتىن ئىشلەتسىمۇ ئاغرىق پەسەيتىش، سۈيۇقلۇقنى قۇرۇتۇش، ئىششىق ياندۇرۇش تەسىرىنى بېرىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: نەزلە تەسىرىدىن بولغان باش ئاغرىش، زىققىنە پەس، مۇفاسىل، نىقرەس، ئىرقۇننەسا كېسەللىكلىرى، ئاشقازان تارتىشىپ ئاغرىشى، قاتتىق يۆتەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. مۇشۇ نۇسخىدا ئۇززۇمنىڭ ئورنىغا ھەسەل ئىشلىتىپ تەييارلاپ ئۇرۇق بېزىنىڭ سۇلۇق ئىششىقىغا تېشىدىن چاچسا سۈيۇقلۇق يوقىتىپ، ئاغرىق پەسەيتىشتە تېز ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، 3 ~ 6 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئۇززۇن مۇددەتكىچە ئىچىشكە بولمايدۇ. زەھەرلىك دورا بولغاچقا مىقدارى ئېشىپ كەتسە ياكى باللارغا بېرىلسە خەتەرلىك!

### ئىترىيفىلى كەشنىز مۇلەييىن

تەركىبى: سانا، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ھەر بىرى 75 گرام، سېرىق ھېلىيلە پوستى، ھېلىيلە كابۇلى پوستى، قارا ھېلىيلە، بېلىيلە پوستى، شاكالسىز ئامىيلە ھەر بىرى 12 گرام، قىرقىلغان پىلە 10 گرام، شاھتەررە، يۇيۇلغان لاجۋەرد ھەر بىرى 7.5 گرام، مەستىكى رۇمى 6 گرام، بادرەنجبۇيا، بەسفائىج ھەر بىرى 3 گرام، ھەسەل 800 م ل.

ياسىلىشى: دورىلارنى تالقان قىلىپ، كۆپۈكى ئېلىنىپ سوۋۇتۇلغان ھەسەلگە تۆكۈپ چېلىپ مەئجۇن قىلىنىدۇ.

تەسىرى: نەزلە خاراتېرلىك باش ئاغرىش، مالىخولىيا ۋە يۈرەك ئاجىزلىقىغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئىشلىتىلىشى : زۇكام ، باش ئاغرىش ، سەپردىن بولغان كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 ـ 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## ئىس ـ تۈتەكتىن ياكى خۇماردىن بولغان باش ئاغرىشقا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

### جەۋارىش تاباشىر I

تەركىبى : قىزىلگۈل ، تازىلانغان ئامىلە ، تاباشىر ، ئاق سەندەل سۇرۇلمىسى ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ھەر بىرى 31 گرام ، ھەببۇلئاس ، تۇرۇنجى پوستى ، ئۇرۇقىدىن ئاجرىتىلغان سىماق ، مەستىكى ھەر بىرى 16 گرام ، بېھى شەربىتى ، ھەسەل ھەر بىرى 100 م ل ، گاۋزەبان ئەرىقى ، بادىرەنجبۇيا ئەرىقى مەلۇم مىقداردا .

تەييارلاش : جەۋارىش دورىلارنى تەييارلاش ئۇسۇلى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش ، ئاشقازاننى كۈچەيتىش ، تىنچلاندۇرۇش ، ئاغرىق پەسەيتىش ، ئىسھالنى توختىتىش ، قىزىتمىنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئىس ـ تۈتەكتىن ۋە تاماكىنىڭ خۇمارىدىن بولغان باش ئاغرىش ، خاپىقان ، ئاشقازان قىزىش ، مەنى تېز كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 ـ 2 قېتىم ، 6 ـ 9 گرام ئىچىدۇ .

### سۇفۇفى ئامىلە I

تەركىبى : يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى 20 گرام ، ئاقلانغان ئامىلە 10 گرام ، گاۋزەبان ، قىزىلگۈل ، ئاق سەندەل ھەر بىرى 5 گرام ، ناۋات 80 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ تالقانلاپ ناۋات تالقىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : مېڭە ، يۈرەك ، جىگەر ، ئاشقازاننىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش ، تىنچلاندۇرۇش ، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل باش ئاغرىشلار ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 گرام ئېلىپ قايناقسۇ بىلەن ئىچىدۇ .

### سۇفۇفى بۇخار

تەركىبى : ھېلىيلە كابۇلى ، فىندۇق مېغىزى ھەر بىرى 120 گرام ، يۇمغاقسۇت ( سىركىدە چىلاپ سايىدا قۇرۇتۇلغان ) ، گاۋزەبان ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ، تۇرۇنجى (جۇيزە) پوستى ، كاسنى ئۇرۇقى ، ئامىلە ، قارا ھېلىيلە ھەر بىرى 15 گرام ، ئارپا بادىيان ، بالەنگو 9 گرام ، ئاق سەندەل ، ئۇد ھىندى ، تاباشىر ، لوك ، مارجان ، مەرۋايىت ھەر بىرى 6 گرام ، ئاق شېكەر 2 ھەسسە .

تەسىرى : ئاشقازاندىن مېڭە تەرەپكە بۇخار (گاز) ئۆرلەشنى توسىدۇ . خىلتلارنىڭ كۆز ۋە باش ساھەسىگە ئۆرلەشنى توختىتىدۇ ، كۆزنى ئاسرايدۇ ، يۈرەكنى كۈچەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاندىن بۇخار ئۆرلەش خاراكتېرلىك باش ئاغرىش ، كۆز چىڭقىلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 12 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### سۇفۇفى كەشنىز I

تەركىبى : تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ھەر بىرى 31 گرام ، ناۋات 120 گرام .

ياسىلىشى : دورىلار تالقان قىلىنىدۇ .

تەسىرى : ئىسسىقتىن ، ئىس ـ تۈتەكتىن ، خۇماردىن بولغان باش ئاغرىشنى توختىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل باش ئاغرىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 20 گرام ئېلىپ قايناقسۇ بىلەن كاپ ئېتىدۇ .

### شەربىتى خۇمار

تەركىبى : قارا ئۈرۈك ، تەمرى ھەر بىرى 300 گرام ، 60 گرام ، چۈچمەل ئانار سۈيى ، تاتلىق ئانار سۈيى ، تاتلىق ئالما سۈيى ، لىمون سۈيى ھەر بىرى 150 گرام ، شېكەر 600 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى 2 لىتر سۇغا بىر سوتكا چىلاپ ، ئاندىن 750 م ل قالغىچە قايناتىپ سۈزۈپ ، يۇقىرىقى مېۋىلەر سۈيىنى ئارىلاشتۇرۇپ ، شېكەر بىلەن قىيام قىلىنىدۇ .
تەسىرى : قان تازىلاش ، سەپرا ۋە ھارارەتنى پەسەيتىش ، باش ئاغرىشنى قالدۇرۇش ، كۆڭۈل ئايىنىشنى توختىتىش ، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : قىزىتما ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىش ، باش قېتىش ، باش چىڭقىلىش ، ھەر خىل تەبلەر ، تاماكا خۇمىرىدىن بولغان باش ئاغرىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 50 م ل ئىچىلىدۇ .

### مەئجۇنى كەشنىز

تەركىبى : تېشلىمگەن مەرۋايىت ، كابۇلى ھېلىيلە پوستى ، ئاقلانغان يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ، تازىلانغان ئامىلە ھەر بىرى 16 گرام ، تورۇنج پوستى ، 14 گرام ، تاباشىر ، پاقا يوپۇرمىقى ئۇرۇقى ، گاۋزەبان گۈلى ھەر بىرى 10 گرام ، كۆمۈش ۋەرەق 6 گرام ، قىزىلگۈل ئەرىقى 150 م ل ، بېدىمشكى ئەرىقى 100 م ل ، ئاق ناۋات 250 گرام .
ياسىلىشى : ئەرەقلەرنى ناۋات بىلەن قىيام قىلىپ ، يۇقىرىقى دورىلار تالقىنىنى ئارىلاشتۇرۇپ ، ئۈستىدىن كۆمۈش ۋەرەق قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : مېڭە ۋە يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ، تىنچلاندۇرۇش ، سەپرا ۋە سەۋدانى

تەگشەپ ، هارارەتنى پەسەيتىش ھەمدە ھەزىمنى ياخشىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن ، گازدىن بولغان باش ئاغرىش ، سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مۇفەررىھى كەشنىز

تەركىبى : يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى 100 گرام ، ئاق ۋە قارا خەشخاش ئۇرۇقى ، ئاقلانغان قارا سونا ئۇرۇقى ، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ، بەسەي ئۇرۇقى مېغىزى ، ئاقلانغان سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 10 گرام ، قىزىلگۈل ، ئاق سەندەل ، قىزىل سەندەل ھەر بىرى 6 گرام ، زەپەر 1.5 گرام ، ئىپار 0.5 گرام ، شېكەر 300 گرام ، بېھى شەربىتى ، ئالما شەربىتى ھەر بىرى 300 م ل .

ياسىلىشى : شېكەرنى قىيام قىلىپ ، شەربەتلەرنى قوشۇپ ، ئۈستىدىن يۇقىرىقى دورىلار تالقىنىنى ئارىلاشتۇرۇپ ، ئىپار زەپەرلەرنى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : قاننى تازىلاش ، مېڭە ، يۈرەك ۋە ئاشقازاننى كۈچەيتىش ، كۆڭۈلنى ئېچىش ، سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : سەپرا ۋە قاندىن بولغان تەپ ، باش ئاغرىش ، باش چىڭقىلىش ، نېرۋا ئاجىزلىق ، نەپەس سىقىلىش ، جىگەر خىزمىتى ناچارلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىچىلىدۇ .

## نۇتۇلى بوخارى

تەركىبى : گۈل يېغى ، بابۇنە يېغى مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاندىن بۇخار ئۆرلەش خاراكتېرلىك باش ئاغرىشقا

مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، 10 م ل ئېلىپ باش ساھەسىگە تېمىتىلىدۇ .

## باش كېسەللىكلىرىگە تېشىدىن ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

### پاشويەئى سوداۋى

تەركىبى : ئاق لەيلى گۈلى ، نىلۇفەر گۈلى ، سۆگەت غازىڭى ھەر بىرى 30 گرام ، گۈلبىنەپشە 20 گرام ، بۇغداي كېپىكى 10 گرام ، سۇ 10 لىتر .

ياسىلىشى : قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : باش ئاغرىشىنى توختىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سەپرا ۋە قاننىڭ غالىبلىقىدىن بولغان باش ئاغرىشىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : قاينىتىلغان دورا سۈيىنى داسقا تۆكۈپ پۇت چىلىنىدۇ .

### رەۋغىنى ۋەرد I

تەركىبى : قىزىلگۈل 300 گرام ، كۈنجۈت يېغى 200 م ل .

ياسىلىشى : ھەر قېتىمدا 100 گرام گۈلنى كۈنجۈت يېغىدا 3 كۈن تۇرغۇزۇپ سىقىپ ئېلىنىدۇ . ئۇدا 3 قېتىم داۋاملاشتۇرۇلۇپ ، ئېلىنغان ياغ 20 ~ 41 كۈن ئاپتاپتا قويۇلىدۇ .

تەسىرى : مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ ، ھۆللۈك يەتكۈزۈپ ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ . ئىسسىقلىقنى ياندۇرۇپ ، باش ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ . جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل باش ئاغرىشلار ، نېرۋا ئاجىزلىقى ، خاپىقان ، مۇپاسىل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ . ئېغىزدا شورىسا چىش ئاغرىشىنى توختىتىدۇ . كىلىزما قىلسا قۇلۇنجنى ئاچىدۇ ۋە ئۈچەيدىكى يارىلارنى پۈتتۈرىدۇ .

ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى : ئەھۋالىغا قاراپ باشنى ياغلىسا بولىدۇ .

### رەۋغىنى لوبۇبى سەبئە I

تەركىبى : تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ، ئۇسۇك ئۇرۇقى مېغىزى ، بەگنەي قوغۇن مېغىزى ، ئاقلانغان بادام مېغىزى ، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى ، ئاقلانغان ئاق كۈنجۈت ھەر بىرى تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ قىزىتىپ ئاققان يېغى قاچىغا ساقلىنىدۇ .

تەسىرى : مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ . باش ئاغرىشنى قالدۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : مېڭىنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلىرىگە بولۇپمۇ باش ئاغرىش ، مالىخۇلىيا قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ باشنى ياغلايدۇ .

### زىمادى سۇبات

تەركىبى : پەرفىيۇن ، قىزىل قىچا ، شەترەنجى ، چاقىقاق ئۇرۇقى تەڭ مىقداردا ، سىركە مۇۋاپىق مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ، سىركە بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : سەكتە ، سۇبات كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : تۇيۇقسىز ئايلىنىپ كېتىش ۋە ئېغىر ئۇخلاپ ئويغىنالماسلىق كېسىلىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىرتتىن سۈۋايدۇ .

### قۇرسى مۇنەۋۋەم

تەركىبى : ئەپيۇن ، بەزرۇلبەنجى ، مۇرمەككى ، زەپەر ، پوستى بىلەن سوقۇلغان گۈرۈچ مەلۇم مىقداردا .

ياسلىشى : ئادەتتىكى قورس تەييارلاش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىدۇ . ئۆيقۇ كەلتۈرىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئاغرىق پەسەيتىش مەقسەت قىلىنسا يەرلىك ئۇ-رۇنغا چېپىلىدۇ . ئۇيقۇ كەلتۈرۈش مەقسەت قىلىنسا سودا ئېزىپ ئىككى قاشنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۈركىلىدۇ .

## باش قېيىش ، كۆزقاراڭغۇلىشىشقا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

### سۇفۇفى سەدرى دەۋۋار

تەركىبى : خەشخاش ئۇرۇقى ، چىگىت مېغىزى ، قورۇق يۇمغاقسۈت ، بادام مې-غىزى ھەر بىرى 6 گرام ، ناۋات 50 گرام .
ياسىلىشى : تالقان قىلىنىدۇ .
تەسىرى : نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش ، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ، يۆتەلنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : خەپەقان ، باش قېيىش ، مەنى تۇتالماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتى-لىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 گرام ئېلىپ 50 م ل گۈل ئەرىقى بىلەن ئىچىدۇ .

### سۇفۇفى ئىترىيفىلى كەشنىز I

تەركىبى : تاتلىق بادام مېغىزى 100 گرام ، ھېلىيلە كابولى پوستى ، سېرىق ھې-لىيلە پوستى ، ئامىلە پوستى ، قارا ھېلىيلە ھەر بىرى 40 گرام ، شېكەر 700 گرام .
ياسىلىشى : يۇقىرىدىكى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ . بادامنى چېقىپ مېغىزىنى سۇغا چىلاپ پوستىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن قورۇ-تۇپ سوقۇپ ئاندىن دورىغا قوشۇلىدۇ .

تەبىئىيتى : سوغۇق .
تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، تىنچلاندۇرۇش ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : نېرۋا ئاغرىش ، باش قېيىش ، كۆزى قاراڭغۇلىشىش ، ئاشقازان ئاجىزلىشىش ، بۇۋاسىر ، قان بۇزۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ . چىرايىنى تۈزەيدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : باللارغا 2~3 گىرام ، چوڭلارغا 4~10 گرام ئىچىشكە بېرىلىدۇ .
ئەسكەرتىش : بۇ دورىنىڭ تۇرۇش مۇددىتى 2~3 ئاي بولۇپ ، ئۇزىراپ كەتسە كۈچى قالمايدۇ .

## سۇفۇفى ئىترىيفىلى كەشنىز I

تەركىبى : پوستىدىن ئايرىلغان يۇمغاقسۇت 200 گرام ، ئاقلانغان بادام مېغىزى 100 گرام ، ھېلىيلە كابۇلى پۇستى ، سېرىق ھىلىيلە پوستى ، قارا ھېلىيلە ، ھېلىيلە پوستى ، ئامىيلە پوستى ھەر بىرى 40 گرام ، شېكەر 1 كىلوگرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .
تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، تىنچلاندۇرۇش ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : نېرۋا ئاغرىش ، باش قېيىش ، كۆز قاراڭغۇلىشىش ، ئاشقازان ئاجىزلىشىش ، قۇلاق ئاغرىش قاتارلىقلارغا بېرىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كىچىكلەرگە 2~3 گرام ، چوڭلارغا 5~12 گرام ئىچىشكە بېرىلىدۇ .
ئەسكەرتىش : يۇمغاقسۇت ئۇرۇقىنى سوقۇپ ، پوستى ئېلىۋېتىلىدۇ .

## سۇفۇفى ئىيارەج

تەركىبى : سېرىق ھېلىيلە پوستى ، تۇربۇد ، بىنەپشە ھەر بىرى 40 گرام ، قىزىلگۈل ، كاسىنى ئۇرۇقى ھەر بىرى 16 گرام ، كەتىرا ، سەقمۇنىيا ھەر بىرى 11 گرام ،

يۇيۇلغان سەبرى 6 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : باش ئاغرىشنى قالدۇرۇش ، توسالغۇلارنى ئېچىش ، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ، سەپرانى سۈرۈش ، روھلاندۇرۇش ، خەپەقاننى ياخشىلاش ، مېگە ، ئاشقازان ، بالا ياتقۇدىكى ئارتۇقچە ھۆللۈكنى چىقىرىش ، سۈيدۈك ھەيدەش ، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەر ، باش قېيىش ، باش ئاغرىش ، قەۋزىيەت ، خەپەقان قاتارلىقلاردا يۇقىرىقى مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 1 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 3 گرام ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى ئۇستۇخۇددۇس Ⅲ

تەركىبى : ئۇستۇخۇددۇس 30 گرام ، بەسفايەج ، گاۋزەبان ، پەرسىياۋشان ، بادىرەنجبۇيا ، ئۇدسەلىب ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ھەر بىرى 15 گرام ، قۇرۇق زۇفا ، بادىيان ھەر بىرى 10 گرام ، ئۇزۇم 25 گرام ، ئەنجۈر 50 گرام ، ھەسەل ، قەنت 200 گرام .
ياسىلىشى : شەربەت ياساش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش ، توسالغۇلارنى ئېچىش بولۇپمۇ مېڭىدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش ، ئۆپكىنى تازىلاپ نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان باش قېيىش ، كۆز قاراڭغۇلىشىشقا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 50 م ل ئىچىدۇ .

### شەربىتى ھەسەلى مۇرەككەپ

تەركىبى : قەلەمفۇر ، خولىنجان ، مەستىكى ، دارچىن ، ئۇدھىندى ، قاقىلە ، لېچىندانە ، بەسباسە ، جوز بوۋا ، سازەج ھىندى ھەر بىرى 6 گرام ، قارامۇچ 3 گرام ، ساپ ھەسەل 300 م ل ، سۇ 2 لىتر .
ياسىلىشى : چالا سوقۇلغان دورىلارنى داكا خالتىغا ئېلىپ ، ھەسەل بىلەن سۇ يې-

رىمى قالغىچە قايىنتىپ كۆپۈكى ئېلىپ تۇرۇلىدۇ ھەمدە قايىنىغان ۋاقىتتا دورا خالتىسى ھەربىكەتلەندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ. بۇ شەربەتنى چىنە ياكى شىشە قاچىدا ساقلاش لازىم.

تەسىرى: رەئىس ئەزالارنى ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ھەزىم ياخشىلاش، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىشنى قالدۇرۇش، كۆكۈلنى ئېچىش، ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، ھەر خىل سوغۇق يەللەرنى يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: يۇقىرىقى مەقسەتلەردە ھەمدە مېگە، جىگەر، ئاشقازان ۋە بوغۇم كېسەللىكلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە 1 قېتىم، ھەرقېتىمدا 50 م ل ئىچىلىدۇ.

## مەئجۇنى بايادەيتۇس

تەركىبى: غارىقۇن 60 گرام، سەبرى 45 گرام، ئاسارۇن، سەلىخە، سەقمۇنىيا ھەر بىرى 18 گرام، كامازەريۇس، قۇستە، ئەفتىمۇن ھەر بىرى 12 گرام، سۇنبۇل 11 گرام، زەپەر، دارچىن، ئىگىر، مەستىكى ھەر بىرى 9 گرام، ئۇدبىلسان، پەرفىيۇن، قارامۇچ، ئاقمۇچ ،ھۇپارىقۇن، ھۇماما ھەر بىرى 6 گرام، بىلسان يېغى 9 م ل، ھەسەل 3 ھەسسە.

ياسىلىشى: دورىلارنى تالقانلاپ بىلسان يېغىدا ياغلاپ ھەسەل بىلەن مەئجۇن قىلىنىدۇ.

تەسىرى: سەۋدادىن بولغان تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: ھەر خىل تاشلارنى چۈشۈرىدۇ، رەڭگى - روينى چىرايلىقلاشتۇرىدۇ، باش قېيىش، نەپەس قىستاشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەئجۇنى دەبىدىلۋەرد I

تەركىبى: سۇنبۇل، مەستىكى، زەپەر، تاباشىر، دارچىن، ئىزخىر، ئاسارۇن، تاتلىق قۇستە، غافەس ئۇسارىسى، سېرىق ئوت ئۇرۇقى، كاسنى ئۇرۇقى، ئوردان، لوك، چىگىسەي ئۇرۇقى، ئۆزۈنچاق زىراۋەندى، ھەببى بىلسان، قەلەمفۇر، لېچىندانە ھىندى، ئۇد ھىندى ھەر بىرى 10 گرام، ئاق بېغىشدىن ئايرىلغان قىزىلگۈل 200 گرام،

ھەسەل 1.2 لىتر .

ياسىلىشى : مەئجۇن ياساش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : رەئىس ئەزالارنى ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش ، توسالغۇلارنى ئېچىش بولۇپمۇ جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلارنى ئېچىپ ، ئىششىق قايتۇرۇش ، ئاغرىق پەسەيتىش ، سوغۇق يەللەرنى ھەيدەش ، ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىش ، سۈيدۈك ھەيدەش ، بۇزۇلغان ، كۆيگەن خىلتلارنى سۈرۈش . تەپنى يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : يۇقىرىقى مەقسەتلەردە ھەمدە مېڭە ، جىگەر ، تال ، ئاشقازان كېسەللىكلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، تاماقتىن كېيىن 1.5 گرام يېيىلىدۇ .

## مەئجۇنى مىلھى ھىندى

تەركىبى : ئىيارەجى پەيقەرا 30 گرام ، سېرىق ئوت ، غارىقون ھەر بىرى 12 گرام ، ئامىيلە ، قارا ھېلىيلە ، سېرىق ھېلىيلە ، كابۇلى ھېلىيلىسى ، بېلىيلە ، ئۇستىخۇدۇس ھەر بىرى 9 گرام ، ھىندى تۇزى 6 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ سىركەنجىبىن بىلەن يۇغۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى : ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ، سەۋدادىن بولغان قۇسۇشنى توختىتىدۇ ، بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان باش قېيىشنى يوقىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : بەدەن ئاجىزلىقىدىن بولغان باش قېيىش ، ھەزىم ناچارلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : قايناقسۇ بىلەن 9 گرام ئىچىلىدۇ .

## مۇفەررىھى بارىد

تەركىبى : قىزىلگۈل 30 گرام ، قورۇق يۇمغاقسۈت ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، گاۋزەبان گۈلى ھەر بىرى 15 گرام ، زىرىق ، بېھى ئۇرۇقى ، فۇپەل ھەر بىرى 9 گرام ، ئاق

سەندەل ، تاباشىر ، گۇلى ئەرمىنى ، بادىرەنجبۇيا ، پىستە پوستى ، تۇرۇنجى پوستى ھەر بىرى 6 گرام ، ئالما شەربىتى 300 م ل .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ئالما شەربىتى بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : كۆكرەك كېسەللىكلىرى ۋە باش قېيىشقا شىپا بولىدۇ . بەدەننىڭ ۋە ئېغىزنىڭ سېسىق پۇرىشىنى يوقىتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان باش قېيىش ، بەدەن ۋە ئېغىزنىڭ سېسىق پۇرىشى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى : كۈندە 1 قېتىم ، 6 گرام ئىچىلىدۇ .

## ئۇتۇلى سەدرى

تەركىبى : بابۇنە ، ئەفسەنتىن ، شىبە ، ئىكلىلمەلىك ، سوزاپ ، نەمام ، ياۋا پىننە ، يالپۇز ، چاڭگاك تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : قايىنتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : ئورنىدىن تۇرغاندا كۆز قاراڭغۇلىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشقا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : مەزكۇر دورا سۈيى بىلەن يۇيۇنىدۇ .

## نوقۇئى تۇخمى ئانار

تەركىبى : ئاچچىق ئانار ئۇرۇقى 18 گرام ، تەمرى ھىندى 12 گرام ، زىرىق 10 گرام ، ئاق سەندەل ، قىزىلگۈلنىڭ كىندىك سېرىقى ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام .
تەسىرى : قاننىڭ تېزلىكىنى پەسەيتىش ، سەپرانى كېسىش ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : يۇقىرىقى مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : دورىلارنى بىر چىنە سۇدا بىر سوتكا چىلاپ

سقىپ، سۈيىنى ئېلىپ شەربىتى بىلەن كۈندە ئۈچكە بۆلۈپ ئىچىدۇ.

### ھەببى ئۇستۇخۇدۇس

تەركىبى: ئۇستۇخۇدۇس، ئىيارەج پەيقەرا، تۇز ھەر بىرى 3 گرام، غارىقۇن 2 گرام، شەھمى ھەنزەل 1 گرام.
ياسىلىشى: قايناقسۇ بىلەن ھەب قىلىنىدۇ.
تەسىرى: باش قېيىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان باش قېيىشقا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى: ھەممىنى بىر قېتىمدىلا يەيدۇ.

### ھەرىرە (غىزائى داۋا تۈرىدىكى بىر خىل ياسالما)

تەركىبى: بادام مېغىزى 6 گرام، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى 5 گرام، چىگىت مېغىزى 4 گرام، قۇرۇق يۇمغاقسۈت 2.5 گرام، بۇغداي ئۇنى كېپىكى 100 گرام.
ياسىلىشى: ئالدى بىلەن كېپەكنى 200 م ل سۇغا سېلىپ شىرىسىنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن باشقا دورىلارنى 300 م ل سۇدا ئېرىتىپ شىرىسىنى ئېلىپ. بۇ ئىككى خىل شىرىنى بىرلەشتۈرۈپ 30 گرام ناۋات سېلىپ ئوتتا قويۇپ، سەل تۇرغۇزۇپ قويۇلدۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى: باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: ئىسسىقتىن بولغان باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىشقا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: بىر ھەپتىگىچە ھەر كۈنى 100 گرام ئىچىلىدۇ.

### ئىترىيفىلى كەشنىز مۇزەببەر

تەركىبى: ئاقلانغان يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى 16 گرام، سېرىق ھېلىلە پوستى، ھېلىلە كابۇلى پوستى، قارا ھېلىلە، بېلىلە پوستى، ئامىلە، گاۋزەبان گۈلى ھەر بىرى 6 گرام، زەپەر 2 گرام، ئىپار 1.5 گرام، گۈلاب 200 م ل. ھەسەل 150 م ل، ناۋات 60

گرام ، بادام يېغى 10 م ل .

ياسىلىشى : قۇرۇق دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ بادام يېغى بىلەن نەمدىلىدۇ . گۈلاب ، ھەسەل ، ناۋاتلار قىيام قىلىنغاندىن كېيىن دورىلار مەزكۇر قىيام بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ .

تەسىرى : قىزىتما قايتۇرىدۇ ، مېڭە ۋە يۈرەك خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىششقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 3 گرام يېيىلىدۇ .

### ئىترىيفىلى مۇلەييىن

تەركىبى : سانا ، تۇربۇد ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 45 گرام ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، ھېلىيلە كابۇلى پوستى ، بېلىيلە پوستى ، ئامىيلە پوستى ، قارا ھېلىيلە ھەر بىرى 10 گرام ، زەنجىبىل 1.5 گرام ، بادام يېغى 15 م ل ، ھەسەل ياكى شېكەر 600 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، بادام يېغىدا نەمدەپ 600 گرام شېكەر ياكى ھەسەل بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : توسالغۇلارنى ئېچىش ، نورمالسىز سەۋدا ، سەپرا ، بەلغەم خىلىتلىرىنى سۈرۈش ، قەۋزىيەتنى بوشىتىش خۇسۇسىيىتى بار .

ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان باش قېيىش ، كۆز قاراڭغۇلىشىش ، قەۋزىيەت قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 10 گرام ئىچىشكە بېرىلىدۇ .

## مېڭىنى كۈچەيتكۈچى دورا ياسالمىلىرى

### ئەتىرىسى مۇقەۋۋى

تەركىبى : كۈندۈش 24 گرام ، شەھمى ھەنزەل ، قاراموچ ، ئۇستۇخۇدۇس ،

قۇندۇز قەھرى ھەر بىرى 9 گرام.
ياسىلىشى: ئەتۇسى پالەجنى ياساش بىلەن ئوخشاش.
تەسىرى: مېڭىنى كۈچەيتىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: سېزىمنىڭ ناچارلىششى، ئۇيقۇسىراش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەرقېتىمدا 3 گرام ئېلىپ چۈشكۈرتىلىدۇ.

## ئەرىقى بادىرەنجبۇيا

تەركىبى: بادىرەنجبۇيا 1 كىلوگرام، سۇ 6 لىتر.
ياسىلىشى: بادىرەنجبۇينى بىر نەچچە قېتىم تاسقاپ پاكىزلەپ پار قازانغا سېلىپ، ئۈستىگە 6 لىتر سۇ قۇيۇپ سۇس ئوتتا پارغا ئايلاندۇرۇپ 3 لىتر ئەرەق ئېلىنسا كۇپايە قىلىدۇ.
تەبىئىيتى: ئىسسىق.
تەسىرى: مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئەقلىنى زىيادە قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: مېڭە، يۈرەك، ئاشقازان، جىگەر، بۆرەك ئاجىزلىقلىرى، كۆڭۈل ئايىنىش، خەپەقان قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈنىگە 3 قېتىم، ھەرقېتىمدا 1~5 ياشتىكىلەرگە 15 — 20 م ل، 5~10 ياشتىكىلەرگە 25 — 30 م ل، چوڭلارغا 40~50 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ.

## بوخۇر (ئىسرىق) نۇسخىسى

تەركىبى: ئۇد ھىندى، تاتلىق قۇستە، ئاق سەندەل ھەر بىرى 16 گرام، ئىپار 3 گرام، كاپۇر 1 گرام، قىزىلگۈل ئەرەقى 200 م ل.
ياسىلىشى: دورىلارنى تالقانلاپ قىزىلگۈل ئەرەقى بىلەن يۇغۇرۇپ كۈملاچ ياسىلىدۇ.

تەسىرى : مېڭىنى كۈچەيتىدۇ ، زېھىننى ۋە سېزىمنى ئاشۇرىدۇ . يوقالغان سەزگۈ كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : مېڭە ، يۈرەك كېسەللىكلىرىدە ، جۈملىدىن يۈرەك ئېغىش ، ئايلىنىپ كېتىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 1 كۈمىلاچىنى ئوتقا سېلىپ تۈتۈنىنى بۇرۇنغا تارتىدۇ .

## جەۋارىش ئەنبەرى

تەركىبى : لېچىندانە ، دارچىن ، قىلفىل ، زەنجىبىل ، جويۇز ھەر بىرى 5 گرام ، ئاسارۇن ، قەلەمفۇر ، زەپەر ھەر بىرى 2 گرام ، ئەنبەر ، ساپ ئېپار ھەر بىرى 1.5 گرام ، ئاق ناۋات ، ياخشى ھەسەل ھەر بىرى 200 گرام .
ياسىلىشى : جەۋارىش تەييارلاش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : يۈرەك ۋە مېڭىنى كۈچەيتىش ، زېھىننى ئېچىش ، ئاشقازاننى قىزىتىش ، بەلغەم ماددىسىنى تەڭشەش ، قويۇق يەللەرنى تارقىتىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : مېڭە ، يۈرەك ، ئاشقازان زەئىپلىكى ، سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكلىرى ، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ ، بولۇپمۇ ياشانغانلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچىلىدۇ .

## جەۋارىشى نىسيان

تەركىبى : سىياھدان ، كابۇلى ھېلىلە پوستى ھەر بىرى 15 گرام ، زەنجىبىل ، جوۋنە ھەر بىرى 6 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .
تەسىرى : ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئۇنۇتقاقلىقنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## خېمىرى ئەبرىشىم سادده

تەركىبى : قىرقىلغان پىلە 300 گرام ، ئاق سەندەل 5 گرام ، سۇنبۇل ، پوستى ئوترۇج ، مەستىكى ، قەلەمپۇر ، لېچىندانە ، سازەج ھەر بىرى 4 گرام ، ئۇد ھىندى 3 گرام ، گاۋزەبان ئەرەقى ، قىزىلگۈل ئەرەقى ، تاتلىق ئالما سۈيى ، بېھى سۈيى ، تاتلىق ئانار سۈيى ھەر بىرى 120 م ل ، پاكىز سۇ 1.5 لىتر ، ھەسەل 180 م ل ، قەنت 500 گرام .

ياسىلىشى : قىرقىلغان ئەبرىشىمنى ئۈچ كۈن ئەرەق ياكى سۇغا چىلىغاندىن كېيىن يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ ماتادىن ئۆتكۈزۈپ سۈزۈپ ، تىرىپلىرىنى سىقىپ سۈيىگە قەنت ۋە ئالما ، ئانار سۇلىرىنى قۇيۇپ قىيام قىلىنىدۇ ۋە بۇنىڭغا قالغان دورىلارنى تالقانلاپ سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ . يۈرەكنى ياشارتىدۇ . نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : مېڭە ، يۈرەك ، جىگەر كېسەللىكلىرى ، يۈرەك ئاجىزلىقى ، خەپەقان ، تۇتقاقلىق كېسەل ۋە ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 4 گرام ئېلىپ تاماقتىن كېيىن مۇۋاپىق مىقداردىكى گاۋزەبان ئەرىقى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## داۋائى سىنتە

تەركىبى : قارا ھېلىيلە پوستى ، بېلىيلە ، ئامىيلە ھەر بىرى 114 گرام ، سىياھدان 72 گرام ، قارامۇچ ، ئۇشەق ، فىلفىل ، فىلفىلمۇيە ، زەنجىبىل ھەر بىرى 66 گرام ، كابابەچىنى ، بالادۇر ئەسلى ھەر بىرى 18 گرام ، قاقىلە ، نارمىشكى ھەر بىرى 6 گرام ، قەنت 1.8 كىلوگرام .

ياشىلىشى : قەنتنى قىيام قىلىپ بالادۇر ئەسلىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئارقىدىن دورىلارنى تالقانلاپ سېلىپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى : سېزىملارنى كۈچەيتىدۇ ، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل تىپتىكى بوغۇم ئاغرىقلىرى ، بۇۋاسىر ، ناسۇر ، ئاقما ، جوزام ، باھ ئاجىزلىقى ، چاچ ـ ساقالنىڭ بالدۇر ئاقىرىشىغا ئىشلىتىلىدۇ .

### داۋائى مىشكى مۆتەدىل I

تەركىبى : ئۇرۇقىدىن ئاجرىتىلمىغان زىرىق 16 گرام ، ئاق سەندەل ، تاباشىر ، قىزىل سەندەل ، قۇرۇق يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ، گاۋزەبان گۈلى ، تازىلانغان ئامىلە ، بىخ مارجان ، ئاقلانغان سىمىز ئوت ئۇرۇقى ، كۈمۈش ۋەرەق ھەر بىرى 10 گرام ، تىشلىمىگەن مەرۋايىت ، ئالىي سورتلۇق كەھرىبا ، قىزىلگۈل ، قىرقىلغان پىلە ، دارچىن ، قىزىل بەھمەن ، ئاق بەھمەن ، دورنەج ئەقرەبى ، زەپەر ھەر بىرى 6 گرام ، ئۇدھىندى ، بادرەنجبۇيا ھەر بىرى 5 گرام ، مەستىكى ، ئۈشنە ، لېچىندانە ھىندى ھەر بىرى 3 گرام ، ئەنبەر ، ئىپار 1.5 گرام ، تاتلىق ئانار شەربىتى 200 م ل ، ئاق شېكەر 500 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قەنت قىيامىغا ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتەدىل .

تەسىرى : مېڭە ، يۈرەك قاتارلىق رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئىسسىق ، سوغۇقتىن بولغان تۈرلۈك يۈرەك ، نېرۋا كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ، كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### داۋائى نىسيان

تەركىبى : كۈندۈر ، زىرە ، فىلفىل 9 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

تەسىرى : ئۇنۇتقاقلىقنى قالدۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئۇنۇتقاقلىققا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## رەۋغەنى بادام

تەركىبى : بادام مېغىزى .

ياسىلىشى : بادامنى ئاقلاپ سوقۇپ قەلەيلەنگەن مىس لېگەنگە سېلىپ چوغ ئۈستىگە قويۇپ ، لېگەندىكى بادامنىڭ ئۈستىگە ئاز ـ ئازدىن سۇ قۇيۇپ ئېزىپ بېرىلسە سوقۇلغان بادام يومشايدۇ . ئاندىن لېگەن سىڭايان قىلىپ تورغۇزۇلسا ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە بادامنىڭ يېغى ۋېرىلداپ ساقىيدۇ . ساقىغان ياغ ئۆز ۋاقتىدا باشقا قاچىغا ئېلىپ تورۇلىدۇ .

تەبىئىيتى : تاتلىق بادام يېغىنىڭ تەبىئىيتى ھۆل ئىسسىق ، ئاچچىق بادام يېغىنىڭ قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئىششىق ياندۇرۇش ، ئاغرىق پەسەيتىش ، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش ، تارتىشىپ قالغان پەيلەرنى بوشىتىش ، ئاۋازنى نورماللاشتۇرۇش ، تاش چۈشۈرۈش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : خەپەقان ، باش ئاغرىش ، ئۇيقۇسىزلىق ، ئىششىق ، ئۆپكە ئىششىقى ، مۇفاسىل قاتارلىقلاردا سىرتتىن ياغلاشقا ئىشلىتىلىدۇ . ئىچسە ئاۋاز پۈتۈپ قېلىش ، تولغاق ، سۈيدۈك تۇتۇلۇش ، قەۋزىيەت ، سۈيدۈك ۋە ئۆت يوللىرىدىكى تاشلارنى چۈشۈرۈش رولىغا ئىگە .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىچى ياكى سىرتىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىچىلىدۇ ياكى سۈرتۈلىدۇ .

## سۇفۇفى كىبرىت

تەركىبى : جوۋنە 9 گرام ، جويۇز 8 گرام ، گۈگگۈرت سېرىقى 6 گرام ، قارامۇچ 3 گرام ، ناۋات 3 ھەسسە .

تەسىرى : ئۇنۇتقاقلىقنى قالدۇرىدۇ . يۈرەك ، مېڭە ، جىگەر ، ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ . ھارارىتى غەرىزەنى ئاشۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئۇنۇتقاقلىق ۋە ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6~9 گرام ئىچىشكە بېرىلىدۇ .

### سۇفۇفى مۇنەششىت

تەركىبى : دارچىن ، ئارپا بادىيان ، رۇم بادىيان ، مەستىكى ، زور نىبادلار تەڭ مىقداردا ، قەنت ياكى ناۋات 2 ھەسسە .
تەسىرى : داۋاملىق يېسە مېڭە ، يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈپ خوشلۇق كەلتۈرىدۇ . ئەستە تۇتۇش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ . سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئۇنۇتقاقلىق ، غېرىپسىنىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### سۇفۇفى مۇنەققى

تەركىبى : تۇربۇد ، ئەفتىمۇن ، تۇز ھەر بىرى 3 گرام .
تەسىرى : مېڭىنى تازىلايدۇ ، بەدەندىكى قويۇق بەلغەمنى چىقىرىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : خامۇشلۇق ۋە سېزىمنىڭ ناچارلىشىشى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا ئىلمان سۇ بىلەن 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### سۇفۇفى نىسيان

تەركىبى : كۈندۈر 21 گرام ، مەستىكى 12 گرام ، كاكىنەج 11 دانە ، دارچىن ، فىلفىل ، گاۋزەبان ، بادىرەنجبۇيا ھەر بىرى 3 گرام ، شېكەر 2 ھەسسە .
تەسىرى : ئۇنۇتقاقلىقنى قالدۇرىدۇ . مېڭىنى تازىلايدۇ . ھارارىتى غەرىزىنى ئاشۇرىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئۇنۇتقاقلىق ۋە ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىچىلىدۇ .

### سۇفۇفى ھەققۇلئەزىل

تەركىبى : سۆگەت گۈلى چېچىكى 80 گرام ، ئانار غۇنچىسى 25 گرام ، پەرفىيۇن 5 گرام ، تاماكا 4 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ تالقانلاپ قېلىن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ سۇفۇف قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : مېڭىنىڭ سەزگۈر نېرۋىلىرىنى ئۇيغىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل نېرۋا كېسەللىكلىرى ، زۇكام ، باش ئاغرىقلىرى ۋە ھوشىدىن كەتكەن بىمارلارغا چۈشكۈرتۈش ئۈچۈن پۈركىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بۇ پەقەتلا پۈركىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان بولۇپ ئەھۋالغا قاراپ ئىشلىتىلىدۇ ، ئىچكۈزۈلمەيدۇ !

ئەسكەرتىش : پەرفىيۇن بولمىسا ئۇنىڭ ئورنىغا 35 گرام ناسۋا ياكى 5 گرام كۈندۈش ۋە ياكى 10 گرام قارامۇچ ئىشلەتسە بولىدۇ .

### شەربىتى زەبىب

تەركىبى : قوي گۆشى 2 كىلوگرام ، كۆك كەپتەر باچكىسى 2 دانە ، كەكلىك 1 دانە ، ئارپا بادىيان ، چىگىدەي ئۇرۇقى ، زىرە ھەر بىرى 50 گرام ، دارچىن ، شاقاقۇل ، بەسباسە ، جويۇز ، خولىنجان ، زورنىباد ھەر بىرى 25 گرام ، ئۈزۈم سۈيى 2 لىتر .

ياسىلىشى : ئاۋۋال ئۈزۈمنى پاكىز چايقاپ سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ تىرىپ – ئۇرۇقلىرىدىن ئايرىلىدۇ . ئاندىن ئۈزۈم سۈيىنى قازانغا قۇيۇپ باچكا ھەم كەكلىك ، قوي گۆشلىرىنى كاۋاپ قىلىپ قالغان دورىلارنى چالا سوقۇپ سېلىپ ئوتنى مۆلايىم ، بىر خىل قالاپ قاينىتىپ ئۈزۈم سۈيى 1.5 لىتر قالغاندا دورىلارنى سۈزۈۋېتىپ سىقىپ قاچىغا ئېلىپ ، ئاغزىنى بېكىتىپ ئاپتاپتا قويۇلىدۇ ياكى ئاتنىڭ تېزىكىگە كۆمۈلىدۇ ( ئاپتاپتا بىر ئاي ، ئات تېزىكىدە 12 كۈن تۇرغۇزۇلىدۇ ) .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : نېرۋىنى پەسەيتىش ، جىنسىي ئاجىزلىقنى ياخشىلاش ، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : يۈرەك ، ئاشقازان ۋە ئومۇمىي بەدەن زەئىپلىكى ، ئۇچەي ئاغرىقلىرى ، بەرەس قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كىچىكلەرگە 50 م ل ، چوڭلارغا 100 ~ 150 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

ئەسكەرتىش : بۇ شەربەت قانچە ئۇزۇن ساقلانسا شۇنچە كۈچىيىدۇ .

## شەربىتى زوھرىلقوتىن

تەركىبى : كېۋەز چېچىكى ( كېۋەزنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتمىگەن گۈلى ) 500 گرام ، زەپەر 5 گرام ، شېكەر 1500 گرام .

ياسىلىشى : كېۋەز گۈلىنى ئىككى لىتر بولاق سۈيى ياكى تازىلانغان پاكىز سۇغا بىر سوتكا چىلاپ 1300 م ل قالغىچە قايىنتىپ سۈزۈپ سىقىپ شېكەرنى سېلىپ سۇس ئوتتا 1 لىتىر قالغىچە قايىنتىپ قىيام قىلىپ سوۋۇغاندىن كېيىن زەپەرنى سالايە قىلىپ قىيامغا سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : نېرۋا پەسەيتىش ، تىنچلاندۇرۇش ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل نېرۋا كېسەللىكلىرى ، تۇتقاقلىق ، ئۇيقۇسىزلىق ، بىھۇشلۇق ۋە ئاياللاردىكى خەپقان ( ھېستېرىيە ) كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 10 ياشتىن چوڭلارغا ئەھۋالغا قاراپ كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 م ل ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى گاۋزەبان

تەركىبى : گاۋزەبان 30 گرام ، بادىرەنجبۇيا 15 گرام ، قىزىلگۈل ، ئاق سەندەل ،

سۇنبۇل ، ئۆشنە ھەر بىرى 9 گرام ، زەپەر 3 گرام ، كافۇر 2 گرام ، ئىپار 1.5 گرام ، قەنت 280 گرام .

ياسىلىشى : زەپەر ، كافۇر ، ئىپارلاردىن باشقا دورىلارنى چالا سوقۇپ 600 م ل سۇ ۋە گۇلابقا چىلاپ يېرىمى قالغىچە قايناتقاندىن سۈزۈپ ، قەنتنى سېلىپ قىيام قىلىپ ئۈستىگە يۇقىرىقى دورىلار قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : يۈرەك ، مېڭىنى كۈچەيتىدۇ . كۆڭلى ئايىنىش ۋە يۈرەكنىڭ تىترىشىنى پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : يۈرەكنىڭ رېتىمسىز سېلىشى ، بىئاراملىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 م ل ئىچىلىدۇ .

### فۇلۇنيايى پارسى

تەركىبى : بەزرۇلبەنجى ، ئاقمۇچ ھەر بىرى 60 گرام ، ئەپيۇن 30 گرام ، زەپەر 15 گرام ، دۇقۇ 9 گرام ، فىلفىل 6 گرام ، چىگسەي ئۇرۇقى ، سۇنبۇل ، سازەج ھىندى ، سەلىخە ، ھەببى بىلسان ، ئاقىرقەرھا ، پەرفىيۇن ھەر بىرى 3 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ .

تەسىرى : مېڭىنى كۈچەيتىپ ، ئەستە ساقلاش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ ، قان توختىتىدۇ ، بالىياتقۇنى كۈچەيتىپ يەللەرنى يوقىتىدۇ ، بالا چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ . ئىچى سۈرۈش ۋە قۇسۇشنى توختىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئۇنۇتقاقلىق ، بالىياتقۇ ئاجىزلىقى ، قاناش ۋە ئىچى سۈرۈش قاتار-لىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : دورا ياسىلىپ 6 ئاي تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن كۈندە 1 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 1 ـ 2 گرام ئېلىپ ئىچىلىدۇ .

قۇلۇنجى ئۇچۇن جۇئىدە ( چاڭگاك ) سۇيى بىلەن ، مەيدە ئاغرىقى ئۇچۇن رۇمبا-دىيان قايناتىلمىسى بىلەن ، تال كېسەللىكلىرىدە سىركەنجىبىن بىلەن ، بۆرەك ، دوۋساق كېسەللىكلىرىدە ئارپا باديان قايناتىلمىسى بىلەن ، قان توختىتىشتا سىماق قايناتىلمىسى

بىلەن ئىچىلىدۇ .

**فۇلۇنىيايى مەھمۇدە**

تەركىبى : ئەپيۇن ، قارامۇچ ھەر بىرى 60 گرام ، چىگسەي ئۇرۇقى ، زەپەر ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 18 گرام ، سۇنبۇل ، ئاسارۇن ، بەسباسە ، لېچىندانە ، دارچىن ، مەستىكى ، رەۋەن ، زەنجىبىل ، ئەفتىمۇن ، ئىپار ھەر بىرى 6 گرام ، كۆمۈش ۋەرەق 100 دەنە ، ئالتۇن ۋەرەق 50 دەنە ، ئەنبەر 3 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .

تەسىرى : مېڭىنى كۈچەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئەسەبىيلىك ، خىيالپەرەستلىك ۋە مەنى يۇرۇپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 2 گرام ئىچىلىدۇ .

**گۈلقەنتى زوھرىلقوتىن**

تەركىبى : كېۋەز چېچىكى 1 كىلوگرام ، شېكەر 4 كىلوگرام .

ياسىلىشى : ئىچىلغان كېۋەز گۈلىنى يىغىپ ئېلىپ ھاۋانچا ياكى ماشىنىدا ئېزىپ ، ئۇنىڭغا شېكەر ياكى ھەسەلنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : نېرۋىنى پەسەيتىش ، مېگە ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل نېرۋا ، مېگە كېسەللىكلىرىگە بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

**مائۇل لەھمى**

تەركىبى : 4 ئايلىق بولغان سېمىز پاقلان گۆشى ، سېمىز ئوغلاق گۆشى ، سېمىز چۆجە گۆشى ھەر بىرى 600 گرام ، پاختەك گۆزى ، قۇشقاچ گۆشى ھەر بىرى 40 دانە ،

كەپتەر 7 دانە ، سازەج ھىندى ، باديان ، قۇرۇق يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ، كۆك پىننە ھەر بىرى 100 گرام ، پىياز ، يۇمغاقسۇت ھەر بىرى 50 گرام ، قەلەمپۇر ، لېچىندانە ، مەستىكى ، جوۋنە ، دارچىن ، قېلىن دارچىن ، ئۇد ھىندى ، ئۇد سەلىب ، ئۇستۇخۇدۇس ، خولىنجان ، زۇرەمباد ، سۇنبۇل ، جوز بوۋا ، بەسباسە ، لېچىندانە ھىندى ، سازەج ھىندى ھەر بىرى 3 گرام ، كالا يېغى 400 گرام ، بېدىمىشكى ئەرىقى ، گاۋزەبان ئەرىقى ، قىزىلگۈل ئەرىقى ھەر بىرى 100 م ل .

ياسىلىشى : گۆشلەرنى ياغ ۋە سۆڭەكلىرىدىن ئايرىپ قازاندا شورپا قىلىپ ئۇستىگە سازەج ھىندى ، باديان ، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ، پىننىلەرنىڭ ھەربىرىدىن 100 گرام ئېلىپ خالتىغا سېلىپ بىرگە قاينىتىلىدۇ . گۆشلەر يۇمشاق پىشقاندىن كېيىن گۆش ۋە دورا خالتىلىرىنى سىقىپ ئېلىۋېتىپ شورپا ئايرىم قاچىغا قاچىلىنىدۇ . سۈزۈۋېلىنغان گۆشنى توغراپ ، پىياز ۋە يۇمغاقسۇتنىڭ ھەربىرىدىن 50 گرام ، قەلەمپۇر ۋە لېچىندانىنىڭ ھەر بىرىدىن 30 گرام ئېلىپ قازانغا سېلىپ كالا يېغىدا قىزار غىچە قورۇلىدۇ . ئۇندىن كېيىن يۇقىرىقى شورپىغا ( شورپىنىڭ قېتىپ قالغان ياغلىرى تازىلىۋېتىلىدۇ ) قورۇلغان گۆش ۋە قالغان دورىلار ( چالا سوقۇپ ) نى ئارىلاشتۇرۇپ پار قازىنىغا سېلىپ قاينىتىپ قائىدە بويىچە پار سۈيى ئېلىنىدۇ .

تەسىرى : بۇ بىر خىل يەڭگىل ۋە تېز ئۆزلىشىدىغان مەنپەئەتلىك ئوزۇقلۇق بولۇپ ، پۇتۇن بەدەننى جۇملىدىن رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش ، قان كۆپەيتىپ ، بەدەننى سەمرىتىش ، جىنسىي ئاجىزلىقنى تۈگىتىش ، يېڭى كېسەلدىن قوپقانلارنى ماغدۇرلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى ، نېرۋا ئاجىزلىق ، كەم قانلىق ، جىنسىي ئاجىزلىق ، ماغدۇرسىزلىق قاتارلىقلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 ــــ 50 م ل ئىچىلىدۇ .

### مەئجۇنى ماددە تۇلھايات

تەركىبى : ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 90 گرام ، زەنجىبىل ، فىلفىل ، قارامۇچ ، دارچىن ، ئامىلە ، بېلىيلە پوستى ، شەترەنجى ھىندى ، يۇملاق زىراۋەندە ، سۆئىلەپ ، چىلغوزە مېغىزى ، بابۇنە يىلتىزى ، يېڭى نارجىل ھەر بىرى 30 گرام ، بابۇنە ئۇرۇقى 15 گرام ،

ھەسەل ئىككى ياكى ئۈچ ھەسسە .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ . بەدەننى كۈچەيتىش ، مېڭىنى كۈچەيتىپ ، چۈشۈنۈش ئەستە ساقلاش خىزمىتىنى ياخشىلاش ، ئەقلىنى ئاشۇرۇش ، ھەزىمنى ۋە باھنى كۈچەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئۇنۇتقاقلىق ، خامۇشلۇق ، پالەچ ، لەقۋا ، ئىشتىھاسىزلىق ، تىل ئېغىرلىشىش ، سۈيدۈك تۇتالماسلىق ، بەل ۋە بوغۇم ئاغرىش ، چىش مۇلكى بوشىشىپ كېتىش ، قۇلۇنجى ، ئىسستىسقا ، ئورۇقلۇق قاتارلىقلارغا ھەمدە سوغۇق مىزاجلىق كىشلەردىكى باھ ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : تەييارلىنىپ 40 كۈن تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 ~ 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ . بۇ دورا ياسىلىپ تۇرغۇزۇلغاندىن باشلاپ تولۇق تەسىرنى كۆرسىتىپ ئاندىن قۇۋۋىتى تەدرىجىي تۆۋەنلەيدۇ .

ئەسكەرتىش : بۇ دورا ئىسسىق مىزاجلىقلارغا ۋە ياشلارغا ئېغىر كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن سۈت ياكى سىركەنجبىن بىلەن ئىچىشى كېرەك .

## مەئجۇنى پىيروزى نوش

تەركىبى : ئەپيۇن ، بەزىرولبەنجى ھەر بىرى 60 گرام ، پەرفىيۇن ، ئاقىرقەرھا ، سۇنبۇل ، زەپەر ھەر بىرى 21 گرام .

ياسىلىشى : مەئجۇن ياساش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئۇنۇتقاقلىق ، يەلدىن بولغان قۇلۇنجى ، قورساق ئاغرىش ۋە ھامىلدار ئاياللاردىكى سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 ~ 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مەئجۇنى سەنجرىنا

تەركىبى : سۇنبۇل 30 گرام ، بەسباسە ، جويۇز ، لىچىندانە ، زەنجىبىل ، دارچىن ، قەلەمفۇر ، زەپەر ، ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ، مەستىكى ، ئۇد سەلىب ، نارجىل ، سازەج ھىندى ، تاتلىق بادام مېغىزى ، پىستە مېغىزى ، قۇشقاچ مېڭىسى ھەر بىرى 18 گرام ، شاقاقۇل ، زاراڭزا ئۇرۇقى ، ماھى زەھرەج ئۇرۇقى ، سېرىق چېچەك ئۇرۇقى ، جوۋنە ، زىرە ، رۇمبادىيان ، قوغۇن مېغىزى ، چىگىت مېغىزى ھەر بىرى 9 گرام ، ئۇرۇقىدىن ئايرىلغان ئۈزۈم ، قەنت ھەر بىرى 90 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .

تەسىرى : بۇ مەئجۇن باھنى ، يۈرەك ، جىگەر ، ئاشقازاننى كۈچەيتىشتە تەسىرى ياخشى .

ئىشلىتىلىشى : باھ ئاجىزلىقى ، ھەزىم ناچارلىشىش ، كۆز ۋە قۇلاق خىزمىتى تۆۋەنلەش ، ئۇنۇتقاقلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مەئجۇنى سوقرات

تەركىبى : تۇربۇد 60 گرام ، ئۇدخام 36 گرام ، سەبرى 30 گرام ، قارا ھېلىيلە ، بېلىيلە پوستى ، ئامىيلە ھەر بىرى 18 گرام ، قىزىلگۈل ، بادىرەنجبۇيا ، يۇيۇلغان لوك ھەر بىرى 15 گرام ، سەئدى كوفى ، ھەببۇلمەھلەب ھەر بىرى 12 گرام ، جويۇز ، رەۋەن ، قەلەمفۇر ، قاقىلە ، بەسباسە ، ئۆشنە ، سۇنبۇل ، زەپەر ، تاغ پىيىزى ، زەرنەپ ، شەترەنجى ھىندى ، دارچىن ھەر بىرى 9 گرام ، مۇرمەككى ، ئىگىر ، زورنباد ، دورنەج ئەقرەبى ، چىڭسەي ئۇرۇقى ، زاغۇن ، پىياز ئۇرۇقى ، كۈدە ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام ، فەرەنجمىشكى ، ھەببۇلخار ، ئۈزۈنچاق زىراۋەند ھەر بىرى 5 گرام ، رۇمبادىيان ، قۇندۇز قەھرى ، ھەببى بىلسان ، سەلىخە ( قېلىن دارچىن ) ، ئاسارۇن ، مەستىكى ھەر بىرى 3 گرام ، ئاچچىق بادام يېغى مەلۇم مىقداردا ، ھەسەل 3 ھەسسە .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ بادام يېغىدا ياغلاپ قائىدە بويىچە ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن تەييارلىنىدۇ .

تەسرى : مېڭە خىزمىتىنى ياخشىلاشتا تەسرى ياخشى .
ئىشلىتىلىشى : ئۇنۇتقاقلىق ، مالىخولىيا ، تۇتقاق كېسەل ، باش ئاغرىش ، مېڭە ئاجىزلىقى ، ھەر خىل نېرۋا كېسەللىكلىرى ، بوغۇم ئاغرىش ، كونا يۆتەل ، سۈيدۈك تۇتالماسلىق ، ئاق كېسەل ، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش ، بۇۋاسىر ، تال خىزمىتى ناچارلىشىش ، قۇلاق ۋە تىل ئېغىرلىقى ۋە باشقا بەلغەم خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 گرامغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ .
ئەسكەرتىش : ئارپىغا كۆمۈپ ئالتە ئاي تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ .

## مەئجۇنى نىسيان

تەركىبى : كۈندۈر ، ئىگىر ، سەئدى كوفى ھەربىرى 30 گرام ، قارامۇچ ، زەنجىبىل ھەر بىرى 15 گرام ، ھەسەل 2 ~ 3 ھەسسە .
تەسرى : مەخسۇس ئۇنۇتقاقلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئۇنۇتقاقلىق ۋە ياد ئېلىش قۇۋۋىتى ئاجىزلىششلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مۇفەررىھى ھار

تەركىبى : ئۈشنە ، ئەز پارەتتىب ، نارمىشكى ، فەرەنجىمىشكى ھەر بىرى 12 گرام ، قەلەمفۇر ، نېپىز دارچىن ، سۇنبۇل ، دارچىن ھەر بىرى 6 گرام ، زەپەر ، مەستىكى ھەر بىرى 3 گرام ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل 230 م ل .
ياسىلىشى : مەستىكى بىلەن زەپەردىن باشقا دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، مەستىكى ۋە زەپەرنى ئايرىم - ئايرىم سالايە قىلىپ ئالدى بىلەن ھەسەلگە زەپەرنى سېلىپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ ، ئارقىدىن مەستىكى تالقىنىنى تاسقاپ ، پۈتۈن دورىلارنى ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : نېرۋا پەسەيتىش ، ئاشقازان ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان نېرۋا كېسەللىكلىرى ، ئاشقازان ، يۈرەك ، جىگەر كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا باللارغا 1 ~ 2 گرام ، چوڭلارغا 3 ~ 4 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

### مۇفەررىھى ياقۇتى ئوتتۇراھال

تەركىبى : تېشىلمىگەن مەرۋايىت ، گاۋزەبان ، مارجان يىلتىزى ، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ، ئاق بەھمەن ، قىزىلگۈل ياپرىقى ، كەھرىبا ، پورتىقال پوستى ، كۆيدۈرۈلگەن ئاق يىپەك غوزىسى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ( پوستى ئايرىلغان ) ھەر بىرى 6 گرام ، كافۇر 3 گرام ، ھېلىيلە مۇرابباسى ( ھەسەل بىلەن قىلىنغان ) 190 م ل .

ياسىلىشى : مارجان يىلتىزى ، مەرۋايىتتىن باشقىسىنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، مارجان يىلتىزى ، مەرۋايىتنى سالايە قىلىپ سېرىق ھېلىيلە مۇراببابسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : نېرۋىنى پەسەيتىش ، يۈرەك ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : نېرۋا ، يۈرەك ، جىگەر خىزمىتى ئاجىزلاشقان ھەمدە روھىي تۆۋەن كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 ~ 2 گرام ، چوڭلارغا 2~4 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

### نوشدارى ساددە I

تازىلانغان ئامىلە 300 گرام ، ئاق بېغىشى قىرقىۋېتىلگەن قىزىلگۈل 20 گرام ، سەئدى كۇفى 16 گرام ، قەلەمفۇر ، مەستىكى ، ئاسارۇن ، سۇنبۇل ھەر بىرى 10 گرام ، زەرنەب ، بەسباسە ، قاقىلە ، لېچىندانە ، جوزبوۋا ، گۇلدارچىن ، زەپەر ھەر بىرى 6 گرام ، شېكەر 500 گرام ، ھەسەل 500 م ل .

ياسىلىشى : شېكەر ۋە ھەسەلنى قىيام قىلىپ كۆپۈكىنى ئېلىۋېتىپ ، سوۋۇغاندىن كېيىن تازىلانغان ئامىلىنى سېلىپ ، ئارقىدىن سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن دورىلارنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ ، ئاخىرىدا زەپەرنى سېلىپ ياخشى قوچۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبئىيتى : ئىسسىق .

تەسىرى : رەئىس ئەزالارنى ۋە بۆرەك ، تال ، ئاشقازانلارنى قۇۋۋەتلەش ، باھنى كۈچەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : مېڭە ، يۈرەك ئاجىزلىقى ، تۇتقاقلىق ، خەپەقان ، جىنسىي ئاجىزلىق ، ئاشقازان ئاجىزلىقى ، كەم قانلىق ، كەم ماغدۇرلۇق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ . بالدۇر قېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىمۇ بەلگىلىك رولى بار .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تاماقتىن ئىلگىرى 6~9 گرام بېرىلىدۇ . كىچىكلەرگە مىقدارى ئازايتىلىدۇ .

## نوشدارى لولۇۋ

تەركىبى : تازىلانغان ئامىلە 300 گرام ، تاباشىر ، قىرقىلغان پىلە ، مەستىكى ، زەپەر ، سۇنبۇل ، مەرۋايىت ، كەھرىبا ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 10 گرام ، ياقۇت ، رەۋەن ، ئاسارۇن ، سەئدى كوفى ، ئۇد ھىندى ، ئىزخىر ، ئاق سەندەل ، پوستى ، پوستى تۇرۇنجى ، سازەج ھىندى ، بىخ مارجان ، يېشىل قاشتېشى ، يادىرەنجبۇيا ئۇرۇقى ، دورنەج ئەقرەبى ، لېچىندانە ھىندى ، ئۇرۇقى ئايرىلغان زىرىق ، ئالىي سورتلۇق ئەنبەر ، ئالتۇن ۋەرەق ، كۈمۈش ۋەرەقلەر ھەر بىرى 6 گرام ، ئاق شېكەر 700 گرام ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل 700 م ل .

ياسىلىشى : مەئجۇن ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : رەئىس ئەزالارنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاپ ، پۈتۈن بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ . پەيىنى چىڭىتىدۇ . ئىشتىھانى ئاچىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : نېرۋا ئاجىزلىق ، خەپەقان ، جىنسىي ئاجىزلىق ، مەنى تۇتالماسلىق ، ئاشقازان زەئىپلىك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6ـ9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەبىي ئەنبەر

تەركىبى : فەنىرمايە 15 گرام ، ئەنبەر ، خۇسسىيەتۇسسو ئىلەب ، خۇلىنجان ھەر بىرى 10 گرام ، ئىپار ، مەستىكى ، قەلەمفۇر ھەربىرى 5 گرام .

ياسىلىشى : ئايرىم ـ ئايرىم سوقۇپ ، ھۆل نوخۇت سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ 1 گرامدىن ھەب قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : مېڭە ، يۈرەك ، جىگەر قاتارلىق ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش ، باھنى كۈچەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : نېرۋا ، يۈرەك ، جىگەر كېسەللىكلىرىگە ، باھ ئاجىزلىقىغا بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 ـ 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەبىي بالەنگۇ

تەركىبى : ئۇدخام ، قەلەمفۇر ، كابابەچىنى ، گۈلدارچىن ، قارامۇچ ھەر بىرى 9 گرام ، بالەنگۇ 6 گرام ، فىلفىل ، بابۇنە ئۇرۇقى ، تېشىلمىگەن مەرۋايىت ھەر بىرى 3 گرام ، زەپەر 2 گرام .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : خوشلۇق كەلتۈرۈش ، مەنىنىڭ تېز كېتىشىنى تورمۇزلاش تەسىرىگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىش مىقدارى : قەنت قىيامى بىلەن ھەب قىلىپ ، لازىم بولغاندا ئىككى دانە ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەبىي جەدۋار كەبىرى

تەركىبى : قۇندۇز قەھرى ، ئەپيۇن ھەر بىرى 75 گرام ، ئامىلە ، شاقاقۇل ھەر بىرى 18 گرام ، سۆئىلەپ مىسرى 16 گرام ، پارپا ، دورنەج ئەقرەبى ، زەنجىبىل ،

رۇمـبادىـيـان ، مۇقەل ، سېرىق ھېلىيلە ھەربىرى 12 گرام ، ئاق ۋە قىزىل بەھمەن ، بەزـ رۇلـبەـنجى ، كاۋاۋىچىن ، ئاقىرقەرھا ، سەمغى ئەرەبى ، سالاجىت ، قەلەمفۇر ، گاۋزەبان ، سـەئدى كـۇفـى ، سەۋزە ئۇرۇقى ، ئادراسمان ئۇرۇقى ، ئەرمىدۇن ئۇرۇقى ، قۇرۇق يۇمغاقـ سۇت ئۇرۇقـى ، بـادىـيان ھەر بـىرى 10 گـرام ، سۇنـبۇل ، قاقىلە ، پەرفىيۇن ، يۇملاق زىـراۋەنـدى ، جۇگـگـو رەۋىنى ، بادام مېغىزى ، ئاق سەندەل ، سىر كىگە چىلانغان زىرە ، تـېشلمىگەن مەرۋايىت ھەر بىرى 6 گرام ، مۇرمەككى ، مەرزەنجۇش ھەر بىرى 3 گرام .

ياسـىـلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، گۇلاب بىلەن نوقۇت (0.3 گرام ) چوڭلۇقىدا ھەب قىلىنىدۇ .

تـەسـىرى : ئىچكى ئەزالارنى كۈچەيتىپ ، ساقلىقنى ساقلاش ۋە زۇكام ، نەزلە ، ئىسھاللارنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلـىتىلـىشى : سوغۇقتىن بولغان خەپەقان ، ئومۇمي بەدەن ئاجىزلىقلىرى جۈملىدىن جىنسىي ئاجىزلىق ، ھەزىم ناچارلىشىش ، ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىـ لىدۇ .

ئىشلـىتـىش مـىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ كۈنـدە 1 ـ 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 ـ 3 دانە ئىچىلىدۇ .

### ھەببى مۇسكىر

تـەركىبى : نارجىل ، بەزرۇلبەنجى يىلتىزى ، پەرفىيۇن ، زەپەر ھەر بىرى 9 گرام ، مـەسـتـىـكـى ، ئـگـىـر ، قـىـزىلگۈل ، ئاق سەندەل ھەر بىرى 6 گرام ، پوستى تۇرۇنجى ، فـەرەنـجمىشكى ، سۇنبۇل ، كابابەچىنى ، قەلەمفۇر ، بەسباسە ، سەئدى كۇفى ، زورنىباد ، قـۇرۇق يـۇمـغاقسۇت ، جويۇز ، بەزىرۇلبەنجى ، ئىپار ، ئەنبەر ، قۇندۇز قەھرى ھەر بىرى 5 گرام ، كۈمۈش ۋەرەق ، ئالتۇن ۋەرەق ھەر بىرى 25 دانە .

ياسىلىشى : گۇلاب بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تـەسـىرى : مـەسـت قىلىپ ئەسەبىيلىكىنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى پەسەيتىدۇ ، مەنى تۇتىدۇ .

ئىشلـىتـىلـىشى : تېـزـكـەكـلىك ، مەنى تېز يۇرۇپ كېتىشى قاتارلىقلارغا

ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ كۈندە 2 ـ 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى مۇنشىت

تەركىبى : ئەپيۇن 15 گرام ، بەزىررۇلبەنجى ، قارامۇچ ھەر بىرى 9 گرام ، سۇنبۇل ، ئاسارۇن ، زەپەر ، مەستىكى ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، دارچىن ، رەۋەن ھەر بىرى 6 گرام ، زورنىباد ، ھەببۇلغار ، ئاقىرقەرھا ، قەلەمفۇر ، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 5 گرام ، بەسباسە 3 گرام .

ياسىلىشى : گۈلاب بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى : كۆڭۈلنى خۇش قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سەزگۈرلۈكنىڭ ئېشىپ كېتىشىگە ئىشلىتىلىدۇ .

مىقدارى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى ئىستەمخىقۇن

تەركىبى : سەبرى 45 گرام ، بەسفائىج ، ئەفتىمۇن ھەر بىرى 18 گرام ، سەقمۇنىيا ، غارىقۇن ، شەھمى ھەنزەل ھەر بىرى 9 گرام ، سۇنبۇل ، سەلىخە ، زەپەر ، ھەببى بىلسان ، تۇز ، ئىگىر ، ئاسارۇن ، ئەفسەنتىن ئۇسارىسى ، ئۇدھىندى ، مەستىكى ، ئىزخىر يىلتىزى ، يۇملاق زىراۋەند ، دارچىن ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : باديان سۈيىدە يۇغۇرۇپ ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى : باش ۋە پۈتۈن بەدەننىڭ سوغۇقلۇقىنى تارتىدۇ ، ئەستە ساقلاش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ . يامان خىيالنى يوقىتىپ ، سەۋدادىن بولغان تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : خىيالپەرەستلىك ، ئۇنۇتقاقلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، 5 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## ئىترىيفىلى زامان

تەركىبى : تۇربۇد ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ھەر بىرى 60 گرام ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، كابۇلى ھېلىيلە پوستى ، قارا ھېلىيلە ، گۇلبىنەپشە ، سەقمۇنىيا ھەر بىرى 30 گرام ، بېلىيلە پوستى ، ئامىيلە ، قىزىلگۈل ، تاباشىر ، نىلۇپەر ھەر بىرى 15 گرام ، ئاق سەندەل ، كەتىرا ھەر بىرى 9 گرام ، بادام يېغى 90 م ل .

ياسىلىشى : سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ بادام يېغىدا تالقان قىلىنىدۇ . ئۇندىن كېيىن 100 دانە چىلان ، 30 دانە سەرپىستان ، 30 گرام گۇلبىنەپشىلەرنى قايناتىپ ھېلىيلە سۈيىنى ئارىلاشتۇرۇپ يېرىم لىتر ھەسەل بىلەن قىيام قىلىپ ئۈستىدىن يۇقىرىقى دورا تالقىنىنى قوشۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى : مېڭىنى ۋە قانىنى تازىلايدۇ ، نورمالسىز سەۋدا ، بەلغەم خىلتىلىرىنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ . سوزۇلما نەزلە ۋە زۇكامغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 6 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

ئىشلىتىشى : ئۇنۇتقاقلىق ، خىيالپەرەستلىك ۋە نېرۋا ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## ئىترىيفىلى كەبىر I

تەركىبى : شەترەنجى ھىندى ، جوۋنە ، سەئتەر ( ياۋا يالپۇز ) ھەر بىرى 50 گرام ، ھېلىيلە كابۇلى پوستى ، بېلىيلە پوستى ، ئامىيلە پوستى ، تاغ چېكىسىيى ئۇرۇقى ھەر بىرى 18 گرام ، ئاقمۇچ ، قارامۇچ ، نارمىشكى ، تاشتۈز ھەر بىرى 12 گرام ، سۇنبۇل ، ئاترىلال ، لېچىندانە ، ئىگىر ھەر بىرى 10 گرام ، دارچىن 6 گرام ، نوشۇدۇر 1.5 گرام ، ھەسەل 300 م ل ، بادام يېغى 30 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، بادام يېغىدا ياغلاپ ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش ، ئاغرىق پەسەيتىش ، مېڭە تومۇرلىرىدىكى

توسالغۇنى ئېچىش ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش ، يەل ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىش ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقلىرى ۋە مېگە ، ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## ئىترىيفىلى ئۇستۇخۇدۇس 1

تەركىبى : سېرىق ھېلىيلە پوستى ، قارا ھېلىيلە ، ئامىلە پوستى ، سانا ، ئاق تۇربۇد ، بىسپايەج ، ئۇستۇخۇدۇس ، مەستىكى رۇمى ، ئەفتىمۇن ، ئۈزۈم ھەر بىرى 16 گرام ، بادام يېغى 75 گرام ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل 600 م ل .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، بادام يېغىدا ياغلاپ ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش ، نورمالسىز خىلىتلارنى سۈرۈپ چىقىرىش ، سەپرا ۋە سەۋدانى تەڭشەش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : نېرۋا ئاجىزلىق ، سەۋدادىن بولغان سەرسام ، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : تەييارلاپ 41 كۈن تۇرغۇزغاندىن كېيىن كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 ـ 9 گرام يېيىلىدۇ .

## ئىترىيفىلى ئۇستىخۇدۇس I

تەركىبى : ھېلىيلە كابۇلى پوستى ، بېلىيلە پوستى ، قارا ھېلىيلە ، ئاقلانغان ئامىلە ھەر بىرى 30 گرام ، ياۋا ئەمەن ( ئەفسەنتىن ) ، شەترەنجى ھىندى ، ئەفتىمۇن ، بەسفا ئىج ، تۇربۇد ، ئۇستىخۇددۇس ھەر بىرى 15 گرام ، مەستىكى ، لاجۇەرد ، بادىرەنجبۇيا ھەر بىرى 12 گرام ، چىگسەي ئۇرۇقى ، رۇمبادىيان ھەر بىرى 10 گرام ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل 3 لىتر .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، بادام يېغىدا نەمدەپ ،

ھەسەلنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: مېڭىنى تازىلايدۇ. نورمالسىز سەپرا ۋە سەۋدانى ھەيدەپ چىقىرىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: ساراڭلىق، مالىخولىيا (خىيالپەرەستلىك) قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 8 ـ 10 گرام قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ.

### ياقۇتى مۇقەۋۋى

تەركىبى: ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، تاباشىر، زورنىباد، بادرەنجبۇيا، قەلەمپۇر، سازەج ھىندى، ئۇد قىمارى، قىرقىلغان پىلە، تۇرۇنجى پوستى ھەر بىرى 6 گرام، گاۋزەبان، دورنەج ئەقرەبى، لەيلى، ياقۇت، ئەقىق، ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەق، ئەنبەر، زەپەر، كافۇر ھەر بىرى 5 گرام، تېشىلمىگەن مەرۋايىت، مارجان، كەھرىبا، پەرەنجمىشكى ھەر بىرى 3 گرام، ئىپار 2 گرام، قەنت، ھەسەل 150 گرام.

ياسىلىشى: قائىدە بويىچە مەئجۇن قىلىنىدۇ.

تەسىرى: خىلىتلارنى جانلاندۇرۇپ خۇشلۇق پەيدا قىلىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: مالىخولىيا ۋە باشقا سەۋدا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## پالەچ، لەقۋا، ئىسترخا، تەشەننۇج، سەرئى كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياساملىرى

### ئەتۇسى پالەچ

تەركىبى: كۈندۈش، سىياھدان، پەرفىيۇن، قاراموچ، قۇندۇز قەھرى، ئىپار،

يۇملاق زىراۋەند ، ھەببى بىلسان ، ئاقىرقەرھا ، توغرىغۇ ھەربىرى تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : مېڭىنى تازىلايدۇ . مۇسكۇلنىڭ بوشىشىپ كېتىشىگە مەنپەئەت قىلىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : پالەچ ، لەقۋا ۋە سەكتە كېسەللىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ بۇرۇنغا تارتىلىدۇ . ئەگەر بىمار چۈشكۈرمىسە ئۇنىڭغا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى .

## ئەنقەرويايى كەبىر

تەركىبى : جەنتىيانا ، ھىلىڭ ، يۇملاق زىراۋەند ، ھەببۇلغار ، قۇندۇز قەھرى ، قىچا ، شەترەنج ھىندى ھەر بىرى 15 گرام ، بالادۇر ئەسلى 14 گرام ، ئاقىرقەرھا ، سىياھدان ، قۇستە ، فىلفىل ، قارامۇچ ، ئىگىر ھەر بىرى 6 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقانلاپ ياڭاق يېغى بىلەن ياغلاپ ھەسەل بىلەن خېمىر قىلىنغاندىن كېيىن ، ئارپىغا كۆمۈپ قويۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ .
تەسىرى : پالەچ ، لەقۋا ، سەرئى ، ئۇنۇتقاقلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ . تاماق سىڭدۈرىدۇ . باھنى كۈچەيتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : پالەچ ، لەقۋا ، سەرئى ، ئۇنۇتقاقلىقتا ۋە ھەزىم ئاجىزلىقى ، باھ زەئىپلىكىگە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە بىر قېتىم 3 گرام يەيدۇ .

## بۇخورى سەرئى

تەركىبى : ياۋا پىننە مەلۇم مىقداردا .
ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى : كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سېلىنىدۇ .
تەسىرى : سەرئى تۇتقان ۋاقىتتا پۇرىتىلسا دەرھال قويۇۋېتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : سەرئى كېسەللىكىگە ئىشلىتىلىدۇ .

## پۇختە جۇش

تەركىبى : ئۇدخام 30 گرام ، جويۇز ، زەپەر ، مەستىكى ، خولىنجان ھەر بىرى 15 گرام ، نارجىل ، كاۋاۋىچىن ، زورنىباد ، قەلەمفۇر ، سەئدى كوفى ، بەسباسە ھەر بىرى 9 گرام ، زەنجىبىل ، دارچىن سۇنبۇل ، ئاقىرقەرھا ، سەلىخە ھەر بىرى 3 گرام ، سېمىز قوينىڭ بېقىن گۆشى 5.5 كىلوگرام ، ئۈزۈم سۈيى 27 لىتىر ، ھەسەل 1.5 لىتىر .

ياسىلىشى : قوي گۆشى ئۈزۈم سۈيىدە ئېزىلىپ ئۈماچ بولغىچە قاينىتىلىدۇ . قالغان دورىلارنى تالقانلاپ ، خالتىغا سېلىپ ئېغىزىنى بوغۇپ قازانغا سېلىپ يەنە قايناتقاندىن كېيىن ئېلىپ مىجىپ تەمى پۈتۈنلەي چىقىرىلىدۇ . ئۇندىن كېيىن بىر كوزىغا 135 م ل گۇلاب قويۇپ ئۈستىگە يۇقىرىقى قايناتمىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئالتە ئاي تۇرغۇزۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : نېرۋىنى كۈچەيتىش ، ھەزىمنى ياخشىلاش ، رەڭگى ــ روھنى ياخشىلاپ ئېغىزنى خۇش بۇي قىلىش ، جىنسىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇش ، ئاشقازاننى كۈچەيتىپ يەل ھەيدەش ، سۈيدۈكنى راۋالاشتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : لەقۋا ، ئۇنۇتقاقلىق ، ئاشقازان ، جىگەر كېسەللىكلىرى ، بوغۇم ئاغرىش ، قۇلۇنجى ، بۆرەك ، دوۋساق كېسەللىكلىرىگە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .

## داۋائى پالەچ

تەركىبى : قارامۇچ ، فىلفىل ، بەرەڭگى كابۇلى ، ئۇستۇخۇدۇس ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ، ئارپا باديان تەڭ مىقداردا ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : پالەچ ، لەقۋاغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : پالەچ ، لەقۋا كېسەللىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىچىلىدۇ .

### داۋالى مۇسكىر

تەركىبى : ئەپيۇن ، بەزرۇلبەنجى ، ۋالى ئۇرۇقى ( زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن ) ، سازەج ھىندى ، قارا سونا ئۇرۇقى تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ قايىنتىپ تەمىنى چىقىرىپ ، 100 م ل قايناقسۇ بىلەن چىلاپ يۇمشىتىلغان بۇغدايىنى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : سىيزىمنى يوقىتىدۇ ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 2 گرام ئىچىدۇ . بۇ ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇۋېتمەسلىك كېرەك .
ئىشلىتىلىشى : سەزگۈرلۈك ئېشىپ كېتىش ، ئۇيقۇسىزلىقتا ئىشلىتىلىدۇ .

### رەۋغىنى ئازاراقى

تەركىبى : كۆچۈلا 1 كىلوگرام ، كۈنجۈت يېغى 2 لىتر .
ياسىلىشى : كۆچۈلىنى 5 لىتر قايناقسۇغا بىر سوتكا چىلاپ ئاندىن بىر خىل ، پەس ئوتتا 1 لىتر سۇيى قالغىچە قايىنتىپ قازاننى چۈشۈرۈپ كۆچۈلىنى سۈزۈپ سىقىپ قالغان سۇيىگە كۈ جۈت يېغىنى قۇيۇپ يەنە پەس ئوتتا سۇيى تۈگەپ يېغى قالغىچە قايىنتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : ئىسسىق .
تەسىرى : پەيىنى چىڭىتىش ، ئاغرىق قالدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : بەلغەمدىن بولغان پالەچ ، لەقۋا ، مۇفاسىللارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىرتتىن مايلاشتا ئىشلىتىلىدۇ .

### رەۋغىنى بالادۇر

تەركىبى : سۇنبۇل ، لىپچىندانە ، قارامۇچ ، ئىگىر ، شەترەنج ھىندى ، فىلفىل ، بالادۇر ، جويۇز ، سەۋسەن يىلتىزى ، ئارپا بادىيان ، ئاچچىق قوستە ، بوزىدان ،

زورەنـىـباد ، دور نـەج ئەقرەبى ھەر بـىرى 45 گرام ، سۈت ، سۇ ھەر بىرى 5 . 2 لىتر ، كۈنجۈت يېغى 750 گرام .

يـاسـىـلـىـشـى : دورىلارنـى يـۇقـىـرىقى سۈيۇقلۇقلارغا ئارىلاشتۇرۇپ ، سۇ قىسمى پارلىنىپ ياغ قىسمى قالغانغا قەدەر قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تـەسىرى : پالەچ ، لەقۋا ، پەي بوشىشىپ كېتىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلـىـتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان كۆپ خىل كېسەللىكلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ ، بولۇپمۇ پالەچ ، لەقۋا كېسەللىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلـىـتـىـش مـىـقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىرتتىن مايلاشقا ئىشلىتىلىدۇ .

## رەۋغىنى پەرفىيۇن

تـەركـىـبـى : كۈندۈش 120 گرام ، تاغ پىننىسى 36 گرام ، قۇستە 30 گرام ، ئاقىر-قەرھا 21 گرام ، قۇندۇز قەھرى 15 گرام ، ئۈزۈم 9 گرام .

يـاسـىـلـىـشـى : كـونا شاراب بىلەن قاينىتىپ $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغاندا ، يېرىم ھەسسە كـۈنجۈت يېغى قوشۇپ يەنە قاينىتىلىدۇ . شاراب قىسمى پارلىنىپ ياغ قىسمى قالغاندا ئوت توختىتىپ قويۇلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : پالەچ ، لەقۋا ، ئىسترخالارغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : يۇقىرىقى ياغدىن 6 گرام ئېلىپ 6 گرام فەرفىيۇن قوشۇپ سىرتتىن ياغلاشقا ئىشلىتىلىدۇ .

## رەۋغىنى جويۇز

تەركىبى : جويۇز مۇۋاپىق مىقداردا .

ياسىلىشى : بادام يېغىنى تەييارلاش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش .

تـەسـىـرى ۋە ئىـشـلـىتىلىشى : پالەچ ، لەقۋالارغا مەنپەئەت قىلىدۇ . سوغۇقجانلارغا مـۇۋاپىق كېلىدۇ . ناسۇر ۋە كۆز ، بۇرۇن بۆرجەكلىرىگە چۆشكەن تۇرلۇك جاراھەتلەرگە

ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىچى ياكى سىرتقى جەھەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

## رەۋغىنى دەھتۈرە

1 . تەركىبى : جەۋزى ھاسىل ئۇرۇقى مۇۋاپىق مىقداردا .
ياسىلىشى : جەۋزى ماسىلىنىڭ پوستىنى ئېلىپ تاشلاپ ئۆزى چالا سوقۇلىدۇ . ئۇنى ئۇزۇن بويۇنلۇق شىشىگە سېلىپ شىشىنىڭ ئاغزىنى ئاتىنىڭ قىلى بىلەن بېكىتىپ گىلى ھېكمەت قىلىنىدۇ ( شىشە ئاغزى چاپلانمايدۇ ) . ئاندىن مۇۋاپىق ھەجىمدىكى بىر دانە ساپال قاچىنىڭ تېگىنى تېشىپ بۇنى بىر دانە تۆمۈر جاھازىغا قازان ئاسقاندەك ئېسىپ توختىتىپ ، شىشە دۈم قىلىنىدۇ . شىشە ئاغزىنى بۇ تۆشۈكتىن چىقىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ساپال قاچىنىڭ ئىچىگە شىشىنىڭ ھەممە قىسمى كۆمۈلگىدەك كالا تېزىكىنى تولدۇرۇپ ئوت يېقىلىدۇ . بۇنىڭ بىلەن شىشىگە ئىسسىق ئۆتۈپ ياغ تېمىپ چۈشىدۇ . شىشە ئاغزىغا ئۇدۇل قىلىپ ياغ چۈشىدىغان قاچا قويۇلىدۇ . مانا بۇنىڭ بىلەن جەۋزى ھاسىل يېغى تەييار بولىدۇ .
2 . تەركىبى : جەۋزى ماسىل شىخى ۋە مېۋىسى ( مېۋىسى قارا بولسا تېخىمۇ ياخشى ) مۇۋاپىق مىقداردا .
ياسىلىشى : يۇقىرىقىلارنى چالا سوقۇپ مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا چىلاپ قوۋۇتى سۇغا چىققىچە قاينىتىلىدۇ . ئاندىن مىجىپ سۈزۈپ ، سۈيىگە ئومۇمىي دورا سۈيىنىڭ يېرىمىغا باراۋەر كېلىدىغان كۇنجۇت يېغىنى قوشۇپ ، قائىدە بويىچە سۈيى تۈگەپ يېغى قالغىچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .
تەسىرى : ئاغرىق قالدۇرۇش ، تىنچلاندۇرۇش ، ئۇخلىتىش ، ئىششىق ياندۇرۇش ، سوغۇق ماددىلارنى تارقىتىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : رېماتىزىم ، ئىستىرخا ، پالەچ ، مەنى تېز كېتىش ، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ سىرتتىن مايلاشقا ئىشلىتىلىدۇ .

رەۋغىنى رەيھان

تەركىبى : رەيھان سۈيى 2 ھەسسە ، كۇنجۇت 1 ھەسسە .
ياسىلىشى : دورىلار بىرلەشتۈرۈلۈپ ياغ قىسمى قالغانغا قەدەر قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : پالەچ ، لەقۋا كېسەللىرىگە ۋە تىز ئاغرىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئىچكى ياكى سىرتقى جەھەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

رەۋغىنى مۇبارەك

تەركىبى : سىياھدان ، شۇمشا ھەر بىرى تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : دورىلارنى مۇۋاپىق سۇ بىلەن قازانغا قويۇپ پەس ئوتتا قاينىتىپ ئېزىپ يۇمشىتىلىدۇ ، ئۈستىدىن ئاز - ئازدىن زەيتۇن يېغى تېمىتىپ كۆيدۈرۈۋەتمەي يېغى ئېلىنىدۇ .
تەسىرى : لەقۋا ، پالەچ ، بويۇن قىيسىپ قېلىش ، ئېرقۇننەسا ۋە نىقرىسلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ . يەللەرنى تارقىتىدۇ . باھنى كۈچەيتىدۇ . ئىشتىھانى ئاچىدۇ ، قولاق ئېغىرلىقىنى قالدۇرىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : پەلەچ ، لەقۋا ، بويۇن قىيسىيىش ، ئېرقۇننەسا ، نىقرىس ، يەل تۇرۇپ قېلىش ، باھ ئاجىزلىشىش ، ئىشتىھاسىزلىق ، گاسلىققا ئىشلىتىلىدۇ . بەزى گاس بىمارلارنىڭ قۇلىقىغا تېمىتسا دەرھال مەنپەئەت قىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ مايلايدۇ ياكى تېمىتىدۇ .

زىمادى قەنتەرىيۇن

تەركىبى : سەمغى ئەرەبى 9 گرام ، كەپتەر مايىقى ، ئاق موم ھەر بىرى 6 گرام ،

زەيتۇن يېغى 120 م ل .
ياسىلىشى : زەيتۇن يېغىدا سەمغى ئەرەبىنى ئېرىتىپ ، قالغان دورىلارنى ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : پالەچ ، لەقۋا ، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش ، بەل ئاغرىش ، چىش ئاغرىش ، كۆزگە سۇ چۈشۈش ( نۇزۇلۇلما ) قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ . سۇيدۇك راۋانلاشتۇ- رۇش ، زەھەر قايتۇرۇش ، ئىششىق ياندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : پالەچ ، لەقۋا ، شەقىيقە ، بەل ۋە چىش ئاغرىش ھەمدە نوزۇلۇلمالارغا ئىشلىتىلىدۇ . دوۋسۇن ساھەسىگە چېپىلسا سۇيدۇكنى راۋانلاشتۇرىدۇ . زەھەرلىك ھاشارات چاققان ئورۇنغا قويۇلسا زەھەر قايتۇرىدۇ . قورساق ساھاسىگە چېپىلسا ئىچكى ئەزالاردىكى ئىششىقنى ياندۇرىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : سىرتقى جەھەتتە چېپىلىدۇ .

**سۇفۇفى ئەپتىمۇن**

تەركىبى : كابۇلى ھېلىلىسى ، قارا ھېلىيلە ، سېرىق ئوت ، ئۇستۇخۇدۇس ، بەسفائىج ، گاۋزەبان ، ئاشتۇزى تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : سەۋدانى پەسەيتىدۇ ، مالىخولىياغا مەنپەئەت قىلىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرگە ۋە مالىخولىياغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 15 گرام ئىچىلىدۇ .

**سۇفۇفى ئەرستاتالىس**

تەركىبى : گۇلدارچىن ، سازەج ھىندى ، ئۇد بىلسان ، لىچىندانە ، ئاسارۇن ، مەستىكى ، ھېلىيلە كابۇلى ، فەرەنجمىشكى ، نارمىشكى ، زىرە ، دارچىن ، ئۆشنە ، قارامۇچ ، فىلفىل ، زەنجىبىل ، قەلەمفۇر ، ئانار ئۇرۇقى ، جويۇز ، كافۇر ، قاقىلە ھەر بىرى 6 گرام ، ئەنبەر ، ئىپار ھەر بىرى 3 گرام ، ناۋات 6 ھەسسە .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : ۋەسۋەسە ، مالىخولىيا ۋە يەرقانغا مەنپەئەت قىلىدۇ . تاماق سىڭدۈرۈپ

ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. ئەقىلنى زىيادە قىلىدۇ. يۈرەكنى كۈچەيتىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: ۋەسۋەسە قىلىش، ھەزىم ئاجىزلىشىش، دۆتلىشىش، يۈرەك ئا-جىزلاشلارغا، بولۇپمۇ مالىخۇلىيا ۋە يەرقان كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: 3 ~ 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

سۇفۇفى سەۋدا

تەركىبى: بادام يېغىغا ئارىلاشتۇرۇلغان ئەفتىمۇن، بەسفائىج ھەر بىرى 21 گرام، شاھتەررە ئۇرۇقى 18 گرام، سانا، گۈلبىنەپشە ھەر بىرى 15 گرام، يۇيۇلغان ئەرمەن تېشى، قارا ھېلىيلە، كابۇلى ھېلىيلىسى، سېرىق ھېلىيلە، بېلىيلە ھەر بىرى 12 گرام، بالەنگۇ ئۇرۇقى (سوقۇلمايدۇ) 9 گرام، شېكەر 2 ھەسسە.
ياسىلىشى: سوقۇپ تالقان قىلىنىدۇ.
تەسىرى: مالىخۇلىيا، ۋەسۋەسە ھەم سەۋدادىن بولغان باشقا كېسەللىكلەرگە مەن-پەئەت قىلىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: ۋەسۋەسەدە قېلىش، مالىخۇلىيا، بەھەق، جوزام ۋە سەۋدادىن بولغان ئىششىق، قوتۇر، تەمرەتكە، چالاشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

سۇفۇفى مەرۋايىت

تەركىبى: كابۇل ھېلىيلىسى، گاۋزەبان ھەر بىرى 30 گرام، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، دورنەج ئەقرەبى، رەيھان ئۇرۇقى، بادىرەنجبۇيا، مەستىكى ھەر بىرى 15 گرام، لاجىۋەرد، مۇرمەككى، گىلى ئەرمىنى، پىلە ھەر بىرى 9 گرام، ئالتۇن، كۈمۈش، يا-قۇت، مارجان، مەرۋايىت ھەر بىرى 3 گرام.
تەسىرى: مېڭە كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ۋەسۋەسە، يۈرەك ئېغىش (خاپىقان) لارنى قالدۇرىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: ۋەسۋەسەدە قېلىش، يۈرەك ئېغىش ۋە ھەر خىل مېڭە

كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : گاۋزەبان سۈيى ياكى هومماز سۈيى بىلەن 3 گرام ئىچىدۇ .

سىركەنجىبىنى ئەفتىمۇن

تەركىبى : ئەفتىمۇن 30 گرام ، بەسفائىج ، تۇربۇد هەر بىرى 18 گرام ، گاۋزەبان ، پەرسىياۋشان ، سەۋسەن يىلتىزى ، كاسنى ئۇرۇقى ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ، كاسنى يىلتىزى هەر بىرى 15 گرام ، پىننە ، قىزىلگۈل ، كامازەر يۇس هەر بىرى 12 گرام ، رەيهان ئۇرۇقى ، فەرەنجىمىشكى ، بادرەنجبۇيا ، دورنەج ئەقرەبى ، زۇرەنباد ، قىزىل بەهمەن ، ئاق بەهمەن ، سازەج هىندى ، قاقىلە ، سۇنبۇل هەر بىرى 9 گرام ، گۈلقەنت تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى بىر سوتكا سىركە ۋە قايناقسۇغا چىلاپ قايىنىتىپ ، 500 گرام گۈلقەنت بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : هەر خىل سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ . مۇنزىجدىن كېيىن بېرىلسە ئومۇمىي بەدەننى تازىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : مالىخولىيا ، سەرئى كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .

شەربىتى گاۋزەبان مۇرەتتىب

تەركىبى : گاۋزەبان ياپرىقى 120 گرام ، بىنەفشە گۈلى ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى هەر بىرى 60 گرام ، قىزىلگۈل ، قامقات پىننە ، رەيهان هەر بىرى 30 گرام ، ئاچچىق ئانار سۈيى ، كاسنى ئۇرۇقى سۈيى هەر بىرى 270 م ل ، قەنت 1.08 گرام .

ياسىلىشى : ئانار سۈيى ۋە كاسنى ئۇرۇقى سۈيىدىن باشقا دورىلارنى قايناقسۇغا بىر سوتكا چىلاپ $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قايىنىتىپ ، ئۇستىدىن كاسنى سۈيى ، ئانار سۈيى ، قەنتلەرنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : هەزىم قىلىش ئاجىزلىشىش ، مالىخولىيا ، ئۇيقۇسىز-

لىق ، يۈرەك تىترەشلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ . ئاشقازاننى ئارتۇق سەپرادىن خالاس قىلىدۇ . مىزاجنى ھۆللەشتۈرىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 30 م ل ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى مۇسھىل

تەركىبى : تەرەنجىبىن 180 گرام ، بىنەپشە 60 گرام ، سەرپىستان ، چىلان ھەر بىرى 30 دانە ، قىزىلگۈل ، سانا ھەر بىرى 30 گرام ، تۇربۇد ، ئەفسەنتىن ، غارىقۇن ھەر بىرى 15 گرام ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ، ئۇستۇخۇدۇس ، مەستىكى ھەر بىرى 9 گرام ، سۇنبۇل 6 گرام ، شېكەر مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى قايناقسۇدا بىر سوتكا چىلاپ ، $\frac{1}{4}$ قىسمى قالغىچە قايناتىپ سۈزۈپ ، تەرەنجىبىن ، شېكەرلەر بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سەۋدادىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەر ، مېڭىنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرى ۋە ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ . ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 15 ~ 30 م ل ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى ھەسەل I

تەركىبى : دارچىن 9 گرام ، زەنجىبىل ، سۇنبۇل ، مەستىكى ھەر بىرى 7 گرام ، قەرەنفىل 6 گرام ، سازەج ھىندى 5 گرام ، ھەسەل ، قەنت ھەر بىرى 500 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 2 لىتر قايناقسۇغا چىلاپ بىر كېچە تۇرغۇزۇپ ، ئەتىسى قايناتىپ يېرىمى قالغاندا قازاننى سوۋۇتۇپ دورىلارنى سۈزۈپ سىقىۋالغاندىن كېيىن يەنە قايناتىپ ، ئۇنىڭغا قەنت ۋە ھەسەل سېلىپ ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش ، ئاغرىق پەسەيتىش ، مېڭە ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە ، باش ، مېڭە ، ۋە ئاشقازان ئاغ

رىشقا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 5 قوشۇق ئىچىدۇ .

### شەربىتى ھەسەل I

تەركىبى : ئاقموچ ، زەنجىبىل ، قەرەنفۇل ، خولەنجان ، مەستىكى ھەر بىرى 3 گرام ، ھەسەل مۇۋاپىق مىقداردا .
ياسىلىشى : ھەسەلنى 2 لىتر قايناقسۇدا قايىنىتىپ كۆپۈكىنى ئالغاندىن كېيىن ، دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ شايى خالتىغا ئېلىپ قوشۇپ يەنە قايىنىتىپ ، ھەر 10 مىنۇتتا بىر قېتىم سىقىپ تۇرۇلىدۇ . كېيىن خالتىنى ئېلىۋېتىپ يەنە بىر ــ ئىككى قېتىم ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ . ئەگەر يۈرەك ۋە نېرۋا خىزمىتىنى ياخشىلاش ئاساس قىلىنسا ئىمكانىيەت يار بەرسىلا ئەنبەر ۋە ئىپارنىڭ ھەر بىرىدىن 3 گرام ئېلىپ قوشۇپ ئىشلەتسە تېخىمۇ ياخشى .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان پالەچ ، رەئشە ۋە نېرۋا ئاجىزلىقىغا ، باش ئاغرىشقا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 قوشۇق ئىچىلىدۇ .
ئەسكەرتىش : پالەچ كېسەللىكلىرىگە دەسلەپتە 1 ــ نۇسخىنى بېرىپ 11 كۈندىن كېيىن مەزكۇر نۇسخىنى ئىشلىتىش كېرەك .

### شەربىتى ھەسەل II

تەركىبى : ھەسەل 500 م ل ، قايناقسۇ 500 م ل .
ياسىلىشى : ھەسەلنى قايناقسۇ بىلەن قايىنىتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەبئىيىتى : ھۆل ئىسسىق .
تەسىرى : مېڭە ، يۈرەك ، ئۆپكە ، جىگەر ، تال ، ئاشقازان ، ئۈچەي ۋە پەيلەرنى كۈچەيتىش ، توسالغۇلارنى ئېچىش ، زەھەر قايتۇرۇش ، مېڭە ھۆللۈكىنى تارتىش ، تەرەت

يۇمشتىش ، باھنى كۆچەيتىش ، ئاشقازاننى قىزىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : باش ئاغرىشقا ، مىگە ، جىگەر ، تال ، يۈرەك ، ئۆپكە ، ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە ، پالەچلەرگە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 قوشۇق ئىچىلىدۇ .

## مائۇل ئۇسۇل

تەركىبى : ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 60 گرام ، چىگىەي يىلتىزى پوستى ، باديان يىلتىزى پوستى ھەر بىرى 30 گرام ، كەپە يىلتىزى پوستى 15 گرام ، چىگىەي ئۇرۇقى ، رۇمبادىيان ، ئارپا بادىيان ، ئىزخىر يىلتىزى ھەر بىرى 12 گرام ، بوزىدان ، ئادراسمان ھەر بىرى 9 گرام ، جىنتىبيانا ، قېلىن دارچىن ھەر بىرى 8 گرام ، ئاسارۇن ، ھەببى بىلسان ھەر بىرى 6 گرام .
ياسىلىشى : ھەممىنى چالا سوقۇپ قايناقسۇغا بىر سوتكا چىلاپ يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : لەقۋانى تۈزىتىدۇ ، بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ . دوۋساقتىكى تاشنى چۈشۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئىگە .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مەزكۇر ياسالمىدىن 10 گرام ئېلىپ 15 م ل ئاچچىق بادام يېغى ۋە 6 م ل ئابدىمىلىك يېغى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مەتبۇخى ئەفتىمۇن ئەسەبىي

تەركىبى : ئەفتىمۇن ، كابۇلى ھېلىيلە پوستى ، ئۇستۇخۇدۇس ، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ھەر بىرى 30 گرام ، سانا 21 گرام ، بەسفائىج 15 گرام ، تۇربۇد 12 گرام .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سەۋدا ۋە بەلغەمدىن بولغان مالىخۇلىياغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .

## مەتبۇخى كىشمىش

تەركىبى : ئۈرۈقسىز ئۈزۈم 21 گرام ، ئاق لەيلى ئۈرۈقى 9 گرام ، فەۋانىيا ، ئىگىر ، قەنتەريۇن ، رۇمبادىيان ، ئىزخىر ، سۇنبۇل ، قەلەمفۇر ، ئۇستۇخۇدۇس ھەر بىرى 3 گرام ، ئۇد ، قاقىلە ھەر بىرى 2 گرام ، قەنت 45 گرام .

ياسىلىشى : مەتبۇخ تەييارلاش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئۇنۇتقاقلىق ، پالەچ ، لەقۋا ، بوغۇم ئاغرىش ، پۇت ـ قول بوششىپ كېتىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 30 ~ 45 م ل ئېلىپ ھەسەل گۈلقەنتى ياكى سىركەنجبىن ئەنسىلى بىلەن ئىچىلىدۇ .

## مەتبۇخى ئۇستۇخۇدۇس

تەركىبى : سەرپىستان 30 دانە ، چىلان 10 دانە ، بەسفائىج پىستىقى ، زارائىزا ئۈرۈقى مېغىزى ھەر بىرى 15 گرام ، ئۇستۇخۇدۇس ، بابۇنە گۈلى ، قەنتەريۇن ، ئەفتىمۇن ھەر بىرى 9 گرام ، ئاق سورۇنجان ، كاسنىي يوپۇرمىقى ھەر بىرى 6 گرام ، گۈلقەنت 21 گرام .

ياسىلىشى : گۈل دورىلار ، گۈلقەنت ۋە ئەفتىمۇندىن باشقىلىرىنى چالا سوقۇپ ، چىلاننى ئۈرۈقىدىن ئايرىپ تىتىپ ، 600 م ل سۇغا بىر سوتكا چىلىغاندىن كېيىن 400 م ل سۇيى قالغىچە قاينىتىپ ، گۈل دورىلارنى سېلىپ ئىككى قېتىم قاينىتىپ ، ئەفتىمۇننى خالتىغا يۆگەپ يەنە بىر قېتىم قاينىتىپ قازاننى چۈشۈرۈپ سوۋۇغاندىن كېيىن ھەممە دورىلارنى پاكىز خامدا سىقىپ سۈزۈپ ، ئاخىرىدا گۈلقەنتنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : سەۋدانى پەسەيتىش ، قان تازىلاش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : سەۋدادىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەر ، جۇملىدىن ساراڭ ، مالىخۇلىيا ۋە ئىرقۇننەسا ، مۇفاسىللارغا بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بۇ ، بىر كىشىلىك ئۆلچىمى بولۇپ ، ئۈچ كۈندە

ئىچىپ تۇگىتىلىدۇ .

## مەئجۇنى ئازاراقى

تەركىبى : زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن كۇچۇلا 18 گرام ، تازىلانغان ئامىلە ، قارا ھېلىلە ، گاۋزەبان گۈلى ، زورەنباد ، ئۇستۇخۇدۇس ، كەتىرا ، نارجىل ، چىلغوزە مېغىزى . شاقاقۇل ، لېچىندانە ھەر بىرى 6 گرام ، ئاق سەندەل ، قەلەمفۇر ھەر بىرى 3 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ، تاسقاپ مەئجۇن ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بوغۇم ئاغرىش ، ئىرقۇننەسا ، سۇيدۇك تۇتالماسلىق ، پالەچ قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 3 ~ 6 گرام ئىچىلىدۇ .

## مەئجۇنى پولات

تەركىبى : زەپەر ، قارامۇچ ، كابابەچىنى ، مەستىكى ، رۇمبادىيان ، ئەركەك بېلىق ( سەقەنقۇر ) ، سۇنبۇل ، بەسباسە ، قەلەمفۇر ، دارچىن ، سەندەل ، زىرە ، سىياھدان ، قوغۇن مېغىزى ، كاسنى ئۇرۇقى ، ئاقىرقەرھا ، خەشخاش ئۇرۇقى ، ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ، قارا ھېلىلە ، كەھرىبا ، مارجان ، تېشىلمىگەن مەرۋايىت ، ئەرمەدۇن ئۇرۇقى ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، چىگىت مېغىزى ، بابۇنە ، تۆگە پىشلىقى ، جىنتىيانا ، زەنجەبىل ، قۇشقاچ مېڭىسى ، خوراز مېڭىسى ، كۇنجۇت ، كۇندۇر ، ۋاك ئۇرۇقى ، جويۇز ، ئامىلە ، قاقىلە ، بېلىلە ، شەترەنجى ھىندى ، جوۋنە ، جويۇز ، شوخلا ئۇرۇقى ، ئەنجىدان ھەر بىرى 30 گرام ، تۆگە يانتىقى ، چىلغوزە مېغىزى ، ياڭاق مېغىزى ، ھەشقەپىچەك ئۇرۇقى ، زۇرەنباد ، سۆئلەپ ، ئارپا بادىيان ، زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن بالادۇر ،

زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن كۈچۈلا ، سېرىق ئوت ، ئۈزۈنچاق زىراۋەند ، تاغ پىيىزى ، يۇملاق زىراۋەند ، شاھتەررە ھەر بىرى 15 گىرام ، ئەپيۇن 12 گىرام ، ئەنبەر ، ئىپار ھەر بىرى 3 گىرام ، ئالتۇن ۋەرەق ، كۈمۈش ۋەرەق ھەر بىرى 50 دانە ، قەنت $\frac{1}{4}$ ھەسسە ، ھەسەل 2 ھەسسە ، پولات كۆشتىسى 336 گىرام .

ياسىلىشى : مەئجۇن ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : پالەچ ، لەقۋا ، تۇتقاقلىق كېسىلى ، تىترەش كېسىلى ، ئۇنتۇتقاقلىق ، ئىرقۇننەسا ۋە باشقا سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە ، مەنى تېز كېتىش ، سۈيدۈك تۇتالماسلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ . باھنى كۈچەيتىدۇ بولۇپمۇ ياشانغانلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : بۇ دورىنى تەييارلاپ ئالتە ئاي تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئىشلىتىش كېرەك .

### مەئجۇنى زەبىب

تەركىبى : ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 280 گىرام ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، كابۇلى ھېلىيلە پوستى ، تازىلانغان ئامىلە ، ئۇستۇخۇدۇس ھەر بىرى 30 گىرام ، ئۇد سەلىب 15 گىرام ، ئاقىرقەرھا 9 گىرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ئۈزۈم بىلەن يۇغۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سەرئى ( تۇتقاقلىق كېسىلى ) گە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى 6 ~ 15 گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەئجۇنى سەرئىي

تەركىبى : ئاقىرقەرھا تالقىنى 30 گىرام ، كونا سىركە 30 م ل ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : ئاقىرقەرھا تالقىنىنى سىركىگە چىلاپ ناھايىتى كۆپ سالايە قىلغاندىن

كېيىن ھەسەلنى قويۇپ ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تۇتقاقلىق كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 6 ~ 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەئجۇنى سىيسالىيۇس

تەركىبى : سىيسالىيۇس ، ئاقىرقەرھا ، ئۇستۇخۇدۇس ھەر بىرى 30 گرام ، غارىقۇن ، قەرەدمەنا ، ھىلىڭ ، يۇمىلاق زىراۋەند ھەر بىرى 6 گرام ، سىركەنجبىن ئەنسلى مەلۇم مىقداردا .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ سىركەنجبىن بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ . بەزىلەر 8 گرامدىن ئۇد ، فەۋانىيا قوشۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل تۇتقاقلىق كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ . بولۇپمۇ قان مىزاج كىشىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .

### مەئجۇنى مۇبەددىلمىزاج

تەركىبى : زەنجىبىل ، ئاقىرقەرھا ، سىياھدان ، قۇستە ، ئىگىر ، بالادۇر ئەسلى ھەر بىرى 30 گرام ، سوزاپ ، ھىلىڭ ، زىراۋەند ، جىنتىيانا ، شەترەنج ھىندى ، ھەببۇلغار ، قۇندۇز قەھرى ، قىچا ( قىزىل ) ھەر بىرى 15 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .
ياسىلىشى : مەئجۇن ياساش قائىدىسى بويىچە مەئجۇن تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : پالەچ ، لەقۋا ، تىترىمە كېسەل ، سېزىم يوقىلىش ، ئاق كېسەل قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ 3 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەئجۇنى مۇخەللىس ئەكبەر

تەركىبى : چىگىسەي ئۇرۇقى 50 گرام ، قۇندۇز قەھرى ، تاغ چىگىسىيى ئۇرۇقى

ھەر بىرى 45 گىرام، ئاقمۇچ 36 گرام، قىلىن دارچىن، ئىزخىر ھەر بىرى 23 گرام، سۇنبۇل 21 گرام، قۇستە، دارچىن، قۇرسى مىئەسائىلە، ئاسارۇن ھەر بىرى 18 گرام، مۇمىا، زەپەر، فىلفىل ھەر بىرى 12 گرام، ئەپيۇن، رۇمبادىيان ھەر بىرى 6 گرام، سىيسالىيۇس 4 گرام، ھەسەل 3 ھەسسە.

ياسىلىشى: مەئجۇن ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۇتقاقلىق كېسىلى، كونا باش ئاغرىش، باش قېيىش، تىترەش كېسىلى، پالەچ، سوغۇقتىن بولغان پەي تارتىشىش، ھەر خىل بوغۇم ئاغرىشلار، چىش ئاغرىش، سوغۇقتىن بولغان كۆز ئاغرىش، ئۆچەي يارىلىرى، بۆرەك، دوۋساق كېسەللىكلىرى، قان قۇسۇشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ. پاقا يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى بىلەن يېسە يەل تارقىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام يېيىلىدۇ.

مەئجۇنى نۇجاھ

تەركىبى: كابۇلى ھېلىيلە پوستى، بېلىيلە پوستى، تازىلانغان ئامىيلە ھەر بىرى 30 گىرام، تۇربۇد، بەسفائىج، ئەفتىمۇن، ئۇستۇخۇدۇس ھەر بىرى 15 گرام، ھەسەل 2 ھەسسە. بەزىلەر يۇقىرىقىلاردىن سىرت 9 گرام غارىقۇن، 8 گرام لابىۇەرد تېشى، 6 گرام مەھمۇدە قوشۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ياسىلىشى: مەئجۇن ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: مالىخۇلىيا، ئۇتقاق كېسەل ۋە ھەر خىل نېرۋا كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. سەۋدا ماددىسىنى تەگشەيدۇ. داۋاملىق ئىستېمال قىلسا ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. ھېستىرىيىنى يوقىتىدۇ ۋە يۇقىرىقى مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: 6 ~ 9 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

نۇپۇخى پالەچ

تەركىبى: قارامۇچ، ئاقىرقەرھا، زەنجىبىل، توغرىغۇ، نۇشۇدۇر، گىلى ئەرمىنى،

سەبرى ، دارچىن ، ئىپار ، قوندۇز قەھرى ، ئاق خەربەق ، رەيھان تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : يۇمشاق سوقۇپ تالقانلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : پالەچكە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : بۇرنىغا پۈركۈپ چۈشكەرتىلىدۇ .

## نۇتۇلى تەشەننۇج

تەركىبى : بىنەپشە ، كۈنجۈت ياپرىقى ، نىلۇفەر ، پاقا يوپۇرمىقىنىڭ ياپرىقى ، بابۇنە تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قۇرۇقلۇقتىن بولغان پەي تارتىشىش ۋە پەي يىغىلىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : دورا ھوزىدا بىمارنىڭ بېشى ۋە پۈتۈن بەدىنى تەرلىتىلىدۇ ھەم چوڭ داسقا قويۇپ قىزىق پېتى پۈتۈن بەدەن يۇيۇلىدۇ .

## نۇتۇلى جۇنۇن

تەركىبى : كاكىنەج ياپرىقى ، ھەمىشە باھار ھەر بىرى 100 گرام ، سەرپىستان 60 گرام ، بىنەپشە ، نىلۇفەر ، ئاق لەيلى يىلتىزى ، پاقا يوپۇرمىقى ، سۆگەت ياپرىقى ، ھۆل قاپاق پوستى ، قىزىلگۈل ، خەشخاش ياپرىقى ، ئارپا يارمىسى ھەر بىرى 30 گرام ، بابۇنە يېغى 12 م ل .
ياسىلىشى : دورىلارنى مەلۇم مىقداردىكى سۇ بىلەن يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ سىقىپ تەمىنى چىقىرىپ ، بابۇنە يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ نۇتۇل تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : مالىخولىيا ۋە ساراڭلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : خىيالپەرەستلىك ، ساراڭلىق ۋە جۆيلۈش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆچەيگەن بىمارلارغا يۇيۇش ئۇچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا مۇۋاپىق مىقداردا نۇتۇل قىلىنىدۇ .

**نۇتۇلى سەكتە**

تەركىبى : يالپۇز ، رەيھان ، شىيە ياپرىقى ، ئىكلىلمەلىك ، بابۇنە ، پىننە ، سوزاپ تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلار مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سەكتە كېسىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : باش ، دۈمبە ساھەلىرىگە قۇيۇلىدۇ ، بۇرنىغا تېمىتىلىدۇ .

**نۇتۇلى سەھرى**

تەركىبى : بىنەپشە ، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ، ئىكلىلمەلىك ، بابۇنە ، ئارپا يارمىسى ، سېرىق چېچەكلەر تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سەپرا ۋە بەلغەمنىڭ ئارىلىشىشىدىن بولغان ئۇيقۇسىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : بىمارنىڭ بېشى يۇيۇلىدۇ .

**نۇتۇلى سۇبات**

تەركىبى : بابۇنە ، رەيھان سوزاپ ، ئىكلىلمەلىك ، پىننە ، ئاس ياپرىقى تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مۈگدەش ۋە بىخوتلۇققا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە

ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : بىمارنىڭ بېشى يۇيۇلىدۇ .

### نۇتۇلى ئىسترخا

تەركىبى : سېرىق چېچەك ، رەيھان ، چاڭگاڭ ياپرىقى ، غارىقۇن ياپرىقى ، ئەفسەنتىن تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : نۇتۇلى سەۋداغا ئوخشاش .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئەزالارنىڭ بوششىپ كېتىشى ۋە ھۆللۈكتىن بولغان نارتىششلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : يەرلىك ئورۇنلار يۇيۇلىدۇ .

### ھەببى بۇرمەككى

تەركىبى : زەپەر ، سۇنبۇل ، دارچىن ، ھەببى بىلسان ، ئاسارۇن ، مەستىكى ، ئەفسەنتىن ، سەقمۇنىيا ، تۇربۇد ھەر بىرى 3 گرام ، شەھمى ھەنزەل ، سەبرى ، سەلىخە ھەر بىرى 2 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ تالقانلاپ ، بادام يېغىدا قولنى ياغلاپ ھەب قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مېڭىنى تازىلايدۇ ، تۈرلۈك مېڭە كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ . ئىششىق ياندۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىچىلىدۇ .

### ھەببى پالەچ

تەركىبى : تۇربۇد ، ئىبارەج پەيقەرا ھەر بىرى 18 گرام ، سۇرۇنجان ، ھەشقىپېچەك

ئۇرۇقى ھەر بىرى 9 گرام، شەھمى ھەنزەل، شەترەنج ھىندى، سەكبىنەج، جاۋۇشىر، مۇقەل، پەرفىيۇن، قۇندۇز قەھرى ھەر بىرى 6 گرام، بوزىدان، ئىگىر، ئاقىرقەرھا، فىلفىل ھەر بىرى 5 گرام.

ياسىلىشى: سەكبىنەج، مۇقەلنى كۇدە (جۇسەي) سۈيىدە ئېرىتىپ، قالغان دورىلارنى يۇمشاق تالقانلاپ ھەب قىلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۆتكۈ تەرەپ پالەچلىنىپ، تىل ئېغىرلىشىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى تەشەننۇج

تەركىبى: تازىلانغان بېھى 9 گرام، تۇربۇد 5 گرام، سورۇنجان 3 گرام، بوزىدان، ماھى زەھرەج، قەنتەريۇن ھەر بىرى 1.5 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى تالقانلاپ قايناقسۇ بىلەن ھەب قىلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: تارتىشىپ قېلىش ۋە تىترەش كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى تۇربۇد مۇسھىل

تەركىبى: تۇربۇد، ئىيارەج پەيقەرا ھەر بىرى 9 گرام، شەھمى ھەنزەل، كەتىرا ھەر بىرى 2 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى تالقانلاپ قايناقسۇ بىلەن ھەب قىلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئارتۇق كەتكەن بەلغەم خىلتىنى سۈرۈپ چىقىرىش تەسىرىگە ئىگە، بەلغەمدىن بولغان ئالامەتلەر ۋە كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى رەئشە

تەركىبى : ئىيارەج پەيقەرا 15 گرام ، سەكبىنەج ، شەھمى ھەنزەل ھەر بىرى 12 گرام ، ئاقىرقەرھا ، قۇندۇز قەھرى ، شەترەنج ھىندى ، بەزرۇلبەنجى ھەر بىرى 9 گرام .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : باش ، قول ۋە پۇت تىترەش كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى سەبرى مالىخولىيا

تەركىبى : ئەفتىمۇن 12 گرام ، لاجىۋەرد ، غارىقۇن ھەر بىرى 6 گرام ، سەقمۇنىيا 3 گرام ، قەلەمفۇر 20 دانە .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ بېھى سۈيىدە ھەب قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مالىخولىياغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ھەپتىدە بىر قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى سەرئىي

تەركىبى : سەبرى 9 گرام ، ئەفتىمۇن ، بەسفائىج ، ئۇستۇخۇدۇس ، تۇز ، غارىقۇن ھەر بىرى 3 گرام ، تۇربۇد ، سېرىق ھېلىلە پوستى ، شەھمى ھەنزەل ، كەتىرا ، سەقمۇنىيا ھەر بىرى 2 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، تاسقاپ قايناقسۇ بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تۇتقاق كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

**ھەببى شەترەنج**

تەركىبى : تۇربۇد 60 گرام ، سەبرى 30 گرام ، زەنجىبىل ، ئاق قىچا ، شەترەنج ھىندى ، تۇز ، ئىگىر ھەر بىرى 6 گرام ، قارامۇچ ، فىلفىل ، ئاقىرقەرھالار ھەر بىرى 3 گرام ، قەنت 12 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، تاسقاپ چەلەك سۈيىدە ھەب قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : پالەچ ، لەقۋا ، بوغۇم ئاغرىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ . پەيلەرنى كۈچەيتىدۇ . ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ ۋە مۇشۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 3 ~ 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

**ھەببى كونتىۋالى**

تەركىبى : سەبرى سۇقۇتىرى ، سەقمۇنىيا ، شەھمى ھەنزەل ، ئەفسەنتىن ئۇسارىسى ، مەستىكى ھەر بىرى 5 گرام ، مۇقەل 3 گرام ، كەتىرا 2 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ تاسقاپ ، قايناقسۇ بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .
تەسىرى : باش ساھەسى ، ئاشقازان ۋە ئومۇمىي بەدەندىكى بۇزۇق خىلىتلارنى تازىلايدۇ .
ئىشلىتىلىشى : پالەچ ، لەقۋا ، دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ . بۇ دورىنى 3 گرام ئىيارەج پەيقەرا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېسە كۆزدىن ياش ئېقىشنى توختىتىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## ھەببى لەقۋا

تەركىبى : تۇربۇد 9 گرام ، سورۇنجان 5 گرام ، ماھى زەھرەج ، زەنجىبىل ھەر بىرى 3 گرام ، ئىيارەج پەيقەرا ، ئەفتىمۇن ، سەقمۇنىيا ، مۇقەل ھەر بىرى 2 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ تاسقاپ ، قايناقسۇ بىلەن ھەب تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : لەقۋاغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## ھەببى ئىختىلاج

تەركىبى : تۇربۇد 10 گرام ، ئەفتىمۇن 5 گرام ، شەھمى ھەنزەل ، مۇقەل ، رۇمبادىيان ، مەستىكى ھەر بىرى 3 گرام ، غاپەس ئۇسارىسى ، ئەفسەنتىن ئۇسارىسى ھەر بىرى 2 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ تاسقاپ ، قايناقسۇ بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئەزالار تارتىششقا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## ھەببى ئىشرەت

تەركىبى : سەبرى 60 گرام ، قارامۇچ ، فىلفىل ، زەنجىبىل ، ئامىلە شىرىسى ، سەئدى كوفى ، مەستىكى ، دارچىن ، سۇنبۇل ، سەلىخە ، ئاسارۇن ھەر بىرى 6 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ تاسقاپ ، چىگسەي سۈيى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىشى : پالەچ ، لەقۋا ، رەئشە ( تىرەش كېسەللىكى ) گە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال

قىلىنىدۇ .

#### ھەببى ئىيارەج II

تەركىبى : جەدۋار ، ئۇستۇخۇدۇس ، شەھمى ھەنزەل ، ئىيارەج يەلقارا ، تۇز، غارىقۇن ھەر بىرى 5 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ بادىيان ئەرىقى بىلەن 0.3 گراملىق ھەب تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : بەدەندىكى خۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ . مېڭىنى تازىلايدۇ.

ئىشلىتىلىشى : پالەچ ، لەقۋا ، تىترىمە كېسەل ۋە مېڭىنىڭ خۆللۈكى ئېشىپ كېتىشتىن بولغان كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ھەر قېتىمدا 5 ~ 7 دانە تاماقتىن بۇرۇن ئىچىلىدۇ ، باللارغا بېرىلمەيدۇ .

#### ھەببى ئىيارەج پەيقەرا .

تەركىبى : سۇنبۇل ، دارچىن ، مەستىكى ، زەپەر باراۋەر مىقداردا ، سەبرى 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ بەدىيان ئۇرۇقى بىلەن 0.25 گراملىق ھەب قىلىنىدۇ . ئۇنۇم بېرىش مۇددىتى بىر يىل .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : مېڭىدىن ھەمدە پۈتۈن بەدەندىن خۆللۈكلەرنى سىرتقا چىقىرىش ، باش ئاغرىشنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : پالەچ ، لەقۋا ۋە بەلغەمدىن بولغان كىكەچلىك قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ . ئاشقازان ۋە ئۈچەينى تازىلاش ، بېغىش ئاغرىشنى قالدۇرۇش ، قەي قىلدۇرۇش مەقسەتلىرىدىمۇ بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ كۈندە - كەچتە 5 ~ 10 دانە ئىچىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : ھەيزدار ئاياللار ، بوۋاسىر ، ئۈچەي جاراھىتى بار بىمارلارغا بېرىشكە بولمايدۇ .

### ۋۇجۇرى سەرئىي

تەركىبى : ھىلىڭ ، قۇندۇز قەھرى مەلۇم مىقداردا ، سىر كەنجىبىن ھەسەلى 2 ھەسسە .
ياسىلىشى : دورىلار سىر كەنجىبىن بىلەن ئېرىتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تۇتقاق كېسەل ( سەرئى ) گە مەنپەئەت قىلىدۇ ، كېسەل قوزغالغاندا ئېغىزغا مۇۋاپىق مىقداردا تېمىتسا بىمارنى دەرھال ھوشىغا كەلتۈرىدۇ .

### ۋۇجۇرى ئۇممۇسبىيان

تەركىبى : سەبرى ، قۇندۇز قەھرى ، زىرە تەڭ مىقداردا ، روسۇت ئىنتايىن ئاز مىقداردا .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ روسۇت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تۇتقاق كېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ ، كۆپىنچە ھاللاردا باللارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ بالىنىڭ گېلىغا تېمىتىلىدۇ .

### ياقۇتى بۇئەلى

تەركىبى : تەرخەمەك ئۇرۇقى ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 12 گرام ، فەرەنجىمىشكى ئۇرۇقى ، تاغ رەيھىنى ئۇرۇقى ، ئۇستۇخۇدۇس ھەر بىرى 10 گرام ، ئەفتىمۇن ، دورنەج ئەقرەبى ، ئەنبەر ھەر بىرى 8 گرام ، تەرەنجىبىن ، سازاج ھىندى ھەر بىرى 6 گرام ، تېشىلمىگەن مەرۋايىت ، كەھرىبا ، مارجان ھەر بىرى 5 گرام ، ياقۇت ، گاۋزەبان ، كاسىنى ئۇرۇقى ، ئىپار ، كافۇر ، قىرقىلغان پىلە ، كۆيدۈرۈلگەن قىسقۇچ پاقا ،

ئاق بەھمەن، ئۇد خام، ئەرمەن ئېشى يۇيۇلغان، لاجىۋەرد تېشى، مەستىكى، سەلىخە، دارچىن، زەپەر، لېچىندانە، قاقىلە، گۈلدارچىن، كابابەچىنى، پەرفىيۇن ھەر بىرى 3 گرام، ئىككەلەنگەن ئالتۇن 2 گرام، قىيمىقۇ شەربىتى، ئالما شەربىتى، تاتلىق ئانار شەربىتى ھەر بىرى 100 م ل، گۇلاب 300 م ل، ھەسەل مەلۇم مىقداردا.

ياسىلىشى: مەئجۇن ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: رەئىس ئەزالارنى كۈچەيتىدۇ، ئادەمگە خۇشلۇق پەيدا قىلىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: سەۋدادىن بولغان مالىخولىياغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: 40 كۈن تۇرغۇزغاندىن كېيىن كۈنىگە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

## سەرسام ۋە سەكتىگە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياساللىرى

### بۇخورى سەرسام I

تەركىبى: گۈلبىنەپشە، ئاق لالە گۈلى، ئارپا، نىلۇفەر گۈلى، قاپاق قىرىندىسى، بابۇنە ھەر بىرى 10 گرام، گۈل يېغى، بىنەپشە يېغى ھەر بىرى 10 م ل.

ياسىلىشى: دورىلارنى 300 م ل سۇدا قاينىتىپ، سۈيىگە ياغ دورىلارنى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: سەپرانى پەسەيتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئىسسىتما قايتۇرۇپ ئاغرىق پەسەيتىش ۋە مېڭىنى كۈچەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: سەرسامغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: بىمارنىڭ بېشىنى يۆگەپ، دورا ھورىغا بۇرۇننى تۇتۇپ، دورا بۇسى دىماققا يەتكۈزۈلىدۇ.

### پاشويەئى سەرسام I

تەركىبى: گۈلبىنەپشە، نىلۇفەر گۈلى، بابۇنە، ئىكلىلمەلىك ھەر بىرى 30 گرام.

ياسىلىشى: دورىلار 4 ~ 5 لىتر سۇدا قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى: مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئىسسىتما قايتۇرۇش، باش ئاغرىشنى توختىتىش، ئىششىق قايتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: سەرسام كېسەللىكىدىكى باش ئاغرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: بىمار پۇتىنى دورا سۈيىگە چىلايدۇ ۋە ئېقىتىپ يۇيىدۇ.

## پاشويەئى سەرسام I

تەركىبى: قارا سۆگەت يوپۇرمىقى، بۇغداي كېپىكى ھەر بىرى 30 گرام، ئاق لەيلى گۈلى 20 گرام، گۈلبىنەپشە، نىلۇفەر ھەر بىرى 15 گرام، ئەگەر سوغۇقچانلارغا ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە 15 گرامدىن بابۇنە، قىچا يوپۇرمىقى، ئوسما قاتارلىقلار قوشۇلىدۇ.
ياسىلىشى: دورىلار مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: سەرسام، سەرسامدىن كېلىپ چىققان باش ئاغرىشقا ۋە ھەر خىل مېڭە كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: بىمارنى چوڭ بىر داسقا ئولتۇرغۇزۇپ باشنى مەھكەم ئوراپ، يىلمان ھالەتتىكى دورا سۈيى بىلەن يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ يۇيۇلىدۇ. ھارارىتى يۇقىرى بولغان بىمارلارنى دورا سۈيى سوۋۇغاندىن كېيىن يۇيۇش، دورا بۇسىنى پۇراپ قېلىشىدىن ساقلاش، ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق يۇماسلىق كېرەك.

## رەۋغىنى لوبۇب

تەركىبى: تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، بەگىنەي قوغۇن مېغىزى، قاپاق مېغىزى، كاھۇ (قارا سونا) ئۇرۇقى، قىمىقۇ ئۇرۇقى، بادام مېغىزى، تازىلانغان ئاق خەشخاش ئۇرۇقى، كۈنجۈت ھەر بىرى 30 گرام.
ياسىلىشى: مېغىزلارنى سوقۇپ شىرىسىنى چىقىرىپ، بىر ھەسسىگە 3 ھەسسە سۇ قوشۇپ قاينىتىپ، كۆپۈكىنى ئېلىپ، سۈيى كېتىپ يېغى قالغاندا تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى: ئىششىقنى يوقىتىدۇ. سەۋدادىن بولغان باش كېسەللىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئىشلىتىلىشى : سەۋدادىن بولغان سەرسامغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى . كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ باشنى ياغلايدۇ .

**زىمادى سەرسام I**

تەركىبى : قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى ، نىلۇفەر ، بىنەپشە ھەر بىرى 20 گرام ، قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى 30 م ل .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ سۈت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : زىيادە سەۋدانى يوقىتىش ، قان تازىلاش ، ھارارەت پەسەيتىش ، ئاغرىق قالدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە . سەرسامغا ياخشى تەسىر قىلىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : سەۋدادىن بولغان سەرسامغا ئىشلىتىلىدۇ .
مىقدارى : باشقا تېڭىپ ئىشلىتىلىدۇ .
ئەسكەرتىش : خاس گۈلبىنەپشىنى ياكى نىلۇفەرنى تېشىدىن زىماد قىلىپ تاڭسىمۇ ئاغرىشنى پەسەيتىش رولىغا ئىگە ، ياغلاردىن بىنەپشە يېغى ، نىلۇفەر ياغلىرىمۇ شۇنداق . بىراق بۇ زىماد دورىلىرىنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى مۇنزىج ۋە مۇسھىل دورىلارنى بېرىش كېرەك .

**زىمادى سەرسام I**

تەركىبى : سىركە ، گۈل يېغى 30 م ل ، ھۆل قاپاق پوستى ، تەرخەمەك پوستى ، مارجان شوخلا ، سۆگەت غازىڭى مۇۋاپىق مىقداردا .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ياغ ۋە سىركىگە ئارىلاشۇرۇپ زىماد تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : ئاغرىق قالدۇرۇش ، ھارارەتنى ۋە ئىششىقنى قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : سەرسام كېسەللىكىگە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : باشقا تېڭىلىدۇ .

### زىمادى رەۋغىنى ۋەرد

تەركىبى : گۈل يېغى ، سىركە ھەر بىرى 30 م ل .
ياسىلىشى : گۈل يېغى بىلەن سىركە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : سەرسام كېسەللىكىگە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : باشقا چېپىلىدۇ .

### شەربىتى ئۇستۇخۇدۇس IV

تەركىبى : بادام 100 گرام ، ئەفتىمۇن 30 گرام ، ھېلىيلە پوستى ، كابۇلى ھېلىيلىسى ، قارا ھېلىيلە ، بەلىيلە ، ئامىيلە ھەر بىرى 15 گرام ، قىزىلگۈل ، ئۇستۇخۇدۇس بەسفائىج ھەر بىرى 12 گرام ، ئۈزۈم 10 گرام ، شېكەر 300 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ 1 لىتر سۇ بىلەن يېرىمى قالغىچە قايناتتىپ ، سۈزۈپ شېكەر سېلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : قان تازىلاش ، سەۋدانى نورماللاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : سەرسام كېسەللىكىگە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىلىش مىقدارى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 قوشۇق ئىچىدۇ .

### شەربىتى ئۇستۇخۇدۇس V

تەركىبى : ئۇستۇخۇدۇس 30 گرام ، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 24 گرام ، ئەنجۈر 7 دانە ، بەسفائىج ، گاۋزەبان ، پەرسىياۋشان ، بادرەنجبۇيا ، ئۈد سەلىب ، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ھەر بىرى 15 گرام ، زۇفا ، ئىرسا ، سۇنبۇل ، رۇمبادىيان ، بادىيان ھەر بىرى 9 گرام ، ھەسەل 500 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ 2 لىتر سۇدا يېرىمى قالغىچە قايناتتىپ ، ھەسەلنى قويۇپ بىر ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش ، نورمالسىز خىلتلارنى سۈرۈش ، سەۋدانى پەسەيتىش ، قان تازىلاش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : سەۋدادىن بولغان سەرسامغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 قوشۇق ئىچىلىدۇ .

### شەمۇمى سەرسام

تەركىبى : كۆك يۇمغاقسۈت 30 گرام ، ئاق سەندەل 15 گرام .
ياسىلىشى : كۆك يۇمغاقسۈتنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ ، سەندەلنى ئۇنىڭغا سۈرۈپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : ئاغرىق توختىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : سەرسامغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : كۈندە بىر قانچە قېتىم پۇرىتىلىدۇ .

### مەتبۇخى شاھتەررە I

تەركىبى : فونۇس ، خىيار شەنبەر ، تەرەنجىبىن ھەر بىرى 60 گرام ، تەمرى ھىندى 45 گرام ، شاھتەررە ، بىنەپشە ، سانا ھەر بىرى 21 گرام ، قارا ھېلىلە ، ئامىلە ، سېرىق ھېلىلە ، ھېلىلە كابۇلى ، بېلىلە پوستى ھەر بىرى 15 گرام ، ئەينۇلا 12 گرام ، چىلان 10 گرام ، گاۋزەبان ، ئەفتىمۇن ( سېرىق ئوت ) ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 9 گرام ، ئارپا بادىيان ، كاسنى ئۇرۇقى ، چىگسەي ئۇرۇقى ، ئۇستۇخۇدۇس ، پىننە ، بىسفايەج ھەر بىرى 6 گرام ، نىلۇپەر ، مامىرانچىنى ھەر بىرى 3 گرام ، بادام يېغى 9 م ل .
ياسىلىشى : فونۇس ، سانا ، تەرەنجىبىن ، تەمرى ھىندىلەرنى قايناقسۇغا چىلاپ شىرىسى ئېلىنىدۇ . قالغان دورىلارنىڭ قاتتىقلىرىنى يانجىپ ، 2 لىتىر قايناقسۇغا بىر كېچە چىلاپ ، يېرىمى قالغىچە قايناتقاندىن كېيىن گۈل دورىلار سېلىنىدۇ . سېرىق ئوتنى خالتىغا ئېلىپ سېلىپ 1 ـ 2 قېتىم ئۆرلىتىپ سۈزۈپ ، شىرىلەرنى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : مېڭە ، تال ، جىگەردىكى توسالغۇلارنى ئېچىپ ، چوڭ ـ كىچىك تە-

رەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ. قاننى تازىلاپ، بەدەندىكى بۇزۇق ماددىلارنى، جۇملىدىن نورمالسىز سەۋدانى تېز سۈرۈپ چىقىرىدۇ. رەئىس ئەزالارنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ.

ئىشلىتىلىشى: سەرسام ۋە باشقا باش كېسەللىكلىرىدىكى باش ئاغرىش، كۆز ئاغرىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ. تېرە كېسەللىكلىرىگىمۇ بېرىلىدۇ. ھەر خىل نېرۋا كېسەللىكلىرى، تۇتقاق كېسەل ۋە خەپەقانلارغىمۇ بېرىشكە بولىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا يېرىم پىيالىدىن ئىچىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇ نۇسخىنى تەييارلىغاندا تەرەنجىبىننى ئايرىم چىلاپ، قۇم ۋە ئەخلەتلەردىن تازىلىغاندىن كېيىن ئاندىن قوشۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئەگەر كۆز كېسەللىكلىرىگە ئىشلەتكەندە مامىرانچىندىن 10 گرام سالسا بولىدۇ.

## مەتبۇخى مۇنزىج ۋە مۇسھىل

تەركىبى: چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، گاۋزەبان، پەرسىياۋشان، ئەنجۈر، گۈلبىنەپشە، ھەمىشە باھار ئۇرۇقى، مارجان شوخلا، ئۈزۈم ھەر بىرى 10 گرام، ناۋات 100 گرام.

ياسىلىشى: مەتبۇخ ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: رەئىس ئەزالار خىزمىتىنى ياخشىلاش، توسالغۇلارنى ئېچىش، قان تازىلاش، ئىشتىھا ئاچقۇرۇش، نورمالسىز خىلتلارنى سۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى: سەرسامغا ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر كېسەللىك كونارغان بولسا زۇفا ۋە گۈلسەۋسەننىڭ ھەر بىرىدىن 6 گرام، ئىچىنى سۈردۈرۈشكە توغرا كەلسە سانا ۋە فۇنۇس مېغىزىنىڭ ھەر بىرىدىن 30 گرام قوشۇلىدۇ.

ئەگەر بىمارنىڭ يۈرىكى ئاجىز بولسا ئۈچىنچى قېتىمدا بېرىشكە بۇغداي كېپىكى، گاۋزەبان گۈلى، سەۋسەن گۈللىرىنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گرام، گاۋزەبان ئەرىقىدىن 100 مل قوشۇپ قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. بىرىنچى قېتىمدا مەزكۇر شەربەتنى، ئىككىنچى قېتىمدا ئۇننىڭغا بىنەپشە شەربىتى قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

## مەتبۇخى مۇنزىجى سەۋدا

تەركىبى: تەرەنجىبىن 70 گرام، گاۋزەبان، بەسفائىج، سەرپىستان، ئۇستۇخۇ-

دۇس ھەر بىرى 25 گرام ، قارا ھېلىيلە ، بادىرەنجبۇيا ، گۇلبىنەپشە ھەر بىرى 16 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 1 لىتر قايناقسۇغا چىلاپ ، يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ ، سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : سەۋدادىن بولغان سەرسامنى داۋالاشتا ياخشى دورا بولۇپ ، سەۋدانى پىشۇرۇش ۋە نورمالسىز سەۋدانى ھەيدەشتە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك .
ئىشلىتىلىشى : سەۋدادىن بولغان سەرسامغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 ـ 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 قوشۇق ئىچىلىدۇ .

## مەئجۇنى بالادۇر

تەركىبى : مەستىكى ، بالادۇر ئەنسلى ، غارىقۇن ھەر بىرى 180 گرام ، باديان يىلتىزى 80 گرام ، سەۋسەن يىلتىزى 45 گرام ، سۇنبۇل ، ئۇزۇم ، زەپەر ، سەلىخە ( قېلىن دارچىن ) ، سازەج ھىندى ، ئىزخىر ، ھەببى بىلسان ، زىراۋەند ، قەلەمفۇر ، ھەببۇلبان ، زەنجىبىل ، سەبرى ، مۇقەل ، مۇرمەككى ھەر بىرى 20 گرام ، بىلسان يېغى 20 م ل ، سىركە 1 لىتر ، ھەسەل 400 م ل .
ياسىلىشى : باديان يىلتىزىنى سىركىگە بىر سوتكا چىلاپ سۇس ئوتتا قاينىتىپ سىقىپ سۈزۈپ ، ياغ ۋە ھەسەللەرنى سېلىپ قىيام قىلىپ ، قالغان دورىلارنى تالقانلاپ ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كونارغان باش ئاغرىش ، جۆيلۈش ، ھەر خىل ئىشقازان كېسەللىكلىرى ۋە جىگەر ، تال ، بۆرەك ، بالىياتقۇلارنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ . نىقرىس ، جوزاملارغا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ . مەددە چۈشۈرىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىچىلىدۇ .

## مۇنزىجى بەلغەم

تەركىبى : باديان يىلتىزى پوستى ، چىگسەي ئۇرۇقى ، رۇمباديان ، ئۇزۇم ھەر بىرى 15 گرام ، ئىزخىر ، ئۇستۇخۇدۇس ھەر بىرى 10 گرام ، ھەسەل گۇلقەنتى 60 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ 1 لىتر قايناقسۇ بىلەن قايىنىتىپ سۈزۈپ گۈلقەنتنى سېلىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : نورمالسىز بەلغەمنى پىشۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : بەلغەمدىن بولغان سەرسامغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 قوشۇق ئىچىدۇ .

## نۇپۇخى سەكتە

تەركىبى : كۈندۈش ، ئاق خەربەق تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : دورىلار تالقانلاپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سەكتە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنى ھوشىغا كەلتۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئاز ـ ئازدىن بىمارنىڭ بۇرنىغا پۈركىلىدۇ .

## نۇپۇخى سۇبات

تەركىبى : قۇندۇز قەھرى ، ھىڭ ، كەڭ ( بىر خىل قوش ) ئۆتى ، رەيھان سۈيى تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق تالقانلاپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مۇگدەش ، خۇدىنى يوقىتىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : بىمارنىڭ بۇرنىغا پۈركىلىدۇ .

## نۇتۇلى سەرسام

تەركىبى : ئارپا يارمىسى 150 گرام ، قىزىلگۈل ، كۆكنار غوزىسى ، نىلۇفەر ، ھۆل قاپاق پوستى ، بابۇنە ھەر بىرى 30 گرام ، بىنەپشە ، قاراسونا ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، سۇ 1.5 لىتر .

ياسىلىشى : دورىلارنى سۇ بىلەن يېرىمى قالغىچە قاينىتىلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئۈيقۇ كەلتۈرىدۇ ، سەرسامغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : دورا ھورىغا بىمارنىڭ بېشى تۇتۇپ تەرلىتىلىدۇ ھەمدە دورا سۈيى يېرىم سوۋۇغاندا بېشىغا قويۇپ نۇتۇل قىلىنىدۇ .

## نۇتۇلى مۇنەۋۋىم

تەركىبى : ئارپا يارمىسى 150 گرام ، قىزىلگۈل ، كۆكنار ، نىلۇفەر ، گۈلبىنەپشە ، خام قاپاق پوستى ، بابۇنە ھەر بىرى 30 گرام ، بىنەپشە ، قارا سونا ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، سۇ 1.6 لىتر .

ياسىلىشى : دورىلار قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئۈيقۇ كەلتۈرىدۇ ، سەرسام ( مېنىنگىت ) گە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : دورا سۈيىدە بىمارنىڭ بېشى يۇيىلىدۇ .

## نۇقۇئى ھامىز I

تەركىبى : نىلۇفەر گۈلى 18 گرام ، بىنەپشە گۈلى 15 گرام ، ئەينۇلا 15 دانە ، چىلان 11 دانە ، سەرپىستان 7 دانە ، تەمرى ھىندى 6 گرام .

ياسىلىشى : دورىلار 500 م ل قايناقسۇدا چىلاپ تەمى چىقىرىلىدۇ .

تەسىرى : قاننى تازىلاش ، سەپرانى سۈرۈش ، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش ، ئىسسىتما قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : باش ئاغرىش ۋە سەپرادىن بولغان سەرسام قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 قوشۇق ئىچكۈزۈلىدۇ .

## ھەببى قوقىيا I

تەركىبى : سەبرى سۇقۇترى ، ئەفسەنتىن ، مەستىكى ، غارىقۇن ھەر بىرى 3 گرام ، شەھمى ھەنزەل ، سەقمۇنىيا يېرىم گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، چىگسەي ئۇرۇقى قايناتقان سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ 0.3 گراملىق ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، ئىچىنى سۈردۈرۈش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : بەرسام ، شەققە ، كۆز ياشاڭغۇراش ، يۇقىرى قان بېسىمى ، قەۋزىيەت قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە كەچ 15 گرام ئىچىلىدۇ . ئىچى سۈرۈپ بولغاندىن كېيىن لۆڭگە بىلەن باش تېڭىپ قويۇلىدۇ .

## ھەببى لاجىۋەرد

تەركىبى : سەبرى 18 گرام ، غارىقۇن 15 گرام ، ئەفتىمۇن ، بەسفائىج ھەر بىرى 12 گرام ، لاجىۋەرد تېشى 9 گرام ، قەلەمفۇر ، رۇمبادىيان ، سەقمۇنىيا ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : چىگسەي سۈيى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مالىخۇلىيا ۋە سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 9 گرام ئىستېمال قىلغاندىن كېيىنلا مائۇلجىبىن ئىچكۈزۈلىدۇ .

## ھەببى مۇسھىلى سەۋدا

تەركىبى : ئەفتىمۇن 30 گرام ، تازىلانغان لاجىۋەرد ، ھەجەرى ئەرمىنى ھەر بىرى 21 گرام ، ئىيارەجى پەيقەرا 15 گرام ، قارا خەربەق ، شەھمى ھەنزەل ھەر بىرى 6 گرام ، رۇمبادىيان ، سۇمبۇل ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، يېتەرلىك مىقداردىكى چىگىسەي سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ ، گۈل يېغى بىلەن ھەب تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : پىشىپ يېتىلگەن نورمالسىز سەۋدانى سۈرۈش ، مىزاجنى تەڭشەش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : سەۋدا غالىپلىقىدىن بولغان كېسەللىكلەردە مۇنزىجى سەۋدادىن كېيىن بېرىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە كەچلىك تاماقتىن كېيىن 3 ـ 6 گرام ئېلىپ قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ .

**ھۆقنە سەرسامى**

تەركىبى : ئاقلانغان ئارپا 6 گرام ، فۇنۇس 30 گرام ، بىنەپشە 15 گرام ، سەرپىستان 30 دانە ، چىلان 10 دانە ، بىنەپشە يېغى 10 م ل ، تۇز تالقىنى 5 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى 1 لىتر سۇدا قايىنىتىپ سۈزۈپ ئېلىپ ، پونۇس چىلانىما سۈيىنى قوشۇپ بىر ئۆرلىتىپ ، ئارقىدىن ياغ سېلىنىدۇ ، ئاخىرىدا تۇز قوشۇلىدۇ .
تەسىرى : باش ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ ، ئىچىنى تازىلايدۇ .
ئىشلىتىلىشى : سەرسام كېسەللىكىگە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : دورا سۈيى مەقئەتتىن ھۆقنە قىلىنىدۇ .

**ئىترىيفىلى مۇسھىل ( سۈرگۈچى ئىترىيفىل )**

تەركىبى : سانا 18 گرام ، بادام مېغىزى ، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ھەر بىرى 10 گرام ، ئاملىلە ، سېرىق ھېلىلە پوستى ، ھېلىلە كابۇلى پوستى ، بەلىلە پوستى ، قارا ھېلىلە ، بەسفائىج ، ئۇستۇخۇدۇس ، گاۋزەبان ، باديان ، غارىقۇن ( سىم ئەلگەكتە سۈرۈپ ئاندىن قېلىن ئەلگەكتە ئۆتكۈزۈلىدۇ ) ھەر بىرى 6 گرام ، كالا سېرىق يېغى 60 گرام ، ھەسەل 300 م ل .
ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، سېرىق ياغدا ياغلاپ ، ھەسەلنى ئېرىتىپ يۇغۇرۇلىدۇ .
تەسىرى : نورمالسىز بەلغەمنى سۈرۈپ چىقىرىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : بەلغەمدىن بولغان سەرسامغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئېلىپ تاماقتىن كېيىن ئىچىلىدۇ .

## سوغۇقتىن بولغان شەقىقىغە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

### ئەرىقى زەپىران

تەركىبى : زەپەر 50 گرام ، سۇ 5 لىتر .

ياسىلىشى : زەپەرنى سالايە قىلىپ سۇغا سېلىپ ، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن سۈزۈپ ئوتتا 4 لىتر ئەرەق چۈشكىچە قاينىتىلىدۇ .

تەبىئىيىتى : ئىسسىق .

تەسىرى : نېرۋىنى پەسەيتىش ۋە خۇرسەن قىلىش ، يۈرەك ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان نېرۋا ، بالىياتقۇ خىزمىتىنىڭ ناچارلىشىشى ، ئاشقازان ، يۈرەك ، بوۋاسىر ، جىنسىي ئاجىزلىق ، ھەر خىل نەپەس كېسەللىكلىرى ، بۆرەك ۋە سۈيدۈك يوللىرىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى ، تال ، جىگەرنىڭ قۇۋۋەتسىزلىكى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 1 ~ 5 ياشتىكىلەرگە 10 ~ 15 م ل ، 5 ~ 10 ياشتىكىلەرگە 15 ~ 20 م ل ، چوڭلارغا 25 ~ 30 م ل ، كۈندە 3 قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ .

ئەسكەرتىش : كۆرسىتىلگەن مىقداردىن كۆپ ئىچىلسە پەيگە زىيان قىلىدۇ . ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىچىلسە ھاياتقا خەۋپ يېتىدۇ . ئەگەر يۇقىرىقىدەك جىددىي ئەھۋاللار كۆرۈلگەندە رۇمبادىيان سىركەنجىبىنى ئىچكۈزۈلسە ئوڭشىلىپ كېتىدۇ .

### شەربىتى ئۇستۇخۇدۇس VI

تەركىبى : ئۇستۇخۇدۇس ، پىرسىياۋشان ، ئۇد سەلىب ھەر بىرى 12 گرام ،

گاۋزەبان، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، بادىيان يىلتىزى ھەر بىرى 9 گرام، چىگسەي يىلتىزى، ئاق لالە ئۇرۇقى، بىنەپشە، قىزىلگۈل ھەر بىرى 7 گرام، ئۈزۈم، سەرپىستاندىن ھەر بىرى 50 دانە، شېكەر 600 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى چالا سوقۇپ، 2 لىتر سۇغا 3 سائەت چىلىغاندىن كېيىن بىر لىتر قالغىچە قاينىتىپ سىقىپ، سۈيىگە شېكەر سېلىپ بىر ئۇرلىتىپلا ئىلىنىدۇ.

تەسىرى: قان تازىلاش، سەۋدانى تەڭشەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان شەقىقە، سەرئى، مالخۇلىيا، ئىرقۇننەسا، مۇ-فاسىل قاتارلىقلارغا بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 قوشۇق ئىچكۈزۈلىدۇ.

## VII شەربىتى ئۇستوخۇدۇس

تەركىبى: سەۋسەن گۈلى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ھەر بىرى 30 گرام، تۇربۇد 20 گرام، سەرپىستان، بادىرەنجبۇيا، كاشىم (دۇقۇ)، ئۇرۇقىدىن ئايرىلغان ئۈزۈم، رۇمبادىيان ھەر بىرى 9 گرام، ئۇستوخۇدۇس، زۇفا، ئۇدىسەلىب، پىرسىياۋشان، ئۇد، گاۋزەبان گۈلى، بادىيان يىلتىزى پوستى، چىگسەي ئۇرۇقى، قىزىلگۈل ھەر بىرى 6 گرام، شېكەر 500 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى چالا سوقۇپ 2 لىتر قايناقسۇغا چىلاپ، 3 سائەتتىن كېيىن قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سىقىپ، شېكەر سېلىپ ئوتتا بىر ئۇرلىتىپ ئىلىنىدۇ.

تەسىرى: قان تازىلاش، سەۋدانى تەڭشەش، مېڭە ۋە يۈرەك كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان باش ۋە مېڭىنىڭ تۈزلۈك كېسەللىكلىرىگە، سەرئى، شەقىقە، مالىخۇلىياغا بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 قوشۇق ئىچكۈزۈلىدۇ.

## قۇرسى مۇسەللەس I

تەركىبى: ئەپيۇن، بەزرۇلبەنجى، كافۇر، زەپەر، مېھرىگىياھ پوستى ھەر بىرى 15 گرام، كۇندۇر، ئەنزىرۇت، ئامىلە، گىل ئەرمىنى ھەر بىرى 5 گرام

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، مۇۋاپىق مىقداردا گۇلاب ۋە ئۇسۇق سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ قۇرس (تابلېت) تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: شەقىقە، ئاشقازان ئاغرىش، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىش، چىش ئاغرىش، زىققىنەپەس، ئۆت ۋە بۆرەك تېشى، سانجىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. يەنە سەپرادىن بولغان تەبكىگىمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 1 گرام ئىچىلىدۇ. شەقىقىگە بۇ قۇرستىن بىر نەچچە تالنى ئېلىپ قىزىق سۇدا ئېزىپ باشقا چاپسا ئاغرىق بېسىلىدۇ. قاتتىق باش ئاغرىشلاردا يۇمغاقسۈت سۈيى، كۆكنار سۈيى، لىمون سۈيى، سىركىلەرنىڭ ھەر بىرىدىن 5 م ل ئېلىپ مەزكۇر قۇرستىن بىر نەچچە تال ئېلىپ بۇ سۇدا ئېزىپ باشقا چاپسا ئارام بېرىدۇ.

ئەسكەرتىش: يۈرەك كېسىلى ۋە يۈرەك زەئىپلىكى بارلارغا ھەمدە كىچىك بالىلارغا بېرىشكە بولمايدۇ.

## مەئجۇنى بىنەپشە II

تەركىبى: تۇربۇد، تەرەنجىبىن، فونۇس ھەر بىرى 60 گرام، بىنەپشە، بادام مېغىزى ھەر بىرى 30 گرام، مەستىكى، رۇببۇسۇس ھەر بىرى 15 گرام، قەنت 300 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، تەرەنجىبىن ۋە فونۇسنىڭ شىرنىسىنى ئېلىپ ھەممىنى قوشۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ.

تەسىرى: بەلغەمنى بوشىتىش، نەپەس يوللىرىنى تازىلاش، يۆتەل پەسەيتىش، ئۆچەي قۇلۇنجىسىنى ئېچىش، سەپرالىق بەلغەمنى سۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە ، يۆتەلگە ، ئاشقازان ، ئۈچەي كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 گرام ، باللارغا كۈندە بىر قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## مەئجۇنى سانا مۇسھىل

تەركىبى : سانا ياپرىقى 150 گرام ، تەرەنجىبىن 90 گرام ، شىرخىشت يىلتىزى 60 گرام ، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ، قۇرۇق گۈلبىنەپشە ، نىلۇپەر گۈلى ھەر بىرى 30 گرام ، تۇربۇد ، گاۋزەبان ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 15 گرام ، قەنت ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل 150 م ل .

ياسىلىشى : تۇربۇدنى تالقانلاپ بادام يېغىدا ياغلاپ ، قالغان دورىلار تالقىنىنى تەرەنجىبىن ، قەنت ۋە ھەسەللەر بىلەن قىلىنغان قىيامغا ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سەپرا ۋە بەلغەم خىلتلىرىنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ . باش ئاغرىش ۋە باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ . يۆتەل ۋە دەم سىقىلىشنى يوقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە ئەتىگەندە 1 قېتىم قايناقسۇ بىلەن 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## نۇقۇئى پەۋاكىھ

تەركىبى : تەرەنجىبىن 60 گرام ، تەمرى ھىندى 30 گرام ، ئەينۇلا ، چىلان ، سەرپىستان ھەر بىرى 30 دانە ، شېكەر 30 گرام .

ياسىلىشى : 500 م ل قايناقسۇغا چىلاپ سوۋۇغاندا مۇجۇپ شىرنىسى ئېلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە جۈملىدىن سەرسام ، شەقىقە ۋە تەبگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا بىر

پىيالە ئىچكۈزۈلىدۇ .

## نۇقۇئى كەشنىز

تەركىبى : ئامىلە مۇقەششەر ، قۇرۇق يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى 4 ھەر بىرى 9 گرام ، گۇلاب 500 م ل .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ 500 م ل گۇلابقا چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ ، ئىلۇپەر شەربىتى ۋە بىدىمشكى ئەرىقلىرىنىڭ ھەر بىرىدىن 30 م ل قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، ئىسسىما چۈشۈرۈش ، سۈيدۈك ھەيدەش ، روھىي ھالەتنى ياخشىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : شەقىقە كېسىلى ، ئىسسىقتىن بولغان ئاشقازان ، جىگەر ، ئىرۋا كېسەللىكلىرىگە ھەمدە قىزىتما ، ئىسسىق ئۆتۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
تەبىئىيتى : سوغۇق .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 م ل ئىچىدۇ .

## نۇقۇئى ھېلىلە II

تەركىبى : تەرەنجەبىن 150 گرام ، تەمرى ھىندى 60 گرام ، سېرىق ھېلىلە پوستى ، خىيار شەنبەر ياكى فۇنۇس ھەر بىرى 30 گرام ، ئەينۇلا ، سەرپىستان ، چىلان ھەر بىرى 30 دانە ، بىنەپشە ، كاسنى ئۇرۇقى ھەر بىرى 9 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنىڭ قاتتىقلىرىنى چالا سوقۇپ بىر لىتر قايناقسۇغا چىلاپ 3 سائەتتىن كېيىن مۇجۇپ شىرىسى چىقىرىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : قان ۋە سەپرانىڭ قىزىقلىقىنى پەسەيتىش ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .
تەبىئىيتى : سوغۇق .
ئىشلىتىلىشى : باش ئاغرىش ، شەقىقە ۋە باشقا ئىسسىتمىلىق كېسەللىكلەرگە بې-

رىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا كىچىك بىر پىيالە ئىچكۈزۈلىدۇ .

### ھەببى ئەفتىمۇن

تەركىبى : تۇربۇد 24 گرام ، سەقمۇنىيا ، ئىيارەجى پەيقەرا ، شەھمى ھەنزەل ، غارىقۇن ، ئەرمەن تېشى ، ئەفتىمۇن ( سېرىق ئوت ) ، مۇقەل ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قايناقسۇدا يۇغۇرۇپ 0.5 گراملىق ھەب ياسىلىدۇ .

تەسىرى : قان تازىلاش ، ئىشتىق قايتۇرۇش ، نورمالسىز سەۋدانى چىقىرىش ، ئەسەبىيلىكنى پەسەيتىش ، ئارام بېرىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر ۋە شەقىقە كېسىلىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە بىر قېتىم ، 10 دانە ئىچىدۇ .

### ھەببى بىنەپشە I

تەركىبى : گۈلبىنەپشە ، تۇربۇد ھەر بىرى 100 گرام ، رۇببۇسۇس ، كەتىرا ھەر بىرى 50 گرام ، سەقمۇنىيا 25 گرام ، سەبرى 20 گرام ، بادام يېغى 30 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، 5 گرام بىنەپشىنى دەملەپ سۈيىدە ھەب ياساپ بادام يېغىدا ياغلىنىدۇ .

تەسىرى : قىزىتما ۋە ياللۇغ قايتۇرۇش ، يۆتەل پەسەيتىش ، بەلغەم بوشىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : زىققىنەپەس ۋە باشقا قىزىتمىلىق يۆتەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە كەچتە 1 قېتىم ، 1 گرام ئىچىلىدۇ .

## شەقىقىگە ئىشلىتىلىدىغان چۈشكۈرتكۈچى دورا ياسالمىلىرى

**ئەتۇس I**

تەركىبى: كۈندۈش 18 گرام، شەھمى ھەنزەل، فىلفىل، ئۈستۈخۇدۇس، قۇندۇز قەھرى ھەر بىرى 9 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى ئۇندەك سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: بۇرۇن شىللىمشىق پەردىلىرىنى غىدىقلاپ چۈشكۈرتىدۇ. سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىشقا، شەقىقىگە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم بۇرۇنغا تارتىپ چۈشكۈرتىلىدۇ.

**ئەتۇس II**

تەركىبى: كۈندۈر، سەبرى ھەر بىرى 3 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى ئۇندەك سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: باشتىكى ئېغىرلىقنى كەتكۈزىدۇ. مېڭىنى تازىلايدۇ. قۇلاق ئاغرىقلىرىغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 ــ 3 قېتىم بۇرۇنغا تارتىپ چۈشكۈرتىلىدۇ.

**نۇپۇخى ئەتتىس**

تەركىبى: كۈندۈش، خەربەق، قۇندۇز قەھرى، قىزىل قىچا، ئۈزۈنچاق زىراۋەند قاتارلىقلار تەڭ مىقداردا.

ياسىلىشى: تالقانلاپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: مېگىدىكى تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: بۇرۇنغا تارتىپ چۈشكۈرتىلىدۇ.

## زۇكام ۋە نەزلىگە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

**بۇخورى نەزلە**

تەركىبى: بابۇنە، ئىكلىمەلىك، رەيھان تەڭ مىقداردا.
ياسىلىشى: قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان زۇكام، نەزلىلەرنى يوقىتىدۇ ۋە مۇشۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يۇرۇتىلىدۇ.

**رەۋغىنى بوزۇغا**

تەركىبى: بوزۇغا 100 گرام، كۈنجۈت يېغى 700 م ل.
ياسىلىشى: بوزۇغىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ بىر لىتىر قايناقسۇغا چىلاپ 3 كۈن تۇرغۇزۇپ 4 ـ كۈنى كۈنجۈت يېغىنى قوشۇپ بىرگە قاينىتىپ سۈيى كېتىپ يېغى قالغاندا قاچىغا ئېلىنىدۇ.
تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.
تەسىرى: تۇسالغۇ ئېچىش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، يۈرەك، مېگە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارغا، باشتىكى بارلىق ئىللەتلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. بەل ۋە ئۇرۇقدان قىسمىغا چاپسا باھنى قوزغايدۇ، قۇۋۋەتلەيدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: مۇۋاپىق مىقداردا بەدەننىڭ سىرتىدىن ياغلايدۇ.

### رەۋغىنى قۇستە

تەركىبى: قۇستە 30 گرام، ئاقىرقەرھا 12 گرام، فىلفىل، پەرفىيۇن ھەر بىرى 9 گرام، قۇندۇز قەھرى 7 گرام، كونا ھاراق 300 م ل، زەيتۇن يېغى 150 م ل.

ياسىلىشى: قۇستە، ئاقىرقەرھا ۋە فىلفىلنى سوقۇپ ھاراقتا بىر كېچە چىلاپ، ئەتىسى قاينىتىپ يېرىم سۈيى قالغاندا سۈزۈپ، دورا تىرىپىلىرىنى ئېلىۋېتىپ زەيتۇن يېغىنى قوشۇپ، سۇس ئوتتا قاينىتىلىدۇ ۋە ھارىقى پارغا ئايلىنىپ يېغى قالغاندا، قۇندۇز قەھرى بىلەن پەرفىيۇننى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ قوشۇپ قاينىتىلىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، پەي چىڭىتىش، ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، چاچنى قارايتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىش، ئاشقازان، جىگەر كېسەللىكلىرى ۋە پالەچ، لەقۋا، مۇفاسىل، چاچنىڭ بالدۇر ئاقىرىشى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە بىر قېتىم، يەرلىك ئورۇن ياغلىنىدۇ.

### شەربەتى مائۇلئۇسۇل I

تەركىبى: ئەنجۈر 21 گرام، ئۈزۈم 18 گرام، باديان يىلتىزى، كاسنى يىلتىزى پوستى ھەر بىرى 10 گرام، بىخسۇس، چىگىسەي يىلتىزى، سوزاپ ئۇرۇقى، چىگىسەي ئۇرۇقى، باديان ھەر بىرى 6 گرام، ئىزخىر، رۇمبادىيان ھەر بىرى 3 گرام، گۈلقەنت ھەسىلى 36 گرام.

ياسىلىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنىڭ قاتتىقلىرىنى چالا سوقۇپ، 2 لىتر قايناقسۇدا بىر كېچە چىلىغاندىن كېيىن قاينىتىپ سۈيى بىر لىتر قالغاندا سۈزۈپ گۈلقەنت سېلىپ بىر ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: باش ئاغرىش ۋە ئۇستىخانلاردىكى يۆتكىلىپ تۇرىدىغان ئاغرىقتا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 قوشۇق ئىچىدۇ.

### شەربىتى مائۇلئۇسۇل I

تەركىبى: بادىيان يىلتىزى پوستى، چىگىسەي يىلتىزى پوستى، بىخ كەبىر، ئەنجۈر ھەر بىرى 15 گرام، كامازەر يۇس 12 گرام، ئىزخىر گۈلى، بىخ ئىزخىر، دارچىن، ئۇد بىلسان، ئاسارۇن، بادىيان، شەتىرەنج ھىندى ھەر بىرى 6 گرام، ئۈزۈم 30 گرام، بىدەنجىر يېغى 10 م ل، شېكەر 300 گرام.

ياسىلىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنىڭ قاتتىقلىرىنى سوقۇپ، 2 لىتر سۇغا بىر كېچە چىلىغاندىن كېيىن قايناتتىپ سۈيى بىر لىتر قالغاندا شېكەرنى سېلىپ بىر ئۆرلىتىپ، ياغنى ئارىلاشتۇرۇپ ئوتتىن ئېلىپ سوۋۇغاندا قاچىغا ئېلىنىدۇ.

تەسىرى: يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ئىشتىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، قەۋزىيەتنى يۇمشىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: باش، نېرۋا كېسەللىكلىرى ۋە پەي ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 قوشۇق ئىچىلىدۇ.

### شەربىتى مائۇلئۇسۇل II

تەركىبى: ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 60 گرام، چىگىسەي يىلتىزى پوستى، بادىيان يىلتىزى پوستى ھەر بىرى 30 گرام، پوستى بىخ كەبىر 15 گرام، چىگىسەي ئۇرۇقى، رۇمبادىيان، ئىزخىر ھەر بىرى 12 گرام، ئۇد بىلسان، بوزىدان، ئادراسمان ئۇرۇقى ھەر بىرى 9 گرام، ئاسارۇن، بىلسان، جىنتىيانا، سەلىخە ھەر بىرى 6 گرام، بىدەنجىر يېغى 15 م ل، بادام يېغى 10 م ل، شېكەر 300 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى چالا سوقۇپ 2 لىتر سۇغا چىلاپ بىر كېچە تۇرغۇزغاندىن كېيىن بىر لىتر قالغىچە قايناتتىپ سۈزۈپ شېكەر سېلىپ بىر ئۆرلىتىپ ئېلىنىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: بەلغەم ياكى سەۋدا ماددىسىدىن بولغان باش كېسەللىكلىرى، باش ئاغرىش ۋە تۇرلۇك مۇفاسىل ئاغرىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 قوشۇق ئىچىلىدۇ.

## شەربىتى نەزلە

تەركىبى : تەرەنجىبىن 30 گرام ، چىلان ، سەرپىستان ھەر بىرى 20 دانە ، ئۈزۈم 15 دانە ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ، خەشخاش ئۇرۇقى ، خەشخاش پوستى ھەر بىرى 12 گرام ، زۇفا ، پەرسىياۋشان ، نىلۇفەر ، بىنەپشە ، ئارپا باديان ، بېھى ئۇرۇقى ھەر بىرى 9 گرام ، ئەنجۈر 7 دانە ، گاۋزەبان ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، قىزىلگۈل ، بادرەنجبۇيا ، رۇمبادىيان ، ھەمىشە باھار ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام ، باديان يىلتىزى ، چىگىسەي يىلتىزى ، سەۋسەن يىلتىزى ، زىرىق ، شوخلا ، سوزاب ، رەۋەن ھەر بىرى 3 گرام ، قەنت 500 گرام .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : زۇكام ، نەزلە ، يۆتەل ھەر خىل ئىستىسقىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 9 ～ 30 م ل ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى ئۇستۇخۇدۇس Ⅷ

تەركىبى : ئۇستۇخۇدۇس 30 گرام ، بەسفائىج ، بالەنگو ، گاۋزەبان ھەر بىرى 15 گرام ، شېكەر 360 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى 1.5 لىتر قايناقسۇدا قايىنىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ شېكەر سېلىپ بىر ئۆرلىتىپ ئىشلىنىدۇ .

تەسىرى : مېگە ۋە يۈرەككە قۇۋۋەت بېرىش ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇپ ئومۇمىي بەدەنگە ئارام بېرىش ، سوغۇق يەللەرنى ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : زۇكام ، نەزلە ۋە دىماغ تۇتۇلۇپ قېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 قوشۇق ئىچكۈزۈلىدۇ .

## قۇرسى خەشخاش I

تەركىبى : تاباشىر 15 گرام، قىزىلگۈل، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 12 گرام، خەشخاش ئۇرۇقىنىڭ ئېقى ۋە قارىسى ھەر بىرى 9 گرام، كەتىرا، رۇببۇسۇس ھەر بىرى 6 گرام، زەپەر 1 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، خەشخاش سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ 0.5 گراملىق قۇرس تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : تىنچلاندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : زۇكام سەۋەبىدىن بولغان باش ئاغرىش، يۆتەل ۋە كۆكرەك ئاغرىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 دانە ئىچىلىدۇ .

## قۇرسى خەشخاش نەزلە

تەركىبى : تاباشىر 15 گرام، قىزىلگۈل، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 12 گرام، ئاق خەشخاش، قارا خەشخاش ھەر بىرى 9 گرام، كەتىرا، رۇببۇسۇس ھەر بىرى 6 گرام، زەپەر 2 گرام .

ياسىلىشى : قۇرس ياساش ئۇسۇلى بويىچە تابلېت قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : زۇكام، نەزلە، كۆكرەك كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، ئۆپكە خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : قۇرستىن بىر دانە ئېلىپ خەشخاش شەربىتى ياكى كاشكاپ بىلەن ئىچىلىدۇ .

## قۇرسى مۇسەللەس I

تەركىبى : ئەپيۇن، مۇرساپ (تازىلانغان گۈڭگۈرت سېرىقى)، بەزرۇلبەنجى،

مېھرىگىيا ھەر بىرى 10 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ مۇۋاپىق مىقداردىكى كاھۇ (قارا سۇنا ) ئۇرۇقىنىڭ قايىنىتىلغان سۇيىدە يۇغۇرۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، ئارام بېرىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : زۇكامدىن بولغان باش ئاغرىش ، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش ، يەرلىك ئورۇندىكى مەلۇم ئەزالار ئاغرىش ۋە چىش ئاغرىشقا سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى : كۈندە بىر قېتىم ، ھەر قېتىمدا بىر دانە ئېلىپ قايىنىتىلغان بابۇنە سۇيىدە ئېزىپ ئاغرىق جايغا تېڭىپ قويۇلىدۇ . چىش ئاغرىشنى داۋالىغاندا بىر دانە چىشلەپ شۈمۈپ (سۈيىنى يۇتماي ) يەرلىك ئورۇنغا تەسىر كۆرسىتىلىدۇ .

### قۇرسى نەزلە I

تەركىبى : مۇرمەككى ، سەبرى ، روسۇت ، ئىسبەغۇل ، سەمغى ئەرەبى ، نىشاستە ، ئانارگۈلى ، خۇنسىياۋشان ، فۇفەل ، مامسا ، ئەپيۇن ، زەپەر ھەر بىرى 3 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئامۇت غازىڭىنىڭ سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ قۇرس تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : زۇكامدىن بولغان باش ئاغرىش ۋە شەقىقە قاتارلىقلاردا ئېچىشىپ ئاغرىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى : دانە قۇرستىن بىر دانە ئېلىپ ئېزىپ كىچىك قەغەزگە سۈۋاپ شىريان تومۇرغا چاپلاپ قويۇلىدۇ .

### قۇرسى نەزلە I

تەركىبى : ئىگىر ، كۈندۈر قوۋزىقى ، خۇنسىياۋشان ، تۆگە تاپىنى (مامسا ) ، قايىنىتىلمىسى بېلىقنىڭ ئېچىدىن چىقىدىغان شىرسىمان سۇيۇقلۇق ، فۇفەل ، نىشانىستە ، زەپەر ، ئۇد سېلىپ ، ئۇد ھىندى ، ئەپيۇن ھەر بىرى 3 گرام ، تۇخۇم ئېقى مۇۋاپىق مىقداردا .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تۇخۇم ئېقىغا ئارىلاشتۇرۇپ

تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاغرىق پەسەيتىش ، تىنچلاندۇرۇش ، ئارام بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئېزىپ ، ئىككى چېكىگە ۋە باشنىڭ چوققىسىغا سىرتتىن چېچىلىدۇ .

### مەتبۇخى نەزلە

تەركىبى : سەرپىستان 11 دانە ، چىلان 5 دانە ، ئاق لالە ئۇرۇقى 6 گرام ، گاۋزەبان 4 گرام ، بېھى ئۇرۇقى 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ بىر لىتر سۇغا بىر كېچە چىلىغاندىن كېيىن سۈزۈپ ئۇتتا 300 م ل قالغىچە قاينىتىپ ، 100 م ل بىنەفشە شەربىتى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

مىقدارى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 قوشۇق ئىچىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : ئەگەر ئىسسىتما يۇقىرى بولسا قاپاق مېغىزى ، گاۋزەبان قوشۇلسا ياخشى . يۆتەل ۋە نەزلە بولسا سەمغى ئەرەبى ، كەتىرانىڭ ھەر بىرىدىن 8 گرام قوشۇش ھەمدە ھەر كۈنى ئەتىگەندە ، 3 گرام خېمىرى خەشخاش قوشۇپ ئىچىش كېرەك . كەچتە مەتبۇخى نەزلە ئىچكۈزۈلسە بولىدۇ .

### مەئجۇنى زۇفا

تەركىبى : ئەپيۇن 30 گرام ، زۇفا ، پىرسىياۋشان ھەر بىرى 21 گرام ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قىيامى ، خەشخاش ئۇرۇقى ، خەشخاش پوستى ھەر بىرى 15 گرام ، بادىيان يىلتىزى ، سەۋسەن يىلتىزى ، چىگىسەي يىلتىزى ، ئارپا بادىيان ، رۇمبادىيان ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، شۇمشا ئۇرۇقى ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، ئەنسىل ، تۇربۇد ، غارىقۇن ، بۆرە جىگىرى ، تاغ تېكىسىنىڭ مۈگگۈزى ھەر بىرى 9 گرام ، سۇنبۇل ، چىلغوز مېغىزى ، پىستە مېغىزى ، ئىزخىر ، زىغىر ھەر بىرى 8 گرام ، دارچىن ، فىلفىل ھەر بىرى 6 گرام ، سەمغى ئەرەبى ، كۈندۇر ، مەستىكى ، كەتىرا ، بوزوغا ، زەنجىبىل ھەر بىرى 3 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .

تەسرى ۋە ئىشلىتىلىشى : زۇكام ، يۆتەل ، نەزلە ، ئىستىسقىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى نەزلە

تەركىبى : زەپەر ، بەزرۇلبەنجى ، ئەپيۇن ، سەمغى ئەرەبى ، قاراسونا ئۇرۇقى ، پەتىنگان ئۇرۇقى ، رۇببۇسۇس ، نىشاستە تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، چىگسەي سۈيىدە ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل زۇكام ۋە نەزلىلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچىلىدۇ .

# تەبكە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياساللىرى

## قان ياكى سەپرادىن بولغان تەبكە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياساللىرى

### ئەرىقى ئەنگورى شىپا

تەركىبى : ئىت ئۈزۈمى 1 كىلوگرام، سۇ 1 لىتىر .

ياسىلىشى : دورىلارنى نەچچە نەچچە قېتىم يۇيۇپ، پار قازانغا سېلىپ، ئۈستىگە يۇقىرىقى مىقدار بويىچە سۇ قۇيۇپ ئوتنى سۇس قالاپ ئەرەق چۈشۈرۈلىدۇ .

تەبئىيىتى : سوغۇق .

تەسىرى : قىزىتمىنى پەسەيتىش، تەشنالىقنى قاندۇرۇش، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنى ياندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل ئىسسىقتىن بولغان قىزىتمىلارغا، تاشقى ۋە ئىچكى ئىششىقلارغا، ئىسسىقتىن بولغان ئىچ سۈرۈش كېسەللىكلىرىگە بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 1 ~ 5، ياشتىكىلەر 10~15 م ل، 5~10 ياشتىكىلەرگە 15~20 م ل، چوڭلارغا 30 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ. سىرتقى جەھەتتىكى ئىششىقنى داۋالاشتا پەقەت ئىت ئۈزۈمىنىلا ئېلىپ قايناقسۇغا چىلاپ يۇمشىتىپ چېپىلىدۇ .

### ئەرىقى بارتەڭ

تەركىبى : لىسانىل ھەمەل (پاقا يوپۇرمىقى) بىر كىلوگرام، سۇ 6 لىتىر

ياسىلىشى : دورىنى بىر نەچچە قېتىم چايقاپ پاكىزلاپ، پار قازىنىغا سېلىپ، ئۈستىگە كۆرسىتىلگەن مىقداردىكى سۇنى قۇيۇپ سۇس ئوتتا قايىنىتىپ ئەرەق چۈشۈرۈ-

لىدۇ .

تەبىئىيتى : سوغۇق .

تەسىرى : قىزىتما قايتۇرۇش ، ئىچ توختىتىش ۋە قان توختىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان ھەر خىل قىزىتمىلارغا ، ئىچ سۈرۈش ، تولغاق ، بوۋاسىر ، بالىياتقۇدىن قان كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ . ئۇندىن باشقا غالجىر ئىت چىشلىۋالغان ئورۇنغا پاقا يوپۇرمىقىنى ئېزىپ تۇز بىلەن زىماد قىلىنىدۇ . كۆيۈككە پاقا يوپۇرمىقىنىڭ ئۆزى زىماد قىلىپ چاپلىنىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1~5 ياشتىكىلەرگە 10~15 م ل ، 5~10 ياشتىكىلەرگە 20~25 م ل ، چوڭلارغا 30~40 م ل ئىچىلىدۇ .

## ئەرىقى بېدىمىشكى I

تەركىبى : سۆگەت پوتلىسى 1 كىلوگرام ، سۇ 6 لىتر .

ياسىلىشى : دورىنى بىر نەچچە قېتىم تاسقاپ ، توپا ـ ئەخلەتلىرىدىن پاكىزلاپ ، پار قازىنىغا سېلىپ سۇس ئوتتا قايىنىتىپ ئەرەق چۈشۈرۈلىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل سوغۇق .

تەسىرى : قىزىتما چۈشۈرۈش ، سۈيدۈك ماگدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان قىزىتمىلارغا ، جىگەر ، بۆرەك كېسەللىكلىرىگە ، بولۇپمۇ كىچىك بالىلارنىڭ قىزىتمىلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1~5 ياشقىچە بولغانلىرىغا 10~15 م ل ، 5~10 ياشقىچە بولغانلىرىغا 20~30 م ل ، چوڭلارغا 30~50 م ل ئىچىلىدۇ .

## ئەرىقى گۈلاب

تەركىبى : قىزىلگۈل 1 كىلوگرام ، سۇ 6 لىتر .

ياسىلىشى : قىزىلگۈلنى تاسقاپ پاكىزلاپ ، قازانغا سېلىپ سۇس ئوتتا 3 لىتر ئەرەق چىققىچە قايىنىتىلىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : قىزىتما قايتۇرۇش ، نېرۋىنى پەسەيتىپ ، روھنى كۆتۈرۈش ، تەرەتنى يۇمشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : مېڭە ، يۈرەك ، جىگەر ، بۆرەكنىڭ ھەر خىل كېسەللىكلىرىگە ، جۈملىدىن قىزىتمىلىق كېسەللىكلەرگە بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1~5 ياشتىكىلەرگە 10~15 م ل ، 5~10 ياشتىكىلەرگە 15~20 م ل ، چوڭلارغا 30~40 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

ئەسكەرتىش : سۇنى پات ـ پات يەڭگۈشلەپ ، دورىنىڭ كۆيۈپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم .

## ئەرىقى كافۇر

تەركىبى : ئاقلانغان ئارپا ، خام بادىيان ، خام قاپاق ، تاتلىق ئالما ، تاتلىق بېھى ، تاتلىق ئامۇت ھەر بىرى 300 گرام ، ئاق سەندەل ، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ، قارا سونا ئۇرۇقى ، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى ، بىنەپشە ھەر بىرى 30 گرام ، نىلۇپەر گۈلى ، قىزىلگۈل غۇنچىسى ، شاھتەررە ، گاۋزەبان گۈلى ، بېدىمۇشكى گۈلى ، خام لوبىيا ھەر بىرى 20 گرام ، كافۇر 6 گرام ، قىزىلگۈل ئەرىقى ، بېدىمۇشكى ئەرىقى ، كاسنى ئەرىقى ھەر بىرى 1500 م ل .

ياسىلىشى : يۇقىرىقى دورىلارنىڭ قۇرۇق ۋە قاتتىقلىرىنى چالا سوقۇپ ، خام ۋە ھۆللىرىنى توغراپ پار قازانغا سېلىپ ، ئۈستىدىن يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئەرەقنى قويۇپ 3 لىتر ئەرەق تارتىلىدۇ .

تەبىئىيتى : سوغۇق .

تەسىرى : مېڭە ، يۈرەك خىزمىتىنى ياخشىلاش ، سەپرانى پەسەيتىش ، قان تازىلاش ، ئاشقازان ۋە ئۈچەينى پاكىزلەش ، تال ، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئېچىش ، سۈيدۈك ھەيدەش ، ئىششىق ياندۇرۇپ ، ھارارەتنى پەسەيتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : مىزاجنىڭ ماددىسىز ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشى ، سىل قىزىتمىسى قاتارلىقلارغا بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30~100 م ل ئىچىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : بۇ ئەرەقنى تېنى ئاجىز بىمارلارغا ۋە ئاياللارغا بېرىشتە مىقدارىنى ئازايتىش كېرەك .

## جۇللابى سەپرا

تەركىبى : تەرەنجىبىن 45 گرام ، تەمرى ھىندى 30 گرام ، سانا 15 گرام ، نىلۇفەر ، بىنەفشە ، كاسنى ئۇرۇقى ، ئارپا باديان ، شوخلا ، يالپۇز ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، قارا ھېلىيلە ، زىرىق ، تۇربۇد ھەر بىرى 6 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى قايناقسۇغا چىلاپ (قايناتماي ) سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سەپرانى پەسەيتىدۇ ، سەپرادىن بولغان تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئۈچكە بۆلۈپ ئىچىلىدۇ .

## سۇفۇفى تەپى دىق

تەركىبى : نىشاستە 6 گرام ، كاسنى ئۇرۇقى ، بېھى ئۇرۇقى ھەر بىرى 4.5 گرام ، خەشخاش ئۇرۇقى ، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 4 گرام ، كەتىرا ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، سەرتان كۆلى ، رۇببۇسۇس ھەر بىرى 3 گرام ، ناۋات 40 گرام .

ياسىلىشى : قۇرۇق دورىلار ۋە يىلىم دورىلارنى ئايرىم ـ ئايرىم سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئايرىم سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن ناۋات بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئۆپكە سىل كېسەللىكى ۋە باشقا ھەر خىل يۆتەللەرگە ھەمدە غول ، ئالقان ، تاپان قىزىش كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەتىگەن ۋە ئاخشىمى 3 گرام ئېلىپ ، 30 م ل خەشخاش شەربىتى بىلەن ئىچىلىدۇ .

## سىركەنجىبىن بۆزۈرى I

تەركىبى : كاسنى ئۇرۇقى 30 گرام ، كاسنى يىلتىزى پوستى ، قوغۇن ئۇرۇقى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى ، باديان يىلتىزى پوستى ھەر بىرى 15 گرام ، سىركە 100 م ل ، قەنت 50 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى 100 م ل سىركىگە بىر كېچە چىلاپ ، قايناتقاندىن كېيىن ئېزىپ سۈزۈپ ، قەنت سېلىپ بىر ئۇرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : قىزىتمىنى پەسەيتىپ ئۇسسۇزلۇقنى بېسىش ، توسالغۇلارنى ئېچىپ جىگەرنى قۇۋۋەتلەش ، سۈيدۈك ئۆلغايتىش تەسىرىگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100 م ل ئىچىلىدۇ .

## سىركەنجىبىن بۆزۈرى II

تەركىبى : سۇنبۇل 60 گرام ، كاسنى ئۇرۇقى ، باديان ، چىگسەي ئۇرۇقى ھەر بىرى 20 گرام ، شېكەر 600 گرام ، سىركە 60 م ل .

ياسىلىشى : سىركەنجىبىن بۆزۈرى I نىڭ تەييارلىنىشى بىلەن ئوخشاش .

تەسىرى : جىگەر توسالغۇلىرىنى ئېچىش ، مېگە ، يۈرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش ، سۈيدۈك ھەيدەش ، ئىششىق ياندۇرۇش ، يەل تارقىتىش ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ماددىسى مۇرەككەپ بولغان قىزىتمىغا ۋە جىگەر ، ئۆت كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100 م ل ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى ئەفتىمۇن

تەركىبى : تەرەنجىبىن 100 گرام ، كاسنى يىلتىزى ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ، كىشۈش ئۇرۇقى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى ھەر بىرى 30 گرام ، قوغۇن ئۇرۇقى ، كىشۈش گۈلى ،

بادىيان ، چىلگە ئۇرۇقى ، رۇببۇسۇس ھەر بىرى 20 گرام ، قەنت 250 گرام .

ياسىلىشى : رۇببۇسۇس ، تەرەنجىبىن ، قەنتتىن باشقىلىرىنى چالا سوقۇپ 2.5 لىتر سۇغا 10 سائەت چىلىغاندىن كېيىن قايناتقىپ سۈزۈپ ئۇنىڭغا قەنت تەرەنجىبىن شىرىسى ، رۇببۇسۇس تالقىنىنى قوشۇپ بىر ئۆرلىتىپ قويۇلىدۇ .

تەسىرى : يۈرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش ، ئىسسىتما چۈشۈرۈش ، يۆتەل پەسەيتىش ، كۆكرەكنى بوشىتىش ، سۈيدۈك ئۆلغايتىش ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : مۇرەككەپ ماددىلىق تەرەپلەرگە ۋە سىل قىزىتمىسىغا ئوخشايدىغان تەبلەرگە بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100 م ل ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى ئەينۇلا

تەركىبى : ئەينۇلا 200 گرام ، تەمرى 120 گرام ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى 6 گرام ، چۈچۈمەل ئانار سۈيى ، تۇرۇنجى سۈيى ، گۇلاب ھەر بىرى 100 م ل ، قەنت 500 گرام .

ياسىلىشى : ئەينۇلا بىلەن تەمرى ھىندىنى 1 لىتر سۇدا 10 سائەت چىلاپ سىقىپ سۈيىگە ئانار سۈيى ، تۇرۇنج سۈيى ۋە گۇلابنى قوشۇپ قەنت سېلىپ ، ئازراق ئۆرلىگەندىن كېيىن ئوتتىن ئېلىپ سېمىز ئوت ئۇرۇقىنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ .

تەسىرى : قان تازىلاش ، قاننى سوۋۇتۇش ، سەپرانى سۈرۈش ، ئىسسىتما چۈشۈرۈش ، ئۇسسۇزلۇقنى بېسىش ، تەپنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : تەپلەرگە ۋە سەپرادىن بولغان ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرگە بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100 م ل ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى بۇزۇرى I

تەركىبى : كاسنى يىلتىزى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى ، قوغۇن ئۇرۇقى ، كاسنى ئۇرۇقى ، ئوغرى تىكەن ھەر بىرى 15 گرام ، شېكەر 300 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 1.5 لىتر سۇغا بىر كېچە چىلاپ قايناتقىپ

سۈزۈپ، ئاندىن شېكەر سېلىپ بىر ئۇرلىتىپ ئېلىنىدۇ.
تەسىرى: جىگەردىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: ئىسسىقتىن بولغان مىزاج بۇزۇلۇش، مۇرەككەپ ماددىلىق تەپ قا-
تارلىقلارغا سۈرگە شەربىتىدىن كېيىنلا بېرىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 م ل ئىچىلىدۇ.

## شەربىتى تەپى سەپراۋى

تەركىبى: باديان يىلتىزى، كاسنى يىلتىزى، قىزىلگۈل ھەر بىرى 10 گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، باديان، كاسنى ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ھەر بىرى 5 گرام، قەنت 150 گرام.
ياسىلىشى: دورىلارنى چالا سوقۇپ 1 لىتر سۇغا 24 سائەت چىلاپ قاينىتىپ سىقىپ، قەنت سېلىپ ئۇرلىتىپ ئېلىنىدۇ.
تەسىرى: جىگەر توسالغۇلىرىنى ئېچىش، ئىششىق ياندۇرۇش، يەللەرنى تارقىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش، تومۇرلارنى تازىلاش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: مەخسۇس سەپرادىن بولغان قىزىتمىنى چۈشۈرۈشكە بېرىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 م ل ئىچىلىدۇ.

## شەربىتى تەپى مۇرەككەپ

تەركىبى: چىلان، ئەينۇلا ھەر بىرى 100 گرام، ھۆل قىزىلگۈل 40 گرام (قۇرۇق گۈل بولسا 10 گرام)، كاسنى يىلتىزى 20 گرام، سەرپىستان 15 گرام، كاسنى ئۇرۇقى، تەرخەمەك، بىنەفشە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، گاۋزەبان، بېھى ئۇرۇقى، شاھتەررە، نىلۇ-فەر گۈلى، ئاق لالە ئۇرۇقى، ھەمىشەباھار ئۇرۇقى ھەر بىرى 10 گرام، قەنت 400 گرام.
ياسىلىشى: دورىلارنى 2 لىتر سۇغا بىر كېچە چىلاپ قاينىتىپ سۈزۈپ، ئاندىن ئۈستىدە قەنت سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ.
تەسىرى: رەئىس ئەزالارنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش، قان تازىلاش، روھنى ياخشىلاش، خاپىقانى قالدۇرۇش، نورمالسىز سەپرانى سۈرۈش، جىگەر ۋە تالدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىششىق ياندۇرۇش، قاننى سالقىنلىتىپ ھارارەتنى پەسەيتىش،

ئاغرىق پەسەيتىپ ئارام بېرىش ، سۈيدۈك ھەيدەش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : قان ۋە سەپرانىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولغان قىزىتمىغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 م ل ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى ئۈنناب I

تەركىبى : تەرەنجىبىن 300 م ل ، تەمرى ھىندى 100 گرام ، ئەينۇلا ، بىنەپشە ، ئۈربۇد ھەر بىرى 60 گرام ، چىلان 30 گرام ، سەقمۇنىيا 3 گرام ، زەپەر 1.5 گرام .
ياسىلىشى : تەرەنجىبىن ، سەقمۇنىيا ۋە زەپەردىن باشقا دورىلارنى 2 لىتر سۇدا قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سىقىپ سۈزۈپ ، ئۇنىڭغا تەرەنجىبىننىڭ شىرنىسى قوشۇپ شېكەر سېلىپ بىر ئۆرلىتىپ ، سەقمۇنىيا بىلەن زەپەرنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : سۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ، قان تازىلاش ، تەپنى يوقىتىش رولىنى ئوينايدۇ .
ئىشلىتىلىشى : نورمالسىز سۈيۇق بەلغەمنى سۈرۈش ، سەپرالىق تەپنى پەسەيتىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، 50 م ل ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى ئىجاز

تەركىبى : چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، ھەمىشەباھار ئۇرۇقى ، نىلۇفەر گۈلى ، بىنەپشە گۈلى ھەر بىرى 20 گرام ، چىلان ، سەرپىستان ھەر بىرى 15 گرام ، بېھى ئۇرۇقى ، كەتىرا ، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 10 گرام ، قەنت 400 گرام .
ياسىلىشى : كەتىرا بىلەن سەمغى ئەرەبى ئايرىم سوقۇلىدۇ ، باشقا دورىلارنى 2 لىتر سۇغا 10 سائەت چىلىغاندىن كېيىن قاينىتىپ سىقىپ ، داكىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بېھى ئۇرۇقى لۇئابىنى قوشۇپ ، يۇقىرىدا سوقۇلغان 2 خىل دورىنىڭ تالقىنى ۋە قەنتنى سېلىپ بىر ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : قىزىتما پەسەيتىپ زەھەر قايتۇرىدۇ ، بەلغەم بوشىتىپ يۆتەل توختىتىدۇ ، ئىششىقياندۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قىزىتما ۋە يۆتەل بىلەن ئۆتىدىغان جۇدەتكۈچى تەپنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 م ل ئىچىلىدۇ .

### قۇرسى بىنەپشە I

تەركىبى : بىنەپشە ، تاتلىق بادام مېغىزى ، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ، كەتىرا ھەر بىرى 10 گرام ، رۇببۇسۇس ، گىلى ئەرمىنى ، نىشاستە ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 10 گرام ، مەستىكى 4 گرام ، سۇنبۇل 3 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، سېمىز ئوت ئۇرۇقىنىڭ شىرىسى بىلەن يۇغۇرۇپ قۇرس قىلىنىدۇ .
تەسىرى : نورمالسىز سەپرانى تازىلاش ، قىزىتمىنى پەسەيتىش ، سۆيدۈك ھەيدەش ، يۆتەل توختىتىپ بەلغەم بوشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : يۆتەل قوشۇلۇپ كەلگەن ، ئۇزۇن مۇددەتلىك تەب ۋە سەپرادىن بولغان قىزىتمىغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 دانە ئىچىلىدۇ .

### قۇرسى بىنەپشە I

تەركىبى : بىنەپشە 16 گرام ، ھېلىيلە پوستى 10 گرام ، تۇربۇد ، رۇببۇسۇس ھەر بىرى 6 گرام ، سقمۇنىيا 3 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ قۇرس ياساپ ، سايىدا قۇرۇتىلىدۇ .
تەسىرى : نورمالسىز سەپرانى سۈرۈش ، قاننى تازىلاش ، قىزىتما چۈشۈرۈش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : كۆن ئارىلاپ تۇتىدىغان تەپكە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 دانە ئىچىلىدۇ .
ئەسكەرتىش : مەزكۇر دورىنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى مەتبۇخى مۇنزىج بېرىلىشى كېرەك .

## قۇرسى تاباشىر كافۇرى

تەركىبى: ئىسبەغۇل 13 گرام، تاباشىر، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، كاسنى ئۇرۇقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، قاراسونا ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، ئاق سەندەل ھەر بىرى 12 گرام، كافۇر 1.5 گرام.
ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىسبەغۇل لۇئابى بىلەن يۇغۇرۇپ تۈگمە شەكلىدە قۇرس تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى: سەپرانى پەسەيتىپ، قان تازىلاش، يۈرەك خىزمىتىنى ياخشىلاش، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيدەش، ئىشتىھا ياندۇرۇش، ھارارەت پەسەيتىش، ئىچ توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: يۆتەل، تەپى دىق، كېزىك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 گرام ئېلىپ چايلىق دورا بىلەن ئاخشىمى ئىچىلىدۇ.

## قۇرسى زىرىشكى

تەركىبى: تازىلانغان زىرىق 50 گرام، كاسنى ئۇرۇقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ھەر بىرى 10 گرام، قىزىلگۈل، رەۋەن چىنى، سۇنبۇل، ئىسبەغۇل ھەر بىرى 10 گرام.
ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئىسبەغۇل لۇئابى يۇغۇرۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى: قان تازىلاش، سەپرانى پەسەيتىش، جىگەر ۋە تالدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، ئىشتىھا ياندۇرۇش، قىزىتما پەسەيتىش، سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: ماددىسى مۇرەككەپ بولغان تەپ، جىگەر توسالغۇلىرى ۋە جىگەر قېتىشىش قاتارلىقلارغا بېرىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 1 دانە ئېلىپ ئارپا سۈيى بىلەن ئىچىلىدۇ.

## قۇرسى سەندەل

تەركىبى : قوغۇن ئۇرۇقى ، كافۇر ، كەتىرا ھەر بىرى 15 گرام ، قىزىلگۈل ، تاباشىر ھەر بىرى 12 گرام ، ئىسپەغۇل 6 گرام ، ئانار سۈيى 90 م ل ، گۇلاب 30 م ل ، قەنت 12 گرام .

ياسىلىشى : يۇقىرىقى دورىلارنى قەنت بىلەن سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، گۇلاب ۋە ئانار سۈيىدە ئىسبەغۇل شىرىسىنى چىقىرىپ ، شۇنىڭدا تابلىت ياساپ سايىدا قۇرۇتۇلىدۇ .

تەسىرى : مېڭە ، يۈرەك ، جىگەر ۋە ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاش ، قان تازىلاش ، ئىسسىتما چۈشۈرۈش ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش ، يۆتەل توختىتىش ، بەلغەم بوشىتىپ ، كۆكرەكنى تازىلاش ، نەپەسنى راۋانلاندۇرۇش ، تولغاق ، ئىسھالنى توختىتىش ، ئۆچەي يارىسىنى ياخشىلاش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : يۇقىرى ھارارەتلىك قىزىتما ، ئېغىز قۇرۇش ، ئاشقازان بىلەن جىگەرنىڭ قىزىشى ۋە ئېچىششى قاتارلىقلارغا بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 دانە ئېلىپ ئالما سۈيى ياكى ئانار سۈيىدە ئىچىلىدۇ .

## قۇرسى قىزىلگۈل

تەركىبى : قىزىلگۈل 18 گرام ، پاقا يوپۇرمىقى ئۇرۇقى ، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 12 گرام ، نىشاستە ، زىرىق ، تاباشىر ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام ، كەتىرا ، سۇنبۇل ، رەۋەن ، زەپەر ھەر بىرى 3 گرام ، كافۇر 0.05 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى قاينىتىلمىسى بىلەن نەملەپ 0.5 گراملىق قۇرس تەييارلاپ ، سايىدا قۇرۇتۇلىدۇ .

تەبىئىتى : سوغۇق .

تەسىرى : قىزىتما پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل مۇرەككەپ قىزىتمىلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 دانە ئېلىپ ئەرىقى

گاۋزەبان بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

**مائۇتتىنخى ھىندى**

تەركىبى : ياخشى پىشقان چوڭ تاۋۇز مەلۇم مىقداردا .
ياسىلىشى : تاۋۇزنىڭ بىر تەرىپىنى پىچاق بىلەن تېشىپ ئىچىنى قوچۇپ پاكىز قاچىغا سۈيىنى ئاققۇزۇلىدۇ ، ئۇرۇقلىرى ئېلىۋېتىلىدۇ .
تەسىرى : ئىسسىقتىن بولغان تەب ۋە قىزىتمىلارنى پەسەيتىدۇ ، تەرەتنى بوشىتىدۇ . جىگەر ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : سىركەنجىبىن بىلەن بىرىلىسە تۇسالغۇلارنى ئېچىش ، سۈيدۈك ھەيدەش ، سېرىق كېسەلنى داۋالاش ، كۆيگەن بۇزۇق ماددىلارنى بىر ياقلىق قىلىش ، ھەزىمنى ياخشىلاش رولىنى ئوينايدۇ . تەمرى ھىندى بىلەن بىرىلىسە سەپرا ماددىلىرىنى پەسەيتىش ، تېرە كېسەللىكلىرىنى ياخشىلاش تەسىرىنى بېرىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .
ئەسكەرتىش : تاۋۇزنىڭ تەبىئىتى تۇراقسىز بولغاچقا سەپرا مىزاج كىشىلەرگە بەرگەندە سەپراغا ئۆزگىرىپ سەپراغا ياردەملىشىدۇ . شۇڭا بۇ كىشىلەرگە ئاچچىق - چۈچۈك نەرسىلەر بىلەن قوشۇپ بېرىش كېرەك . قىزىتما باشلانغىنىغا بىر ھەپتە توشمىغانلارغا بېرىشكە بولمايدۇ . ھۆللۈكى يۇقىرى يەل - يېمىشلەردىن كېيىن بېرىش مۇۋاپىق ئەمەس . ئادەتتە تالىغا زىيان قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ تەسىرىنى يوقىتىش ، گۈلقەنت ، ھەسەل ۋە باشقىلار بىلەن تۈزىتىلىدۇ .

**مەئجۇنى غافەس**

تەركىبى : يۇيۇلغان لوك ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام ، غافەس ئۇ- سارىسى ، رەۋەن ، زەپەر ھەر بىرى 5 گرام ، ئەفسەنتىن ئۇسارىسى ، ئىزخىر چېچىكى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 3 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قىزىتما پەسەيتىدۇ ، قىزىتمىلىق ئىستىسقالارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئېلىپ ھەشپىچەك سۈيى ياكى كاسنى سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### ھەببى دىق

تەركىبى: سەرتان گۈلى، ئەپيۇن، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، خەشخاش، رۇببۇسۇس، يانتاق شېكرى، بېھى ئۇرۇقى مېغىزى، تاتلىق قاپاق مېغىزى، بادام مېغىزى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، گاۋزەبان گۈلى ھەر بىرى 3 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، سۇ بىلەن نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب قىلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق سوغۇق.

تەسىرى: يۆتەل توختىتىپ، بەلغەم بوشىتىش، ئۇرۇقلا نقۇچى تۆۋەن ھارارەتنى چۈشۈرۈش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: يۆتەل ۋە ئۆپكە سىلىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 1 داننى شۈمىدۇ.

### ھەببى زاراگزا

تەركىبى زاراگزا مېغىزى، تۇربۇد ھەر بىرى 10 گرام، غارىقۇن، چىگسەي، رۇمبادىيان ھەر بىرى 5 گرام، ئاق كرىستال تۇز 3 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى ئۇندەك سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ بادىيان ئەرىقى بىلەن يۇغۇرۇپ قارىمۇچ چوڭلۇقىدا ھەب قىلىنىدۇ.

تەسىرى: يەل تارقىتىش، بەلغەمنى سۈرۈپ كۆكرەكنى تازىلاش، نەپەسنى راۋاجلاندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: قىش ـ ياز ئىسسىتما بولۇپ تۇرىدىغان كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 دانە ئىچىلىدۇ.

### ھەببى كافۇر

تەركىبى : كافۇر ، تاباشىر ، بۇغداي كىراخمالى ، ئاق سەندەل ، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ، كەتىرا ھەر بىرى 5 گرام .
ياسىلىشى : سالايە قىلىپ بېھى ئۇرۇقى لۇئابى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گراملىق ھەب تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : سوغۇق .
تەسىرى : قىزىتما قايتۇرۇش ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : ئۇرۇقلاتقۇچى تەب ، ئىچ ۋە سىل سۈرۈشكە بېرىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : باللارغا 1~2 دانە ، چوڭلارغا 5~7 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ .

### ھەببى لۇبۇب

تەركىبى : تەرخەمەك مېغىزى ، قاپاق مېغىزى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 10 گرام ، قاراسونا ئۇرۇقى 5 گرام ، رۇببۇسۇس 2.5 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى ئىسبەغۇل لۇئابى ۋە سېمىز ئوت شىرىسى بىلەن سوقۇپ ، غورا سۈيى ياكى لىمون سۈيىدە ھەب قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان تەب ، يۆتەللەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ ، ئۇسسۇلۇق پەسەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 دانە ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى ھېلىيلە I

تەركىبى : سېرىق ھېلىيلە پوستى ، ھېلىيلە كابۇلى ، قارا ھېلىيلە ، سانا ھەر بىرى 15 گرام ، سەبرى سۇقۇترى 10 گرام ، ئەفسەنتىن 6 گرام ، سقمۇنىيا ، شاھتەرا ھەر بىرى 3 گرام ، ئاق كرىستال تۇز 1.5 گرام ، بادام يېغى 6 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، بادام يېغى بىلەن نەمدەپ ھەب تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : جاراھەتلەرنىڭ سۈيىنى قۇرۇتۇش ، قان تازىلاش ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش ، ئىسسىتما چۈشۈرۈش ، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : چۈشتىن كېيىن تۈتىدىغان ئادەتلىك تەپ ۋە ھەر خىل جاراھەتلىك كېسەللىكلەرگە بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 دانىنى گاۋزەبان ئەرىقى بىلەن ئىچىلىدۇ .

## بەلغەم ياكى سەۋدادىن بولغان تەپكە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

### جۇللابى سەۋدا

تەركىبى : زەنجىبىل 60 گرام ، سانا ، فۇنۇس ھەر بىرى 30 گرام ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، قارا ھېلىيلە ھەر بىرى 9 گرام ، ئارپا بادىيان ، رۇمبادىيان ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ، پەرسىياۋشان ، نىلۇپەر ، گاۋزەبان ، قىزىلگۈل ، ئەفتىمۇن ، بەسفائىج ، ئۇستۇخۇدۇس ، كاسنى ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى قايناقسۇغا بىر كېچە چىلىغاندىن كېيىن قاينىتىپ سۈزۈپ ، ئۈچكە بۆلۈپ ئىچىلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سەۋدانى پەسەيتىدۇ . سەۋدادىن بولغان تۇرلۇك كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى : كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .

### مائۇششاھتەرەج

تەركىبى : ھۆل شاھتەررە مەلۇم مىقداردا ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ئاز مىقداردا .

ياسىلىشى : ھۆل شاھتەررىنى تازىلاپ ، سوقۇپ سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ ، ئۇنىڭغا تالغا زىيان قىلماسلىقى ئۈچۈن سېرىق ھېلىيلە پوستىدىن ئېلىپ سوقۇپ ئا-

رىلاشتۇرۇپ بىر كېچە تۇرغۇزغاندىن كېيىن سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : چىلان شەربىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار بىلەن بىللە ئىچسە قاندىن بولغان تەبلەرنى پەسەيتىدۇ . سىركەنجبىن ، ئەفتىمۇنى بىلەن ئىچسە سەۋدادىن بولغان تەب ۋە تېرە كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ . سىركەنجبىن بۇزۇرى ياكى سىركەنجبىن سادده بىلەن ئىچسە توسالغۇلارنى ئېچىپ قاننى تازىلايدۇ ، كۆيگەن (بۇ-زۇق ) ماددىلارنى يۇمشىتىش مەقسەت قىلىنسا تەرەنجبىن ، شەرخەستىلەر بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 30~60 م ل ئىچىلىدۇ .

### مائۇل ئۇسۇل ھۇمائى

تەركىبى : چىگسەي يىلتىزى پوستى ، باديان يىلتىزى پوستى ، ئىزخىر يىلتىزى ، پىرسىياۋشان ، رۇمباديان ھەر بىرى 30 گرام ، چىگسەي ئۇرۇقى ، ئارپا باديان ، مەستىكى ھەر بىرى 15 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ ، 2 لىتر سۇدا يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ ، سىقىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تەنقىيەدىن كېيىن بېرىلسە بەلغەمدىن بولغان تەپنى قالدۇرىدۇ . سۈيدۈك ھەيدەيدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەر ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ھەر قېتىمدا مائۇلئۇسۇلدىن 120 م ل ئېلىپ مۇۋاپىق مىقداردىكى گۈلقەنت بىلەن تەڭشەپ ئىچىلىدۇ .

### مەتبۇخى ئەفتىمۇن I

تەركىبى : تەرەنجبىن 100 گرام . قارا ئۆرۈك ، سېرىق ئۆرۈك ، فۇنۇس ھەر بىرى 60 گرام ، چىلان 36 گرام ، سەرپىستان ، ئۇششاق ئۈزۈم ھەر بىرى 30 گرام ، ئەفتىمۇن ، شاھتەررە ، بادىرەنجبۇيا ، پىرسىياۋشان ، گاۋزەبان ، سانا ، قارا ھېلىيلە ھەر بىرى 16 گرام ، كاسنى ئۇرۇقى 10 گرام ، رەۋەنچىنى 6 گرام ، بادام يېغى 10 گرام .

ياسىلىشى : ئەفتىمۇن ، سانا ، پونۇس ، تەرەنجبىنلەر بىر چىنە قايناقسۇغا ئايرىم چىلىنىدۇ . باشقا دورىلارنى 2.5 لىتر سۇغا چىلاپ 12 سائەتتىن كېيىن قايتىپ سۈزۈپ ،

يۇقىرىقى چىلانىما ۋە 100 گرام گۈلقەنت، 10 گرام بادام يېغىلارنى قوشۇپ بىر ئۆرلىتىپلا چۆشۈرۈلىدۇ. ئاخىرىدا 6 گرام رەۋەنچىنىنى ئۇنىدەك سوقۇپ دورىغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

تەسىرى: سەۋدانىڭ كۆيۈشىدىن بولغان تەبىئە بۇزۇق خىلتنى سۈرۈپ چىقىرىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: سەۋدادىن بولغان تەب كېسەللىكلىرىدە مۇنزىجدىن كېيىن سۈرگە سۈپىتىدە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 م ل دىن ئىچىلىدۇ.

## مەتبۇخى شاھتەرە II

تەركىبى: ئەنجۇر 15 گرام، شاھتەررە، گاۋزەبان، كاسنى، بىخسۇس، ئەفتىمۇن، سەرپىستان، كۆك ئۈزۈم ھەر بىرى 10 گرام، بەسفائىج 6 گرام، گۈلقەنت 30 گرام.

ياسىلىشى: قاتتىق دورىلارنى چالا سوقۇپ يۇمشاقلىرى بىلەن ھەممىنى بىرلىكتە 2 لىتر سۇغا 12 سائەت چىلاپ، قايناتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ گۈلقەنت سېلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: سەۋدادىن بولغان تەبىئە نورمالسىز خىلىتلارنى پىشۇرۇپ بەدەندىن چىقىرىشقا لايىقلاشتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: كۆن ئارىلاپ تۇتىدىغان قىزىتما (بەزگەك) كېسەللىكىدە سەۋدا خىلىتىنى پىشۇرۇش مەقسىتىدە بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پىشقان سوۋدا خىلتنى سۈرۈش ئۈچۈن قۇرسى بىنەپشە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 م ل ئىچىشكە بېرىلىدۇ. بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ 50 م ل بەرسە بولىدۇ.

## مەئجۇنى شەيب

تەركىبى: ھېلىيلە كابۇلى 200 گرام، سېرىق ھېلىيلە، ئامىلە، بېلىيلە، سىياھدان پوستى، تۇرۇنجى ھەر بىرى 100 گرام، قارا ھېلىيلە، قارامۇچ، فىلفىل ھەر

بىرى 60 گرام ، زەنجىبىل ، نارمىشكى ، لىچىندانە ، قاقلە ، كابابەچىنى ، بالادۇر ، ئوشەق ، ئۈزۈم ، قوغۇن مېغىزى ، تەرخەمەك مېغىزى ھەر بىرى 30 گرام ، ناۋات 2.5 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىپ ، ئۈزۈمنى سوقۇپ ، ناۋاتنى قىيام قىلىپ ھەممىنى ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى : نورمالسىزبەلغەم ۋە سەۋدا ماددىسىنى سۈرىدۇ . قان تازىلايدۇ . رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ . ماددىلىق ياكى ماددىسىز سەۋەبتىن بولغان چاچ ئاقىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

ئىشلىتىلىشى : رەئىس ئەزالارنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش ، ۋاقىتسىز چاچ ئاقىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچىلىدۇ .

### نۇقۇئى ئەينۇلا

تەركىبى : ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ، تەمرى ھىندى ھەر بىرى 60 گرام ، سېرىق ھېلىيلە پوستى 45 گرام ، سەرپىستان 30 دانە ، ئەينۇلا ، چىلان ھەر بىرى 20 دانە ، ئارپا باديان ، شاھتەررە ، رۇمىباديان ھەر بىرى 30 گرام ، قىزىلگۈل ، سانا ، گۈلبىنەپشە ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، كۈشۈش ھەر بىرى 21 گرام ، سۇ 4 لىتر .

ياسىلىشى : دورىلارنى سۇغا چىلاپ ئۈچ كۈنگىچە كۈندۈزى ئاپتاپتا ، كېچىسى ئىسسىق ئۆيدە تۇرغۇزغاندىن كېيىن سىقىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل تەبلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 120 م ل دورىنى 45 م ل سىركەنجىبىن ، 30 م ل بىنەپشە شەربىتى بىلەن ئىچىلىدۇ .

### ھەببى سەممىلفار 1

تەركىبى : ئاق كەتھىندى 50 گرام ، قىزىلگۈل بىلەن سەممىلفار 5 گرام .

ياسىلىشى : سەمملفارنى كۆشتە قىلىپ ئايرىم سوقۇپ ، ئاندىن باشقا دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن ۋاسالغۇ بىلەن 0.1 گراملىق ھەب قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : قىزىتما قايتۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان بەزگەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كېسەل تۇتۇشتىن بۇرۇن كۈندە بىر قېتىم بىر دانىدىن ئىچىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : باللارغا بېرىلمەيدۇ . ئاچچىق ـ چۈچۈك ، يەللىك نەرسىلەردىن ، ياغلاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ .

**ھەببى ھەجەرى ئەرمنى**

تەركىبى : سەبرى ، بەسىغائىج ھەر بىرى 8 گرام ، غارىقۇن 5 گرام ، ھەجەرى ئەرمنى ، قەلەمفۇر ، ئەفتىمۇن ھەر بىرى 3 گرام ، سەقمۇنيا 2 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ قايناقسۇ بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئارتۇق سەۋردا خىلتىنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

**ھەببى ھىلتىت**

تەركىبى : سېرىق ھېلىيلە پوستى ، غافەس ئۇسارىسى ھەر بىرى 6 گرام ، ھىلتىت 5 گرام ، قىنچا 3 گرام .

ياسىلىشى : سۇ بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەبكە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى : كۈندە 2 قېتىم ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

# يۈرەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياساملىرى

## ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياساملىرى

### ئەرىقى ئەبرىشىم

تەركىبى : قىرقىلغان پىلە 500 گرام ، بېدىمىشكى ، گاۋزەبان ، ئاق سەندەل ، نىلۇفەر ھەر بىرى 30 گرام ، قىزىلگۈل ، بادىرەنجبۇيا ھەر بىرى 15 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى تازىلاپ قاتتىقلىرىنى چالا سوقۇپ ، 7 لىتر قايناقسۇغا بىر كېچە چىلىغاندىن كېيىن پار قازىنىغا قۇيۇپ يۇمشاق ئوت بىلەن پارلاندۇرۇلىدۇ .
تەسىرى : مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش ، سۇيدۇكنى راۋان قىلىش ، قىزىتما پەسەيتىش ، ئىرۋا خىزمىتىنى ياخشىلاش ، تىنچلاندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان مېڭە ، يۈرەك ، جىگەر كېسەللىكلىرى ۋە ھەر خىل ئىرۋا كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 50 م ل ، كىچىك باللارغا 15~30 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### ئەرىقى بېدىمىشكى II

تەركىبى : ئېپار سۆگىتىنىڭ پوتلىسى (بېدىمىشكى ) 1 كىلوگرام ، سۇ 6 لىتر .
ياسىلىشى : دورىنى تازىلاپ پار قازىنىغا سېلىپ ، ئاجىزراق ئوت بىلەن قايىنتىپ ، 2 لىتر ئەتراپىدا پار سۈيى ئېلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : ھۆل سوغۇق .

تەسىرى : ئىسسىتما قايتۇرۇش ، سۈيدۈكنى راۋانلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە . باللاردىكى ئىسسىقتىن بولغان قىزىتمىغا ياخشى تەسىر قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان ھەر خىل يۈرەك كېسەللىكلىرى ، يۈرەك ئاجىزلىقى ، خەپەقان ۋە ھەر خىل قىزىتمىلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30~50 م ل ، باللارغا كېمەيتىپ بېرىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : تەسىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پىلە ، سەندەل ، قىزىلگۈل ، نېلۇفەرلەردىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشسىمۇ بولىدۇ . لېكىن بېدىمىشكى مىقدارىنى ئازايتىش لازىم .

## ئەرىقى گاۋزەبان I

تەركىبى : گاۋزەبان 1 كىلوگرام ، سۇ 6 لىتر .

ياسىلىشى : گاۋزەباننى تازىلاپ پار قازىنىغا سېلىپ ، سۇنى قۇيۇپ پەس ئوتتا قايىنىتىپ پار سۈيى ( ئەرەق ) ئېلىنىدۇ .

تەسىرى : مېڭە ، يۈرەك ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : يۈرەك تىترەش ، ئېغىش ۋە يۈرەك ئاجىزلىقى ، نېرۋا قوزغىلىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 20~50 م ل ئىچىلىدۇ .

## داۋائى خەپەقان بارىد

تەركىبى : گاۋزەبان 21 گرام ، گىلى ئەرمىنى ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ھەر بىرى 15 گرام ، كەھرىبا ، مارجان ، مەرۋايىت ، خام پىلە ، زەمچە ياكى تۇز ھەر بىرى 9 گرام ، فەرەنجىمىشكى ئۇرۇقى ، سەئىدى كوفى ، تاباشىر ھەر بىرى 6 گرامدىن ، كافۇر 2 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قەنت قىيامى بىلەن يۇغۇ-

روپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك تىترەشكە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىچىلىدۇ .

### داۋائى مىشكى ئەنبەرى بارىد

تەركىبى : مەرۋايىت ، گاۋزەبان گۈلى ، پىلە ، تاباشىر ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 9 گرام ، يۇمغاقسۈت ، ئاق سەندەل ، زىرىق ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، كاسنى ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام ، ياقۇت ، قاراسونا ئۇرۇقى ، ئەنبەر ھەر بىرى 5 گرام ، مارجان ، كەھرىبا ، ئالتۇن ۋەرەق ، كۈمۈش ۋەرەق ھەر بىرى 3 گرام ، بېدىمىشكى ، قىزىلگۈل ، نىلۇفەر ئەرەقلىرى مۇۋاپىق مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى يانجىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قەنت قىيامغا ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ ، ئىسسىقتىن بولغان تۈرلۈك يۈرەك كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### داۋائى مىشكى بارىد

تەركىبى : قىزىلگۈل ، تاباشىر ، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ، قىرقىلغان پىلە ، گاۋزەبان گۈلى ، مەرۋايىت ، كەھرىبا ، زىرىق ، بېھى ئۇرۇقى ، بىخ مارجان ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، ئاق سەندەل ھەر بىرى 15 گرام ، فوفەل ، گىل ئەرمىنى ، نىشاستە ھەر بىرى 9 گرام ، كۈمۈش ۋەرەق 6 گرام ، ئىپار 3 گرام ، ئەرىقى بېدىمىشكى ، قىزىلگۈل گۈلابى ھەر بىرى 100 م ل ، ئالما شەربىتى 40 م ل ، ئاق شېكەر 700 گرام .

ياسىلىشى : داۋائى مىشكى بارىدنى تەييارلاش بىلەن ئوخشاش .

تەبىئىيتى : سوغۇق .
تەسىرى : يۈرەك ، جىگەر ۋە مېڭىنى كۈچەيتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان خەپەقان ۋە ئايلىنىپ كېتىشكە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ھەر قېتىمدا 6~9 گرام ئىچىلىدۇ .

## جەۋارىش ئۇد تۇرۇش ئەكبەرى

تەركىبى : زەنجىبىل ، بادىيان ، فەرەنجىمىشكى ، گاۋزەبان ، زىرىق ، سەمغى ئەرەبى ، قەلەمفۇر ، مەستىكى ، سۇنبۇل ، گۇلدارچىن ، زەرنەپ ، جويۇز ، بەسباسە ، لېچىندانە ، زىراۋەند ، دارچىن ، زەپەر ، ئىپار ، كافۇر ھەربىرى تەڭ مىقداردا ، ئالما شەربىتى ، ئەينۇلا شەربىتى ، ھەسەل 2 ھەسسە .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يۈرەك ، جىگەر ، ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## خېمىرى بىنەپشە

تەركىبى : بىنەپشە 8 گرام ، ئاق شېكەر 30 گرام .
ياسىلىشى : شېكەرنى قىيام قىلىپ ئۇنىڭغا سوقۇپ تەييارلانغان بىنەپشىنى سېلىپ خېمىر قىلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : سوغۇق .
تەسىرى : نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ ، كۆكرەكنى خۇش قىلىدۇ ، سەپرانى پەسەيتىدۇ ، قەۋزىيەتنى بوشىتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : يۈرەك قوزغىلىش ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىش ، خەپەقان ، بۆرەك ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە بىر قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 گرام ئېلىپ گاۋزەبان ئەرەقى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## خېمىرى سەندەل

تەركىبى : ئاق سەندەل (گۈلابتا سۇزۇپ قۇرۇتۇلغان تالقىنى) ، گاۋزەبان گۈلى ، قىرقىلغان پىلە ھەر بىرى 10 گرام ، زەپەر 1.5 گرام ، گۈلاب ، بېدىمىشكى ئەرەقى ھەر بىرى 10 م ل ، قەنت 170 گرام .

ياسىلىشى : ئەرەقلەر بىلەن قەنتنى قىيام قىلىپ ، قالغان دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : يۈرەكنى تىنچلاندۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : يۈرەك تىترەش ۋە قالايمىقان سېلىشقا بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە بىر قېتىم ، تاماقتىن كېيىن 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## خېمىرى گاۋزەبان I

تەركىبى : گاۋزەبان ، ئاقلانغان يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ، قىرقىلغان پىلە غوزىسى ، ئاق بەھمەن ، بالەنگۇ ئۇرۇقى ، ئىككەلەنگەن ئاق سەندەل ، فەرەنجمىشكى ھەر بىرى 9 گرام ، ئەنبەر 1.5 گرام ، كۆيدۈرۈلگەن مەرۋايىت ، ئىپار ھەربىرى 0.75 گرام ، ناۋات 360 گرام .

ياسىلىشى : ئىپار ، ئەنبەر ، مەرۋايىتلاردىن باشقا دورىلارنى چالا سوقۇپ بىر لىتر سۇغا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلىغاندىن كېيىن $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قاينىتىپ سۈزۈپ ، ناۋات سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ . قىيام يىلمان ھالەتكە كەلگەندە ، يۇمشاق سوقۇپ تاسقاپ تەييارلانغان ئىپار ، ئەنبەر ، مەرۋايىتلارنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل سوغۇق .

تەسىرى : مېڭە ۋە يۈرەكنى كۈچەيتىدۇ ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : مېڭە ، يۈرەك كېسەللىكلىرى جۈملىدىن نېرۋا ئاجىزلىق ، خەپەقان ، تۇتقاقلىق ، ئايلىنىپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا تاماقتىن كېيىن 1.5

گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### خېمىرى گاۋزەبان I

تەركىبى : گاۋزەبان ھىندى 30 گرام ، گاۋزەبان گۈلى 16 گرام ، بادرەنجبۇيا 7.5 گرام ، قىزىلگۈل ، ئاق سەندەل ، سۇنبۇل ، ئۆشنە ھەر بىرى 5 گرام ، زەرىرە 3 گرام ، ئىپار 1.5 گرام ، كافۇر 1 گرام .

ياسىلىشى : كېيىنكى 3 خىل دورىدىن باشقىلىرىنى 300 م ل گۈلاب ، 500 م ل ساپ سۇغا چىلاپ قايناتىپ ، سۈزۈپ 300 گرام قەنت بىلەن قىيام قىلىپ بۇ 3 خىل دورا قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : سوغۇق .

تەسىرى : مېڭە ۋە يۈرەكنى كۈچەيتىش تەسىرىگە ئىگە ، يۈرەك قالايمىقانلىشىش ۋە يۈرەك خاراكتېرلىك ئايلىنىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : مېڭە ، يۈرەك كېسەللىكلىرىدە يۇقىرىقى مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ھەر قېتىمدا 30 گرام ئېلىپ ئەرىقى بېدىمىشكى ۋە گۈلاب بىلەن ئىچىلىدۇ .

### خېمىرى مەرۋايىت

تەركىبى : قىرقىلغان پىلە غوزىسى ، تېشىلمىگەن مەرۋايىت ھەر بىرى 10 گرام ، ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ، كاسنى گۈلى ، فەرەنجمىشكى ، گاۋزەبان ، بادرەنجبۇيا ئۇرۇقى ، كاسنى ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام ، ئىپار ، ئەنبەر ھەر بىرى 1 گرام ، گۈل ئەرىقى ، گاۋزەبان ئەرىقى ھەر بىرى 10 م ل ، ئالما شەربىتى ، ئامىلە مۇرابباسى ھەر بىرى 100 م ل ، ناۋات 200 گرام .

ياسىلىشى : مەرۋايىت گۈلاب ۋە گاۋزەبان ئەرىقىدە سالايە قىلىنىپ ئۆپىدەك يۇمشاق سوقۇلىدۇ ، قالغان دورىلارنىمۇ يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ . ناۋاتنى گۈلاب بىلەن قىيام قىلىپ ئۈستىدىن سەربەت ، مۇراببالارنى قويۇپ ، دورىلار تالقىنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر قىلىنىدۇ .

تەسىرى : رەئىس ئەزالارنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ . يۈرەك ، نېرۋىلار

خىزمىتىنى نورماللاشتۇرىدۇ .
تەبىئىيتى : سوغۇق .
ئىشلىتىلىشى : يۈرەك ، مېڭە ، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە كەچتە 1 گرام ئىچىلىدۇ .

## زىمادى مۇبەررىد

تەركىبى : ئاق سەندەل ، كافۇر ، گۈلاب مەلۇم مىقداردا .
ياسىلىشى : ئاق سەندەلنى گۈلاب بىلەن سۈرۈپ ئاز مىقداردا كافۇر ئارىلاشتۇرۇپ زىماد تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يۈرەكتىكى ئارتۇق هارارەت ۋە قىزىقلىقنى پەسەيتىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : سىرتتىن يۈرەك ساھەسىگە چاپلىنىدۇ .

## سۇفۇفى بارىد

تەركىبى : گىلى ئەرمىنى ، يۇمغاقسۈت ھەر بىرى 12 گرام ، تاباشىر ، كەھرىبا ھەر بىرى 6 گرام ، كافۇر 2 گرام .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يۈرەكنىڭ ئىسسىقتىن بولغان قالايمىقان سوقۇشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 3 ~ 9 گرام ئېلىپ قېتىق بىلەن ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى ئەبرىشىم

تەركىبى : سېرىق خام پىلە توغرالمىسى 100 گرام ، گاۋزەبان 16 گرام ، بادىرەنجبۇيا ، قىرقىلغان پىلە تالقىنى ھەر بىرى 10 گرام ، فەرەنجىمىشكى ، مەرۋايىت ھەر بىرى 3 گرام ، كەھرىبا ، ئاق سەندەل ، ئۇد ھىندى ، مەستىكى ، ئىپار ، ئەنبەر ھەر بىرى 1.5 گرام ، داغمال سۈيى 2.5 لىتر ، ھەسەل 200 م ل ، گۈلاب 120 م ل ، ئاق ناۋات 200 گرام .
ياسىلىشى : پىلە توغرالمىسىنى داغمال سۈيىگە بىر كېچە چىلىغاندىن كېيىن

750 م ل قالغىچە قايىنتىلىدۇ. گاۋزەبان بىلەن بادىرەنجبۇيىنى ئايرىم قايىنتىپ سۈزۈپ قوشۇپ، ئۈستىدىن ھەسەل، ناۋات، گۈلابلارنى قويۇپ قايىنتىپ قىيام قىلىنىدۇ. قالغان دورىلارنىڭ سوقىدىغانلىرىنى سوقۇپ، سالايە قىلىدىغانلىرىنى سالايە قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: يۈرەك، مېڭە ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئىشلىتىلىشى: خەپەقانغا، يۈرەك ۋە مېڭە ئاجىزلىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 15 — 30 م ئېلىپ مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەرىقى گاۋزەبان، ئەرىقى بېدىمىشكلار بىلەن ئىچىلىدۇ.

### شەربىتى مۇفەررىھى مۆتىدىل

تەركىبى: خام پىلە، گاۋزەبان ھەر بىرى 23 گرام، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى 12 گرام، ئاق سەندەل، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، دورنەج ئەقرەبى، رەيھان ئۇرۇقى، بادىرەنجبۇيا ئۇرۇقى ھەر بىرى 9 گرام، قىزىلگۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېچەكى 6 گرام، ئۇد ھىندى 3 گرام، قەنت 600 گرام، سۇ 1.2 لىتر.

ياسىلىشى: دورىلارنى چالا سوقۇپ بىر سوتكا سۇغا چىلىغاندىن كېيىن $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قايىنتىپ سۈزۈپ، قەنت سېلىپ قىيام قىلىپ سوۋۇتۇلىدۇ. بېھى لۇئابى، قىيمىقۇ لۇئابلارنىڭ ھەر بىرىدىن 150 م ل، گاۋزەبان سۈيىدىن 45 م ل قوشۇپ، يەنە ئازراق قايىنتىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەقلەرنىڭ ھەر بىرىدىن 10 دانە، لاجىۋەرد تېشى، ھەجەرى ئەرمىنى، مەرۋايىتلارنىڭ ھەر بىرىدىن 3 گرام، زەپەردىن 1.5 گرام ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ھەر خىل يۈرەك كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ئەھۋالغا قاراپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

### مۇفەررىھى بارىد قەلبى

تەركىبى: سېمىز ئوت ئۇرۇقى 45 گرام، ئۇرۇقىدىن ئايرىلغان زىرىق 18 گرام،

تەرخەمەك مېغىزى ، قاپاق مېغىزى ھەر بىرى 12 گرام ، قىزىلگۈل ، تاباشىر ، ئاق بەھمەن ، گاۋزەبان ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ، ئاق سەندەل ھەر بىرى 3 گرام ، ئېشىلمىگەن مەرۋايىت ، كەھرىبا ، زەپەر ، كافۇر ھەر بىرى 2 گرام ، قەنت 300 گرام ، بېدىمۇشكى ئەرىقى مەلۇم مىقداردا ، ئالما سۈيى 150 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قەنتنى ئەرىقى بېدىمۇشكى ۋە ئالما سۈيى بىلەن قىيام قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك كېسەللىكلىرى ۋە يۈرەك ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 3 ~ 6 گرام ئىستېمال قىلىدۇ .

### مۇفەررىھى دىلكۇشا بارىد

تەركىبى : تەرەنجىبىن 120 گرام ، زىرىق ، بېھى ئۇرۇقى ھەربىرى 30 گرام ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى 24 گرام ، ئاق سەندەل ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ھەر بىرى 6 گرام ، تاباشىر ، ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ، قىزىلگۈل ، مارجان ، كەھرىبا ، تېشىلمىگەن مەرۋايىت ، پىستە پوستى ھەر بىرى 3 گرام ، ئالتۇن ۋەرەق ، كۈمۈش ۋەرەق ھەر بىرى 2 گرام ، قەنت 560 گرام .

ياسىلىشى : قەنت بىلەن تەرەنجىبىننى قىيام قىلىپ ، قالغان دورىلارنى تالقانلاپ ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان يۈرەك كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مۇفەررىھى زۇمۇررەدى بارىد

تەركىبى : گۈلابتا چىلانغان ئامىلە ، ئاق خەشخاش ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ھەربىرى 60 گرام ، بېھى ئۇرۇقى ، قاپاق مېغىزى ، تەرخەمەك مېغىزى ، گىلى مەختۇم ، پىلە ، ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ، نارجىل ، گاۋزەبان گۈلى ، پادى زەھرى ، تاباشىر ھەر بىرى 15 گرام ، زىرىق شىرىسى ، ئاقلانغان قارا سونا ئۇرۇقى ،

نـىشـاسـتـه ، قىزىلگۈل ، كۈنجۈت ، نىلۇفەر ، زۇمرەت ، كۈمۈش ۋەرەق ھەر بىرى 6 گرام ، ئەنـبـەر 3 گرام ، كافۇر ، ئىپار 2 گرام ، تەرەنجىبىن شىرىسى ، شىرخىشت ، ئالما شەربىتى 1.2 لىتر .

يـاسـىـلىشى : دورىلار تالقىنىنى تەرەنجىبىن ، شىرخىش ، ئالما شەربىتى بىلەن قىـلىنغان قىيامدا يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تـەسـىـرى ۋە ئىشلـىـتـىـلىشى : ئىسسىقتىن بولغان كۆپ خىل كېسەللىكلەرگە مەنـپەئەت قـىـلـىـدۇ . جىگەر مىزاجىنى ياخشىلايدۇ . باشقۇرغۇچى مىزاجىنى تەڭشەيدۇ ، ئىسسىقتىن بولغان نەزلىنى يوقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .

## مۇفەررىھى سەغىر بارىد

تـەركـىـبـى : قـۇرۇق يۇمغاقسۈت 6 گرام ، قىزىلگۈل ، تاباشىر ھەر بىرى 3 گرام ، كافۇر 1 گرام ، ئالما شەربىتى ياكى قۇمچاق يوتقىنى لۇئابى 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، شەربەت ياكى لۇئابتا يۇغۇرۇلىدۇ .

تـەسـىـرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مېڭىگە سىڭـىـىق بۇخارات ۋە سەۋدا ئۆرلىشىنى تو- سـىـدۇ . ئىـسـسىقتىن بولغان يۈرەك تەۋرەشنى يوقىتىدۇ . يۈرەك ۋە ئاشقازاندىكى ئارتۇق ھارارەتنى پەسەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مۇفەررىھى سەندەلىيىن

تـەركـىـبـى : ئاق سـەنـدەلـنىڭ گۈلاب سۈرۈلمىسى 31 گرام ، قىزىل سەندەلنىڭ گۈلاب سۈرۈلمىسى 16 گرام ، تېشلىمگەن مەرۋايىت ، راست مارجان ، تاباشىر ، ئاقلانغان سـېـمىز ئوت ئۇرۇقى ، قـورۇلـغـان يـۇمـغاقسۈت ئۇرۇقى ، پىستىنىڭ سىرتقى پوستى ، مـەسـتـىكى رۇمى ، زەفەر ھەر بىرى 6 گرام ، ئىپار 1.5 گرام ، تۇرۇنجى (جۇيزە) سۈيـى 150 م ل ، گـۈلاب 100 م ل ، ئاق شېكەر 600 گرام .

ياسىلىشى : قەنتنى گۈلاب ۋە تۇرۇنجى سۈيى بىلەن قىيام قىلىپ ، دورىلارنى قائىدە بويىچە تالقان قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇلىدۇ .

تەبىئىيتى : سوغۇق .

تەسىرى : كۆڭۈلنى ئېچىش ، يۈرەكنى سالقىنلىتىپ ، خەفەقان ۋە يۈرەك ئاجىز-لىقىنى داۋالاش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : خەفەقان ۋە باشقا يۈرەك كېسەللىك ـ ىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 10 ــ 16 گرام ئىچىلىدۇ .

## مۇفەررىھى ياقۇتى مۆتەدىل

تەركىبى : تېشىلمىگەن مەرۋايىت ، زەپەر ، گاۋزەبان ، مەستىكى ، بىخ مارجان ، دارچىن ، پىلە تالقىنى ، پوستى تۇرۇنجى ، كەھرىبا ، ئاق بەھمەن ، زور نىباد ، ئۆشنە ، قاپاق مېغىزى ئەز پارەتىتىپ ، تازىلانغان زىخ ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، فەرەنجمىشكى ، تاباشىر ، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ھەر بىرى 6 گرام ، ئاق سەندەل گۈلاب سۈرۈل-مىسى ، ئۇد غەرقى ، دورنەج ئەقرەبى ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 10 گرام ، ئەنبەر ، قاقىلە لېچىندانە ھىندى ، كۈ ئىش ۋەرەق ، تىللا ۋەرەق ، گىلى مەختۇم ، يۇيۇلغان لاجۋەرد ، گىل ئەرمىنى ، گۈلدارچىن ، سۇنبۇل ، نارمىشكى ھەر بىرى 3 گرام ، لەيلى بەدەخشان ، ياقۇتى رۇممانى (ئانارسىمان ياقۇت ) ، بادرەنجبۇيا ئۇرۇقى ھەربىرى 3 گرام ، ئىپار ، 1.5 گرام ، هومماز شەربىتى ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل پۈتۈن دورىلارنىڭ باراۋىرىدە .

ياسىلىشى : ئادەتتىكى مەئجۇن ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ . ئەھۋالغا قاراپ بەزىدە شەربىتى هومماز ئورنىغا شەربىتى فەۋاكىھ ، ھەسەل ئورنىغا ئاق ناۋات سېلىپ تەييارلاشقىمۇ بولىدۇ .

تەبىئىيتى : سوغۇق .

تەسىرى : مېڭە ۋە يۈرەكنى كۈچەيتىپ ۋە خىزمىتىنى ياخشىلاپ ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل نېرۋا ۋە مېڭە كېسەللىكلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 ـ 9 گرام يەيدۇ .

# سوغۇقتىن بولغان يۇرەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياساملىرى

## ئەرىقى پودىنە

تەركىبى : پودىنە 1 كىلوگرام ، سۇ 6 لىتر .

ياسىلىشى : دورىنى پاكىزلاپ تاسقاپ پار قازاندا 6 لىتر سۇ بىلەن سۇس ئوتتا قاينىتىپ پارلاندۇرۇپ ئەرەق چۈشۈرۈلىدۇ .

تەبىئىيتى : ئىسسىق .

تەسىرى : يۇرەك ، مېڭە ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ، يۇرەك ، ئۆپكە ، مېڭە ، چىش ، ئاجىزلىقى ھەمدە خانازىر ، گال ئاغرىش قاتارلىقلارغا بېرىلىدۇ . قۇرت چۈشۈرىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 20 ~ 30 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ . بالىلارغا مىقدارى ئازايتىلىدۇ .

## ئەرىقى گاۋزىبان I

تەركىبى : گاۋزىبان 1 كىلوگرام ، سۇ 6 لىتر .

ياسىلىشى : دورىنى بىر قېتىم تاسقاپ پاكىزلاپ ، پار قازانغا سېلىپ ، 6 لىتر سۇ قۇيۇپ سۇس ئوتتا پارغا ئايلاندۇرۇپ ئەرەق چۈشۈرۈلىدۇ .

تەبىئىيتى : ئىسسىق .

تەسىرى : تىنچلاندۇرۇش ، يۇرەك ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل نېرۋا ئاجىزلىقى ، خەپىقان ، تۇتقاقلىق ، مېڭە كېسەللىكلىرى ، ساراڭ ، يۇرەك ، جىگەر ، ئۆپكە كېسەللىكلىرى ، گال كېسەللىكلىرىگە

ئىشلىتىلىدۇ.
مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم 1 ~ 5 ياشتىكىلەرگە 10 ~ 15 م ل، 5 ~ 10 ياشتىكىلەرگە 15 ~ 20 م ل، چوڭلارغا 25 ~ 50 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ.

### جەۋارىش ئۇدمىشكى

تەركىبى: زەپەر، باسباسە، زەنجىبىل ھەر بىرى 45.5 گرام، ئۇد ھىندى، سۈنبۇل، سۈنبۇل رۇمى مەستىكى، قەلەمفۇر، لاچىندانە، جويۇز ھەر بىرى 9 گرام، ھېلىيلە كابۇلى پوستى، گۈلدارچىن، چىگسەي ئۇرۇقى، رۇمبادىيان، تۇرۇنج پوستى، زورەنباد، بادىرەنجبۇيا ھەر بىرى 5 گرام، ئىپار 1.5 گرام، قەنت بىر يېرىم ھەسسە.
ياسىلىشى: دورىلارنى چالا سوقۇپ قەنت بىلەن قىيام قىلىپ ياسىلىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: يۈرەك سېلىش، نەپەس سىقىلىش، جىگەر ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. ئاشقازاننى كۈچەيتىپ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ. بەدەندىكى ئارتۇق سۇيۇقلۇقنى يوقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~ 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### داۋائى سەندەل

تەركىبى: ئاق سەندەل، فىلفىل، گاۋزەبان، بادىرەنجبۇيا، قىزىلگۈل، ھېلىيلە، بەلىيلە، ئامىيلە، فەرەنجمىشكى، دارچىن، ئۈشنە تەڭ مىقداردا، ھەسەل 2 ھەسسە.
ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: خەپقان، مالىخۇلىيا، كۆپ تەرلەش ۋە تۈرلۈك يۈرەك كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىنىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### داۋائى مشكى تەلخ

تەركىبى: مەستىكى، ئۇد خام، پوستى تۇرۇنجى، دارچىن، قەلەمفۇر، سۇنبۇل، بوزۇۋا، كابابەچىنى، قاقىلە، لىچىندانە، سەئىدى كوفى، ئىزخىر، بادىرەنجبۇيا ئۇرۇقى، فەرەنجمىشكى ئۇرۇقى، نەمام ئۇرۇقى، مەرۋايىت، مەرزەنجۇش ئۇرۇقى، بىخ مارجان، ئەفسەنتىن رۇمى، كەھرىبا، قىرقىلغان پىلە، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن ھەر بىرى 30 گرام، ئىپار 15 گرام، ئاق شېكەر 1.3 كىلوگرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى تالقانلاپ شېكەرنى 30 م ل ھېلىيلە كابۇلى قايىنتىلمىسىدا قىيام قىلىپ يۇغۇرۇلىدۇ ياكى ھېلىيلە كابۇلى مۇرابباسىدا يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: ئىسسىق.

تەسىرى: مېڭە، يۈرەك، جىگەر قاتارلىق رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: ئايلىنىپ كېتىش، يۈرەك ئاجىزلىقىدىن بولغان يۈرەك تىترەش، قورۇق ھۆ بولۇش، ئاشقازاننىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### داۋائى مشكى شىرىن

تەركىبى: تېپشىلمىگەن مەرۋايىت، كەھرىبا، بىخ مارجان، قىرقىلغان پىلە، زورنىباد، دورنەج ئەقرەبى، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، سۇنبۇل، قاقىلە، قەلەمفۇر، سازەج ھىندى، ئۆشنە، شاخ مارجان ھەر بىرى 16 گرام، سەدەپ، زەپەر ھەر بىرى 10 گرام، قۇندۇز قەھرى، ئىپار، فىلفىل، زەنجىبىل ھەر بىرى 6 گرام، ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەق ھەر بىرى 50 دانە، ئەنبەر 3 گرام، ناۋات 160 گرام، ھەسەل 500 م ل، ئانار شەربىتى، ئەبرىشىم شەربىتى ھەر بىرى 200 م ل.

ياسىلىشى: بىخ مارجان، شاخ مارجان، سەدەپلەرنى چۆمۈچكە سېلىپ رەڭگى ئۆزگەرگەنگە قەدەر ئوتتا قويۇپ كۆيدۈرۈلىدۇ ھەمدە سوقۇپ رەختتىن ئۆتكۈزۈپ قالغان

دورىلارنى تالقانلاپ بىرلەشتۈرۈلىدۇ. ناۋاتنى قىيام قىلىپ ئۈستىدىن ھەسەلنى ئارىلاش-تۇرۇپ ئانار شەربىتى، ئەبرىشىم شەربەتلىرىنى قوشۇپ پەس ئوتتا ئېرىتىلىدۇ. ئازراق سوۋۇغاندىن كېيىن ئاۋۋال ۋەرەقلەرنى، ئاندىن زەپەر، ئۇندىن كېيىن ئىپار قوشۇپ قوچۇلىدۇ. ئارقىدىن قۇندۇز قەھرى ۋە باشقا دورىلار تالقىنىنى قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئەنبەر ۋە ئىپار بىللە سىلىنىسمۇ بولىدۇ. يۇغۇرۇپ بولغاندىن كېيىن چىنە قاچىغا ئېلىپ ئۈستىدىن 10 دانە ۋەرەقنى (يۇقىرىقى ۋەرەقتىن ئېلىپ قېلىنسا بولىدۇ) سېلىپ 45 كۈن تۇرغۇزۇلىدۇ.

تەبىئىيتى: ئىسسىق.

تەسىرى: رەئىس ئەزالارنى ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى پەسەيتىش، كۆڭۈلنى ئېچىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: يۈرەك ئاجىزلىقى، يۈرەك سېلىش ۋە تىترەش، ئاشقازان ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا بېرىلىدۇ. تىنچلاندۇرۇش، چىرايىنى ياخشىلاش، ھامىلىدارلار ۋە باللار-دىكى بەدەن ئاجىزلىق، يۆتەل، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرۇشلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: 1 — 6 ياشقىچە بولغان باللارغا 1 گرام، 10 ياشتىن يۇقىرىلارغا ئەھۋالغا قاراپ 3 گرامغىچە، تاماقتىن 2 سائەت بۇرۇن ئىستېمال قى-لىشقا بېرىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: قىزىتمىلىق كېسەللەرگە ۋە زۇكامغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

### داۋائى مشكى مور

تەركىبى: ئەفسەنتىن رۇمى، سەبرى ھەر بىرى 24 گرام، جۇڭگو رەۋىنى 18 گرام، جوۋىنە، زەپەر، چىگسەي ئۇرۇقى ھەر بىرى 12 گرام، سۇنبۇل، ئىپار، سازەج ھىندى، مۇرمەككى ھەر بىرى 6 گرام، قۇندۇز قەھرى 5 گرام، ھەسەل 3 ھەسسە.

ياسىلىشى: زەپەردىن باشقا دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن زەپەر سېلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان يۈرەك تەۋرەش، گال ئىششىقى،

ئاشقازاندىكى كېرەكسىز خىللىكلەرنى قۇرۇتۇش ، ئاشقازان ، ئۈچەي يەللىرىنى يوقىتىش ، بالىلاردىكى تەن ئاجىزلىقتا مەنپەئەت قىلىش تەسىرىگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## داۋائى مىشكى مۆتىدىل II

تەركىبى : مەرۋايىت ، مارجان ، كەھرىبا ، دۇرنەج ئەقرەبى ، پىلە تاللىقنى ، زورنەباد ، ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ھەر بىرى 16 گرام ، ئەنبەر 3 گرام ، قەلەمفۇر ، ئۆشنە ، سۇنبۇل ، لىپچىنىدانە ، سازەج ھىندى ، دارچىن ، زەپەر ، مەستىكى ، تاباشىر ، ئاق سەندەل ، قىزىل سەندەل ، ئىپار ھەر بىرى 1.5 گرام ، ناۋات 60 گرام ، ھەسەل 150 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ناۋاتنى قىيام قىلىپ ھەسەلنى ئارىلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تالقان دورىلارنى تۆكۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : يۈرەك ، مېڭە ، جىگەر ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : مېڭە ، يۈرەك ، جىگەر ئاشقازان ئاجىزلىقى ، يۈرەك تىترەش ، ئايلىنىپ كېتىش ۋە بەلغەم ، سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 1 — 5 ياشقىچە بولغان بالىلارغا 1 گرام ، 5 — 10 ياشقىچە بولغانلارغا 2 گرام ، 10 ياشتىن يۇقىرىقىلارغا 3 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## داۋائى مىشكى ھۆلۋۇ

تەركىبى : ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ، سۇنبۇل ، قاقىلە ، قەلەمفۇر ، سازەج ھىندى ، ئۆشنە ھەر بىرى 5 گرام ، مەرۋايىت ، كەھرىبا ، مارجان ، قىرقىلغان پىلە ، زورنەباد ، دورنەج ئەقرەبى ھەر بىرى 3 گرام ، ئىپار ، فىلفىل ، زەنجىبىل ، قۇندۇز قەھرى ھەر بىرى 2 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : ئىپاردىن باشقا دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن ئىپار سىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : يۈرەك ئاجىزلىقى ھەمدە سەۋدادىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ . رەڭگى روينى تۈزەيدۇ .

ئىشلىتىشى : يۈرەك تىترەش ، خىيالپەرەستلىك . قان ئازلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 4 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### رەۋغىنى دەجاج

تەركىبى : توخۇ ئېھتىياجغا لايىق مىقداردا .

ياسىلىشى : توخۇنى سويۇپ ، يېغىنى ئېلىپ ، ئوت ياكى ئاپتاپتا ئېرىتىپ چىگىرتىكىدىن ئايرىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ئىسسىق .

تەسىرى : خەفەقانىنى پەسەيتىش ، تېرىلەرنى يۇمشىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : خەفەقان ، ھەر خىل كونا جاراھەتلەر ، كۆيۈك ھەم بەدەن سارغىيىش قاتارلىقلارغا بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىچ ياكى سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ .

### شەربىتى ئەبرىشىم مۇقەۋۋى

تەركىبى : پىلە 900 گرام ، دارچىن ، كۆمۈش ۋەرەق ھەر بىرى 9 گرام ، لېچىندانە ، قەلەمفۇر ، ئۇد ھىندى ، سەزەج ھىندى ھەر بىرى 4.5 گرام ، مەستىكى ، جويۇز ، سۇنبۇل ، بەسباسە ، زەپەر ، ئالتۇن ۋەرەق ھەر بىرى 3 گرام ، ئىپار بىر يېرىم گرام ، گاۋزەبان ئەرىقى ، بېدىمىشكى ئەرىقى ، شاھتەررە ئەرىقى ھەر بىرى 1.8 لىتىر ، ئالما سۈيى ، بېھى سۈيى ، ئامۇت سۈيى ، ئانار سۈيى ھەر بىرى 600 م ل ، ھەسەل 600 م ل ، قەنت 1.8 كىلوگرام .

ياسىلىشى : پىلىنى ئەرەق ۋە مېۋىلەر سۈيىگە بىر سوتكا چىلىغاندىن كېيىن يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ ، سىقىپ سۈزۈۋېتىپ ، سوقۇشقا تېگىشلىك دورىلارنى چالا

سوقۇپ خالتىغا قاچىلاپ مەزكۇر سۇزۇلمىگە سېلىپ يەنە قاينىتىلىدۇ . قايناپ يېرىمى قالغاندا خالتىنى ئېلىپ سىقىپ سۇزۇپ ، قەنت ھەسەللەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قىيام قىلىنىدۇ . قىيام بىر ئاز سوۋۇغاندىن كېيىن سوقمايدىغان قىممەتلىك دورىلارنى ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : سەۋدا ماددىلىرىنى پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : مالىخولىيا ، خەفەقان كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدار ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى بادىرەنجبۇيا

تەركىبى : گاۋزەبان 90 گرام ، بادىرەنجبۇيا ئۇرۇقى ، كاسنى ئۇرۇقى ، فەرەنجىمىشكى ھەر بىرى 60 گرام ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى 30 گرام ، باديان ، بەسفائج ھەر بىرى 21 گرام ، شېكەر 720 م ل ، تاتلىق ئالما سۈيى 660 م ل ، گۇلاب 18 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ ، گۇلاپ ۋە ئالما سۈيىدە $\frac{1}{3}$ قالغىچە قاينىتىپ سۇزۇپ سۈيىگە شېكەر سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ .

تەسىرى : مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش ، مېڭە ۋە جىگەردىكى توسالغۇلارنى ئېچىش ، ئىششىق ياندۇرۇش ، سەۋدانى سۈرۈش ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : سەۋدانىڭ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىشى ، مېڭە ، يۈرەك ئاجىزلىقى ، سوغۇقتىن بولغان خەفەقان ۋە باشقا يۈرەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 4 قوشۇق ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى سەندەل

تەركىبى : ئۆتكۈر پۇراقلىق ئاق سەندەل 300 گرام ، شېكەر ياكى قەنت مۇۋاپىق مىقداردا .

ياسىلىشى : سەندەلنى سوقۇپ چىلاشقۇدەك گۇلابقا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ سۈرۈلىدۇ ، سەندەلنى يەنە مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن تەمى چىققانغا قەدەر قايناتقان

دىن كېيىن، ئۇنىڭغا يۇقىرىقى گۇلاب سۈيىنى قوشۇپ شېكەر سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ.
تەبىئىيتى: قۇرۇق سوغۇق.
تەسىرى: يۈرەكنى كۈچەيتىدۇ، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ، يۈرەك قوزغىلىشنى پەسەيتىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: ئىسسىقتىن بولغان خەپقان (يۈرەك سېلىش)، جىگەر، ئاشقازان ۋە ئۈچەي كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 ~ 12 م ل ئىچىلىدۇ.

### شەربىتى سۈنبۈل I

تەركىبى: سۈنبۈل 200 گرام، شېكەر 2 كىلوگرام.
ياسىلىشى: سۈنبۈلنى چالا سوقۇپ 3 لىتر سۇغا بىر سوتكا چىلاپ 1500 م ل سۈيى قالغىچە قاينىتىپ، تەمى چىققاندىن كېيىن سۈنبۈلنى سۈزۈپ ئېلىۋېتىپ شېكەر سېلىپ پۈتۈن دورا سۈيى 1 لىتر قالغىچە سۇس ئوتتا قاينىتىپ قىيام قىلىنىدۇ.
تەبىئىيتى: ئىسسىق.
تەسىرى: يۈرەك قۇۋۋەتلەش، نېرۋا پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: ھەر خىل نېرۋا ۋە يۈرەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا بالىلارغا 3 ~ 4 م ل، چوڭلارغا 8 ~ 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ.

### شەربىتى گاۋزەبان ئەنبىرى

تەركىبى: بېدىمىشكى 150 گرام، گاۋزەبان گۈلى، گاۋزەبان يايپرىقى ھەر بىرى 30 گرام، قىزىلگۈل، ئاق سەندەل ھەر بىرى 15 گرام، ئەنبەر 3 گرام، مەرۋايىت قىزىلگۈل، قىزىل ياقۇت، مارجان، كەھرىبا، تاباشىر، ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەق ھەربىرى 1.5 گرام، گۇلاب 300 م ل.
ياسىلىشى: دورىلارنى گۇلابقا سېلىپ 600 م ل سۇ قوشۇپ بىر سوتكا چىلىغاندىن

كېيىن $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قاينىتىپ سۈزۈپ، ئۈستىدىن 150 م ل دىن كاسنى ئۇرۇقى ئەرىقى، ئانار، سۈيى ۋە 600 گرام قەنت قوشۇپ قىيام قىلىنىدۇ. قىيام سوۋۇغاندىن كېيىن ئەنبەر، مەرۋايىت، قىزىلگۈل، قىزىل ياقۇت، مارجان، كەھرىبا، تاباشىر، ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەقلارنىڭ سوقىدىغانلىرىنى سوقۇپ، سالايە قىلىدىغانلىرىنى سالايە قىلىپ قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: يۈرەكنى كۈچەيتىپ ئومۇمىي بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئىشلىتىلىشى: يۈرەك تىترەش، كەم ماغدۇرلۇق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ئەگەر بىماردا ھارارەت يۇقىرى بولسا ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ. 3 گرام كافۇر، 1.5 گرام زەپەر قوشۇپ نىلۇفەر ئەرقى بىلەن ئىچىلىدۇ. ئەگەر يۆتەل بولسا تۇرۇنج سۈيى ياكى ئانار سۈيى ياكى تەمرى ھىندى سۈيى بىلەن، زادى بولمىسا زىرىق سۈيى بىلەن قوشۇپ ئىچىلىدۇ.

### گۈلقەنتى پىننە

تەركىبى: پىننە 1 كىلوگرام، شېكەر 4 كىلوگرام.

ياسىلىشى: ھۆل پىننىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ئېلىپ ئۇنى پاكىز قول ياكى شىنا بىلەن ئېزىپ ئۇنىڭغا شېكەر ياكى ھەسەل سېلىپ ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، شىشە ياكى سىرلىق قاچىغا قاچىلاپ ئاغزىنى ئېتىپ 40 كۈن ئاپتاپتا تۇرغۇزۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: ئىسسىق.

تەسىرى: يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازاننى ياخشىلاش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: ئاشقازان، يۈرەك ئۆپكە، نېرۋا، ئۈچەي كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم ھەر قېتىمدا 10 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### مەتبۇخى ۋەجئىل پۇۋاد

تەركىبى: باديان، ئىت ئۈزۈمى، بابۇنە گۈلى، قەنتەرىيۇن، گۈلقەنت ھەر بىرى

ياسىلىشى : گۈل دورىلار ۋە گۈلقەنتتىن باشقىلىرىنى 750 م ل سۇدا بىر كۈن چىلىغاندىن كېيىن قاينىتىپ، 500 م ل سۈيى قالغاندا گۈل دورىنى سېلىپ ئىككىلا ئۆر-لىتىپ ئوتنى توختىتىپ سوۋۇغاندىن كېيىن پاكىز داكا بىلەن دورىلارنى سىقىپ ئېلىۋېتىپ ھەمدە بىر قېتىم ۋارۇنكىدىن ئۆتكۈزۈپ، گۈلقەنتنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، يەل تارقىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : يەلدىن بولغان يۈرەك كېسەللىكلىرىگە بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بۇ بىر كىشىلىك مەتبۇخ بولۇپ بىر كۈندە نەچچە قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىلىدۇ .

## مەئجۇنى داۋائى مىشكى

تەركىبى : زورنىباد ، دورنەج ئەقرەبى ، مەرۋايىت ، كەھرىبا ، بىخ مارجان ھەر بىرى 30 گرام ، پىلە تالقىنى 18 گرام ، ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ، سۇنبۇل ، سازەج ھىندى ، قاقىلە ، قەلەمفۇر ھەر بىرى 15 گرام ، ئۆشنە ، فىلفىل ، زەنجىبىل ھەر بىرى 12 گرام ، ئىپار 9 گرام ، ھەسەل 500 م ل .

ياسىلىشى : ئىپار ، زەپەردىن باشقىلىرىنى سوقۇپ ئەلگەپ ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل يىلمان ھالەتكە كەلگەندە دورا تالقىنىنى ئۇنىگدىن كېيىن ئىپار ۋە زەپەرنى سې-لىپ قوچۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەپ ، خىزمىتىنى ياخشىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : مېگە ، يۈرەك ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مەئجۇنى مەرۋايىت

تەركىبى : مەرۋايىت ، كەھرىبا ، مارجان ، گاۋزەبان ، گىلى ئەرمىنى 6 گرام ، تاباشىر 3 گرام ، ئېپار يېرىم گرام ، قەنت 30 گرام .

ياسىلىشى : ئېپاردىن باشقىلىرىنى سوقۇپ ئەلگەپ ، قەنت قىيامىغا سېلىپ ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن ئېپار قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : خەپەقانغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام يېيىلىدۇ .

## مەئجۇنى مۇقەۋۋى قەلب

تەركىبى : قاقىلە ، لېچىندانە ھەر بىرى 5 گرام ، ئەنبەر ، ھېلىيلە كابۇلى ، ئۆشنە ، ئاق سەندەل ھەر بىرى 3 گرام ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى 2.5 گرام ، مەستىكى رۇمى ، رۇمبادىيان ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 2 گرام ، ئۇد غەرقى ، قۇرۇق پىننە ، يالپۇز ، دورنەج ئەقرەبى ، زورنىباد ، پىلە تالقىنى ، زەرنەپ ، تاباشىر ، كۆك قاش تېشى ، ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ھەر بىرى 1.5 گرام ، جوز بوۋا ، بەسباسە ، فىلفىل ، قارامۇچ ، زەنجىبىل ، سۈنبۈل ، جوۋنە ، بادىيان ، پوستى تۇرۇنجى ، پىستىنىڭ سىرتقى پوستى ، سەئدى كوفى ، خولىنجان ، قەلەمفۇر ، زەپەر ، ئېپار ، ھەر بىرى 1 گرام ، لېچىندانە ئەرىقى ، بادىيان ئەرىقى ، پىننە ئەرىقى ، قىزىلگۈل ئەرىقى ھەر بىرى 150 م ل ، ھېلىيلە مۇراببىاسى ، ئامىيلە مۇراببىاسى ھەر بىرى 50 م ل ، ئاق شېكەر 60 گرام ، ناۋات 31 گرام .

ياسىلىشى : 2 خىل مۇراببانى ئەرەقلەردە قايناتىپ يۇمشاق پىشقاندىن كېيىن غەلۋىرگە سېلىپ مىجىپ شىرىسى چىقىرىلىدۇ . ئاق شېكەر ، ناۋات ، ھەسەللەرنى قىيام قىلىپ مەزكۇر شىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۈستىگە ئەنبەر ، ئېپارلارنى ئۇندەك ئېزىپ قوشۇپ ، ئارقىدىن باشقا دورا تالقانلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تاييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ئىسسىق .

تەسىرى : رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش ، مېڭە ، يۈرەك ، جىگەر ، ئاشقازان قاتارلىق ئەزالارنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش ، كۆكسىنى ئىچىش باھنى كۈچەيتىش ، سۆڭەك بوغۇملىرى ۋە بەدەن گۆشلىرى سىقىراپ ئاغرىشنى يوقىتىش ، گۆش ۋە پەيلەرنى چىڭىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : مېڭە ، نېرۋا ئاجىزلىشىش ، ھەر خىل يۈرەك كېسەللىكلىرى جۈملىدىن خەفەقان ، يۈرەك سانجىقى ، جىگەر ، ئاشقازان ئاجىزلىقى ، قان ئازلىق ، چىش ئاجىزلىشىش ، بوغۇم ئاغرىش ، مۇسكۇللار سىقىراپ ئاغرىش ، ئۇيقۇسىزلىق كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىچىلىدۇ .

## مۇفەررىھى ئەبرىشىم

تەركىبى : سېرىق يۆگەي (ئەفتىمۇن ) ، قېلىن دارچىن ، ئۇستۇخۇدۇس ، ھەببى بىلسان ، ئاسارۇن ، قەلەمفۇر ھەر بىرى 12 گرام ، زورنىباد ، دورنەج ئەقرەبى ، ئېشلىمىگەن مەرۋايىت ، كەھرىبا ، مارجان ، ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ، سازاج ھىندى ، قاقىلە ، قۇندۇز قەھرى ھەر بىرى 9 گرام ، كۆيدۈرۈلگەن پىلە 6 گرام ، زەنجىبىل ، فىلفىل ھەر بىرى 3 گرام .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سەۋدانى نورماللاشتۇرىدۇ ، شىلىمشىق بەلغەمنى ئازايتىدۇ ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ . مېڭىنى تازىلايدۇ ، كۆكسىگە خوشلۇق پەيدا قىلىدۇ . قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ ، تاماق سىڭدۈرىدۇ ۋە مۇشۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 م ل ئىچىلىدۇ .

## مۇفەررىھى ئەزەم

تەركىبى : شاھتەررە ، بادىرەنجبۇيا ، گاۋزەبان گۈلى ، تەنبۇل ياپرىقى ھەر بىرى 30 گرام ، ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ھەر بىرى 15 گرام ، يۇيۇلمىغان لاجۇەرد ، تاباشىر ، گىلى مەختۇم ، زەپەر ، دورنەج ئەقرەبى ، زەرنەپ ، كابابەچىنى ھەر بىرى 9 گرام ،

ھېلىيلە كابۇلى ، قىرقىلغان پىلە ، ئاق سەندەل ، پىستە پوستى ، لىچىندانە ئۇرۇقى ، ئالتۇن ۋەرەق ، كۈمۈش ۋەرەق ، قىزىل ياقۇت ھەر بىرى 6 گرام ، مارجان ، مەرۋايىت ، كەھرىبا ھەر بىرى 3 گرام ، ئۇد 2 گرام ، ئاق شېكەر 500 گرام ، بېھى سۈيى ، گۈلاپ ، ئاچچىق ئانار سۈيى ، ئاچچىق تۇرۇنجى سۈيى ، زىرىق سۈيى ، رەۋەن شەربىتى 70 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، شېكەرنى مەزكۇر مېۋىلەر سۈيىدە قىيام قىلىپ يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : قاننى تازىلاش ، مالىخولىيا تۈزىتىش ، رەئىس ئەزالارنى كۈچەيتىش ، باھنى كۈچەيتىشتە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : يۈرەك ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3~6 گرام ئىچىلىدۇ .

## مۇفەررىھى بۇئەلى

تەركىبى : غارىقۇن ، ئەفتىمۇن ، قارامۇچ ، زەنجىبىل ، قەلەمفۇر ، رەيھان ھەر بىرى 5 گرام ، گىلى ئەرمىنى ، لاجىۋەرد ، نىفىت تۇزى ، زۇرنىباد ، پىل سۆڭىكى ، دورنەج ئەقرەبى ، ئاق بەھمەن ، گاۋزەبان ھەر بىرى 4 گرام ، سۇنبۇل ھۇماما ، ئىگىر ، سازەج ھىندى ، دارچىن ، يالپۇز ، پىننە ، زۇفا ، زىرە ، قىزىل ياقۇت ، ئەقىق ھەر بىرى 3 گرام ، ئالتۇن ۋەرەق ، يۇمغاقسۈت ، تاغ چىگىسىي ئۇرۇقى ، ھېلىيۇن ئۇرۇقى ، جوھۇت تېشى ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، مۇرمەككى ، كۈندۈر ، زەفەر ئاقمۇچ ھەر بىرى 2 گرام ، كۈمۈش ۋەرەق 1 گرام .

ياسىلىشى : جاۋاھىرات دورىلارنى ئۇيىدەك يۇمشاق سوقۇپ ئالتۇن ۋەرەق ، كۈمۈش ۋەرەقلەر بىلەن قوشۇپ شاراب بىلەن ياخشى سالايە قىلىنىدۇ . قالغان دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، 3 ھەسسە ھەسەل بىلەن قىلىنغان مۇراببىغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ھەمدە دورا بىلەن يۇغۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يۈرەك قالايمىقان سېلىش ، يۈرەك ئاجىزلاش ، يالغۇزلۇقنى خالاش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ . مېڭە ، ئاشقازان ، جىگەر ، تال ئاجىزلىقىغا

ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ . قۇلۇنجى ، ھەر خىل بوغۇم كېسەللىكلىرىنى قالدۇرىدۇ ۋە مۇشۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مۇفەررىھى دىلكۇشا ھار

تەركىبى : پوستى تۇرۇنجى ، قىزىلگۈل ، بادىرەنجبۇيا ، تەرخەمەك مېغىزى ، بەگىنەي قوغۇن مېغىزى ھەر بىرى 15 گرام ، قارا ھېلىيلە ، بادام مېغىزى ، ئاق خەشخاش ، ئاقلانغان كۇنجۇت ، دارچىن ھەر بىرى 9 گرام ، ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ھەربىرى 8 گرام ، زەپەر 6 گرام ، ئىپار 5 گرام ، چىگسەي ئۇرۇقى 3 گرام ، قەنت ، تەرەنجبىن ھەر بىرى 280 گرام .

ياسىلىشى : تەرەنجبىننى گۈلابتا ئېرىتىپ قەنتنى سېلىپ قىيام قىلىپ ، قالغان دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان يۈرەك ئاجىزلاش ۋە يۈرەك تىترەشكە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مۇفەررىھى دىلكۇشايى مۆتىدىل

تەركىبى : گاۋزەبان ، شاھتەررە ، بادىرەنجبۇيا ھەر بىرى 30 گرام ، ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ھەر بىرى 15 گرام ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ، تاباشىر ھەر بىرى 9 گرام ، كابۇلى ھېلىيلە ، پىستە پوستى ، تۇرۇنجى ، قىرقىلغان پىلە ، تېشىلمىگەن مەرۋايىت ھەر بىرى 6 گرام ، ئۇد خام 5 گرام ، مارجان ، كەھرىبا ، زۇرۇنباد ، دورنەج ئەقرەبى ھەر بىرى 3 گرام ، ئانار سۈيى ، بېھى سۈيى ، قىيمىقۇ سۈيى ، زىرىق سۈيى ھەر بىرى 30 م ل ، قەنت ، بىنەپشە شەربىتى ھەر بىرى 300 م ل .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل يۈرەك كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ .

كۆكۈلگە خوشلۇق كەلتۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مۇفەررىھى سىغىر مۆتىدىل

تەركىبى : گاۋزەبان ، مارجان ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ، تېشىلمىگەن مەرۋايىت ، ئاق بەھمەن ، پوستى تۇرۇنجى ، كەھرىبا ، كۆپەدۈرۈلگەن پىلە ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى تەڭ مىقداردا ، كافۇر يېرىم ھەسسە ، ھەسەل ، ھېلىيلە مۇرابباسى ھەر بىرى 2 ھەسسە .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مېڭە ، يۈرەك ، ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاش ، ۋەسۋەسىنى يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مۇفەررىھى سەھلىل ۋۇجۇت

تەركىبى : خام پىلە 90 گرام ، قەلەمفۇر ، بەسباسە ، ئەفتىمۇن ، قاقىلە ، قىزىل سەندەل ھەر بىرى 21 گرام ، رەيھان ئۇرۇقى ، بادىرەنجبۇيا ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام ، تۆمۈر ، كۈمۈش ، ئالتۇن ، مىس ، تۈچ ۋە چويۇنلارنىڭ تەكرار داغلانغان داغمال سۈيى 5 لىتر ، ئالما سۈيى 5 لىتر ، قەنت 5 كىلوگرام .

ياسىلىشى : رەيھان ، بادىرەنجبۇيىدىن باشقا دورىلارنى تالقانلاپ خالتىغا سېلىپ ئاغزىنى بوغۇپ داغمال سۈيىگە چىلاپ 10 كۈن تۇرغۇزۇلىدۇ . ئۇندىن كېيىن $\frac{1}{4}$ قىسمى قالغىچە قاينىتىپ قىيام قىلىپ سوۋۇغاندىن كېيىن رەيھان ، بادىرەنجبۇيا ئۇرۇقلىرىنى تالقانلاپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يۈرەك قالايمىقان سېلىش ، ئەزالار تىترەش ، ماغدۇر-سىزلىنىش ، كونارغان باش ئاغرىش ۋە جىگەر ئاغرىقلىرى ، نېرۋا كېسەللىكلىرى ، گالۋاكلىق قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ، قاننى تازىلايدۇ . شۇ مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مۇفەررىھى سۇسەنبىرى

تەركىبى: قۇرۇق پىننە، سۇسەنبەر، دارچىن، كۇنجۇت، جويۇز، كۇمۇش ۋەرەق، كەھرىبا، ياقۇت ھەر بىرى 45 گرام، فەرەنجمىشكى 18 گرام، ئىگىر، ئۇد قىمارى ھەر بىرى 15 گرام، زۇرۇنباد، دۇرنەج ئەقرەبى، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، بادىرەنجبۇيا ھەر بىرى 6 گرام، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل 780 م ل. سۈت 750 م ل. بىنەپشە يېغى 72 م ل، بېدىمىشكى ئەرىقى، ئالما سۈيى، رەيھان سۈيى، گاۋزەبان سۈيى ھەر بىرى 45 م ل.

ياسىلىشى: چىلاشقا تېگىشلىك دورىلار مېۋە ۋە دورا سۇلىرىغا بىر سوتكا چىلاپ قويۇلىدۇ. ھەسەل بىلەن سۈتنى ئارىلاشتۇرۇپ تاكى ھەسەل قالغىچە قايناتقاندىن كېيىن بىنەپشە يېغى ئارىلاشتۇرۇلۇپ يەنە بىرئاز قايىنتىلىدۇ. ئوتتىن ئېلىپ بىر كېچە قويغاندىن كېيىن يەنە بىرئاز قايىنتىپ ئۈستىدىن مېۋە ۋە دورا سۇلىرىغا چىلانغان دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ يەنە بىرئاز قايىنتىلىدۇ. يەنە بىر كېچە تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئەگەر ئۈستىگە ئازراق سۇ يىغىلغان بولسا يەنە بىرئاز قايىنتىپ چۈشۈرۈپ، سوۋۇغاندىن كېيىن كەھرىبا، كۇمۇش ۋەرەق، ياقۇتلارنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: كۆڭۈلنى خۇش قىلىش، ئومۇمي بەدەننى قۇۋۋەتلەش، يۈرەك قالايمىقان سېلىش، يۈرەك تىترەش، ئىستىسقا، تاماق سىڭمەسلىك، باھ ئاجىزلاش، بوغۇملار ئاغرىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. زەھەرگە قارشى تۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ئەتىگەن ناشتىدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مۇفەررىھى مۇنىشت

تەركىبى: ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، دۇرنەج ئەقرەبى، بادىرەنجبۇيا، گاۋزەبان، قىزىلگۈل، ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، تاباشىر، كابابەچىنى، قەلەمفۇر، زەرنەپ، دارچىن، رەيھان يوپۇرمىقى، سىيسەمبەر، سازەج ھىندى، ئاق تۇدرى، قىزىل تۇدرى، ياۋا رەيھان، تاجىگۈل، ئۇد خام، سەئدى كوفى، سۇنبۇل، زەپەر، مەستىكى، ھەببۇلئاس ھەر بىرى 15 گرام، گىلى ئەرمىنى، ئەنبەر 9 گرام، ئالتۇن ۋەرەق، كۇمۇش

ۋەرەق، ياقۇتى روممانى، لەئلە، تېشىلمىگەن مەرۋايىت، مارجان، كەھرىۋا، سۆئلەپ، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى، مۇدەببەر قىلىنغان زىرە ھەر بىرى 6 گرام، ئىپار 3 گرام، نەشە يېرىم ھەسسە، ھەر خىل مېۋىلەر شەربىتى 1 ھەسسە، ھەسەل 3 ھەسسە.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: يۈرەك، مېڭە، ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ، جىنسىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مۇفەررىھى مۆتىدىل

تەركىبى: ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل، تاباشىر ھەر بىرى 24 گرام، ئەفتىمۇن، قىزىلگۈل ھەر بىرى 18 گرام، كەھرىۋا، كاسنى ئۇرۇقى، يۇمغاقسۈت ھەربىرى 15 گرام، سازەج ھىندى، زورەنباد، فەرەنجەمىشكى، بادرەنجبۇيا ئۇرۇقى، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى، بىنەپشە، گىلى ئەرمىنى ھەر بىرى 12 گرام، زەپەر، كافۇر ھەر بىرى 3 گرام، ئىپار 2 گرام، ئالما شەربىتى مەلۇم مىقداردا.

ياسىلىشى: ئىپار، زەپەر، كافۇرلارنى ئايرىم سالايە قىلىپ، باشقا دورىلارنى تالقانلاپ ئالما شەربىتى بىلەن يۇغۇرۇپ، سالايە قىلىنغان دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىشى: يۈرەكنى كۈچەيتىدۇ، خوشلۇق پەيدا قىلىدۇ. يۈرەك تىترەشنى يوقىتىدۇ، رەڭگى - روينى ياخشىلايدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 6~9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مۇفەررىھى ھار ئەسەبىي

تەركىبى: بادرەنجبۇيا، پوستى تورۇنجى، گۈلدارچىن، زەپەر، مەستىكى،

جويۇز ، قاقىلە ، نارمىشكى ، سوك ( ئامىلەجمۇھىرى ) ، ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ، زۇرەنباد ، رەيھان ئۇرۇقى ، دورنەج ئەقرەبى ، فەرەنجىمىشكى ئۇرۇقى تەڭ مىقداردا ، ئىپار ، ئەنبەر ھەربىرى يېرىم ھەسسە ، ئامىلە 30 دانە ، كابىلى ھېلىيلە پوستى 20 دانە .

ياسىلىشى : ھېلىيلە ، ئامىلەنى 2 لىتر سۇ بىلەن $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قاينىتىپ سۈزۈپ ، ھەسەلنى قوشۇپ قىيام قىلغاندىن كېيىن يەنە ئۈستىدىن 3 ھەسسە ھەسەل قوشۇپ قىيام قىلىپ دورىلار تالقىنى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مالىخولىيا ، قورقۇنچ ، ۋەسۋەسە ، يۈرەك تىترەش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ . ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ . ئىشتىھانى ئاچىدۇ . رەڭگى – روينى چىرايلىق قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 ~ 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مۇفەررىھى ھار سەغىرى

تەركىبى : نەشە 30 گرام ، قىلفىل ، قارامۇچ ، بەسباسە ھەر بىرى 15 گرام ، زەپەر 9 گرام ، قەنت 165 گرام ، گۈلاب مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، نەشىنىڭ يېغىنى ئېلىپ ، قەنتنى گۈلابتا قىيام قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كۆڭۈلگە خۇشلۇق كەلتۈرۈش ، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مۇفەررىھى ياقۇتى

تەركىبى : تېشىلمىگەن مەرۋايىت ، تاباشىر ، قىزىلگۈل ، لاجۇەرد ، لەئلى ، كەھرىبا ، نېلۇپەر ، زىرىق ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ، قىزىلگۈل ئۇرۇقى ، ئۇد ھىندى ، پوستى تۇرۇنجى ، گاۋزەبان ، قىزىل بەھمەن ، زىراۋەند ، كاسنى ئۇرۇقى ، كۆيدۈرۈلگەن پىلە ،

كافۇر ، ئەنبەر ھەر بىرى 9 گرام ، قىزىل سەندەل ، گىلى مەختۇم ، بادىرەنجبۇيا ، ئاق بەھمەن ھەر بىرى 6 گرام ، ئالتۇن ۋەرەق ، ئەقىق ، قاشتېشى ، سازەج ھىندى ، زۇرەنباد ، دورنەج ئەقرەبى ، ئىپار ھەر بىرى 2 گرام ، ئامىلە شىرىسى ، ھېلىلە پوستى ، بىھى شەربىتى ھەر بىرى 40 م ل ، گۇلاب ، ئالما شەربىتى ، تاتلىق ئانار شەربىتى 180 م ل ، قەنت 150 گرام .

ياسىلىشى : ھېلىلىلەرنى قايناتماي تەمىنى چىقىرىپ ، شەربەت دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قىيام قىلىپ ، قالغان دورىلارنى تالقانلاپ قىيامغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مالىخۇلىياغا مەنپەئەت قىلىدۇ ، مېڭە ، جىگەر ، ئاشقازان ۋە يۈرەكنى كۈچەيتىدۇ ، ئۇيقۇنى نورماللاشتۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3~6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مۇفەررىھى ياقۇتى بارىد

تەركىبى : ئاق خەشخاش ئۇرۇقى ، تاباشىر ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 30 گرام ، تەرخەمەك مېغىزى ، قوغۇن مېغىزى ، يۇمغاقسۈت ، زىرىق ئۇسارىسى ، گىلى ئەرمىنى ، ئامىلە شىرىسى ، گاۋزەبان ھەر بىرى 15 گرام ، كافۇر ، سەندەل ، مەرۋايىت ، مارجان كەھرىبا ھەربىرى 9 گرام ، بادىرەنجبۇيا ، ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ، دۇرنەج ئەقرەبى ، پىلە ، پىستە پوستى ھەر بىرى 6 گرام ، قىزىل ياقۇت 1 گرام ، زەپەر 2 گرام ، ئالما شەربىتى 2 ھەسسە .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يۈرەكنى كۈچەيتىدۇ . خۇشلۇق كەلتۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مۇفەررىھى ياقۇتى بۇ ئەلى

تەركىبى : تەرەنجىبىن 30 گرام ، گاۋزەبان ، كاسنى ئۇرۇقى ھەربىرى 15 گرام ،

تەرخەمەك مېغىزى ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 12 گرام ، فەرەنجىمشكى ئۇرۇقى ، رەيھان ئۇرۇقى ، بادىرەنجبۇيا ئۇرۇقى ، بادىرەنجبۇيا بەرگى ، ئۇستۇخۇدۇس ھەر بىرى 9 گرام ، سۇنبۇل ، سازەج ھىندى ھەر بىرى 8 گرام ، قىرقىلغان پىلە ، كۆيدۇرۇلگەن دەريا قىسقۇچ پاقىسى ، ئىپار ، دۇرنەج ئەقرەبى ھەر بىرى 6 گرام ، تېشىلمىگەن مەرۋايىت ، كەھرىبا ، مارجان ، ئەفتىمۇن ھەربىرى 5 گرام ، ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ، كافۇر ، ئۇدھىندى ، گىلى ئەرمىنى ، لاجۇەرد ، مەستىكى ، قېلىن دارچىن ، دارچىن ، زەپەر ، لىچىندانە ، قاقىلە ، بەسباسە ، پارپا ، ئەنبەر ، ياقۇت ھەر بىرى 3 گرام ، سۇرۇپ سالايە قىلىنغان تىللا 1 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : ھەب ياساش قائىدىسى بويىچە يۇغۇرۇپ 3 گراملىق تابلېت قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يۈرەك ۋە كۆكرەك كېسەللىكلىرى ، ئاشقازان ئاغرىقى ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ . رەئىس ئەزالارنى كۈچەيتىپ ، كۆڭۈلگە خوشلۇق كەلتۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : تەييارلاپ ئالتە ئايدىن كېيىن بىر دانىدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

ئەسكەرتىش : پارپا تېپىلمىسا ئورنىغا 9 گرام زورەنباد سالسىمۇ بولىدۇ .

## مۇفەررىھى ياقۇتى ھار

تەركىبى : ھاراققا چىلاپ قۇرۇتۇلغان ئامىلە 60 گرام ، گاۋزەبان ، بادىرەنجبۇيا ، فەرەنجىمشكى ئۇرۇقى ، ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ھەربىرى 21 گرام ، قىزىلگۈل 15 گرام ، زۇرۇنباد ، دۇرنەج ئەقرەبى ، كابابەچىنى ، قاقىلە ، ئاق سەندەل ھەربىرى 9 گرام ، دارچىن ، يۇمغاقسۈت ، تاباشىر ، كەھرىبا ، مارجان ، ئۇد ھىندى ، پىلە ، تېشىلمىگەن مەرۋايىت ، قەلەمفۇر ، زەرنەب ھەربىرى 6 گرام ، زەپەر 5 گرام ، ئالتۇن ۋەرەق ، كۈمۈش ۋەرەق ، قىزىل ياقۇت ، ئىپار ھەربىرى 2 گرام ، ھەسەل بىلەن تەييارلانغان ھېلىيلە مۇراباسى 150 م ل ، ئالما شەربىتى ۋە گۈلابتا تەييارلانغان جۇللاپ مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : جاۋاھىرات دورىلارنى يۇمشاق سالايە قىلىپ ، قالغان دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ھېلىيلە مۇراباسىنى جۇللاپتا قىيام قىلىپ ، دورا تالقانلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبئىيتى ئىسسىق .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يۈرەكنى كۈچەيتىپ ، بىئاراملىقنى يوقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3~6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## ياقۇتى مۆتىدىل

تەركىبى : گاۋزەبان ، ئامىلە ھەر بىرى 15 گرام ، تېشىلمىگەن مەرۋايىت ، بادرەنجىبۇيا ، پىستە پوستى ، تۇرۇنجى پوستى ، ئاق سەندەل ، قىزىل سەندەل ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 10 گرام ، ئاق بەھمەن ، قۇرۇق يۇمغاقسۇت ، گىلى ئەرمىنى ، تاباشىر ھەر بىرى 6 گرام ، مارجان قىزىل بەھمەن ، كابابەچىنى ، لەيلى ، ئۇدخام ھەر بىرى 5 گرامدىن ، كەھرىبا ، قاشتېشى ، قەلەمفۇر ، دارچىن ، سازەج ھىندى ھەربىرى 3 گرام ، سېرىق ياقۇت ، ئەنبەر ، ئالتۇن ۋەرەق ، كۈمۈش ۋەرەق ، زۇرنىباد ، كافۇر ، زەپەر ، ھەر بىرى 2 گرام ، بېھى شەربىتى 60 م ل ، ئالما شەربىتى 120 م ل ، قىيمىقۇ شەربىتى 270 م ل .
ياسىلىشى : سوقىدىغانلىرىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، جاۋاھىراتلارنى ئۆز رېتى بويىچە سالايە قىلىپ ، شەربەتلەرنى قىيام قىلىپ سوۋۇغاندىن كېيىن تالقانلارنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يۈرەك ئاجىزلىقى ، يۈرەكنىڭ قالايمىقان سېلىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ . يۈرەكنى كۈچەيتىپ خوشلۇق پەيدا قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

# نەپەس ئەزالار كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

## كاناي ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

**تەرياقى نەزلە**

تەركىبى : ئاق خەشخاش ئۇرۇقى 120 گرام ، بەزرۇلبەنجى ، پوستى خەشخاش (كۆكنار غوزىسى ) ھەر بىرى 100 گرام ، قارا سونا ئۇرۇقى 60 گرام ، گاۋزەبان گۈلى ، ھەببۇلئاس ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ھەر بىرى 30 گرام ، ئاقلانغان يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ، مۇرساق ، كەترا ، سەمغى ئەرەبى ، نىشاستە ، رۇببۇسۇس ، قىزىلگۈل ، ئۇستۇخۇدۇس ھەر بىرى 15 گرام ، شېكەر 1 كىلوگرام .

ياسىلىشى : قىزىلگۈل ، رۇببۇسۇس ، نىشاستە ، سەمغى ئەرەبى ، كەترا ، ئاقلانغان يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ، مۇرساق قاتارلىقلارنى سوقۇپ تالقانلاپ ، قالغان دورىلارنى بىر كېچە چىلاپ ئەتىسى قاينىتىپ سۈزۈپ ، ئۇنىڭغا يۇقىرىدىكى دورا تالقىنىنى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : نەزلىنى توختىتىش ، كۆكرەكنى بوشىتىش ، يۆتەل پەسەيتىش ، ئاغرىق توختىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : نەزلە خاراكتېرلىك باش ئاغرىش ، زۇكام ، يۆتەل ۋە كۆكرەك چىڭقىلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

**داۋائى زىرىق**

تەركىبى : ئاقىرقەرھا ، قارامۇچ ، ئانار پوستى ، خەشخاش يوپۇرمىقى ، چۈچۈكبۇيا

يىلتىزى ، مۇغلان دەرىخى پوستى ، ئاق تىكەن ياغىچى ، ھىندى تۇزى ، تاش تۇز ھەربىرى 6 گرام ، ئەپيۇن 2 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ تالقانلاپ ، ئەلگەپ ، ھۆل زەنجىبىل شىرىسى بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : نەپەس سىقىلىش ، بەلغەمدىن بولغان يۆتەل قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : زىققا ، يۆتەل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## داۋائى كىبرىت

تەركىبى : ئاقمۇچ 36 گرام ، سوزاپ ، قوستە تەلخ ھەربىرى 15 گرام ، گۈگۈرت سېرىقى ، مۇرمەككى ، بەزرۇلبەنجى ، قىرەدمەنا ، مىسەسائىلە ھەر بىرى 12 گرام ، سەلخۇلھەييە 8 گرام ، ئەپيۇن ، زەپەر ھەربىرى 3 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : دەم سىقىش ۋە بەلغەمدىن بولغان يۆتەللەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ . يىرىڭسىمان بەلغەملەرنى يوقىتىدۇ . ھەر خىل كونا تەب ، بەزگەك ، ئىستىسقا ، تال ئاجىزلىقى ، سىيىش قىيىنلىشىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ . بۆرەك ، دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلايدۇ ، زەھەرلىك ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## رۇبىسۇس

تەركىبى : چۈچۈكبۇيا يىلتىزى (بىخسۇس ) 10 كىلوگرام .

ياسىلىشى : چۇچۇكبۇيا يىلتىزىنى پاكىزلەپ، قوۋزاقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، ئاقلانغان يىلتىزنى چالا سوقۇپ 50 لىتر سۇغا چىلاپ، يېرىمى قالغىچە قاينىتىلىدۇ. تەمى تولۇق چىقىپ بولغاندىن كېيىن سۈزۈپ، يەنە تاكى ھالۋىدەك بولغىچە قاينىتىلىدۇ. ساقلاشتا قاچىنىڭ ئاستىنى كۆنجۈت يېغىدا ياغلاپ قاچىلاپ ساقلىنىدۇ.

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى : يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان يۆتەل ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرى، بەدەندىن كېرەكسىز ھۆللۈكلەرنى چىقىرىپ تاشلاش، خۇن كەلتۈرۈش ۋە چوڭ - كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ. باللارغا بەرگەندە ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىلىدۇ.

ئەسكەرتىش : بۇ دورىنى تەييارلاشتا كۆيدۈرۈپ قويۇشتىن ياكى ياخشى قىيام قىلماي سېسىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

## زىمادى زاتىررىيە

تەركىبى : بىنەپشە، ئاق لالە ئۇرۇقى، بابۇنە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ھەر بىرى 30 گرام، لوبىيا ئۇنى، ئارپا ئۇنىنىڭ ھەر بىرى 20 گرام، ئىسبەغۇل، زىغىر ھەر بىرى 10 گرام.

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئىسبەغۇل ۋە زىغىر لۇئابلىرى بىلەن خېمىر قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى : ئۆپكە ئىششىقىنى تارقىتىپ، كۆكرەك ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ.

ئىشلىتىلىشى : زاتىررىيە (ئۆپكە ياللۇغى)، زاتىلجەنبى (كۆكرەك پەردە ياللۇغى) قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قىزىق پېتى كۆكرەك

سىرتىدىن ئىششىغان سەھەگە تېڭىلىدۇ .

## زىمادى شەۋسە

تەركىبى : گۈلبىنەپشە ، بابۇنە ، سېرىق چېچەك ئۇرۇقى ، بۇغداي كېپىكى ، ئارپا ئۇنى ، زىغىر ئۇنى ، شۇمشا باراۋەر مىقداردا .
ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ، زىغىر لۇئابى بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .
تەسىرى : يەل تارقىتىش ، ئىششىق ياندۇرۇش ، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : زاتىررىيە ، زاتىلجەنبى ، قوۋۇرغا ئارىلىق ئىششىقلىرى ۋە ھەر خىل سانجىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : سۇيۇق زىماد تەييارلاپ كۆكرەك سىرتىدىن چېپىلىدۇ .

## سۇفۇفى سۇئال

تەركىبى : نىشاستە (بۇغداي كراخمالى ) ، ئاقلانغان بادام مېغىزى ھەر بىرى 500 گرام ، شېكەر 250 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .
تەسىرى : بەلغەم بوشىتىش ، يۆتەل پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : ئۆپكە ئىششىقى ۋە يۆتەلگە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا باللارغا 2~4 گرام ، چوڭلار 5~8 گرام ئىستېمال قىلىدۇ .

### سۇفۇفى سۇئال مۇرەككەب

تەركىبى : بادام مېغىزى ، تۇخمى كەتان ، تۇخمى ھولبە (يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ) ، نىشاستە ، تۇخمى خەشخاش ، مېغىزى پەنبىدانە (چىگىت ) ، بىخسۇس ھەر بىرى 40 گرام ، سەمغى ئەرەبى ، كەتىرا ، رۇببۇسۇس ھەربىرى 10 گرام ، شېكەر 750 گرام .

ياسىلىشى : بادام مېغىزى ، زىغىر ، ھولبە پەنبىدانەلەرنىڭ پوستىنى ئاقلاپ ، مېغىزىنى ئېلىپ يۇمشاق سوقۇلىدۇ . چۇچۇكبۇيا يىلتىزى (بىخسۇس ) نىڭ قۇۋزىقىنى ئاقلاپ سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ . قالغان دورىلارنى تالقانلاپ ، ئەلگەپ ، ھەممە دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بەلغەم بوشىتىدۇ ، يۆتەل پەسەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5~8 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ . ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك .

### سۇفۇفى نەفسۇددەم I

تەركىبى : بېھى ئۇرۇقى 60 گرام ، مارجان ، كەھرىبا ، مەرۋايىت ، چۇچۇكبۇيا ، يىلتىزى قىيامى ( رۇببۇسۇس ) ، ئاقاقىيا ، لىھيەتۇتتىس (تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكى ) ئۇسارىسى ھەربىرى 9 گرام ، ئەپيۇن 6 گرام ، تاباشىر ، قىزىلگۈل ، گىلى ئەرمىنى ، گىلى مەختۇم ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، خەشخاش ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : سۇفۇق تەييارلاپ قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قان تۈكۈرۈشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا سېمىز ئوت سۈيى بىلەن 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## سىركەنجىبىن ئەنسلى

تەركىبى : ئەنسىل 100 گرام ، زىرە ، زەنجىبىل ، ئاقىرقەرھا ، غولجالڭ ، زۇفا ، پىننە ، يالپۇز ، قارامۇچ ھەربىرى 15 گرام ، ياۋا زەدەك ئۇرۇقى 10 گرام ، قىرەدمەنا ، سوزاپ ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام ، قەنت 600 گرام ، سىركە 200 م ل .

ياسىلىشى : يىرىك دورىلارنى چالا سوقۇپ ، قالغان دورىلار بىلەن بىللە 2.5 لىتر سۇغا بىر كېچە چىلاپ ، ئەتىسى قاينىتىپ سىقىپ سۈزۈپ سىركە ، قەنتنى سېلىپ بىر ئۆرلىتىپ قاچىغا ئېلىپ قويۇلىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : توسالغۇلارنى ئېچىش ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ، كۆكرەكنى بوشىتىش ، نەپەس ۋە ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : دەم سىقىش ۋە سوغۇقتىن بولغان يېگى ، كونا يۆتەللەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100 م ل ، 3 ياشتىن چوڭ بالىلارغا كۈندە 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## شارابى سۇئال

تەركىبى : ئەنجۈر قېقى 200 گرام ، ئۈزۈم 60 گرام ، ئەنسل (ياۋا پىياز ) 30 گرام ، رۇمبادىيان ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ھەربىرى 15 گرام ، قەنت 800 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى 2.5 لىتر سۇغا بىر كېچە چىلاپ ، ئەتىسى قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سىقىپ ، قەنت سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : نەپەس يوللىرىنى ئاچىدۇ ، كۆكرەكنى بوشىتىدۇ . كونا يۆتەلنى توختىتىپ دەم سىقىشنى ياخشىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئۆپكە كېسەللىكلىرىدە كۆكرەكنى بوشىتىش ، يۆتەل پەسەيتىپ ، نەپەسنى ياخشىلاش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100 م ل ،

باللارغا 30 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ.

### شەربىتى بىخسۇس

تەركىبى: ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى 100 گرام، پىرسىياۋشان، ئاق كۆكنار ئۇرۇقى، ئۇششاق ئۈزۈم، چىلان ھەربىرى 60 گرام، زۇفا، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، رۇم بادىيان، بادىيان ھەر بىرى 30 گرام، قەنت 500 م ل.

ياسىلىشى: دورىلارنىڭ يىرىكلىرىنى سوقۇپ، يۇمشاقلىرى بىلەن بىللە 3 لىتر سۇغا بىر كېچە چىلاپ يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ سۈزۈپ قەنت سېلىپ بىر ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: كۆكرەك ۋە جىگەردىكى توسالغۇلارنى ئېچىش، قاننى تازىلاش، ئۆپكىنى پاكىزلاش، بەلغەم بوشىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، دەم سىقىشنى توختىتىپ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: ئۆپكە، جىگەر كېسەللىكلىرىگە توسالغۇلارنى ئېچىپ، ئىششىق ياندۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 م ل ئىچىلىدۇ.

### شەربىتى تۇخمى كەرەفشى

تەركىبى: ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 130 گرام، تاغ چىڭسەي ئۇرۇقى 120 گرام، چىلان، ئەنجۈر قېقى ھەر بىرى 100 گرام، سەرپىستان، زۇفا، پىرسىياۋشان، ياليۇز ھەر بىرى 30 گرام، بادام مېغىزى، چىلغوزە مېغىزى، شۇمشا، ئارپا بادىيان، رۇم بادىيان ھەر بىرى 15 گرام، مەستىكى، دارچىن، زەنجىبىل ھەربىرى 6 گرام، قەنت 2 كىلوگرام.

ياسىلىشى: مېغىز دورىلار ئايرىم سوقۇلىدۇ. باشقا قۇرۇق دورىلارنىڭ يىرىكلىرىنى چالا سوقۇپ، ھەممە دورىنى 4 لىتر سۇغا بىر كېچە چىلام يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ، سىقىپ سۈزۈپ، قەنت سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: كۆكرەك ۋە جىگەردىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. قويۇق بەلغەمنى يۇمـ

شىتىپ ، نەپەس يوللىرىنى تازىلايدۇ ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ ، يۆتەل پەسەيتىدۇ . ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان زۇكام ۋە ھەرخىل ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 30 م ل ، بالىلارغا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### شەربىتى خەشخاش

تەركىبى : كۆكنار شاكىلى 500 گرام ، شېكەر 5 كىلوگرام .

ياسىلىشى : كۆكنار شاكىلىنى چالا سوقۇپ 3 لىتر سۇغا بىر سوتكا چىلىغاندىن كېيىن 2.5 لىتر قالغىچە قاينىتىلىدۇ . ئۈستىگە شېكەرنى سېلىپ دورا سۈيى قىيام بولغىچە يەنە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .

تەسىرى : تىنچلاندۇرۇش ، يۆتەلنى پەسەيتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھۆل ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل ، ئارقا تەرەتتىن قان كېلىش ، سۈيدۈكنىڭ كۆيۈشۈپ كېلىشى ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 4 م ل ئىچىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : كۆپ ئىچكەندە مەست قىلىش رولىنى ئوينايدۇ ھەتتا زەھەرلەپ قويىدۇ . شۇڭا ، سوغۇق مىزاجلىق بىمارلارغا ۋە بالىلارغا بەرمەسلىك لازىم .

### شەربىتى زۇفا I

تەركىبى : ئۈششاق ئۈزۈم 100 گرام ، ئەنجۈر قېقى 60 گرام ، زۇفا ، پىرسىياۋشان ھەربىرى 20 گرام ، ئارپا باديان ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، چۆچۈكبۇيا ھەر بىرى 15 گرام ، شۇمشا ، كاسنى ئۇرۇقى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، ھەمىشە باھار ئۇرۇقى ،

سەۋسەن يىلتىزى ھەر بىرى 10 گرام، بادام مېغىزى 6 گرام، ئاق قەنت بىر كىلوگرام.
ياسىلىشى: دورىلارنىڭ يىرىكلىرىنى چالا سوقۇپ 3 لىتر سۇغا بىر كېچە چىلىغاندىن كېيىن يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ، سۈزۈپ، قەنت سېلىپ بىر ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىيتى: ھۆل ئىسسىق.
تەسىرى: يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. نەپەس يوللىرىدىكى قويۇق ماددىلارنى تازىلايدۇ. يۆتەل ۋە دەم سىقىشنى توختىتىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان زۇكام، كاناي ياللۇغى ۋە ھەرخىل ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 100 م ل ئىچىلىدۇ.

### شەربىتى زۇفا I

تەركىبى: ئەنجۈر 100 گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، چىلان، سەرپىستان، گۈلسەۋسەن يىلتىزى، ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، چىگىسەي يىلتىزى، پىرسىياۋشان ھەربىرى 30 گرام، بادىيان يىلتىزى، زۇفا ھەر بىرى 20 گرام، بېھى ئۇرۇقى، رۇم بادىيان، ئارپا بادىيان ھەربىرى 15 گرام، ئاقلانغان ئارپا، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، قاپاق مېغىزى، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى، پىستە مېغىزى، چىلغوزە مېغىزى، ئىزخىر، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، سۇنبۇل، زىغىر ھەر بىرى 10 گرام، ئاق قەنت بىر كىلوگرام.
ياسىلىشى: دورىلارنىڭ قاتتىقلىرىنى چالا سوقۇپ، قالغانلىرى بىلەن بىللە 3 لىتر سۇغا بىر كېچە چىلىغاندىن كېيىن يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ، سىقىپ، سۈزۈپ، قەنت سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ.
تەبىئىيتى: ھۆل ئىسسىق.
تەسىرى: رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، قاننى تازىلاش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، ماددىلارنى تازىلاش، ئىششىق قايتۇرۇش، نەپەسنى ياخشىلاش، كۆكرەك ئاغرىشنى پەسەيتىش، يۆتەل توختىتىش، دەم سىقىشنى ئازايتىش، كۆكرەك، جىگەر ۋە قان تومۇرلاردىكى توسالغۇلارنى ئېچىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان زۇكام، يۆتەل، يۈرەك ئاجىزلىقى، كاناي ۋە

كاناي شاخچىلىرىنىڭ ئىدىتقلىنىشى ، كۆكرەك چىڭقىلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 100 م ل ، باللارغا 30 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## شەربىتى زۇفا ■

تەركىبى : چىلان ، ئەنجۈر ھەر بىرى 100 گرام ، سەرپىستان 30 گرام ، پەرسىياۋشان ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ، زۇفا ھەر بىرى 20 گرام ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، ھەمىشە باھار ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، گۈلبىنەپشە 12 گرام ، قەنت 500 گرام .
ياسىلىشى : ئۇرۇق دورىلارنى چالا سوقۇپ قالغان دورىلار بىلەن بىللە 3 لىتر سۇغا بىر كېچە چىلىغاندىن كېيىن يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ ، سۈزۈپ ، قەنت سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ .
تەبئىيىتى : ھۆل ئىسسىق .
تەسىرى : بەلغەمنى تازىلايدۇ . نەپەس يوللىرىنى ئاچىدۇ . سوغۇقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان زۇكام ، كاناي ۋە كاناي شاخچىلىرى ياللۇغى ھەمدە ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 100 م ل ، باللارغا كۈندە 5 قېتىم ھەر قېتىمدا 15 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## شەربىتى زۇفا مۇھەللىل

تەركىبى : تەرەنجىبىن 250 گرام ، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 30 گرام ، چىلان 15 دانە ، ئەنجۈر 10 دانە ، پەرسىياۋشان 18 گرام ، زۇفا 15 گرام ، بادىيان يىلتىزى ، چىگىسەي يىلتىزى ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ، سەۋسەن يىلتىزى ، ئارپا بادىيان ، رۇم بادىيان ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، كاسىنى ئۇرۇقى ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، شۇمشا ئۇرۇقى ، ئىزخىر ، سۇنبۇل ، تاغ پىيىزى ، ھەببى بىلسان ، ئۇد بىلسان ھەر بىرى 6 گرام ، قەنت 500 گرام .
ياسىلىشى : شەربەت تەييارلاش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : دەم سىقىشنى پەسەيتىدۇ . ئىششىق ياندۇرىدۇ ، يۆتەل پەسەيتىدۇ ، نەزلە ۋە ئىستىسقالارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 م ل ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى زۇفا نەزلە

تەركىبى : سانا 30 گرام ، چىلان 20 دانە ، ئەنجۈر 10 دانە ، پىرسىياۋشان ، زۇفا ھەر بىرى 12 گرام ، تاغ پىيىزى 9 گرام ، باديان يىلتىزى ، چىگىسەي يىلتىزى ، ئارپا باديان ، رۇم باديان ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، كاسنى ئۇرۇقى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى ، گاۋزەبان ، بادرەنجبۇيا ، قىزىلگۈل ، زىرە ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەربىرى 6 گرام ، قەنت 500 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سۇغا بىر سوتكا چىلىغاندىن كېيىن $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قاينىتىپ ، قەنت سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يۆتەل پەسەيتىدۇ ، زۇكام ، نەزلە ۋە ھەر خىل ئىستىسقالارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ، يۈرەكنى كۈچەيتىدۇ . مېڭىدىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### شەربىتى زۇفا ھار

تەركىبى : سەرپىستان 50 دانە ، چىلان 30 دانە ، ئەنجۈر 20 دانە ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ، زۇفا ھەر بىرى 24 گرام ، پىرسىياۋشان 21 گرام ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، ھەمىشە باھار ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، گۈلبىنەپشە 12 گرام ، قەنت 500 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سۇغا بىر سوتكا چىلىغاندىن كېيىن $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قاينىتىپ ، قەنت سېلىپ قىيام قىلىپ تاييارلىنىدۇ .

تەسىرى : سوغۇقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ ، كۆكرەك ۋە ئۆپكىنى تازىلايدۇ . نەپەس سىقىلىشنى پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : يۆتەل ۋە نەپەس سىقىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىچكۈزۈلىدۇ .

### شەربىتى كەتان

تەركىبى : زىغىر ، بىنەپشە ، شۇمشا ئۇرۇقى ھەر بىرى 36 گرام ، ئىسبەغۇل ، قەنت مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى ئېزىپ ، قەنت بىلەن قىيام قىلىپ تاييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قان ئارىلاش يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15~30 م ل ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى ھەمىشە باھار

تەركىبى : بىنەپشە ، نىلۇپەر ، خەشخاش ھەر بىرى 9 گرام ، چىلان ، ھەمىشاباھار ئۇرۇقى ھەربىرى 6 گرام ، زىغىر ، رەيھان ئۇرۇقى ، شۇمشا ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام ، ئىسبەغۇل ، بېھى ئۇرۇقى ھەر بىرى 3 گرام ، كۆكنار غوزىسى 2 دانە ، ھەسەل ، قەنت 1 ھەسسە .

ياسىلىشى : شەربەت تاييارلاش ئۇسۇلىدا ياسىلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يۆتەلنى پەسەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى ئۈنناپ I

تەركىبى : چىلان 300 گرام ، ئەينۇلا ، ئەنجۈر ، ھەر بىرى 100 گرام ، بىنەپشە 30

گرام، قەنت 1 كىلوگرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى 1.5 لىتر سۇغا بىر كېچە چىلىغاندىن كېيىن يېرىمى قالـ غىچە قاينىتىپ، سىقىپ، سۈزۈپ، قەنت سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: هۆل سوغۇق.

تەسىرى: يۆتەل توختىتىش، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش، سەپرانى سۈرۈش، قاننى سوۋۇتۇش، قاننى تازىلاش، هارارەتنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: قان بۇزۇلۇشتىن بولغان بارلىق ئىچكى ۋە تاشقى كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، هەر قېتىمدا چوڭلارغا 100 م ل، باللارغا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ.

## شەربىتى ئۇنناب سىبيانى

تەركىبى: چىلان 300 گرام، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، شۇمشە، كاسنى يىلتىزى هەر بىرى 45 گرام، قەنت 300 گرام.

ياسىلىشى: شەربەت تەييارلاش قائىدىسى بويىچە قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: يۆتەل ۋە كۆكرەك كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. قان تازىلايدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: بۇ باللارغا مەخسۇس تەييارلانغان ياسالما بولۇپ، كۈندە 2 قېتىم، هەر قېتىمدا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ.

## قۇرسى خەشخاش I

تەركىبى: تاباشىر 15 گرام، قىزىلگۈل، سەمغى ئەرەبى هەر بىرى 12 گرام، ئاق خەشخاش، قارا خەشخاش هەر بىرى 9 گرام، نىشاستە، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قىيامى، كەتىرا هەر بىرى 6 گرام، زەپەر 1.5 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى تالقانلاپ، سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ قۇرس ياسىلىدۇ.

تەسىرى: كۆكرەك ۋە ئۆپكە جاراھەتلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: زاتىررىيە، ئۆپكە ۋە كاناي شاخچىلىرىنىڭ ئىچكى زەخملىرى

ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### قۇرسى زاتىل

تەركىبى : بىنەپشە ، تەرخەمەك ئۇرۇقى ، قوغۇن ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى ، ھەمىشە باھار ئۇرۇقى ، قاپاق ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى ، چۇچۇكبۇيا يىلتىز قىيامى ، ئىزخىر چېچىكى ، ئىكلىلمەلىك ، كەتىرا تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ زىغىر لۇئابى بىلەن قۇرس ياسىلىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىل كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەنجۇر شەربىتى بىلەن ئەھۋالغا قاراپ يېيىلىدۇ .

### قۇرسى زاتىلجەنبى

تەركىبى : بىنەپشە ، چۇچۇكبۇيا يىلتىز قىيامى ھەر بىرى 30 گرام ، نىشاستە ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، كەتىرا ، ئارپا باديان ھەر بىرى 9 گرام ، ئىسبەغول لۇئابى ، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى ، زىغىر لۇئابى مەلۇم مىقداردا .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ لۇئابلار بىلەن قۇرس قىلىنىدۇ .
تەسىرى : بەلغەم بوشىتىش ، ماددىلارنى تەڭشەش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : زاتىلجەنبى ( كۆكرەك پەردە ياللۇغى ) گە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا بىنەپشە سۈيى بىلەن 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### قۇرسى نەزلە بەند

تەركىبى : مۇرمەككى ، سەبرى ، روسۇت ھىندى ، سەمغى ئەرەبى ، نىشاستە ،

سوك ، رامەك ، كەتىرا ، ئانار گۈلى ، ئاقاقىيا ، خۇنسىياۋشان ، ئەنزىرۇت ، فۇفەل ، شىيافى مامسا ھەر بىرى 3 گرام ، ئەپيۇن 5 . 1 گرام ، زەپەر 1 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ئاس ياپرىقى سۈيىدە يۇغۇرۇپ قۇرس ياسىلىدۇ .

تەسىرى : نەزلىنى توختىتىدۇ . ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : نەزلە ۋە باش ئاغرىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىر دانە قۇرسنى بىر دانە تۇخۇمنىڭ ئېقىدا سۈيۈلدۈرۈپ ، ئۇنى 3 پارچە قەغەزگە تۆكۈپ ، ئىككى پارچىسنى ئىككى چېكىگە ، بىر پارچىسىنى باشنىڭ چوققىسىغا چاپىدۇ .

ئەسكەرتىش : زۇكام يېڭى قوزغالغان ھەمدە ماددا پىشمىغان ئەھۋالدا ئىشلىتىلمەيدۇ .

**گۈلقەنتى بەرگى شەلغەم**

تەركىبى : چامغۇرنىڭ ئېچىلغان گۈلى 1 كىلوگرام ، شېكەر ياكى ھەسەل 4 كىلوگرام .

ياسىلىشى : يېڭى ئېچىلغان چامغۇر چېچەكىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ھاۋانچا ياكى قىيما ماشىنىسىدا ئېزىپ ، ئۇنىڭغا كۆرسەتمىدىكى شېكەر ياكى ھەسەلنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ . شېكەر ياكى ھەسەل گۈلگە ئۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئاغزى ھىم كوزىغا قاچىلاپ ، 40 كۈن ئاپتاپتا تۇرغۇزۇلىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : يۆتەل توختىتىش ، كۆكرەك ۋە قورساقنى بوشىتىش ، كۆزنى قۇۋۋەتلەش ، ئىشتىھانى ئېچىش ، سۈيدۈكنى ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : سىل كېسەللىكلىرى ، كۆز ئاجىزلىقى ، بۆرەك ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ھەمدە سالامەتلىكنى ئاسراش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### گۇلقەنتى خەشخاش

تەركىبى: خەشخاشنىڭ يېڭى ئېچىلغان گۈلى 1 كىلوگرام، شېكەر 4 كىلوگرام.

ياسىلىشى: كۆكنار گۈلىنى ماشىنا ياكى هاۋانچىدا ئېزىپ، شېكەر سېلىپ قول ياكى ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى بىلەن ئوبدان ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئەينەك شىشە ياكى سىرلىق قاچىغا ئېلىپ 40 كۈن ئاپتاپتا تۇرغۇزۇلىدۇ، بۇ جەرياندا كۈندە بىر نۆۋەت ئارىلاشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ.

تەبىئىيتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: ئارام بېرىش، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، ئىچ توختىتىش، قان توختىتىش، كۆكگۈلنى خۇش قىلىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: يۆتەل، ئىچ سۈرۈش، ئۇيقۇسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### لوئۇقى بادام

تەركىبى: سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، نىشاستە، رۇببۇسۇس ھەر بىرى 16 گرام، بادام مېغىزى، قاپاق مېغىزى ھەر بىرى 10 گرام، ئاق شېكەر 70 گرام، گۈلاب 200 م ل، بادام يېغى 10 م ل.

ياسىلىشى: شېكەرنى گۈلابتا ئېرىتىپ، قىزىق ۋاقتىدا دورىلار تالقىنىنى تۆكۈپ يۇغارغاندىن كېيىن ئۈستىگە بادام يېغىنى قۇيۇپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىشقا ۋە نەپەس يولى كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 م ل ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## لوئۇقى بارىد

تەركىبى : تەرەنجىبىن 150 گرام ، تاتلىق بادام مېغىزى 30 گرام ، قاپاق مېغىزى ، تەرخەمەك مېغىزى ، بەگىنەي قوغۇن مېغىزى ، قاراسونا ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، سەمغى ئەرەبى ، كەتىرا ، نىشاستە ھەر بىرى 12 گرام ، خەشخاش ئۇرۇقى 9 گرام ، تەمرى ھىندى مەلۇم مىقداردا ، بادام يېغى 60 م ل .

ياسىلىشى : تەرەنجىبىننى تەمرى ھىندى سۇيىدە قىيام قىلغاندىن كېيىن دورىلار تالقىنىنى ئۇبدان ئارىلاشتۇرۇپ ، ئۈستىدىن بادام يېغى قوشۇپ لوئۇق تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان قۇرۇق يۆتەلگە ۋە نەزلىنىڭ كۆكرەك ۋە ئۆپكىگە چۈشۈشىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 13 ~ 15 گرام ئېلىپ يالايدۇ .

## لوئۇقى بەزەرى كەتان

تەركىبى : زىغىر 90 گرام ، قىرەدمەنا 30 گرام ، ھەسەل مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ لوئۇق تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : دەم سىقىشقا ۋە كونا يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ . كۆكرەكتىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ . قان تۈكۈرۈشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يالايدۇ .

## لوئۇقى بەزىرۇلبەنجى

تەركىبى : بەزىرۇلبەنجى 36 گرام ، چىلغوز مېغىزى 18 گرام ، مۇرساپ 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، جۇلاب بىلەن يۇغۇرۇپ ، لوئۇق تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : نەزلە ماددىلىرىنىڭ كۆكرەك ساھەسىگە قۇيۇلۇشىنى

توسىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يالايدۇ .

## لوئۇقى بىنەپشە

تەركىبى : بىنەپشە 120 گرام ، خىيارشەنبەر 90 گرام ، سەرپىستان 40 دانە ، ئۈرۈقسىز ئۈزۈم 20 دانە ، بادام يېغى ، ھەسەل ھەر بىرى 90 م ل ، قەنت 150 گرام .

ياسىلىشى : ئالدى بىلەن مەزكۇر بىنەپشىدىن 30 گرام ئېلىپ قالغان دورىلار بىلەن بىللە مەلۇم مىقداردىكى سۇغا بىر سوتكا چىلاپ ، يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ ، سىقىپ سۈزۈپ ، قەنت ، ھەسەل ، بادام يېغىلارنى قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ قىيام قىلغاندىن كېيىن ئۈستىگە قالغان 90 گرام بىنەفشىنى تالقانلاپ سېلىپ ، لوئۇق تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : يۆتەل ۋە سەپرادىن بولغان قۇلۇنجىغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىشى : يۆتەل ، قىزىتما ۋە قۇلۇنجىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 15 ~ 20 گرام ئېلىپ يالايدۇ .

## لوئۇقى تىيىن

تەركىبى : ئەنجۈر 50 دانە ، بېھى 50 گرام ، چىلغوز مېغىزى ، پىستە ، ئاچچىق بادام مېغىزى ھەر بىرى 15 گرام ، چىگىت مېغىزى ، ھەببى قەلقەل ھەر بىرى 12 گرام ، چاقچاق ئۈرۈقى مېغىزى ، ئارپا بادىيان ، كۈرسىنە ( پۇرچاق ) ، شۇمشا ھەر بىرى 9 گرام ، ئۈزۈم شىرنىسى 280 م ل ، ئاچچىق بادام يېغى مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : ئەنجۈرنى يېتەرلىك سۇدا ياخشى قاينىتىپ ، سىقىپ ، سۈزۈپ ، ئۈستىگە ئۈزۈم شىرنىسىنى قويۇپ قىيام قىلىنىدۇ ۋە قىيامغا قالغان دورىلار تالقىنىنى بادام يېغىدا ياغلاپ ، سېلىپ قوچۇپ لوئۇق تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كونا يۆتەلگە ناھايىتى ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يالايدۇ .

### لوئۇقى خەشخاش

تەركىبى : ئاق خەشخاش 150 گرام ، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى ، تاتلىق بادام مېغىزى ، قاپاق مېغىزى ھەر بىرى 15 گرام ، قەنت 280 گرام .

ياسىلىشى : خەشخاشنى 600 م ل سۇغا بىر سوتكا چىلاپ ، يېرىمى قالغىچە قايناتىپ ، سۈزۈپ ، قەنت سېلىپ قىيام قىلغاندىن كېيىن دورىلار قالدۇقىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : يۆتەل ۋە سىل خاراكتېرلىك قان تۈكۈرۈشنى توختىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سىل ۋە سىل كېسەللىكىدە كۆرۈلىدىغان يۆتەلگەندە قان تۈكۈرۈش كېسىلىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 30 گرامغىچە ئېلىپ يالايدۇ .

### لوئۇقى خىيارشەنبەر

تەركىبى : فونۇس ، خىيارشەنبەر ھەر بىرى 150 گرام ، كەتىرا ، سەمغى ئەرەبى ، تاتلىق بادام مېغىزى ھەر بىرى 15 گرام ، ماش ئۇنى 21 گرام ، قەنت 45 گرام .

ياسىلىشى : فونۇس ، خىيارشەنبەرلەرنىڭ تەمىنى چىقىرىپ شۇ سۇغا دورىلار تالقىنىنى ئارىلاشتۇرۇپ لوئۇق تەييارلىنىدۇ ۋە لوئۇققا 90 م ل بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : زاتىلجەنبىگە مەنپەئەت قىلىدۇ . ئىچكى ئەزالار ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ ، ماددىلارنىڭ تېزلىكىنى نورماللاشتۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : زاتىلجەنبى ( كۆكرەك پەردە ياللۇغى ) نى داۋالايدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 36 ــ 45 گرام ئېلىپ

ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## لوئۇقى رومان

تەركىبى: سەمغى ئەرەبى، كەتىرا، چۈچۈكبۇيا يىلتىز قىيامى ھەر بىرى 15 گرام، تاتلىق ئانار سۈيى، شوخلا شىربىسى، قەنت مەلۇم مىقداردا.

ياسىلىشى: ئانار سۈيىنى قايناتىپ قىيام بولۇشقا ئاز قالغاندا شوخلا شىربىسى ۋە قەنتنى سېلىپ قىيام قىلىپ، ئۈستىگە قالغان دورىلارنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ لوئۇق تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، ئۆپكە ۋە كۆكرەككە چۈشكەن نەزلىلەرنى تازىلايدۇ.

ئىشلىتىلىشى: ئۆپكىدە يات ماددىلارنىڭ ئۇزۇن تۇرۇۋېلىشىدىن بولغان كونا يۆتەلنى داۋالاش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يالايدۇ.

## لوئۇقى رۇبىبۇسۇس

تەركىبى: ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، بادام مېغىزى ھەر بىرى 60 گرام، خەشخاش 30 گرام، ماش، نىشاستە، كەتىرا، سەمغى ئەرەبى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، قاپاق مېغىزى، قوغۇن مېغىزى ھەر بىرى 15 گرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىز قىيامى، بىھى ئۇ-رۇقى ھەر بىرى 6 گرام.

ياسىلىشى: ئۈزۈمنى بادام يېغىدا پىشۇرۇپ، باشقا دورىلارنى تالقانلاپ، مۇسەللەس شەرئى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ لوئۇق تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: قۇرۇق يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، كۆكرەكنى بوشىتىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: يۆتەل ۋە كۆكرەكتىكى گىژىلداشنى يوقىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يالايدۇ.

#### لوئۇقى زۇفا

تەركىبى: زۇفا، سەۋسەن يىلتىزى ھەر بىرى 60 گرام، ھەسەل 280 م ل، سۇ بىر لىتىر.
ياسىلىشى: زۇفا، سەۋسەن يىلتىزلىرىنى سۇغا بىر سوتكا چىلىغاندىن كېيىن $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قايىنىتىپ سۈزۈپ ھەسەلنى قوشۇپ قىيام قىلىنىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: دەم سىقىش ۋە كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، ئۆپكە ۋە كۆكرەكنى تازىلايدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يالايدۇ.

#### لوئۇقى سۇئال

تەركىبى: سەرپىستان 50 دانە، ئارپا 90 گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ھەر بىرى 45 گرام، خەشخاش 21 گرام، ئەنجۈر 10 دانە، چىلان 20 دانە، بېھى ئۇرۇقى، پىرسىياۋشان، كەتىرا، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام، بادىيان يىلتىزى 9 گرام، قەنت 135 گرام.
ياسىلىشى: كەتىرادىن باشقا دورىلارنى چالا سوقۇپ 2 ـ 3 لىتىر سۇغا بىر سوتكا چىلىغاندىن كېيىن سۇس ئوتتا يېرمى قالغىچە قايىنىتىپ، دورىلارنى سىقىپ، سۈزۈپ، قەنت سېلىپ قىيام قىلىپ، كەتىرا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: يۆتەل ۋە دەم سىقىشنى يوقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يالايدۇ .

**لوئۇقى كۆرۈنبى**

تەركىبى : پىستە مېغىزى 45 گرام ، چىلغوز مېغىزى ، چىگىت مېغىزى ، ماش ھەر بىرى 30 گرام ، زىغىر ، شۇمشا ھەر بىرى 15 گرام ، ياخشى پىشقان ئاناناس ( بولۇ ) سۈيى 300 م ل ، ھەسەل 600 م ل .

ياسىلىشى : ئاناناس سۈيىگە ھەسەلنى قويۇپ قىيام قىلىپ ، قالغان دورىلارنى تالقانلاپ ئارىلاشتۇرۇپ لوئۇق تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : يۆتەل ۋە ئاۋاز بوغۇلۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ . كۆكرەكتىن كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : يۆتەل ۋە يېپىشقاق ماددىلاردىن بولغان كۆكرەك چىڭلىقنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ .

**لوئۇقى نەزلە**

تەركىبى : ئاق خەشخاش 120 گرام ، بەزىرۇلبەنجى ، كۆكنار ھەر بىرى 90 گرام ، قارا سونا ئۇرۇقى 60 گرام ، گاۋزەبان ، ھەببۇلئاس ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ھەر بىرى 30 گرام ، ئۇستۇخۇدۇس ، قىزىلگۈل ، چۈچۈكبۇيا يىلتىز قىيامى ، نىشاستە ، سەمغى ئەرەبى ، كەتىرا ، مۇرساپ ھەر بىرى 15 گرام ، قەنت 90 گرام .

ياسىلىشى : سەمغى ئەرەبى ، كەتىرا ، نىشاستە ، مۇرساپ ، رۇببۇسۇسلاردىن باشقا دورىلارنى قايناقسۇغا بىر سوتكا چىلاپ ، يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ ، سىقىپ ، سۈزۈپ ، قەنت سېلىپ قىيام قىلىپ ، قالغان دورىلارنى سالاپ قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ لوئۇق تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : نەزلىنىڭ قويۇلۇشنى توسىدۇ . يۆتەل پەسەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 9 گرامغىچە ئېلىپ يالايدۇ .

لوئۇقى ھەبىۇرشات

تەركىبى : ئاق قىچا 30 گرام ، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى 12 گرام ، رۇم باديان ، ئارپا باديان ھەر بىرى 9 گرام ، ھەسەل 250 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 2 لىتر سۇغا بىر سوتكا چىلاپ ، $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قاينىتىپ ، ھەسەل بىلەن قىيام قىلىپ لوئۇق تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : كۆكرەكنى تازىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئۆپكە ۋە كاناي شاخچىلىرىدىكى ھەر خىل يات ماددىلارنى تازىلاشقا ، قويۇق ، شىلىمشىق خىلتلارنى چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يالايدۇ .

لوئۇقى ھەبىۇلقەتەن

تەركىبى : تاتلىق بادام مېغىزى 30 گرام ، ماش 15 گرام ، كۈرسىنە ، فەراسيون 9 گرام ، چىگىت مېغىزى 6 گرام ، قەنت 180 گرام .

تەسىرى : كۆكرەكنى تازىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : كۆكرەكتىكى قويۇق ، شىلىمشىق ماددىلارنى تازىلاپ چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يالايدۇ .

لوئۇقى ھورمۇل

تەركىبى : ئادراسمان ئۇرۇقى ، زىغىر تەڭ مىقداردا ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : دورىلارنى 2 لىتر سۇدا $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قاينىتىپ ، ھەسەل بىلەن قىيام قىلىپ لوئۇق تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قويۇلۇپ قالغان قاننى سۇيۇلدۇرىدۇ . كۆكرەكنى بوشىتىدۇ ، قان تۇكۇرۇشنى قالدۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىلىپ يالايدۇ .

### لوئۇقى ھولبە

تەركىبى : زىغىر 15 گرام ، شۇمشا ، تاتلىق بادام مېغىزى ھەر بىرى 12 گرام ، كەتىرا ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ، چىلغوز مېغىزى ، نىشاستە ، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 6 گرام ، ھەسەل ، جۇللاب ، قەنت مەلۇم مىقداردا .

تەسىرى : قويۇلۇپ قالغان قاننى سۇيۇلدۇرىدۇ . كۆكرەكنى بوشىتىدۇ ، قان تۇكۇرۇشنى قالدۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىلىپ يالايدۇ .

### لوئۇقى ۋەرد

تەركىبى : گۈلى مەختۇم ، تاباشىر ، چۇچۇكبۇيا يىلتىز قىيامى ھەر بىرى 12 گرام ، قىزىلگۈل ، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 9 گرام ، نىشاستە ، كەتىرا ، ئاق خەشخاش ھەر بىرى 6 گرام ، زەپەر 2 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ئۈزۈم شىرىسى بىلەن لوئۇق قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قاندىن بولغان زاتىلجەنبىگە ۋە يۆتەل ، سىل ، قان قۇسۇشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ . ئۆتكۈر قىزىتمىلارنى پەسەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئىلىپ يالايدۇ .

### لوئۇقى ئىسقىل

تەركىبى : تاغ پىيىزى 9 گرام ، سەۋسەن يىلتىزى 6 گرام ، فەراسىيون ، زۇفا ھەر بىرى 3 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

تەسرى : دەم سىقىش ۋە ھۆللۈكتىن بولغان كونا يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئىلىپ يالايدۇ .

### مەتبۇخى خىيارشەنبەر رىشەۋى

تەركىبى : ئۈرۈقسىز ئۈزۈم ، تەرەنجىبىن ھەر بىرى 30 گىرام ، سەرپىستان 30 دانە ، چىلان 20 دانە ، ئەنجۈر 10 دانە ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ، فىرسىياۋشان ھەر بىرى 15 گىرام ، بىنەپشە 12 گىرام ، خىيارشەنبەر شىرىسى 21 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنىڭ يىرىكلىرىنى چالا سوقۇپ 2 لىتر سۇدا $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قايىنىتىپ ، سۈزۈپ ، خىيارشەنبەر شىرىسى ، تەرەنجىبىنلەرنى قوشۇپ مەتبۇخ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : يۆتەل پەسەيتىش ، كۆكرەكنىڭ يىرىك ۋە قۇرۇقلۇقنى يوقىتىش ، تەرەتنى بوشىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : قۇرۇقتىن بولغان يۆتەل ، كۆكرەك چىڭقىلىش ، زۇكام ۋە قەۋزىيەتكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ .

### مەتبۇخى زۇفا

تەركىبى : چىلان ، سەرپىستان ھەر بىرى 20 دانە ، ئەنجۈر 10 دانە ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى 12 گىرام ، پىرسىياۋشان 9 گىرام ، ئۈرۈقسىز ئۈزۈم ، ئاق لەيلى ئۈرۈقى ، ھەمىشەباھار ئۈرۈقى ، زۇفا ، گۈلى سەۋسەن يىلتىزى ، شۇمشا ھەر بىرى 6 گىرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 2 لىتر سۇدا يېرىمى قالغىچە قايىنىتىپ ، سىقىپ ، سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسرى : يۆتەل ۋە دەم سىقىلىشلارنى پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : يۆتەل ۋە زىققىنە پەسلەرگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 100 م ل ئېلىپ بىنەپشە مۇرابباسى ياكى لوئۇقى خەشخاش بىلەن ئىچىلىدۇ.

### مەتبۇخى سەرپىستان

تەركىبى: سەرپىستان 20 دانە، چىلان 10 دانە، ئەنجۈر 5 دانە، پىرسىياۋشان، ئۈزۈم، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ئۇرۇقى ھەر بىرى 30 گرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، بېھى ئۇرۇقى، ئىسبەغۇل، بىنەپشە ھەر بىرى 15 گرام.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: كۆكرەك ۋە نەپەس يوللىرىنى تازىلايدۇ، يۆتەل ۋە زۇكامغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم ئەھۋالغا قاراپ 75 م ل غىچە ئىچ-كۈزۈلىدۇ.

### مەتبۇخى سۇرفە خۇشلىك

تەركىبى: سەرپىستان 11 دانە، سوقا چىلان 5 دانە، ئۇرۇقى ئېلىنغان ۋاسالغۇ 15 دانە، بىنەپشە گۈلى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ھەر بىرى 9 گرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشەباھار ئۇرۇقى، بېھى ئۇرۇقى ھەر بىرى 4 گرام.
ياسىلىشى: دورىلارنى چالا سوقۇپ چىلاشقۇدەك سۇغا بىر كۈن چىلاپ، يۇمشاق ئوتتا بىر خىل قايناتقاندىن كېيىن 200 م ل سۇيى قالغاندا گۈل دورىلارنى سېلىپ ئازراق ئۇرلىتىپلا ئېلىپ سۈزۈۋالغاندىن كېيىن خام بىلەن سىقىپ بىر نۆۋەت ۋارونكىدىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىيتى: سوغۇق.
تەسىرى: قىزىتما ياندۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: ئىسسىقتىن بولغان قىزىتمىلىق قۇرۇق يۆتەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: بۇ بىر كىشىلىك مەتبۇخ بولۇپ كۈندە 3 قېتىم،

ھەر قېتىمدا 20 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

**مەئجۇنى زۇفائى سەغىر**

تەركىبى : زۇفا ، پىرسىياۋشان ، ئەپيۇن ھەر بىرى 30 گرام ، خەشخاش ئۇرۇقى ، خەشخاش پوستى ھەر بىرى 12 گرام ، تاغ پىيىزى ، سۇنبۇل ، ئىزخىر ، تۇربۇد ، غارىقۇن ھەر بىرى 9 گرام ، بادىيان يىلتىزى ، سەمغى ئەرەبى ، چىگسەي يىلتىزى ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ، سەۋسەن يىلتىزى ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، زىرە ، شۇمشا ، كاسنى ئۇرۇقى ، ئارپا بادىيان ، رۇم بادىيان ، چىگسەي ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام ، نىلۇپەر ، كەتىرا ، كۇندۇر ، قىزىلگۈل ، گاۋزەبان ، بادىرەنجبۇيا ھەر بىرى 5 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : زۇكام ، نەزلە ، كونا يۆتەل ۋە باشقا نەپەس يولى كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ . سۈيدۈك ھەيدەيدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

**مەئجۇنى زۇفائى كەبىر**

تەركىبى : ئەفيۇن 4 گرام ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ، چىلغوز مېغىزى ، بادام مېغىزى ، پىستە مېغىزى ، زۇفا ، پىرسىياۋشان ھەر بىرى 30 گرام ، جاۋشىر ، سۇنبۇل ، سەلىخە ( قېلىن دارچىن ) ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قىيامى ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، كابۇلى ھېلىيلە پوستى ، بەلىيلە ، ئامىيلە ، قارا ھېلىيلە ھەر بىرى 12 گرام ، غافەس ، مۇرمەككى ، زەپەر ، زىرە ، قۇندۇز قەھرى ، بەزىررۇلبەنجى ، پەرفىيۇن ، قۇستە ، قىرەدمەنا ، خەشخاش ئۇرۇقى ، خەشخاش پوستى ، تاغ تېكىسى مۇگگۇزى ( كۆيدۈرۈلگەن ) ھەر بىرى 9 گرام ، ھەببى بىلسان ، سەمغى ئەرەبى ، ئۇد بىلسان ، مەستىكى ، دارچىن ، ئىزخىر ، چىگسەي ئۇرۇقى ، رۇم بادىيان ، ئەفسەنتىن ئۇرۇقى ، جويۇز ، فىلفىل ، پارپى ، كەتىرا ، شاقاقۇل ، ئاق تۇدرى ، قىزىل تۇدرى ، زەنجىبىل ، ئەرمىدۇن ئۇرۇقى ، ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ، ھەببى قەلقەل ، كۇندۇر ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام ،

ھەسەل 3 ھەسسە .

ياسىلىشى : مەئجۇن تەييارلاش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : زۇكام ، نەزلە ، ھەر خىل ئىستىسقالارغا مەنپەئەت قىلىدۇ . قۇرۇقلۇقنى پەسەيتىپ ، بەدەننى سەمرىتىدۇ . يۈرەكنى كۈچەيتىدۇ ، دەم سىقىلىش ۋە باشقا نەپەس يول كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : زۇكام ، نەزلە ، يۈرەك ئاجىزلىقى ، زىققىنەپەس قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مەئجۇنى زىراۋەند

تەركىبى : يۇملاق زىراۋەند ، قىرەدمەنا ، فىلفىل ، گاۋزەبان ، ئادراسمان ، ئاچچىق بادام مېغىزى ، رەۋەن ، چاققاق ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى ، پىرسىياۋشان ، زۇفا ھەر بىرى 6 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : مەئجۇن تەييارلاش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : دەم سىقىش ۋە بەلغەمدىن بولغان يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ . كۆكرەك ساھەسىگە چاپلىشىۋالغان قويۇق خىلىت ۋە يىرىڭلارنى تازىلايدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مەتبۇخى زۇفا بىلەن كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مەئجۇنى سۇئال

تەركىبى : بادام مېغىزى ، زىغىر ھەر بىرى 30 گرام ، پىستە مېغىزى 15 گرام ، چىلغۇز مېغىزى 9 گرام ، قەنت 280 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .

ياسىلىشى : مەئجۇن ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەلنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەئجۇنى سۇئال رۇتۇبى

تەركىبى : ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 280 گىرام ، تازىلانغان تۇربۇد 60 گىرام ، مەستىكى 39 گىرام ، قەنت 72 گىرام .

ياسىلىشى : مەئجۇن ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەلنى توختىتىدۇ ، ئارقا تەرەتنى بوشىتىدۇ . ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : يۆتەل ۋە قەۋزىيەتكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 9 گىرام ، ئەگەر بىر قېتىم يېيىش توغرا كەلسە 30 گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەئجۇنى سۇس

تەركىبى : ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى 21 گىرام ، سەۋسەن يىلتىزى 9 گىرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : مەئجۇن تەييارلاش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ئۆپكىنى تازىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قويۇق بەلغەمدىن بولغان جاھىل ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 ~ 9 گىرام يېيىلىدۇ .

### مەئجۇنى قەپى

تەركىبى : ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 60 گىرام ، مۇرمەككى 12 گىرام ، قەسبۇسزەرىرە ،

ئىزخىر ئۇرۇقى ، ئىزخىر ، قارىغاي يىلىمى ھەر بىرى 8 گىرام ، زەپەر ، سۇنبۇل ، سەلىخە ، ھەر بىرى 3 گىرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : يىلىم دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردىكى مۇسەللەس بىلەن ئېرىتىپ ، قالغان دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ئىسسىق .

تەسىرى : يەل ھەيدەش ، يەللەرنى تارقىتىش ، ماددىلارنى يۇمشىتىش ، تۇسالغۇلارنى ئېچىش ، ئەزالاردىكى سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى قالدۇرۇش ، ئىششىقلارنى قايتۇرۇش ، بەلغەم بوشىتىش ، يۆتەل پەسەيتىش ، سۈيدۈك ھەيدەش ، ئاۋاز ئېچىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : دەم سىقىش ، يۆتەل ، ئاشقازان ئاغرىشنى داۋالاش ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ، ئاۋازنى ئېچىش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گىرام ئېلىپ باديان سۈيى بىلەن ئىچىلىدۇ .

### مەئجۇنى قۇبئۇلمىلىك

تەركىبى : سەلىخە ( قېلىن دارچىن ) 48 گىرام ، گۈلدارچىن 24 گىرام ، ئەپيۇن ، ئاق بەزىرۇلبەنجى ( مىلىك دىۋانە ) ھەر بىرى 18 گىرام ، جىنتىيانا ، ئۇستۇخۇدۇس ، قىرەدمەنا ، جاۋۇشىر ، كاماپىتوس ، سوزاپ ئۇرۇقى ، تاغ كۈدە ئۇرۇقى ، تاغ سامىسىقى ، مىئەسا ئىلە ھەر بىرى 15 گىرام ، مۇرمەككى ، زەپەر ، قۇستە ، ئاق مۇچ ، ئىزخىر ، سۇنبۇل ، پەرفىيۇن ، شەۋكىران يىلتىزى پوستى ، ئوشەق ، پىننە ، ئارپا باديان ، ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى ، دۇقۇ ، ناردىن گۈلى ياپرىقى ، ھەببى بىلسان ، غافەس ئۇسارىسى ، ھىندىقۇقۇ ئۇرۇقى ، بادام يېلىمى ھەر بىرى 9 گىرام ، قەنت 12 گىرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : ئېرىتىلىدىغانلىرىنى مۇسەللەس بىلەن ئېرىتىپ ، سوقۇلىدىغانلىرىنى سوقۇپ تالقانلاپ ، ھەسەل ۋە قەنت بىلەن يۇغۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى : كونا يۆتەل ، كۆكرەك ئاغرىش ، دەم سىقىش ، بوغۇم ئاغرىش ، تال ئاغرىش ، كونا تەپ ، ئۈچەي يارىسى ، كۆز قاراڭغۇلىشىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ . قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ .

ئەسكەرتىش : مەزكۇر دورىنى تەييارلاپ ئالتە ئايدىن ئېشىپ كەتكەنلىرىنى ئىشلەتسە ئادەم ئۆلتۈرىدۇ ، شۇڭا بالدۇر ئىشلىتىش ، مىقدارىغا قاتتىق دىققەت قىلىش لازىم .

### مەئجۇنى مۇنەفس

تەركىبى : پىرسىياۋشان ، قوغۇن مېغىزى ھەر بىرى 30 گرام ، ئاچچىق بادام مېغىزى ، جىنتىيانا ، زىراۋەند ھەر بىرى 15 گرام ، ئىرسا 12 گرام ، كەپە يىلتىزى پوستى ، كۇرسىنە ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، بادىيان ھەر بىرى 6 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : مەئجۇن تەييارلاش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قويۇق بەلغەمگە ياكى يىرىڭلىق ، بەلغەملىك يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ . بەلغەم ياكى يىرىڭلارنى بوشىتىپ چىقىرىپ ، كۆكرەكتىكى خىر - خىرلارنى يوقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەئجۇنى ھورمىل سەغرى

تەركىبى : ئادراسمان ئۇرۇقى 1 كىلوگرام ، نوشۇدۇر 120 گرام ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل 360 . 3 لىتر .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ئىسسىق .

ئىشلىتىلىشى : بەلغەم بوشىتىش ، يۆتەل پەسەيتىش ، دەم سىقىشنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

تەسىرى : بەلغەم بوشىتىدۇ ، يۆتەل پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 ~ 1 ياشتىكىلەرگە 5 . 0 گرام ، 5 ~ 10 ياشتىكىلەرگە 1 گرام ، چوڭلارغا ئەھۋالغا قاراپ 5 . 1 ~ 3 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## مەئجۇنى ھورمىل كەبىرى

تەركىبى : ئۇرۇقىدىن ئايرىلغان ۋاسالغۇ 160 گرام ، ئادراسمان ئۇرۇقى ، پوستى ئېلىۋېتىلگەن تاتلىق بادام مېغىز ھەر بىرى 120 گرام ، ئاقلانغان چۇچۇكبۇيا يىلتىزى 80 گرام ، پوستىدىن ئايرىلغان چوڭ دادۇر مېغىزى ، قىزىلگۈل ، كۆكنار شاكىلى ھەر بىرى 40 گرام ، كۆكنار ئۇرۇقى 20 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : ۋاسالغۇدىن باشقا دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ بولۇپ ، ۋاسالغۇنى ئايرىم سوقۇپ كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ ، ئاندىن باشقا تالقانلارنى قوشۇپ مەئجۇن تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىتى : مۇتىدىل .

تەسىرى : بەلغەم چىقىرىش ، ئىششىق ياندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : نەپەس ئەزا كېسەللىكلىرىگە ، جۈملىدىن ئىسسىق ـ سوغۇقتىن بولغان ھەر خىل يۆتەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 1 ~ 5 ياشتىكىلەرگە 1 گرام ، 5 ~ 10 ياشتىكىلەرگە 2 گرام ، چوڭلارغا ئەھۋالغا قاراپ 3 ـ 4 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## مۇراببائى بادام

تەركىبى : پوستى ئاقلانغان بادام مېغىزى 500 گرام ، ھەسەل 5 . 1 لىتر .

ياسىلىشى : بادامنى ناھايىتى يۇمشاق سوقۇپ ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مۇراببا تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يۆتەل ۋە كۆكرەكتىكى يىرىڭلىككە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مۇراببائى بىنەپشە

تەركىبى : يىلتىزىدىن تازىلانغان ھۆل بىنەفشە 500 گرام ، شېكەر بىر كىلوگرام .
ياسىلىشى : بىنەپشىنى يۇمشاق سوقۇپ خېمىر قىلىپ ، شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ، بىر نەچچە كۈن ئاپتاپتا تۇرغۇزۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كۆكرەك ۋە گالدىكى يىرىكلىكنى يوقىتىدۇ . ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ ، نەپەس ئەزالىرىنى ياخشىلايدۇ ، نەزلە ، زۇكام ۋە سۈيدۈكتىكى ئېچىشىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى بىنەپشە Ⅲ

تەركىبى : گۈلبىنەپشە 6 گرام ، تۇربۇد 3 گرام ، رۇببۇسۇس 2 گرام ، سەقمۇنىيا 1 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قايناقسۇدا يۇغۇرۇپ 0.3 گراملىق ھەپ قىلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .
تەسىرى : كۆكرەكتىكى بەلغەمنى تازىلاپ ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : دەم سىقىش ۋە يۆتەلگە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 دانە ، بالىلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ .

### ھەببى بىنەپشە مۇرخى

تەركىبى : بىنەپشە 6 گرام ، تۇربۇد 5 گرام ، سەقمۇنىيا 3 گرام ، رۇببۇسۇس 2 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، قايناق سۇ بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى : قويۇق خىلتلارنى تەڭشەيدۇ ، نەپەس يوللىرىنى كېڭەيتىدۇ . سەپرانى پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قويۇق بەلغەمدىن بولغان يۆتەل ۋە زىققىنەپەسكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى زەيق

تەركىبى : ئىيارەج ، غارىقۇن ھەر بىرى 10 گرام ، تۇربۇد 9 گرام ، مۇقەل 6 گرام ، گۈلى سەۋسەن يىلتىزى ، بىنەپشە ھەر بىرى 5 گرام ، سەقمۇنىيا 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، قايناقسۇ بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بەلغەمدىن بولغان يۆتەل ، دەم سىقىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى سەبرى رىئەۋى

تەركىبى : تۇربۇد ، سەبرى ، رۇببۇسۇس ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، قايناقسۇ بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى : ئۆپكىنى تازىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قويۇق بەلغەمدىن بولغان يۆتەلگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىر قېتىمدىلا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى سەدرى

تەركىبى : غارىقۇن ، ئاق تۇربۇد ھەر بىرى 10 گرام ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ،

شەھمى ھەنزەل، سەبرى، ئەنزىرۇت ھەر بىرى 6 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ يۇغۇرۇپ 3.0 گراملىق ھەب قىلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ئۆپكىنىڭ سوغۇقلۇقىنى ياندۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش، يۆتەل پەسەيتىپ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: كونا يۆتەل، دەم سىقىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 5 دانە، بالىلارغا 2 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ.

## ھەببى سۇئال I

تەركىبى: نىشاستە، كەتىرا، رۇببۇسۇس ھەر بىرى 15 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، قاراسونا سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ 3.0 گراملىق ھەب ياسىلىدۇ.

تەبىئىيتى: ھۆل سوغۇق.

تەسىرى: زۇكام ۋە يۆتەلنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: ئىسسىقتىن بولغان زۇكام، زىققا ۋە يۆتەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 5 دانە، بالىلارغا 2 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ.

## ھەببى سۇئال I

تەركىبى: تاتلىق بادام مېغىزى، ئاچچىق بادام مېغىزى ( پوستى ئېلىنغان )، زىغىر ( قورۇلغان )، چىلغوزە مېغىزى، باديان ھەر بىرى 6 گرام، كەتىرا، رۇم بادىيان، سەمغى ئەرەبى، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، رۇببۇسۇس ھەر بىرى 3 گرام، قەنت 20

گرام .

ياسىلىشى : مېغىزلار بىلەن قۇرۇق دورىلارنى ئايرىم - ئايرىم سوقۇقاندىن كېيىن بىرلەشتۈرۈپ ، بادىيان سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ 3 . 0 گراملىق ھەب ياسىلىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : كۆكرەكنى بوشىتىدۇ . دەم سىقىشنى يوقىتىپ ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ . يۆتەل پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان نەپەس ئەزا ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلار كۈندە 5 دانە ئېلىپ بىرىدىن - بىردىن شۈمۈپ تۈگىتىدۇ .

### ھەببى سۇئال ئەتفالى

تەركىبى : نىشاستە ، سەمغى ئەرەبى ، رۇببۇسۇس ، خەشخاش ئۇرۇقى ، ئەپيۇن تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : بېھى ئۇرۇقى لۇئابى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بوۋاقلارنىڭ قاتتىق يۆتىلىپ قۇسۇشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى سۇئال ھار

تەركىبى : تەمرى ھىندى ، رۇببۇسۇس ، نىشاستە ، زەپەر ، كەتىرا ، چىگىت مېغىزى ، ھەببۇلئاس ، خەشخاش ئۇرۇقى ، خەشخاش پوستى ، رۇم بادىيان ، ئارپا بادىيان ، سېرىق چېچەك ئۇرۇقى ، مۇرمەككى ، ناۋات تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، ناۋات بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ شۈمۈرىدۇ .

**ھەببى سۇئال يابىس**

تەركىبى : نىشاستە ، سەمغى ئەرەبى ، رۇببۇسۇس ، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، كەتىرا تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قۇرۇقلۇقتىن بولغان يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

**ھەببى غارىقۇنII**

تەركىبى : غارىقۇن ، تۇربۇد ھەر بىرى 15 گرام ، شەھمى ھەنزەل ، ئەنزىرۇت ، زىغىر ھەر بىرى 6 گرام ، رۇببۇسۇس 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، زىغىر لۇئابى بىلەن يۇغۇرۇپ 3 . 0 گراملىق ھەب ياسىلىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : نەپەس يوللىرىدىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ . بەلغەم بوشىتىدۇ ، دەم سىقىشنى ياخشىلايدۇ ، يۆتەل توختىتىدۇ . كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىكى سوغۇقلۇقنى ياندۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سوغۇق تەسىرىدىن بولغان كاناي شاخچىلىرى كېسەللىكىگە ۋە

كۆكرەك چىگىلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 7 دانە ئىچىلىدۇ .

### ھەببى مەستىكى

تەركىبى : سەبرى 24 گرام ، قارا ھېلىيلە 12 گرام ، مەستىكى 9 گرام ، زەنجىبىل ، سۈنبۇل ھەر بىرى 6 گرام ، سېرىق ھېلىيلە پوستى 5 گرام ، تۇز 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، كۈدە سۈيى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى : ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ، بەلغەمدىن ۋە يەلدىن بولغان نەپەس سىقىلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان يۆتەلگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى نىشات

تەركىبى : ئەپيۇن 21 گرام ، كەتىرا ، سەمغى ئەرەبى ، نىشاستە ، رۇببۇسۇس ھەر بىرى 15 گرام ، ھەببۇلمىھلەپ ، مەرۋايىت ، كەھرىبا ، ياقۇتلار ھەر بىرى 3 گرام ، ئىپار 1 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، بېھى ئۇرۇقى لۇئابى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مىزاجنىڭ سەۋدادىن بۇزۇلۇشىنى تۈزىتىدۇ . ھەر خىل نەزلە ، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل ، ئىستىسقا ، سىل قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ . ھەزىمنى ياخشىلايدۇ ، خوشلۇق كەلتۈرۈپ باھنى كۈچەيتىدۇ ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

هەببى هندى

تەركىبى : ئانار ئۇرۇقى 36 گرام ، فلفل 18 گرام ، گىلى ئەرمنى 5 گرام ، قارا شېكەر 75 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، قايناقسۇ بىلەن هەب قىلىنىدۇ .
تەسىرى : قاتتىق يۆتىلىپ ، قۇسۇشنى ۋە دەم سىقىشنى يوقىتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : قاتتىق يۆتەل ۋە زىققىنە پەسكە ئىشلىتىلىدۇ .
مىقدارى : كۈندە 2 قېتىم ، هەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىدۇ .

ئوكۇلى مەرزەنجۇش

تەركىبى : مەرزەنجۇش 2.5 كىلوگرام ، نىكوتىنامىد 50 گرام ، بېنزول ئالكوهۇل 10 م ل ، ئاكۋا مۇۋاپىق مىقداردا .
ياسىلىشى : ئوكۇل ياساش ئۆلچىمى بويىچە 2 م ل ئامپۇللۇق ئوكۇل تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : يۆتەل پەسەيتىش ، هاسىراشنى تۈگىتىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : سوزۇلما كانايچە ياللۇغىغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، هەر قېتىمدا 1 ئامپۇل مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ .

## ئۆپكە سىلىغا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

سۇفۇفى سەرتان

تەركىبى : گىل ئەرمىنى ، سەمغى ئەرەبى ، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى ، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى هەر بىرى 15 گرام ، سەرتان كۈلى 6 گرام ، قەنت ، ناۋات 30 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنىڭ هەممىسىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ سۇفۇف تەيـ

يارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .

تەسىرى : ئۆپكىدىكى سىل زەخمىسىنى پۈتتۈرىدۇ . يۆتەل پەسەيتىدۇ ، بەلغەم بوشىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئۆپكە سىلىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام كاپ ئېتىپ ، ئۈستىدىن 30 م ل دىن ئانار سۈيى ۋە خەشخاش شەربىتى ئىچكۈزۈلىدۇ .

## سۇفۇفى نەپسۇددەم I

تەركىبى : تاباشىر ، قىزىلگۈل ، گۈلى ئەرمىنى ، گۈلى مەختۇم ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، شادىنەج ھەر بىرى 15 گرام ، بىخ مارجان ، كەھرىبا ، مەرۋايىت ، ئاق خەشخاش ، رۇببۇسۇس ، ئاقاقىيا ، ئەپيۇن ، ئىسبەغۇل ھەر بىرى 10 گرام .

ياسىلىشى : ئىسبەغۇلدىن باشقا دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئىسبەغۇلنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : كۆكرەكنى بوشىتىپ يۆتەل پەسەيتىدۇ . قان تۈكۈرۈش ۋە تەرەتتىن قان كېلىشنى توختىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قان تۈكۈرۈش ، ئۈچەيدىن قان كېلىش ۋە قان سىيىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## سۇفۇفى نىشاستە

تەركىبى : سەمغى ئەرەبى ، نىشاستە ، كەتىرا ، بېھى ئۇرۇقى ، قارا خەشخاش ، قارا سونا ئۇرۇقى ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەر بىرى 18 گرام ، قىزىلگۈل ، ھەمىشەباھار ئۇرۇقى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، تەرخەمەك مېغىزى ، قاپاق مېغىزى ، گۈلى ئەرمىنى ، قوزا قۇلاق ئوتىنىڭ لۇئابى ، گۈلى مەختۇم ، گۈلى قىبەرسى ھەر بىرى 12

گرام، زەپەر 3 گرام، كافۇر 2 گرام.
تەسىرى: سىلدىن بولغان ئىستىسقا، تەپدىق، ئۆپكە جاراھىتى، ئۆپكىدىن قان كېلىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: ئۆپكە جاراھىتى ۋە سىلغا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئېلىپ سەرتان (قىسقۇچ پاقا) سۈيى، خەشخاش شەربىتى بىلەن ئىچىلىدۇ.

### شەربىتى ئەنجىباھار مۇرەككەب

تەركىبى: ئەرۇسە ياپرىقى 300 گرام، ياخشى سۈپەتلىك سەرپىستان 60 دانە، يۇمىلاق چىلان 20 دانە، ئاقلانغان چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشەباھار ئۇرۇقى، نىلۇپەر گۈلى، بىنەپشە گۈلى ھەر بىرى 21 گرام، بېھى ئۇرۇقى 15 گرام، كەتىرا، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 9 گرام، قەنت مەلۇم مىقداردا.
ياسىلىشى: سەمغى ئەرەبىدىن باشقا دورىلارنى بىر سوتكا سۇغا چىلاپ، $\frac{1}{3}$ قالغىچە قاينىتىپ، قەنت سېلىپ قىيام قىلىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن كەتىرا ۋە سەمغى ئەرەبى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ھەر خىل يۆتەللەرنى پەسەيتىدۇ. تەپدىق (سىل قىزىتمىسى) قا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 15 ~ 30 م ل ئىچىلىدۇ.

### شەربىتى زۇفا بارىد

تەركىبى: تەرەنجىبىن 250 گرام، چىلان 100 گرام، ئەنجۈر 60 گرام، ئۈششاق ئۈزۈم (ئۇرۇقسىز) 16 گرام، زۇفا، بېھى ئۇرۇقى، گۈلبىنەپشە، پىرسىياۋشان، ھەمىشەباھار ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، قارا سونا (ئۇسۇك) ئۇرۇقى ھەر بىرى 10 گرام، شېكەر 250 گرام.

ياسىلىشى : بېھى ئۈرۈكى شىرىسى ۋە تەرەنجىبىن شىرىسى ئايرىم - ئايرىم ئېلىنىدۇ . قاتتىق دورىلارنى سوقۇپ، يۇمشاق دورىلار بىلەن قوشۇپ، 5 .1 لىتر سۇغا بىر كېچە چىلاپ، قايناتىپ، سۈزۈپ بېھى ئۈرۈكى شىرىسى ۋە تەرەنجىبىن شىرىسىنى قوشۇپ، شېكەر سېلىپ بىر تۈرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل سوغۇق .

تەسىرى : قان تازىلايدۇ . تومۇرلىغۇ ئاچىدۇ . سۈيدۈك ھەيدەيدۇ . ئىسسىتما قايتۇرىدۇ . كۆكرەكنى بوشىتىپ گال قىچىشىشنى پەسەيتىدۇ . يۆتەل توختىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان قىزىتما، ئۇسساش، زۇكام، كاناي ۋە كاناي شاخچىلىرىنىڭ ياللۇغى، ئۆپكە كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 م ل، بالىلارغا 9 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

**شەربىتى زىرىق مۇرەككەب**

تەركىبى : قىزىلگۈل، تەرەنجىبىن ھەر بىرى 200 گرام، زىرىق، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، غافەس ھەر بىرى 100 گرام، سېرىق ئۈت ئۇرۇقى 50 گرام، رۇببۇسۇس، تاباشىر، كاسنى ئۇرۇقى، مەستىكى، سۇنبۇل ھەر بىرى 15 گرام، زەپەر 3 گرام، شېكەر 500 گرام .

ياسىلىشى : تەرەنجىبىننى پاكىزلەپ، سۇغا چىلاپ شىرىسى ئېلىنىدۇ . زەپەر ۋە تاباشىر ئايرىم - ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ . باشقا دورىلارنى چىلاپ 10 سائەتتىن كېيىن قاينىتىپ سۈزۈپ، تەرەنجىبىن شىرىسى قوشۇپ، شېكەر سېلىپ بىر تۈرلىتىپ ئېلىنىدۇ ۋە ئاخىرىدا زەپەر بىلەن تاباشىردىن ئاز - ئاز سېلىپ قوچۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .

تەسىرى : رەئىس ئەزالار خىزمىتىنى ياخشىلاش، جىگەر تومۇرلىغۇلىرىنى ئېچىش، قان تازىلاش، ئۆپكە يارىسىنىڭ ساقىيىشىنى تېزلىتىش، قان تۈكۈرۈشنى توختىتىش، يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئۆپكە سىلىدىكى قان تۈكۈرۈشكە ۋە باشقا ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە

ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 50 م ل ، باللارغا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ . ئورۇق كىشىلەرگە ئەھۋالغا قاراپ بېرىلىدۇ .

## شەربىتى شۈمشا

تەركىبى : شۈمشا ، ئەنجۈر قېقى ھەر بىرى 100 گرام ، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ، تەمرى ھىندى ھەر بىرى 30 گرام ، شېكەر 1 ھەسسە .

ياسىلىشى : تەمرى ھىندىنى سۇغا ئايرىم چىلاپ ، مۇجۇپ ، سىقىپ ، سۈيى ئايرىم قاچىغا ئېلىپ قويۇلىدۇ . قالغان دورىلارنى 1500 م ل سۇغا بىر كېچە چىلىغاندىن كېيىن يېرىمى قالغىچە قايىنىتىپ سۈزۈپ تەمرى ھىندى سۈيىنى قوشۇپ ، شېكەر سېلىپ ئۇرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل سوغۇق .

تەسىرى : كۆكرەك بوشلۇقى ۋە ئۆپكىدىكى قاداق ھەمدە يىرىڭلىق جاراھەتلەرنى يوقىتىدۇ ، قان تۈكۈرۈش كېسەللىكلىرىدە ئىستىمنى چۈشۈرىدۇ . ئىششىق ياندۇرىدۇ . ئۆپكىنى تازىلايدۇ ، يۆت ىنى پەسەيتىدۇ . چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : كۆكرەك بوشلۇقى ۋە ئۆپكىدىكى يىرىڭلىق كېسەللىكلەرگە ھەمدە قان تۈكۈرۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 50 ــ 100 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## قۇرسى سەرتان

تەركىبى : كۆيدۈرۈلگەن قىسقۇچ پاقا 30 گرام ، گىلى مەختۇم ، گىلى ئەرمىنى ، نىشاستە ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 18 گرام ، تاباشىر ، كەتىرا ، يۇيۇلغان شادىنەج ھەر بىرى 15 گرام ، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى ، تەرخەمەك سۈيى مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ پاقا يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سىل ، دىق ( سىل قىزىتمىسى ) ، قان تۈكۈرۈشلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## قۇرسى سىل

تەركىبى : تەرخەمەك ئۇرۇقى 30 گرام ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، چۈچۈكبۇيا ھەر بىرى 12 گرام ، تاباشىر ، كۆيدۈرۈلگەن قىسقۇچ پاقا ( سەرتان ) ھەر بىرى 6 گرام ، نىشاستە ، كەتىرا ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : ئىسبەغۇل لۇئابى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئۆپكە جاراھىتى ۋە كۆكرەك كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە مۇشۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## قۇرسى كافۇر

تەركىبى : قارا سونا ئۇرۇقى 21 گرام ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى 18 گرام ، تەرخەمەك مېغىزى ، تاباشىر ھەر بىرى 15 گرام ، قاپاق مېغىزى 12 گرام ، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى ( رۇببۇسۇس ) 9 گرام ، قىزىلگۈل ، تەرەنجىبىن ، كاسنى ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام ، كافۇر 2 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ئىسبەغۇل لۇئابى بىلەن ھەب ياسىلىدۇ .

تەسىرى : كېزىك ۋە سىل قىزىتمىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ . يۈرەكنى سالقىنلىتىدۇ . جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئۆپكە سىلىدىكى يۇقىرى قىزىتمىغا ھەمدە كېزىككە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## قۇرسى مەرۋايىت

تەركىبى : تاباشىر ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 18 گرام ، قاپاق مېغىزى ، تەرخەمەك مېغىزى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، كەھرىبا ھەر بىرى 9 گرام ، تېشىلمىگەن مەرۋايىت 6 گرام ، ئاق سەندەل 3 گرام ، لىھيەتو تىس ئۇسارىسى 6 م ل .

ياسىلىشى : ھەببۇلئاس سۈيى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەمىشە ئۇتىدىغان تەب ، تەپدىق ( سىل قىزىتمىسى ) ، بوۋاسىر ، ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : خەشخاش شەربىتى بىلەن كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 گرام ئىچىلىدۇ .

## قۇرسى مۇبەررىد

تەركىبى : خەشخاش ئۇرۇقى 12 گرام ، ئاق سەندەل ، قىزىل سەندەل ، نىلۇفەر ، قورۇق يۇمغاقسۈت ، قىزىلگۈل ، تۇخمى ھۇمماز ( قىيمىقۇ ئۇرۇقى ) ، كاسنى ئۇرۇقى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى ، قاپاق مېغىزى ھەر بىرى 9 گرام ، تېشىلمىگەن مەرۋايىت ، تاباشىر ، نىشاستە ، كەتىرا ، بەزرۇلبەنجى ھەر بىرى 6 گرام .

ياسىلىشى : ئىسبەغۇل لۇئابى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كېزىك ۋە سىل قىزىتمىسىنى چۈشۈرىدۇ ۋە يۈرەكنى سالقىنلىتىدۇ . جىگەرنى ياخشىلايدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## قۇرسى نەفسۇددەم

تەركىبى : شادىنەج ، گىلى مەختۇم ، ماش ھەر بىرى 30 گرام ، كەھرىبا 15 گرام ، كۈندۇر ، ئانار گۈلى ، خۇنسىياۋشان ھەر بىرى 9 گرام ، زەمچە 8 گرام ، ئەپيۇن ، دارچىن

ھەر بىرى 6 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، مۇۋاپىق مىقداردىكى قايناقسۇ بىلەن 10 دانە ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قان تۇكۇرۇشكە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا سېمىز ئوت سۈيى بىلەن ئىچىلىدۇ .

## مەئجۇنى سلى رئەۋى

تەركىبى : پوستى خەشخاش ، بادام مېغىزى ، خەشخاش ئۇرۇقى ھەر بىرى 25 گرام ، نارجىل 16 گرام ، ئەنجىباھار 15 گرام ، گۈلبىنەپشە 12 گرام ، گاۋزەبان گۈلى ، ئانار گۈلى ، بادىرەنجبۇيا ، ئۇستۇخۇدۇس ، ئاق سەندەل ، قىزىل بەھمەن ھەر بىرى 10 گرام ، سەمغى ئەرەبى ، تاباشىر ، كەتىرا ، گۈلدارچىن ، قىرقىلغان پىلە ، نىشاستە ، پوستى تۇرۇغى ، رۇببۇسۇس ، سورۇنجان ھەر بىرى 6 گرام ، شېكەر ، ناۋات ھەر بىرى 500 گرام .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : رەئىس ئەزالارنى ، جۈملىدىن يۈرەكنى قۇۋۋەتلەپ ، ئومۇمىي بەدەننى كۈچەيتىدۇ . ئۆپكىدىكى زەخمىنى پۈتتۈرىدۇ . قان توختىتىش ، ئاغرىق پەسەيتىش ، بەلغەم بوشىتىپ ، يۆتەلنى يوق قىلىش ۋە ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاش تەسىرى گەۋدىلىكرەك .

ئىشلىتىلىشى : ئۆپكە سىلىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## ھەببى سۇئال Ⅲ

تەركىبى : سەمغى ئەرەبى ، كەتىرا ، بېھى ئۇرۇقى ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، رۇببۇسۇس ، ئاق خەشخاش ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، بادام مېغىزى ، لوبىيا مېغىزى ، تەر-

خەمەك ئۇرۇقى ، قاپاق مېغىزى ، ئىسبەغول ھەر بىرى 10 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى ئايرىم سوقۇپ ، ئىسبەغول لۇئابى بىلەن يۇغۇرۇپ 0.3 گراملىق ھەب قىلىنىدۇ .

تەبئىيتى : ھۆل سوغۇق .

تەسىرى : تەپى دىق ۋە سىل كېسەللىكلىرىنى ياخشىلاش ، بەلغەم بوشىتىش ، يۆتەل پەسەيتىش ، نەپەسنى ياخشىلاش ، ئىستىما ياندۇرۇش ، سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : تەپى دىق ۋە ئۆپكە سىل كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 دانە ئېلىپ شۈمۈيدۇ . بالىلار كۈندە 5 قېتىم ، ھەر قېتىمدا بىر دانە ئېلىپ شۈمۈيدۇ .

## ئاشقازان ۋە ھەزىمنى كۈچەيتىشكە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياساملىرى

### بۇخورى غەشيان

تەركىبى : ياۋا پىننە ، يەرلىك پىننە ، سىياھدان تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى : سىركە بىلەن قاينىتىپ چىققان ھورى پۇرۇتىلىدۇ .

تەسىرى : كۆڭۈل ئېلىشىشنى توسىدۇ .

### جەۋارىش ئامىلە I

تەركىبى : پىستە پوستى ، مەستىكى ، لېچىندانە ئۇرۇقى ، سۈنبۇل ھەر بىرى 10 گرام ، ئەنبەر 1.5 گرام ، بېھى سۈيى 200 م ل ، پەرۋەردە قىلىپ چىقىرىلغان ئامىلە شىرىسى 100 م ل ، قەنت 400 گرام .

ياسىلىشى : ئەنبەر بىر دانە قەنت بىلەن سالايە قىلىنىدۇ . قەنت بېھى سۈيى ، ئامىلە شىرىسى بىلەن قىيام قىلىنغاندىن كېيىن ، قۇرۇق دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ

ئارىلاشتۇرۇپ ، ئارقىدىن سالايە قىلىنغان ئەنبەرنى سېلىپ يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : ھەزىم تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر ، يۈرەك ، ئاشقازان ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گىرام ، باللارغا كۈندە 1 قېتىم تاماقتىن كېيىن 1.5 گىرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

### جەۋارىش ئەنبەر مۇھەللىلى

تەركىبى : لېچىندانە ، دارچىن ، قىلەمپۇر ، زەنجىبىل ، جويۇز ھەر بىرى 3 گىرام ، ئاسارۇن ، قەلەمفۇر ، زەپەر ، ئەنبەر ، ئىپار ھەر بىرى 2 گىرام ، ناۋات 3 ھەسسە .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى قىزىتىپ ، بەدەندە ۋە ئاشقازاندىكى قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 2 گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### جەۋارىش ئەنجىدانى

تەركىبى : قارا ئەنجىدان 42 گىرام ، زاراڭزا 39 گىرام ، قارامۇچ ، چىگسەي ئۇرۇقى ھەر بىرى 30 گىرام ، تاغ چىگسىيى ئۇرۇقى ( پەتەر سالىيۇن ) ، مامىرانچىنى ، پىننە ، يالپۇز ، زەيتۇن دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى ھەر بىرى 24 گىرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قورساق ۋە ئاشقازان ساھەسى كۆپۈپ چىڭقىلىشنى يوقىتىدۇ ، قويۇق يەللەرنى ھەيدەيدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## جەۋارىش بالادۇر

تەركىبى : سېرىق ھېلىيلە پوستى ، قارا ھېلىيلە ، كابۇل ھېلىلىسى پوستى ، ئامىيلە ھەر بىرى 144 گرام ، سىياھدان 96 گرام ، كابابەچىنى 48 گرام ، بالادۇر ، مەستىكى ھەر بىرى 24 گرام ، فىلفىل ، قارامۇچ ، دارچىن ، زەنجىبىل ، ئوشەق ھەر بىرى 8 گرام ، سازەج 4 گرام ، شېكەر 2400 گرام .

ياسىلىشى : يۇقىرىدىكى دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ ، بالادۇردىن باشقىلىرى چالا سوقۇپ تاسقىلىدۇ . قىسقۇچنى قىزىتىپ ئۇنىڭ بىلەن بالادۇرنى سىقىپ ھەسىلى ئېلىنىدۇ . ئارقىدىن شېكەرنى قىيام قىلىپ . قىيام سوۋۇغاندىن كېيىن بالادۇر ھەسلىنى ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ ، ئارقىدىن قالغان دورىلارنى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ئىسسىق .

تەسىرى : ئاغرىق قالدۇرۇش ، ئاشقازان ، ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ، ئۈچەي كېسەللىكلىرى ، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىش ، تۇتقاقلىق كېسەل ، لەقۋا ، پالەچ ، سەرئى ( تۇتقاق ) ، ئۇنۇتقاقلىق ، باش قېيىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 3~4 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## جەۋارىش بۇزۇرى

تەركىبى : ئاق قىچا 60 گرام ، قارىغاي مېۋىسى 15 گرام ، مەستىكى ، خولىنجان ، گۈلدارچىنى ، قەلەمفۇر ھەر بىرى 9 گرام ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، جوۋنە 6 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

تەسىرى : ئاشقازاننى كۈچەيتىپ ، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلايدۇ . ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەردىكى يەللەرنى ھەيدەيدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 9 گرام ئىستېمال

قىلىنىدۇ .

## جەۋارىش بېھى I

تەركىبى : زەنجىبىل 15 گرام ، قارامۇچ ، ئاقمۇچ ، دارچىن ، فىلفىل ھەر بىرى 10 گرام ، مەستىكى 6 گرام ، بېھىنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيى ، ھەسەل ھەر بىرى 900 م ل ، سىركە 100 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنىڭ قاتتىقلىرىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، سىركە ۋە بېھى سۈيى ۋە ھەسەل بىلەن قىيام قىلىپ ، سوقۇلغان دورىلارنى قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازاننى كۈچەيتىپ ئىشتىھانى ئاچىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش ، يۈرەك ئېغىشنى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 3 قېتىم ، چوڭلارغا ھەرقېتىمدا 15 گرام ، باللارغا ھەرقېتىمدە 6 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## جەۋارىش پەنجنۇش

تەركىبى : خۇبسۇلھەدىد ( تۆمۈر پوقى ) 300 گرام ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، بېلىيلە ، ئامىيلە شىرىسى ، قارامۇچ ، فىلفىل ، زەنجىبىل ، سەئدى كوفى ، شەترەنجى ھىندى ، سۇنبۇل ھەر بىرى 30 گرام ، قارا سونا ئۇرۇقى ، كۇدە ئۇرۇقى ھەر بىرى 12 گرام ، كالا يېغى مەلۇم مىقداردا ، ھەسەل 3 ھەسسە .

تەسىرى : ئاشقازان تۆۋەنلەپ كېتىشنى ياخشىلايدۇ ، يەلدىن بولغان بوۋاسىرنى يوقىتىدۇ ، رەڭگى ـ روھىنى ياخشىلاپ مىزاجىنى تەڭشەيدۇ ، باھنى كۈچەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : قائىدە بويىچە ئالتە ئاي تۇرغۇزغاندىن كېيىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

ئەسكەرتىش : تۆمۈر پوقىنىڭ يەنە بىر ئىسمى پەنجنۇش بولۇپ ، ئۇنى

ئىشلىتىشتىن بۇرۇن چوقۇم ئىككى ھەپتە ئۆپچۆرىسىدە سىركىگە چىلاپ زەھەرسىزلەن-دۈرگەندىن كېيىن سايىدا قۇرۇتۇپ تۈمۈر ھاۋانچىدا سوقۇش كېرەك .

## جەۋارىش پەۋاكىھى

تەركىبى : پىننە 10 گرام ، سۈنبۇل ، لىچىندانە ، زەنجىبىل ، يالپۇز ھەر بىرى 6 گرام ، ئانار سۈيى ، ئالما سۈيى ، بېھى سۈيى ، ئامۇت سۈيى ، غوراپ سۈيى ، زىرىق سۈيى ، سىماق سۈيى ، لىمون سۈيى ھەر بىرى 200 م ل ، قەنت 1 كىلوگرام .

ياسىلىشى : مېۋە سۈلىرىنى ئۆزىگە خاس ئۇسۇللار بىلەن سىقىپ چىقىرىپ ، قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا قەنت سېلىپ سۇيۇق قىيام بولغاندا ، ئۇندەك سوقۇلغان قۇرۇق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ ئىشتىھانى ئاچىدۇ ، ئاشقازان ۋە ئۈچەيدىكى سەپرانىڭ تېزلىكىنى نورماللاشتۇرىدۇ ، ھۆنى پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : مېگە ئاجىزلىقى ، يۈرەك تىترەش ، ئاشقازان زەئىپلىكى ، ئىشتىھا-سىزلىقتا ھەمدە كەيپ خۇمارى بارلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈنىگە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 گرام ، بالىلارغا ھەرقېتىمدا 5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## جەۋارىش پەۋاكىھ سەبيانى

تەركىبى : تازىلانغان بېھى 270 گرام ، ئالما 135 گرام ، ئامۇت 90 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سىركە بىلەن لىموندا قاينىتىپ پىشۇ-رۇپ ، ئۇستىدىن شېكەر قومۇشى شېكىرىدىن 270 گرام قوشۇپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ ھەمدە 30 گرام زىرىق ، 15 گرام تاباشىر ئارىلاشتۇرۇلىدۇ .

تەسىرى : بالىلاردىكى ئاشقازان ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 1 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 15 گرام ئىچكۈزۈ-لىدۇ .

## جەۋارىش تاباشىرى I

تەركىبى: تاباشىر، قىزىلگۈل، ئۇرۇقى ئېلىنغان سىماق ھەر بىرى 6 گرام، ئانارگۈلى، قاقىلە، مەستىكى ھەر بىرى 3 گرام، ئالما سۈيى، بېھى سۈيى ھەر بىرى 100 م ل، ناۋات 200 گرام.

ياسىلىشى: قۇرۇق دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ناۋاتنى ئالما ۋە بېھى سۈيى بىلەن قىيام قىلىپ، دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق سوغۇق.

تەسىرى: سەپرانىڭ تېزلىكىنى پەسەيتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى بېسىپ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئاشقازاندىكى بۇزۇق سۈيۇقلۇقلارنى تازىلاپ، ئىچىشىشنى پەسەيتىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: باش ئاغرىش، يۈرەك قوزغىلىشى، ئىشتىھاسىزلىق، ئاشقازان ئىچىشىش، ئاچچىق سۇ يېنىش، ھۆ بولۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈنىگە 2 قېتىم، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 10 گرام، بالىلارغا ھەرقېتىمدا 3 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

## جەۋارىش تالىسپەرى

تەركىبى: زەنجىبىل 60 گرام، قارامۇچ 36 گرام، لېچىندانە، گۈلدارچىنى ھەر بىرى 18 گرام، تالىسپەر 15 گرام، شېكەر 3750 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ، شېكەر قىيامىغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: ئاشقازاندىكى سوغۇق يەل، بەدەندىكى قويۇق يەللەرنى يوقىتىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈنىگە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جەۋارىش تۇرۇنجى

تەركىبى: تۇرۇنجىنىڭ قۇرۇق پوستى 30 گرام، قەلەمفۇر، جوز بوۋا، قارامۇچ،

گۈلدارچىنى ، قاقىلە ، خولىنجان ، زەنجىبىل ھەر بىرى 3 گرام ، ئەپيار 1 گرام ، ھەسەل 150 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيىتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ تاماق سىڭدۈرىدۇ ، قورساق كۆپۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە داۋالايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر ، ئاشقازان ، دوۋساق ئاجىزلىقلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 3 قېتىم ، چوڭلارغا تاماقتىن كېيىن 3 گرام ، بالىلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## جەۋارىش تۇففاھى

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : ئۇرۇقى ۋە پوستىدىن تازىلانغان ئالمىدىن 270 گرام ئې‍لىپ مۇسەللەس ياكى سىركىگە بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ ، سۈزۈپ سىقىپ ، مەلۇم مىقداردا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ قايىنتىپ قويۇلدۇرۇپ ، ئۇنىڭغا ئۇد ھىندى ، دارچىنى ، زەفەرلەرنىڭ ھەر بىرىدىن 12 گرام ، زەنجىبىل ، قاقىلە ، نارمىشكلارنىڭ ھەر بىرىدىن 3 گرام قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ئاشقازاننى كۈچلەندۈرۈپ ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ ، تاماق سىڭدۈرىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## جەۋارىش دارچىنى

تەركىبى : يالپۇز 25 گرام ، دارچىنى 20 گرام ، قەلەمفۇر ، قارامۇچ ، فىلفىل ، سۇنبۇل ، ئاسارۇن ھەر بىرى 15 گرام ، زەنجىبىل ، رۇمبادىيان ، قېلىن دارچىنى ، ئارپا ، بادىيان ، مەستىكى ھەر بىرى 10 گرام ، لېچىندانە ، گۈلدارچىنى ھەر بىرى 6 گرام ،

ھەسەل 1.5 لىتر .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ھەسەلنى ئېرىتىپ ئا. رىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازان مىزاجىنى ئىسسىققا مايىللاشتۇرۇش ، ھەزىمنى ياخشىلاش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ، جىگەر ، بۆرەك ئاجىزلىقلىرىغا ، بەدەننى قۇۋۋەتلەپ يەللەرنى تارتىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 3 قېتىم ، چوڭلارغا تاماقتىن كېيىن 6 گرام ، بالىلارغا ھەر قېتىمدا 1.5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## جەۋارىش زەنجىبىلى

تەركىبى : زەنجىبىل 60 گرام ، سەمغى ئەرەبى ، جوز بوۋا ، نىشاستە ھەر بىرى 15 گرام ، زەفەر 3 گرام ، قەنت 30 گرام .

ياسىلىشى : قەنتنى قىيام قىلىپ ، دورىلارنى سوقۇپ ، ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ ھەزىمنى ياخشىلايدۇ ، يەل تارقىتىدۇ ، ئاشقازان يارىسىنى پۈتتۈرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ، ئۈچەينىڭ ھەزىمنى ياخشىلاش ، ئاشقازان ۋە ئۈچەي يارىسىنى ساقايتىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 10 گرام ، بالىلارغا ھەرقېتىمدا 3 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## جەۋارىش زىرىشكى

تەركىبى : مارجان ، مەرۋايىد ھەر بىرى 30 گرام ، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى 21

گرام، ئۇرۇقىدىن ئايرىلغان زىرىق، سىماق، ھەببۇلئاس، گۇرۇچ ئۇنى، جوۋىنە، زەنجىبىل، تەرخەمەك ئۇرۇقى ھەر بىرى 18 گرام، سېمىز ئوت ئۇرۇقى 12 گرام، تاباشىر، كەھرىبا، مەستىكى ھەر بىرى 9 گرام، بېھى لۆئابى ياكى پاقا يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى مەلۇم مىقداردا.

تەسىرى: ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئاشقازان ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

مىقدارى: كۈنىگە 2 قېتىم، ھەرقېتىمدا 9 گرام ئىچىلىدۇ.

## جەۋارىش سەندەلى

تەركىبى: تاباشىر، ئاق سەندەل ھەر بىرى 15 گرام، زىرىق 12 گرام، كافۇر 6 گرام، سوك، ئىپار، سۈنبۇل، ئود ھىندى ھەر بىرى 5 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ، بېھى سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئاشقازاننىڭ ئارتۇقچە قىززىقلىقىنى پەسەيتىپ، تاماق سىڭدۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈنىگە 2 قېتىم، ھەرقېتىمدا 12 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جەۋارىش سوككەرى

تەركىبى: قاقىلە، قەلەمفۇر، زەنجىبىل، كابابەچىنى، دارىچىنى، زەفەر، فىلفىل ھەر بىرى 9 گرام، ئۇد 3 گرام، شېكەر 1 كىلوگرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ، شېكەر قىيامىغا قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: بەلغەم بوشىتىدۇ. ئاشقازاننى كۈچەيتىپ ئىشتىھانى ئاچىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈنىگە 2 قېتىم، ھەرقېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جەۋارىش سىمسىمى

تەركىبى : كۈنجۈت 30 گرام ، كۈندۈر ، زەنجىبىل ، قارامۇچ ، فىلفىل ، قاقىلە ، دارچىنلار ھەر بىرى 9 گرام ، زۇرەنبات ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، زىرە ، جوۋىنە ھەر بىرى 9 گرام ، قەنت 270 گرام .

ياسىلىشى : گۈلاب بىلەن قەنتنى قىيام قىلىپ ، دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى كۈچەيتىپ ئىشتىھانى ئاچىدۇ . ھامىلىدار ئاياللارنىڭ سېرىزىكىنى يوقىتىدۇ . رەڭگى ـ روھىنى ياخشىلايدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## جەۋارىش قەندادىقۇنى

تەركىبى : زەنجىبىل ، قارامۇچ ھەر بىرى 18 گرام ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، پىننە ھەر بىرى 15 گرام ، مەستىكى ، جوۋىنە ھەربىرى 12 گرام ، زىرە ، سەلىخە ، ھەببى بىلسان ، ئاقىرقەرھالار ھەر بىرى 6 گرام ، سازەج ھىندى 3 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .

تەسىرى : بەل ئاغرىش ، ئاشقازان ئاغرىش ، ئاشقازان ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ . سوغۇقتىن بولغان قويۇق يەللەرنى ھەيدەيدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## جەۋارىش كەھرىبائى

تەركىبى : كەھرىبا ، قىزىلگۈل ، زىرىق ھەر بىرى 15 گرام ، ئۇدخام ، مەستىكى ،

زەفەر ھەربىرى 9 گرام ، سونبۇل ، زىرە 6 گرام ، قەنت 3 ھەسسە .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 6 گرام ئېلىپ ئۇستىدىن ئالما سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### جەۋارىش كۇمۇنى مۇھەللىلى

تەركىبى : زىرە 150 گرام ، زەنجىبىل ، سوزاپ ھەر بىرى 60 گرام ، قارامۇچ 45 گرام ، بۆرە ئەرمىنى ( توغرىغۇ ) 15 گرام ، ھەسەل بەلگىلىك مىقداردا .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاندىكى سوغۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ . شەھۋەتنىڭ زىيادىلىكىنى يوقىتىدۇ . بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان تەپلەرنى قالدۇرىدۇ . قورساق كۆپۈش ، چىڭقىلىش ، قۇلۇنجى ، پەتەق ( چىقۇق ) كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### جەۋارىش مەستىكى I

تەركىبى : مەستىكى 10 گرام ، قەنت 200 گرام ، ئەرىقى گۈل 100 م ل .
ياسىلىشى : مەستىكىنى سوقۇپ تاسقاپ ، قەنتنى گۈلاپ بىلەن قىيام قىلىپ ، سوۋۇغاندىن كېيىن مەستىكىنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .
تەسىرى : ئاشقازاندىكى زىيادە سۇيۇقلۇقنى سۈرۈپ چىقىرىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ، جىگەر كېسەللىكلىرى ۋە ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىشقا

ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئېلىپ قاي-ناقسۇ بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ .

## جەۋارىش مەستىكى I

تەركىبى : مەستىكى 10 گرام ، قەنت 200 گرام ، قىزىلگۈل ئەرىقى 100 م ل .

ياسىلىشى : مەستىكىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قەنتنى گۈلاپ بىلەن قىيام قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبئىيىتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ۋە جىگەرنىڭ سوۋۇشىنى توختىتىش ، ئاشقازاندىكى ئارتۇقچە سۇيۇقلۇقنى ھەيدەپ چىقىرىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، چوڭلارغا ھەرقېتىمدا 3 گرام ، باللارغا 1.5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## جەۋارىش مۇتىۋەككۇلى

تەركىبى : كۇندۇر 12 گرام ، ئاقمۇچ ، زەنجىبىل ھەر بىرى 6 گرام ، سۇنبۇل ، قەلەمفۇر ، دارىچىنى ، جويۇز ، قاقىلە ، سوك (ئامىلە جەۋھىرى ) ، قۇندۇز قەھرى ھەر بىرى 5 گرام ، قەنت 1 ھەسسە ، ھەسەل 3 ھەسسە .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى كۈچەيتىپ ، تاماق سىڭدۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## جەۋارىش مىشكى

تەركىبى : گۈلدارىچىنى ، دارىچىنى ، جويۇز ، لىپچىندانە ، قەلەمفۇر ، خولىنجان ،

فىلفل ، ئۇد ھىندى ھەر بىرى 15 گرام ، زەپەر 6 گرام ، ئىپار 3 گرام ، قەنت 265 گرام ، ھەسەل ئۈچ ھەسسە .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ، جىگەردىكى سوغۇق يەللەرنى يوقىتىدۇ ، ئۈچەي كېسەللىكلىرى ۋە كۆكۈل ئېلىشىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 2 ــ 3 گرام ئىچىلىدۇ .

## جەۋارىش نارمىشكى مۇقەۋۋى مەئىدە

تەركىبى : سەئدى كوفى ، كۈندۇر ، سۇنبۇل ھەر بىرى 15 گرام ، نارمىشكى ، فىلفل ، قارامۇچ ھەر بىرى 6 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 3 گرام ئىچىلىدۇ .

## جەۋارىش نارمىشكى ئىستىسقائى

تەركىبى : فىلفىل 15 گرام ، دارچىنى 12 گرام ، نارمىشكى 9 گرام ، قاقىلە 6 گرام ، لىچىندانە 3 گرام ، قەنت 90 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ئاجىزلىقىنى ياخشىلايدۇ ، ناغرىسمان سۇلۇق

ئىششىقنىڭغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ . شىپا بولىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## جەۋارىشى ئۇد

تەركىبى : ئۇد ھىندى ، سۇنبۇل ، مەستىكى ، قەلەمفۇر ، لېچىنىدانە ، جوز بوۋا ھەر بىرى 10 گرام ، ھېلىيلە كابۇلى پوستى ، گۈلدارچىنى ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، رۇمبادىيان ، تۇرۇنجى پوستى ، زورەنباد ، بادرەنجبۇيا ھەر بىرى 3 گرام ، زەپەر ، بەسباسە ، زەنجىبىل 1.5 گرام ، ئىپار 1 گرام ، قەنت 250 گرام .
ئىپار ، زەپەرنى بىر دانە قەنت بىلەن ئايرىم سالايە قىلىنىدۇ . قاتتىق دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ قەنتنى قىيام قىلىپ ھەممىنى بىرلىكتە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : ئاشقازاننى كۈچەيتىپ تاماق سىڭدۈرىدۇ . ئاشقازاندىكى خام سۇيۇقلۇقنى تارتىدۇ . خەفەقان ۋە جىگەر كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ئاجىزلىقى ، ھەزىم ناچارلىقى ۋە يۈرەك ئېغىش كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، چوڭلارغا ھەرقېتىمدا 3 گرام ، باللارغا ھەر قېتىمدا 1 ــ 0.5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .
ئەسكەرتىش : ئەگەر ئىشتىھانى كۈچلۈك قوزغاشقا ئىشلىتىش مەقسەت قىلىنسا لىمون سۈيى ، زىرىق سۈيى ، چۈچۈمەل ئانار سۈيى بىلەن قەنتنى قىيام قىلىپ تەييارلىسا بولىدۇ .

## جەۋارىشى ئۇد تۇرۇش

تەركىبى : ئۇد خام ، زەنجىبىل ، فىلفىل ، قارامۇچ ، ئاقمۇچ ، قەلەمفۇر ، لېچىنىدانە ، قاقىلە ، زەپەر ، خولىنجان ، دارچىنى ، قىزىلگۈل ، مەستىكى ، بەسباسە ، كابابەچىنى ، ئىپار ، ئەنبەر ، سەلىخە ، سازەج ھىندى ، ئۈشنە ، گۈلدارچىنى ، سۇنبۇل ، ئىزخىر ، جوز ، نارمىشكى ، يالپۇز ، فەرەنجمىشكى ، تۇرۇنج پوستى ، كافۇر ھەر بىرى تەڭ

مـقداردا ، لىمون شىرنسى ، لىمون سۈيى ، زىرىق سۈيى ، تەمرى ھىندى سۈيى بەلگىلىك مىقداردا ، ھەسەل 3 ھەسسە .

ياسىلىشى : جەۋارىش ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىشتىھانى ئاچىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىـشلـىتـىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### جەۋارىش ئۇد مۇسھىلى

تـەركـىبـى : ئۇد خـام ، قەلەمفۇر ، زەپەر ، جويۇز ھەر بىرى 5 گرام ، سەقمۇنىيا 3 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .

ياسىلىشى : جەۋارىش ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تـەسـىرى ۋە ئىـشلىتىلىشى : ئاشقازاندىكى ئارتۇق ھۆللۈكنى يوقىتىپ ، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىشىنىڭ ئـالدىـنى ئالـىدۇ . ئۈچـەيىنى ياخشىلايدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىـشلـىتـىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### جەۋارىش ئۇد مۇشەھھى

تـەركـىبى : ئۇرۇنجى پوستى 30 گرام ، ئۇدخام 5 گرام ، مەستىكى 3 گرام ، ناۋات 500 گرام .

ياسىلىشى : ناۋاتنى قىيام قىلىپ دورا تالقىنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تـەسـىرى ۋە ئىـشلـىتـىلىشى : ئىشتىھانى ئاشۇرىدۇ ، ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىلىش مىقـدارى ۋە ئـۇسـۇلـى : كـۈندە 2 قېتىم ، هـەر قېتىمـدا 3 گرام ئىچىلىدۇ .

## جۇۋارىش ئۇد هازىمى

تەركىبى : ئۇد خام 15 گرام ، قەلەمفۇر 6 گرام ، سۇنبۇل 3 گرام ، ناۋات 750 گرام .
ياسىلىشى : ناۋاتنى گۇلاب بىلەن قىيام قىلىپ ئۈستىدىن دورا تالقىنىنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان ئاغرىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ ، ئىشتىهانى ئاشۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، هەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## داۋائى مۇشەههى

تەركىبى : هېلىلە ، بېلىلە ، ئامىلە ، قىزىلگۈل هەر بىرى 12 گرام ، تاباشىر 5 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، هەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان ئىشتىها تۇتۇلۇشنى يوقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، هەرقېتىمدا 5 گرام ئېلىپ ئىستېمال قىلىپ ، ئۈستىدىن سوغۇق سۇ ئىچىلىدۇ .

## داۋائى هازىم

تەركىبى : جوۋنە ، ئارپا بادىيان هەر بىرى 6 گرام .
ياسىلىشى : دورىلار سوقۇپ تالقان قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تاماق سىڭدۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىر قېتىمدىلا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## رەۋغىنى كاسىرى رىياھ

تەركىبى : مۇقەل ، سۇنبۇل ، مەستىكى ، كۇندۇر ھەر بىرى 9 گرام ، ئۇشەق ، ئاسارۇن ، قەسبۇززەرىرە ، ئىزخىر 6 گرام ، بابۇنە يېغى ، گۇل يېغى ھەر بىرى 5 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ياغ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئاپتاپقا قويۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ، ئاشقازان ۋە جىگەردىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقدار ئېلىپ سىرتتىن يەرلىك ئورۇننى ياغلايدۇ .

## رەۋغىنى مەستىكى

تەركىبى : مەستىكى 30 گرام ، زەيتۇن يېغى ياكى كۈنجۈت يېغى 150 م ل .
ياسىلىشى : مەستىكىنى سوقۇپ ياغقا ئارىلاشتۇرۇپ شىشە قاچىغا قاچىلاپ ، قازانغا توشقۇزۇپ سۇ قۇيۇپ شىشىنى قازاننىڭ ھورىدا ئىسسىتىپ قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : ئاشقازان تۈۋەنلەپ كېتىش ، خام كېكىرىشلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ . ئاشقازان ئىششىقىنى ياندۇرۇش ، ئىشقازاندىكى قاتتىقلىقنى بوشىتىش تەسىرگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىرتتىن يەرلىك ئورۇن ياغلىنىدۇ .

## رەۋغىنى مۇھەللىل

تەركىبى : ئىكلىلمەلىك ، بابۇنە 30 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى 1.5 لىتر سۇدا قاينىتىپ 500 م ل قالغاندا سۈزۈپ ، مەلۇم

مىقداردا بادام يېغى قۇيۇپ سۈيى پارلىنىپ يېغى قالغانغا قەدەر قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## رەۋغىنى ۋاموْن

تەركىبى : مەستىكى ، ئاقمۇچ ھەر بىرى 750 گرام ، دارچىنى ، مىشەسائىلە ، سازەج ھىندى ، سۈنبۇل ھەر بىرى 120 گرام ، پەرفىيۇن 90 گرام ، فىلفىل 30 گرام ، بان دەرەخنىڭ يېغى 360 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، مەزكۇر ياغ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ، ئومۇمىي بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

## زىمادى ئەفيۇن

تەركىبى : مەدەستان 3 گرام ، قەلەي پوقى 1.5 گرام ، گۈل يېغى 15 م ل .

ياسىلىشى : ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : يەرلىك ئورۇنغا چېپىلىدۇ .

## زىمادى مۇقەۋۋى

تەركىبى : قىزىلگۈل ، مەستىكى رۇمى ، سۈنبۇل ، كۈندۈر ھەر بىرى 5 گرام .

ياسىلىشى : قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ تالقان قىلىپ رەيھان سۈيى ياكى ئالما سۈيى ياكى بېھى سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ زىماد تەييارلىنىدۇ .

تەسرى : ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : قورساق قىسمىغا چاپلىنىدۇ .

زىمادى مۇھەللىل

تەركىبى : بىنەفشە گۈلى ، بابۇنە گۈلى ، ئىكلىلمەلىك ، ئاق لەيلى گۈلى ، ئارپا ئۇنى ، شۇمشا ئۇنى ھەر بىرى 60 گرام ، قىزىلگۈل 15 گرام ، سۇنبۇل مەستىكى ھەر بىرى 9 گرام ، سەندى كونى ، ئىزخىر قەسبۇززەرىرە ھەربىرى 6 گرام .
ياسىلىشى : ھەممىنى سوقۇپ زىغىر لۆئابى بىلەن يۇغۇرۇپ زىماد تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ئىششىقىنى تارقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : ئاشقازان ساھەسىگە سىرتتىن چاپلىنىدۇ .

زىمادى ئىستەمخىقۇن

تەركىبى : ئاقمۇچ 24 گرام ، ئەفسەنتىن ، سۇنبۇل ، سەلىخە (قېلىن دارىچىنى ) سەبرى ھەر بىرى 9 گرام ، ئۇد بىلسان ، زەفەر ھەر بىرى 6 گرام .
ياسىلىشى : مومنى سۇنبۇل يېغى ياكى قۇستە يېغى ۋە ياكى سىماب يېغىدا ئېرىتىپ ، قالغان دورىلارنى تالقانلاپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ، جىگەر ۋە تالنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : سىرتتىن يەرلىك ئورۇنغا چاپلىنىدۇ .

سۇفۇفى سەنگدانە مۇرغ

تەركىبى : قورۇلغان توخۇ تاشلىقى 15 گرام ، ئۇد ھىندى ، مەستىكى ، تاباشىر ، ھەببۇلئاس ، قورۇلغان ئەرەب يىلمى ، لېچىندانە ( بۇلارمۇ قورۇلىدۇ ) ، زىرە ، پىستە

پوستى ، ئانار گۈلى ھەر بىرى 6 گرام .

ياسىلىشى : يۇقىرىقى دورىلارنىڭ قورۇيدىغانلىرىنى قورۇپ ، قالغان دورىلار بىلەن سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : باللارغا 1 ـ 0.5 گرام ، چوڭلارغا 4 ـ 6 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## سۇفۇفى قەلەمفۇر

تەركىبى : قەلەمفۇر ، باديان ھەر بىرى 10 گرام ، رۇمباديان مەستىكى ھەر بىرى 6 گرام ، زەنجىبىل 3 گرام ، ناۋات 30 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى ئايرىم ـ ئايرىم سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، سوقۇلغان ناۋات بىلەن سۇفۇفى تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازاننى كۈچەيتىپ ھەزىمنى ياخشىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولغان ئۇنۇنقاقلىق ، مېڭە ئاجىزلىقىغا بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 2 قېتىم تاماقتىن كېيىن 3 گرام ، باللارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## سۇفۇفى مەستىكى مۇسەخخىن

تەركىبى : ئۇد ھىندى ، ئۇد خام ھەر بىرى 60 گرام ، مەستىكى ، قەلەمفۇر ، كاباب‌ەچىنى ھەر بىرى 15 گرام ، ئامىلە ئۇسارىسى ( ئامىلە جەۋھىرى ) ، ئىپار ھەر بىرى 9 گرام ، شېكەر 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، سۇفۇف تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ئاشقازاننى قىزىتىپ يەللەرنى تارقىتىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### سۇفۇفى نەمەكى

تەركىبى : لوشۇدۇر ، زەنجىبىل ، قارامۇچ ، تاغ پىنىسى ھەر بىرى 1.2 كىلوگرام ، ئاقمۇچ 360 گرام ، چىگىسەي ئۇرۇقى 180 گرام ، رۇمبادىيان ، جوۋنە ، سۇنبۇل ھەر بىرى 120 گرام ، تۇز 560 گرام .

ياسىلىشى : تالقانلاپ سۇفۇف تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ئىشتىھانى ئاچىدۇ . ئاشقازان ، جىگەرنىڭ تۈرلۈك كېسەللىكلىرىگە ۋە ھەر خىل بوغۇم ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### سۇفۇفى نەئنا

تەركىبى : پىننە 30 گرام ، سىماق ، تۇز ھەر بىرى 15 گرام ، قارامۇچ 6 گرام .

ياسىلىشى : تالقانلاپ سۇفۇف تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ، ئاشقازاندىكى يەللەرنى تارقىتىپ قورساق كۆپۈشنى يوقىتىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 — 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### سۇفۇفى ھاكىمە

تەركىبى : قىزىلگۈل 30 گرام ، رۇمبادىيان 27 گرام ، يۇمغاقسۇت 24 گرام ، سوك (ئامىلە جەۋھىرى) ، ئىپار ھەر بىرى 21 گرام ، تاباشىر ، ئاق سەندەل ھەر بىرى 18 گرام ، ھېلىلە كابۇلى ، ناۋات ھەر بىرى 15 گرام ، مەستىكى ، ئاسارۇن ، سۇنبۇل ،

ئامىلە، كەھرىبا، دارىچىنى، تاتلىق قوۋستە، كابابەچىنى، قەلەمفۇر ھەر بىرى 12 گرام، لوك 3 گرام، شېكەر 2 ھەسسە.

تەسىرى: بۇ بىر خىل مۆتىدىل تەبىئىيەتلىك سوفۇۋى بولۇپ ئىچكى ئەزالارنى كۈچەيتىدۇ. يەل تارقىتىدۇ، توسالغۇلارنى ۋە ئىشتىھانى ئاچىدۇ، تاماق سىڭدۈرىدۇ، رەڭگى ـ روھىنى تۈزەپ، ئادەمنى ياشارتىدۇ، باھنى قوزغايدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ھەر قېتىمدا 15 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سوفۇۋى ئىشتىھا

تەركىبى: ئاقلانغان سەۋزە ئۇرۇقى 30 گرام، كۈندۈر 9 گرام، زۇرەنباد، چىگىسەي ئۇرۇقى، جوۋنىنە، قارا زىرە ھەر بىرى 6 گرام، ناۋات 286 گرام.

ياسىلىشى: سوقۇپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەسىرى: ئاشقازاننى ياخشىلاپ ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈنىگە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

## سىركەنجىبىنى ئەفسەنتىن

تەركىبى: ئەفسەنتىن، سىركە، قەنت مەلۇم مىقداردا.

ياسىلىشى: ئەفسەنتىننى سىركىگە بىر سوتكا چىلاپ، قاينىتىپ قەنت بىلەن قىيام قىلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: سەپرا خاراكتېرلىك ئاشقازان ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ئىچىلىدۇ.

## سىركەنجىبىنى بىھى I

تەركىبى: مەستىكى، سۇنبۇل، قەلەمفۇر ھەر بىرى 6 گرام، بىھى توغرالمىسى

قايىنتىلمىسى 500 م ل ، سىركە 100 م ل ، قەنت 300 گرام .

ياسىلىشى : 3 خىل دورىنى چالا سوقۇپ داكا خالتىغا سېلىپ ئاغزىنى تىكىپ ، بېھى سۈيى بىلەن بىللە 15 مىنۇت قايىنتىپ ، سىقىپ ئېلىۋېتىپ ئارقىدىن شۇ سۇغا سىركە ۋە قەنتنى سېلىپ ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازاننى كۈچەيتىپ ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ئاجىزلىقى ، ھەزىم خىزمىتى بۇزۇلۇش ، جىگەرنىڭ ئاجىزلىقى قاتارلىق كېسەللەرگە بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100 م ل ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### سىركەنجىبىنى تۇففاھ

تەركىبى : ھۆل پىننە 15 گرام ، پىشقان ئالما سۈيى 200 م ل ، سىركە 150 م ل ، ئاچچىق ئانار سۈيى ، لىمون سۈيى ، گۈلاب سۈيى ، بېدىمىشكى سۈيى ھەر بىرى 60 م ل ، قەنت 375 گرام .

ياسىلىشى : ھەممىنى $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قايىنتىپ قەنت بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تاماق سىڭدۈرىدۇ ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ ، جىگەرنى ياخشىلايدۇ . ئاشقازان ، يۈرەكنى كۈچلەندۈرىدۇ . كۆڭۈل ئايىنىشنى قالدۇرۇپ قۇسۇشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .

### سىركەنجىبىنى جۇۋنە

تەركىبى : جوۋىنە ، قارا زىرە ، زۇفا ، تاغ چاكىگاھ ئۇسۇملۇكى ھەر بىرى 20

گرام ، سىركە 60 م ل ، ھەسەل 100 م ل .

ياسىلىشى : سىركە ، ھەسەلدىن باشقا دورىلارنى يېرىم لىتر سۇغا بىر كېچە چىلاپ ، ئەتىسى قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سىقىپ ، سۈزۈپ ھەسەل ۋە سىركىنى قوشۇپ بىر ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازان ھەزىمىنى ياخشىلاپ ئىشتىھانى ئاچىدۇ ، يەل تارقىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ ، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئېچىش ۋە سوغۇقتىن بولغان بەل ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

مىقدارى : كۈندە 3 قېتىم ، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 50 م ل ، بالىلارغا 3 سائەتتە بىر قېتىم 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## سىركەنجىبىنى ۋەرد

تەركىبى : گۈلقەنت ، گۈلاب ، سىركە مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : گۈلقەنتنى قىزىق گۈلاپقا ئارىلاشتۇرۇپ ، مۇۋاپىق مىقداردا سىركە قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

## شەربىتى ئانار ۋە پىننە

تەركىبى : ناخۇش ئانار سۈيى ، تاتلىق ئانار سۈيى ، ھۆل پىننە سۈيى ھەر بىرى 700 م ل ، پىستە پوستى 15 گرام ، ئۇدى خام ، مەستىكى ھەر بىرى 6 گرام ، قەنت 500 گرام ، ناۋات 1 كىلو .

ياسىلىشى : ئۇد خام بىلەن پىستە پوستىنى قاينىتىپ سۈزۈپ ، مېۋىلەر سۈيىگە قوشۇپ ناۋات ۋە قەنت سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ ، ئاخىرىدا سوقۇلغان مەستىكى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسرى : سەپرانى پەسەيتىدۇ . ھۆ بولۇش ۋە قۇسۇشنى توختىتىدۇ . ئاشقازاننى كۈچەيتىپ قان كۆپەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش ، يۈرەك ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولغان يۈرەك تىترەشكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 30 م ل ، باللارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### شەربىتى ئەتىش

تەركىبى : ئاچچىق ئانار سۈيى ، ئەينۇلا سۈيى ، تەمرى ھىندى ھەر بىرى 300 م ل ، پاقا يوپۇرمىقى سۈيى ، تۇرۇنجى سۈيى ھەر بىرى 150 م ل ، قەنت مەلۇم مىقداردا .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ . ئاشقازان ، بۆرەكتىكى ئارتۇق ھارارەتنى باسىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 15 ـ 20 م ل ئېلىپ قار سۈيى يـ ـاكى سوغۇق سۇ بىلەن ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى ئەنبەر

تەركىبى : ئەنبەر ، زەفەر ھەر بىرى 5 گرام ، ھەسەل ، بۇلاق سۈيى ھەر بىرى 1.2 لىتر .

ياسىلىشى : سۇ بىلەن ھەسەلنى بىللە قىيام قىلىپ ، ئەنبەر ، زەفەرلەرنى سالايە قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سوزۇلما خاراكتېرلىك ئاشقازان ئاغرىش ، پەي ئاغرىش ، سوغۇقتىن بولغان يۈرەك تىترەشلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ ، شىپا بولىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 15 م ل ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى پەۋاكىھ I

تەركىبى : تاتلىق ئانار سۈيى 200 م ل ، تاتلىق ئامۇت سۈيى ، تاتلىق بېھى سۈيى 100 م ل ، قەنت 500 گرام .

ياسىلىشى : مېۋە سۇلىرى قەنت بىلەن قىيام قىلىنىدۇ .

تەبىئىيىتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ ، ھۆنى پەسەيتىدۇ . يۈرەكنى كۈچەيتىدۇ . كۆڭۈلنى ئاچىدۇ . ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : يۈرەك ئېغىش ، جىگەر ئاجىزلىقى ، قان ئازلىق ۋە ئاشقازاننىڭ بارلىق كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، چوڭلارغا ھەرقېتىمدا 50 م ل ، باللارغا ھەرقېتىمدا 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### شەربىتى پەۋاكىھ I

تەركىبى : ئاچچىق ئانار سۈيى ، تاتلىق ئانار سۈيى ، چۈچۈمەل بېھى سۈيى ، تاتلىق بېھى سۈيى ، زىرىق سۈيى ھەر بىرى 50 م ل ، قەنت 250 گرام .

ياسىلىشى : بېھى بىلەن ئالمىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ نېپىز توغراپ ، بىر چوڭ پىيالە سۇ بىلەن قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سىقىپ سۈزۈلىدۇ . زىرىقنىمۇ بىر چىنە سۇ بىلەن قاينىتىپ سۈزۈپ ، ئانارنىڭ پوستىنى ئېلىۋېتىپ تازىلاپ ، سىقىپ سۈزۈپ ، ھەممە مېۋە سۇلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قەنت سېلىپ 3 قېتىم ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيىتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : رەئىس ئەزالارنى كۈچلەندۈرۈپ ، ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ . پۈتۈن بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ . ھەزىمنى ياخشىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : مېڭە ، يۈرەك ، جىگەر ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقى ، ئىشتىھاسىزلىق ، ماغدۇرسىزلىققا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، چوڭلارغا ھەرقېتىمدا 30 م ل ، باللارغا ھەرقېتىمدا 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

**شەربىتى پەۋاكىھ قابىز**

تەركىبى : ئۇد ھىندى ، مەستىكى ، تاباشىر ، ئامىلە ئۇسارىسى ھەر بىرى 6 گىرام ، ئالما سۈيى ، ئاچچىق ئانار سۈيى ، بېھى سۈيى ، تەمرى ھىندى سۈيى ، رەۋەن سۈيى ھەر بىرى 300 م ل ، قەنت مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : مېۋە سۇلىرىنى گۈلاب بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ ، قالغان دورىلارنى چالا سوقۇپ ، خالتىغا قاچىلاپ قايناتمىغا قوشۇپ $\frac{1}{3}$ قالغىچە قاينىتىپ ، سىقىپ سۈزگەندىن كېيىن قەنت بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ ، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ ، سەپرا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .

**شەربىتى پەۋاكىھ مۇرەككەپ**

تەركىبى : تەرەنجىبىن 60 گىرام ، چىلان 55 دانە ، گۈلبىنەفشە ، نىلۇفەر ، يۇمغاقسۈت ھەر بىرى 12 گىرام ، ئاق سەندەل ، گاۋزەبان ، ئالما چېچىكى ، بېدىمىشكى ھەر بىرى 8 گىرام ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، ئەگرى تەرخەمەك ( تەررە ) ئۇرۇقى ، سېرىق ھېلىلە پوستى ھەر بىرى 5 گىرام ، بېھى ، ئالما ، ئاچچىق ئانار سۇلىرى ھەر بىرى 120 م ل ، گىلاس ، تەمرى ھىندى ، زىرىق ، لىمون سۇلىرى ھەر بىرى 4 م ل .

ياسىلىشى : دورىلاردىن ئەرەق تارتىلىپ ، ئۈستىگە مېۋە سۇلىرى ۋە ئېرىتىلگەن تەمرى ھىندى قوشۇلىدۇ . سېرىق ھېلىلىنى ئۇندەك سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ . تەرەنجىبىننى چىلاپ ئېرىتىپ پاكىزلەپ ئۈستىگە قۇيۇپ قىيام قىلىنىدۇ .

تەسىرى : سەپرا ۋە قاننى نورماللاشتۇرۇش ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ ، ئېچىشىشنى پەسەيتىش ، ئۇسسۇزلۇق ۋە قىزىتمىنى يوقىتىش ، رەئىس ئەزالار ۋە پۈتۈن بەدەننى قۇۋۋەتلەش ، قان كۆپەيتىش ، مېڭە توسالغۇلىرىنى ئېچىش ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش

تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : رەئىس ئەزالار خىزمىتىنى ياخشىلاش ، مېڭە ۋە جىگەر تۇسالغۇلىرىنى ئېچىش ، سەپرانى نورماللاشتۇرۇش ، ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاش ، ئومۇمىي بەدەننى كۈچەيتىش شۇنداقلا قان كۆپەيتىش ، ئوزۇقلاندۇرۇش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .

مىقدارى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 15 ـ 30 م ل ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى تۇرۇنجى

تەركىبى : تۇرۇنج پوستى 30 گرام ، ئۇد ھىندى 21 گرام ، زەنجىبىل ، سازەج ھىندى ، قاقىلە ، فەرەنجمىشكى ، فىلفىل ، مەستىكى ، سۇنبۇل ، جويۇز ھەر بىرى 6 گرام ، ئىپار ، زەفەر ھەر بىرى 3 گرام ، قەنت 280 گرام ، ھەسەل 810 م ل ، گۇلاب بىر لىتر .

ياسىلىشى : ئىپار ، زەفەردىن باشقا دورىلارنى سوقۇپ تالقانلاپ خالتىغا قاچىلاپ ، گۇلابتا سېلىپ قاينىتىپ ، سۈزۈپ ھەسەل ، قەنتلەرنى سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ . ئىپار ، زەفەرلەرنى ئايرىم سالايە قىلىپ قىيام بىر ئاز سوۋۇغاندىن كېيىن قوشۇلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىشى : ئاشقازاننى كۈچەيتىپ ھەزىمنى ياخشىلايدۇ . ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىدۇ . ياشانغانلارنىڭ يۈرەك ۋە ئاشقازانىغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 9 م ل ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى خۇبسۇلھەدىد

تەركىبى : زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن تۆمۈر پوقى 30 گرام ، رۇمبادىيان ، ئارپا بادىيان ، جوۋىنە ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، ھىلى يىلتىزى ( غۇلجاڭ ) ، يالپۇز ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ، ياۋا زىرە ، قارامۇچ ، فىلفىل ، سەئدى كوفى ، جويۇز ، سوزاپ ئۇرۇقى ، زاغۇن ، پىياز ئۇرۇقى ھەر بىرى 3 گرام ، سۇ 3 .1 لىتر ، قەنت مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : ئادەتتىكى شەربەت تەييارلاش ئۇسۇلى بىلەن تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى قىزىتىدۇ ، قان كۆپەيتىپ سەمرىتىدۇ ، مەقئەت كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىشى مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 45 ــ 60 م ل ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى خىندىقۇن

تەركىبى : دارچىن ، زەنجىبىل ، قارامۇچ ھەر بىرى 9 گرام ، سۇنبۇل ، قاقىلە ، ئۇد غەرقى ھەر بىرى 6 گرام ، زەفەر 3 گرام ، سوك 2 گرام ، ئىفار 1 گرام ، رەيھان شەربىتى 2.7 لىتر ، ھەسەل 1.2 لىتر ، قەنت 560 گرام .

ياسىلىشى : ئىفار ۋە سوكتىن باشقا دورىلارنى چالا سوقۇپ ، رەيھان شەربىتىگە ئىككى سوتكا چىلاپ ، قاينىتىپ سۈزۈپ ، ھەسەل ، قەنتلەر بىلەن قىيام قىلىپ ، ئىپار ، سوكلارنى ئايرىم سالايە قىلىپ قىيامغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى قىزىتىدۇ ، تاماق سىڭدۈرىدۇ . جىگەرنى ياخشىلايدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ . بولۇپمۇ ياشانغانلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى راسەن

تەركىبى : قۇرۇتۇلغان راسەن يىلتىزى 165 گرام ، ئۈزۈم سۈيى 1.9 لىتر .

ياسىلىشى : شەربەت ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى كۈچەيتىپ تاماق سىڭدۈرىدۇ . مەنىنى كۆپەيتىپ ، ھارارىتى غەرىزىنى ياخشىلاپ كۆڭۈلگە خوشلۇق پەيدا قىلىدۇ . بەدەننى سەمرىتىدۇ . مىزاجنى تەڭشەيدۇ . رەڭگى ــ روھىنى ياخشىلايدۇ . ئاۋازنى ئاچىدۇ . ئاڭلاش ، كۆرۈش ، پۇراش ، ئويلاش ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ . ئىچكى ئەزالار ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشىلايدۇ ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : راسەن تېپىلمىغان ئەھۋالدا گۈلى سەۋسەن يىلتىزى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ .

## شەربىتى رىباس

تەركىبى : ھۆل رەۋەننىڭ سىقىلغان سۈيى ياكى رەۋەن ئۇسارىسى ، قەنت تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : شەربەت ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ ، سەپرادىن بولغان ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى سەئدى كوفى

تەركىبى : سەئدى كوفى 60 گرام ، چالا سوقۇلغان ئامىيلە 30 گرام ، قەنت 500 گرام ، سۇ 560 م ل .
ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ بىر ھەپتە يەر ئاستىغا كۆمۈپ ئۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ سۈزۈپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ، بوۋاسىرنى يوقىتىدۇ ، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 15 ـ 20 گرام ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى سوككەر

تەركىبى : زەنجىبىل ، دارىچىنى ھەر بىرى 15 گرام ، قاقلە ، لىچىندانە ھەر بىرى 6 گرام ، قەلەمفۇر 3 گرام ، زەفەر 2 گرام ، قەنت 1.35 كىلوگرام ، سۇ 1.9 لىتر .
ياسىلىشى : دورىلارنى بىر سوتكا سۇغا چىلاپ ، $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قاينىتىپ ،

قەنت بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .
ۋە ئىشلىتىشى : ئاشقازاننىڭ سوغۇقتىن بولغان ئارتۇق ھۆللۈكىنى قۇرۇتىدۇ ، سوغۇق مىزاجنى مۆتىدىللەشتۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## شەربىتى سىماق

تەركىبى : ئۇرۇقىدىن ئاجرىتىلغان سىماق ، قەنت مەلۇم مىقداردا .
ياسىلىشى : ئادەتتىكى شەربەت ياساش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كۆڭۈل ئاينىشنى توختىتىدۇ . ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ، تۈرلۈك قان كېتىشلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى سىيب I

تەركىبى : بادرەنجبويا ، گاۋزەبان گۈلى ھەر بىرى 10 گرام ، ئۇد ھىندى ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 6 گرام ، قەلەمفۇر 3 گرام ، تاتلىق ئالما سۈيى 1 لىتر ، تاتلىق بېھى سۈيى ، ئۈزۈم شارابى ھەر بىرى 500 م ل .
ياسىلىشى : قۇرۇق دورىلارنى سوقۇپ داكا خالتىغا سېلىپ ، مېۋە سۇلىرى بىلەن قاينىتىپ سۈزۈپ ، ئۇنىڭغا 700 گرام قەنت سېلىپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .
تەسىرى : ئاشقازاننىڭ مېڭىگە مۇناسىۋەتلىك ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ . رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ .
ئىشلىتىلىشى : مېڭە ، يۈرەك ، ئاشقازان ، جىگەر ئاجىزلىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى سىيب I

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : 5 كىلوگرام ئالمىنى پوستى ، ئۇرۇقى ، ساپاق ۋە قۇرتلىرىدىن تازىلاپ ، سوقۇپ سىقىپ 4 لىتىر سۈيىنى ئېلىپ ، قايىنتىپ 2 كىلوگرام شېكەر قوشۇپ قىيام قىلىنىدۇ . ئالما قانچە ياخشى بولسا ئۈنۈمى شۇنچە ياخشى .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : رەئىس ئەزالار ۋە ئاشقازاننى كۈچەيتىپ ھەزىمنى ياخشىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : يۈرەك ، مېڭە ، جىگەر ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ ھەزىمنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، چوڭلارغا ھەرقېتىمدا 30 م ل ، باللارغا ھەرقېتىمدا 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### شەربىتى لىمون ھازىمى

تەركىبى : بېھى سۈيى 2 ھەسسە ، لىمون سۈيى 1 ھەسسە ، قەنت يېرىم ھەسسە .

ياسىلىشى : شەربەت ياساش قائىدىسى بويىچە ياسىلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تاماق سىڭدۈرىدۇ ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ ، ئاشقازان ، جىگەرنى ياخشىلايدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 20 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### شەربىتى مىشكى

تەركىبى : ئېپار 5 گرام ، زەفەر 3 گرام ، سۇ ، ھەسەل ھەربىرى 600 م ل ، قەنت 600 گرام .

ياشىلىشى : سۇنى قايىنتىپ ، ھەسەل ، قەنتلەرنى سېلىپ قىيام قىلىپ ، بىر ئاز

سوۋۇغاندىن كېيىن ئېپار ، زەفەرلەرنى ئايرىم سالايە قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قىزىتىدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ . بولۇپمۇ ياشانغانلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 9.5 م ل ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى ھەببى رۇممان

تەركىبى : ئاچچىق ئانار ئۇرۇقى 145 گرام ، سىماق 70 گرام ، كۈندۈر 51 گرام ، پىستە پوستى 9 گرام ، تۇرۇنجى پوستى ، پىننە ، قەلەمفۇر ھەر بىرى 6 گرام ، سوك (ئامىلە جەۋھىرى ) 3 گرام ، سۇ 1.2 لىتر .
ياسىلىشى : ئانار ئۇرۇقى ۋە سىماقلارنى سۇ بىلەن يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ ، سىقىپ سۈزۈپ ، قالغان دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل كۆڭۈل ئاينىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 3 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## شەربىتى ۋەرد I

تەركىبى : ھۆل قىزىلگۈل ( ئاق قىسمى ئېلىۋېتىلىدۇ ) 560 گرام ، تۇربۇد ، ئەفتىمۇن ھەر بىرى 23 گرام ، مەھمۇدە 6 گرام ، قەلەمفۇر ، سوك ، بەسباسە ھەر بىرى 2 گرام ، سۇ 1.2 لىتر ، قەنت 420 گرام ،
ياسىلىشى : شەربەت ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : نورمالسىز بەلغەم ، سەۋدا خىلتلىرىنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ ، ئاشقازان ، ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 23 ـ 45 م ل ئىچىلىدۇ .

## فەتلە پىيروزى نۇش

تەركىبى: خۇبسۇلھەدىد ( تۆمۈر پوقى ) 360 گرام، سەئدى كوفى 30 گرام، ئاق تۇدرى، قىزىل تۇدرى، گۇلدارچىن، سۇنبۇل، جويۇز، زەنجىبىل، قارامۇچ ھەر بىرى 24 گرام، سېرىق ھېلىيلە پوستى، كابۇل ھېلىيلە پوستى، شەترەنجى ھىندى، چىگىسەي ئۇرۇقى، ئاچچىق قۇستە، سەلىخە، قەلەمفۇر، بەسباسە، خولىنجان، نارمىشكى ھەر بىرى 18 گرام، بەلىيلە پوستى، ئامىلە، جوۋىنە، قارامۇچ، فىلفىل ھەر بىرى 12 گرام، ئىپار 6 گرام، ئەنبەر 3 گرام، كالا يېغى 120 م ل، ھەسەل 2.5 ھەسسە.

ياسىلىشى: قائىدە بويىچە يۇغۇرۇپ تەييارلاپ ئالتە ئايدىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ، جىنسىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرىدۇ، مەنىنىڭ تېز كېتىشىنى تورمۇزلايدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ئۈزۈم ھارىقى ياكى مۇسەللەس بىلەن 6 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## قۇرسى ئاقاقىيا

تەركىبى: قىزىلگۈل، ئانار گۈلى ھەر بىرى 12 گرام، ئاقاقىيا 9 گرام، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا ھەر بىرى 6 گرام، زەفەر 5 گرام، كۈندۈر ياغىچى، ئۇد ھىندى ھەر بىرى 3 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ تالقانلاپ، سۇ بىلەن تابلېت قىلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ، ئاشقازان تۆۋەنلەشكە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، ھەرقېتىمدا ئالما سۈيى ياكى سوغۇق سۇ بىلەن 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### قۇرسى ئەفسەنتىن

تەركىبى : سەلىخە ( قېلىن دارچىنى ) 60 گرام ، ئەفسەنتىن ، چىگسەي ئۇرۇقى ، رۇمبادىيان ھەر بىرى 15 گرام ، مۇرمەككى ، قاراموچ ، قۇندۇز قەھرى ، ئەفيۇن ھەر بىرى 6 گرام .

ياسىلىشى : ئادەتتىكى قۇرس تەييارلاش ئۇسۇلى بىلەن تابلېت قىلىنىدۇ .

تەسىرى : ئاشقازان ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ياندۇرمىغىچە پەسەيمەيدىغان ئاشقازان ئاغرىقىنى پەسەيتىشكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا پىننە شەربىتى بىلەن 3 گرام ئىچىلىدۇ .

### قۇرسى راسەن

تەركىبى : كۈندۈر 15 گرام ، سەۋسەن يىلتىزى ياكى گۈلى ، پىننە ياپرىقى ، سوزاپ ، ھۇماما ھەر بىرى 9 گرام ، يالپۇز ، جوۋىنە ، سۇئدى كوفى ھەر بىرى 5 گرام .

ياسىلىشى : قائىدە بويىچە تەييارلاپ 3 گراملىق تابلېت قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان كۆپۈش ، قورساقنىڭ يەلدىن ئاغرىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىر دانە ئېلىپ زىرە سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### قۇرسى زىرىشكى كەبىر

تەركىبى : تاباشىر ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ، چۇچۇكبۇيا يىلتىز قىيامى ، كاسنى

ئۈرۈقى ، مەستىكى ، سۇنبۇل ، غاپەس ئۇسارىسى ، ئوردان ، يۇيۇلغان لوك ، رەۋەن ھەر بىرى 30 گرام ، قىزىلگۈل ، تەرەنجىبىن ھەر بىرى 18 گرام ، زەفەر 15 گرام ، زىرىق ئۇسارىسى ( سىقىلمىسى ) ، تەرخەمەك ئۈرۈقى مېغىزى ، قوغۇن ئۈرۈقى مېغىزى ھەر بىرى 9 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ تەرەنجىبىن سۈيى بىلەن قۇرس ( تابلېت ) قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ ، جىگەرنى ياخشىلايدۇ ، بەلغەمدىن بولغان تەپ ، ئىستىسقالارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## قۇرسى كۇندۇر

تەركىبى : كۇندۇر ، خۇراسان مېغىزى ھەر بىرى 6 گرام ، كابابەچىنى ، قاقىلە ھەر بىرى 5 گرام ، كافۇر ، قەلەمفۇر ، سوك ( ئامىلە جەۋھىرى ) ھەر بىرى 1 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، 3 گراملىق قۇرس قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ، ئىچى سۈرۈش بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن قۇسۇشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىر دانە ئانار شەربىتى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## قۇرسى گۈل مۇھەللىل

تەركىبى : قىزىلگۈل 18 گرام ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قىيامى ، كەھرىبا ھەر بىرى 12 گرام ، سۇنبۇل ، ئىكلىلمىلىك ، بابۇنە ، ئىزخىر ھەر بىرى 9 گرام ، مەستىكى 6 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، 3 گراملىق قۇرس قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مەئىدە ئاغرىقى ، ئاشقازان ئىششىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 6 گرام ئىلىپ ، رۇمبادىيان سۈيى بىلەن

ئىچىلىدۇ .

### قۇرسى مۇقەل

تەركىبى : قىزىلگۈل 30 گرام ، مۇقەل 9 گرام ، مەستىكى 8 گرام ، سۇنبۇل 6 گرام ، قۇستە ، ئاچچىق بادام مېغىزى ھەربىرى 5 گرام .
ياسىلىشى : مۇقەلنى ھاراقتا ئېرىتىپ ، قالغان دورىلارنى تالقانلاپ ، ئارىلاشتۇرۇپ قۇرس قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننىڭ ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .

### قۇرسى نارمىشكى

تەركىبى : قىزىلگۈل ، سۇنبۇل ھەر بىرى 9 گرام ، نارمىشكى ، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 6 گرام ، ئانارگۈلى ، تاباشىر ھەر بىرى 5 گرام ، مەستىكى 3 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، قايناقسۇ بىلەن 3 گراملىق قۇرس قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ئاجىزلىقى ، دەم سىقىلىش ، سۈيدۈك تۇتالماسلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### قۇرسى ئۇد مۇقەۋۋى

تەركىبى : قاقىلە ، سۇنبۇل ، بەسباسە ھەر بىرى 30 گرام ، ئۇدخام گۈلدارچىنى ، تۇرۇنجى پوستى ھەر بىرى 15 گرام ، قەلەمفۇر ، مەستىكى ھەربىرى 9 گرام ، جويۇز ، زەفەر ، زەنجىبىل ، فىلفىل ھەر بىرى 3 گرام ، قەنت تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، قۇرس قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ ، تاماق

سىڭدۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 3 گرام ئىچىلىدۇ .

### كەمادى جوۋىنە

تەركىبى : قىزىلگۈل 15 گرام ، جوۋىنە ، زىرە ، ئارپا باديان ھەر بىرى 6 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قايناقسۇغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يەلدىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : قايناقسۇغا ئارىلاشتۇرۇپ قىزىتىلغان دورا سۈيىنى گىرىلكىغا قاچىلاپ ، سىرتتىن يەرلىك ئورۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ .

### گۈلقەنتى جىگدە گۈلى

تەركىبى : جىگدە گۈلى 1 كىلوگرام ، شېكەر 4 كىلوگرام .
ياسىلىشى : ئېچىلغان جىگدە گۈلىنى يىغىپ ھاۋانچا ياكى قىيما ماشىنىسى بىلەن يۇمشاق ئېزىپ ، شېكەر سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ . بىر ـ بىرىگە ئۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن شىشىگە ياكى سىرلىق قاچىغا قاچىلاپ ئاغزىنى بېكىتىپ ، ئاپتاپتا 40 كۈن تورغۇزۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : ئىسسىق .
تەسىرى : مېڭىنى قۇۋۋەتلەش ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە قىلىشتەك تەسىرلەرگە ئىگە
ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل مېڭە ، يۈرەك كېسەللىكلىرى ھەمدە ھاسىراش ، دېمى تۇتۇلۇش ، بەزگەك ، ئاشقازان ئاجىزلىقى ، مۇپاسىل قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە بىر قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## گۈلقەنتى رەيھان

تەركىبى : ھۆل رەيھان 1 كىلوگرام ، شېكەر 4 كىلوگرام .

ياسىلىشى : ھۆل رەيھاننىڭ يوپۇرمىقىنى ئېلىپ ، ماشىنا ياكى ھاۋانچا بىلەن ئېزىپ ، شېكەر ياكى ھەسەلنى سېلىپ ، قول ياكى ماشىنا بىلەن ئوبدان ئارىلاشتۇرۇلىدۇ . ئاندىن سىرلىق قاچا ياكى ئەينەك شىشىگە قاچىلاپ ئاغزىنى بېكىتىپ ، 40 كۈن ئاپتاپتا قويۇپ پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ھەزىمنى ياخشىلايدۇ ، قان كۆپەيتىدۇ . نېرۋا ، يۈرەكنى كۈچەيتىدۇ ، بەدەننى سەمرىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : نېرۋا ئاجىزلىقى ، يۈرەك سېلىش ، چاچ ئاقىرىش ، ئاق كېسەل قاتارلىقلارغا بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 10 گرام ( يەنى قاقتەك چوڭلۇقتا ) ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## گۈلقەنتى قىزىلگۈل

تەركىبى : 1 نىسبەت قىزىلگۈل ، 4 نىسبەت شېكەر .

ياسىلىشى : قىزىلگۈل ئېچىلغاندا بېشى بىلەن ئۈزۈپ ئەكىلىپ ، گۈل ياپراقچىلىرىنى چىمدىپ ئۈزۈپ ئېلىنغاندىن كېيىن ( ئاق بېغىشى گۈل كاسىسى ۋە يوپۇرماقلىرى ئىشلىتىلمەيدۇ ) توغراش ماشىنىسى بىلەن توغرىلىدۇ . ماشىنا بولمىغاندا ئاز ــ ئازدىن ھاۋانچىغا سېلىپ سوقۇلىدۇ . ئاندىن شېكەر سېلىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ . بۇ ، شېكەر گۈلقىنى دەپ ئاتىلىدۇ . ئارىلاشتۇرۇلغىنى ھەسەل گۈلقىنى دەپ ئاتىلىدۇ . سىرلانغان ساپال كوزا ياكى چىنە قاچىلارغا ئېلىپ تومۇز ئاپتاپتا ئاز دېگەندە 2 ئاي تۇرغۇزۇپ پىشۇرۇلىدۇ . دەسلىپىدە ھەپتىدە بىر قېتىم ، كېيىنچە 2 ـ 3 كۈندە بىر قېتىم ياغاچ قوشۇق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازاندىكى خام سۇيۇقلۇقنى قۇرۇتىدۇ . ئاشقازاننى كۈچەيتىپ

ھەزىمنى ياخشىلايدۇ. بەدەننىڭ كېسەلگە قارشى كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. سىل كېسىلىنى ۋە خەفەقانىنى ياخشىلايدۇ. رەئىس ئەزالارغا ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ تەسىرىنى تەڭشەيدۇ.

ئىشلىتىلىشى: مېڭە، يۈرەك، ئاشقازان، جىگەر ئاجىزلىقلىرىغا، بەلغەمدىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىشقا، سىل، خەفەقان كېسەللىكلىرىگە ۋە باللارنىڭ ئۆسۈشىنى ياخشىلاپ قان كۆپەيتىشكە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، چوڭلارغا ھەرقېتىمدا 15 گرام، باللارغا ھەرقېتىمدا 5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

### لوئۇقى ناردىن

تەركىبى: قىزىلگۈل، جىگدە ئۈنى، پىستە پوستى، ئانار ئۇرۇقى، زىرىق ئۇرۇقى ھەر بىرى 45 گرام، سىماق 21 گرام، پىننە، ھەببۇلئاس ھەربىرى 9 گرام، لىمون سۈيى، غورا سۈيى، بېھى سۈيى، تەمرى ھىندى سۈيى ھەر بىرى 90 م ل، ناۋات 200 گرام، قەنت 600 گرام، سۇ 900 م ل.

ياسىلىشى: لوئۇق ياساش قائىدىسى بويىچە لوئۇق تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### لوئابى تۇخمى سەپەرجىل

تەركىبى: بېھى ئۇرۇقى مۇۋاپىق مىقداردا.

ياسىلىشى: كېرەكلىك بېھى ئۇرۇقىنى ئېلىپ ئازراق سوقۇپ يېتەرلىك قايناقسۇغا چىلاپ ئاغزىنى يېپىپ، يېرىم سائەتتىن كېيىن ئارىلاشتۇرۇپ لوئابى چىقىرىلىدۇ.

تەبىئىيتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: يۈرەك، مېڭە ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئىشلىتىلىشى: ئاشقازان، ئۈچەي كېسەللىكلىرى ۋە ئىشتىھاسىزلىققا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1، قېتىم ھەرقېتىمدا مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ.

## مەتبۇخى ئانار ئۇرۇقى

تەركىبى : ئانار ئۇرۇقى 30 گرام ، مەستىكى ، يالپۇز ھەر بىرى 6 گرام ، ئۇد ھىندى 3 گرام ، ئىپار 1 گرام .
ياسىلىشى : ئالدىنقى 3 خىل دورىنى 500 م ل سۇ بىلەن قايىنىتىپ 300 م ل قالغاندا سۈزۈپ ، ئۇد ھىندىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئىفارنى قەنت بىلەن سالايە قىلىپ ، مەزكۇر سۈزۈلمىگە تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .
تەسىرى : ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ ، ھەزىمنى كۈچەيتىپ ، قۇسۇشنى توختىتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ۋە ئۈچەينىڭ ھەزىم كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 15 م ل ، باللارغا ھەرقېتىمدا 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## مەتبۇخى ئەفسەنتىن

تەركىبى : تەمرى ھىندى 60 گرام ، تەرەنجبىن 30 گرام ، قىزىلگۈل 20 گرام ، ئەفسەنتىن 15 گرام .
ياسىلىشى : ئالدى بىلەن تەمرى ھىندى ، تەرەنجىنلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم چىلاپ سۈزۈپ سۈيى ئېلىنىدۇ . قىزىلگۈل بىلەن ئەفسەنتىننى 500 م ل سۇدا قايىنىتىپ 300 م ل قالغاندا ، سىقىپ سۈزۈپ ، سۈزۈلمىلەرنىڭ ھەممىسنى بىرلەشتۈرۈپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : ھۆل سوغۇق .
تەسىرى : سەپرادىن بولغان ھەزىم ئاجىزلىقىنى يوقىتىپ ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ ، ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ .
ئىشلىتىلىشى : يۇقىرى قىزىتمىلىق تەپ ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىش ۋە ئاشقازان ئاغرىشلارغا بېرىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 100 م ل ، باللارغا ھەرقېتىمدا 30 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### مەئجۇنى بەقرات

تەركىبى : رۇمبادىيان ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، سەۋزە ئۇرۇقى ، سېرىق چېچەك ئۇرۇقى ھەر بىرى 30 گرام ، قىزىلگۈل ئوتتۇرىسىدىكى سېرىقى ( چېچىكى ) 5 گرام ، مەستىكى ، قەلەمفۇر ، ئاقىرقەرھا ، ئۇد ھىندى ھەر بىرى 3 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .

ياسىلىشى : مەئجۇن ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ، جىگەرنى كۈچەيتىدۇ ، بەلغەمنى يوقىتىپ ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ ، ئاشقازان ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ . ئۈچەي قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ ، يەللەرنى تارقىتىدۇ ، باھنى ئوبدان قوزغايدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەئجۇنى بۇزۇرى

تەركىبى : جوۋنە ، ئارپا بادىيان ، رۇمبادىيان ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، سىيسالىيۇس ( تېپىلمىسا ئەنجىدان ) ، قۇندۇز قەھرى ، سېرىق چېچەك ئۇرۇقى ، ئۇزۇنچاق زىراۋەند ، ئاسارۇن ، مەستىكى ، ياۋا زىرە ، ئىزخىر تەڭ مىقداردا ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : مەئجۇن ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ئاغرىش ۋە جىگەر ، تال كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەئجۇنى تاباشىر

تەركىبى : تاباشىر ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 30 گرام ، ئۇرۇقىدىن ئايرىلغان سىماق 6 گرام ، ئانار گۈلى ، قاقىلە ھەر بىرى 3 گرام ، مەستىكى 2 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : مەئجۇن ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ئاشقازاندىكى هارارەت ۋە سۇيۇقلۇقنى تەڭشەيدۇ ، ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 9 گرام ئېلىپ بىھى سۈيى ياكى ئالما سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مەئجۇنى جويۇز I

تەركىبى : جوۋىنا ، زەفەر ھەر بىرى 15 گرام ، لاچىندانە ، جەۋز بەۋۋا ( جويۇز ) ، بەسباسە ھەر بىرى 10 گرام ، نەشە يېغى 15 م ل ، ھەسەل 200 م ل .

ياسىلىشى : قۇرۇق دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، زەفەرنى بىر دانە قەنت بىلەن سالايە قىلىپ ، ھەسەلنى ساپلاشتۇرۇپ ئاندىن نەشە يېغىنى سېلىپ يۇغۇرۇپ ، شىشە قاچىغا ئېلىپ 40 كۈن تۇرغۇزۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ ، ئاشقازان ئاغرىقىنى تىنچلاندۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ۋە مېڭە ئاغرىشىنى پەسەيتىش ، مەنىنى قويۇقلىتىش ، باھنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

مىقدارى : كۈندە 2 قېتىم ، چوڭلارغا ھەرقېتىمدا 3 ـ 5 .1 گرام ، 7 ياشتىن يۇقىرى باللارغا ھەرقېتىمدا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## مەئجۇنى جويۇز I

تەركىبى : نەشە 300 گرام ، لاچىندانە ، جويۇز ، بەسباسە ھەر بىرى 30 گرام ، جوۋىنا ، زەفەر ھەر بىرى 15 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى: دورىلارنى قائىدە بويىچە تەييارلاپ ، مەئجۇن ياسىلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ ، تاماق سىڭدۈرىدۇ ، باھنى كۈچەيتىپ لەززەتنى ئاشۇرۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 6 گرام ئىس‐

ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەئجۇنى سەنگدانە

تەركىبى: قىزىلگۈل 9 گرام، توخۇ تاشلىقى پوستى، تاباشىر ھەر بىرى 8 گرام، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، ئاق سەندەل، ياڭپۇز، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، ھەببۇلئاس ھەر بىرى 6 گرام، قۇرۇق پىننە، پىستە پوستى، تۇرۇنجى پوستى، سېرىق ھېلىيلە پوستى ھەر بىرى 3 گرام، مېۋە شەربىتى 3 ھەسسە.

ياسىلىشى: مەئجۇن ياساش قائىدىسى بويىچە مەنجۇن قىلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئاشقازان ۋە يۈرەك ئاجىزلىقى، خام كېكىرىشلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈنىگە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەئجۇنى غىياس

تەركىبى: زەپەر، ئاقىرقەرھا، بەزىرىۋلبەنجى، فەرفىيۇن، خۇلىنجان، قاقلە، فىلفىل، قۇندۇز قەھرى ھەر بىرى 10 گرام، ھەسەل 250 م ل.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە قوشۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن تەييارلىنىدۇ.

تەبئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ئاشقازاننى قىزىتىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، ئېغىزنى خۇشپۇراق قىلىدۇ، باھنى كۈچەيتىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: سەزگۈنىڭ سۇسلۇقى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئەرلىك جىنسىي قابىلىيەتنىڭ ئاجىزلىقى، مەنى سۇيۇلۇپ كېتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: چوڭلارغا كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 1.5 گرام بېرىلىدۇ.

ئەسكەرتىش : بۇ مەئجۇننىڭ دورا تەركىبىگە 3 ـ ۋە 4 ـ دەرىجىلىك قۇرۇق ئىسسىق دورىلار قوشۇلغاچقا ، 15 ياشتىن تۆۋەنلەرگە بېرىلمەيدۇ .

### مەئجۇنى قۇستە

تەركىبى : دارچىنى ، ئاچچىق قۇستە ھەر بىرى 21 گرام ، رۇمبادىيان ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، ئاسارۇن ھەر بىرى 9 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : مەئجۇن ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى . ئاشقازان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ ، جىگەرنى ياخشىلايدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەئجۇنى مۇلۇكى

تەركىبى : جويۇز ، قەلەمفۇر ، بەسباسە ، ئەرمدۇن ئۇرۇقى ، ئىزخىر ، زەنجىبىل ، دارچىنى ، مەستىك ، زەفەر ، ئۇد ھىندى ھەر بىرى 9 گرام ، ئۆشنە 8 گرام ، قاقىلە ، كۇندۇر ھەر بىرى 3 گر م ، قەنت ، گۈلاب ھەربىرى 30 م ل ، ھەسەل مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : قەنتنى گۈلابتا ئېرىتىپ ، ھەسەلنى قىيام قىلىپ ، دورىلار تالقىنىنى ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ، باھنى قوزغايدۇ ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەئجۇنى نانخۇا

تەركىبى : جوۋىنە ، زەنجىبىل ھەر بىرى 30 گرام ، چىگىسەي يىلتىزى 15 گرام ،

مەستىكى 8 گرام ، ئۇد خام 6 گرام ، ئاقىرقەرھا 5 گرام ، زەفەر ، بەسفا ئىج ھەر بىرى 3 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .

ياسىلىشى : مەئجۇن ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ۋە جىگەرنى كۈچەيتىدۇ . خام بەلغەملەرنى بوشىتىدۇ . ئىشتىھانى ئاچىدۇ ، خام كېكىرىشنى يوقىتىدۇ . ئېغىزنى خۇشپۇراقلاشتۇرىدۇ . شالۋاق ئېقىشنى توختىتىدۇ ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ ، قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىلەرنى چۈشۈرىدۇ . بۆرەك ، دوۋساقنى كۈچەيتىدۇ ، تاش ، قۇملارنى تازىلايدۇ ، باھنى قوزغايدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ . يىلدا بىر نۆۋەت ئىستېمال قىلىپ بەرسە ناھايىتى پايدىلىق .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەئجۇنى ئۇد

تەركىبى : بادىرەنجبۇيا ، گاۋزەبان ، ئارپا بادىيان ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، سۇنبۇل ، پوستى تۇرۇنجى ھەر بىرى 6 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : مەئجۇن ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەئجۇنى ئىبنىئىماد

تەركىبى : قۇندۇز قەھرى ، تاتلىق قۇستە ، سۇنبۇل ، قارامۇچ ، دارچىن ، فىلفىل ھەر بىرى 23 گرام ، مۇرمەككى 9 گرام ، قېلىن دارچىنى 6 گرام ، ئەفيۇن 3 گرام .

ياسىلىشى : مۇرمەككىنى كونا رەيھان شارابىدا ئېرىتىپ ، قالغان دورىلارنى تالقانلاپ ، ئۈچ ھەسسە مۇسەللەس بىلەن يۇغۇرۇپ مەئجۇن تەييارلاپ ، 6 ئايدىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەزىمنى ياخشىلايدۇ ، ھەر خىل ئاشقازان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا مۇۋاپىق مىقدار ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مەئجۇنى ئىزخىر

تەركىبى : ئىزخىر يىلتىزى ، سەئدى كوفى ، زەنجىبىل ، دارچىنى ، قېلىن دار-چىنى ، پىننە ھەر بىرى 3 گرام ، قەلەمفۇر ، سوك ( ئامىلە جەۋھىرى ) ، جوۋنە ، ئۆشنە ، ھېلىيلە ، قارامۇچ ، كۈندۇر ھەر بىرى 2 گرام ، مەستىكى ، ئۇدخام 1 گرام ، ئۇ-رۇقى بار ئۈزۈم 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : ئۈزۈمنى ئۇرۇقىدىن ئايرىپ ، دورىلار تالقىنىغا قوشۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ئاغرىقى بىلەن بىرگە كېلىدىغان قۇشۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مەئجۇنى ئىنەل

تەركىبى : قىزىلگۈل ، قارامۇچ ، زەنجىبىل ، ئۈزۈنچاق زىراۋەند ، دارچىنى ، ئاسا-رۇن 2 ھەسسە ، مەستىكى ، زورەنباد ، پىننە ، رۇمبادىيان ، قۇندۇز قەھرى ، ھەسەل ، گۈلقەنت شىرىسى ھەر بىرى 1 ھەسسە .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، ھەسەل ۋە گۈلقەنت شىرىلىرى بىلەن يۇغۇ-رۇپ ، مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ، ئاشقازان كۆپۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

**مۇراببائى ئالما**

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : تاتلىق پىشقان ئالمىدىن 3 كىلوگرام ئېلىپ پوستىنى ۋە ئۇرۇقلىرىدىن تازىلاپ ، نېپىز ياپلاقلاپ ، 2 لىتر سۇ بىلەن قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا ئۇستىگە 2 كىلوگرام شېكەر قوشۇپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : 1 ـ دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : سەپرادىن بولغان ھەزىم بۇزۇلۇش ، ئىشتىھا تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ئاجىزلىقى ، ھۆ بولۇش ، يۈرەك ئاجىزلىقى ، سەپرادىن بولغان باش ئاغرىش ۋە ئىشتىھاسىزلىققا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، چوڭلارغا ۋە ئىسسىق مىزاجلارغا ھەرقېتىمدا 30 م ل . باللار ۋە سوغۇق مىزاجلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

ئەسكەرتىش : ئالمىدا تەبىئىي سۇ ماددىسى كۆپرەك بولغاچقا ئوبدان قىيام قىلىنمىسا ، ئەتىياز پەسلىدە ئۆزلۈكىدىنلا سۈيۈقلۇق پەيدا قىلىپ مۇراببانى ئېچىتىپ قويىدۇ . بۇ چاغدا 500 گرام شېكەر سېلىپ بىر ـ ئىككى قېتىم ئۆرلىتىۋېتىلىدۇ .

**مۇراببائى بېھى**

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : تاتلىق بېھىدىن 3 كىلوگرام ئېلىپ پوستى ۋە ئۇرۇقلىرىنى ئېلىۋېتىپ ، پاكىز يۇيۇپ ، نېپىز توغراپ 2.5 لىتر سۇ بىلەن بىر لىتر قالغىچە قاينىتىپ ، 2 كىلوگرام شېكەر سېلىپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : 2 ـ دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ ھەزىمنى ياخشىلايدۇ . ھۆ بولۇش ۋە قۇسۇشنى

توختىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : يۈرەك ئېغىش ، سەپرادىن بولغان كۆڭۈل ئاينىش ، جىگەر ئاجىزلىقى ، ھەزىم بۇزۇلۇش قاتارلىقلارغا بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش قىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، تاماقتىن كېيىن 30 م ل ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## نۇقۇئى مۇشەھھى

تەركىبى : ھېلىيلە كابۇلى ، ئۇدھىندى ، ئاميله ، ئاق سەندەل ، ئالىقات ، زىرىق ھاجەتكە لايىق مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى گۈلابقا بىر سوتكا چىلاپ ، سىقىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىشتىھانى ئاچىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىر ئاز ناۋات سېلىپ ، بىرقېتىمدىلا ئىچىپ تۈگىتىلىدۇ .

## ھەببى قەيسەر

تەركىبى : سەبرى 27 گرام ، مەستىكى 9 گرام ، جوۋىنە ، زىرە ، رۇمبادىيان ، قارا ھېلىيلە ، تۈز ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، تورۇنجى سۈيى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاندىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش ۋە تازىلاش ، ئاشقازاننى كۈچەيتىش تەسىرىگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ھاجەتكە لايىق مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## ھەببى قۇرسى ۋەرد ( گۈل )

تەركىبى : تۇربۇد 21 گرام ، ئىيارەج پەيقرا 18 گرام ، قۇرسى گۈل ، تۈز ھەر

بىرى 9 گرام ، قارا ھېلىيلە ، كابۇل ھېلىيلە پوستى ، مەستىكى ھەر بىرى 3 گرام ، قۇرۇق پىننە ، جويۇز ، جوۋىنە ، رۇمبادىيان ، قەلەمفۇر ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، پىننە سۈيى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننىڭ بەلغەمدىن بولغان ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىپ ، ئارقىسىدىن ئەفسەنتىن سۈيى ئىچىدۇ .

## ھەببى مۇشەھھى

تەركىبى : ئۇدى خام ، قەلەمفۇر ، كابابەچىنى ، قارامۇچ ھەر بىرى 9 گرام ، بالەنگو 6 گرام ، بابۇنە ئۇرۇقى ، بابۇنە گۈلى ، مەرۋايىد ، فىلفىل ھەر بىرى 3 گرام ، زەفەر 2 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، مۇۋاپىق مىقداردىكى قەنتنى جۇلابتا ئېرىتىپ ، ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىشتىھانى ئاچىدۇ ، تاماق سىڭدۈرىدۇ . مەنىنى تورمۇزلايدۇ ، كۆڭۈلنى خوش قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 7 دانە ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## ھەببى نارمىشكى

تەركىبى : مەستىكى ، قەلەمفۇر ، زەنجىبىل ، دارچىنى ، قارامۇچ ، فىلفىل ، نارمىشكى ھەر بىرى 18 گرام ، سەقمۇنىيا ، قەنت 5 گرام .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ ، ئارقا تەرەتنى يۇمشىتىپ ، قورساق كۆپۈشنى يوقىتىدۇ . ئىشتىھانى ئېچىپ تاماق سىڭدۈرىدۇ . ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈنىگە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### ھەببى ھۇماما

تەركىبى: سەبرى 48 گرام، مۇرمەككى، قەلەمغۇر ھەر بىرى 9 گرام، دارچىنى، زەفەر، قۇستە، سۇنبۇل، ھۇماما، كامادەريۇس، ھەببۇلبان، ھەببۇلمىھلەب، گۇلدارچىنى، غارىقۇن ھەر بىرى 6 گرام.
ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ، يازلىقى زىرىق سۈيى، قىشلىقى چەلەك سۈيى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: بەلغەم، سەۋدادىن بولغان قورساق كۆپۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. ھەزىمنى ياخشىلايدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ. ھەر قانداق پەسىلدە مۇۋاپىق كېلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈنىگە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### ئىترىيفىلى كەبىر I

تەركىبى: ھېلىيلە كابۇلى پوستى، ھېلىيلە پوستى، قارا ھېلىيلە، شاكالسىز ئامىيلە، قارامۇچ، فىلفىل ھەر بىرى 20 گرام، خەشخاش ئۇرۇقى 15 گرام، شاقاقۇل، زەنجىبىل، سېرىق تۇدرى، قىزىل تۇدرى، ئەرمىدۇن مېغىزى، ئاق بەھمەن، ھەببى قەلقەل، كۈنجۈت ھەر بىرى 10 گرام، بادام 30 م ل، ھەسەل 750 م ل.
ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ، بادام يېغىدا ياغلاپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ، قاچىغا ئېلىپ 40 كۈن يۆگەپ تىندۇرۇپ ئاندىن ئىشلىتىلىدۇ.
تەبىئىيتى: ھۆل ئىسسىق.
تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، مېڭىنى تازىلاش، ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاپ،

تاماق سىگدۈرۈش ، بەدەننى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : تال ۋە ئاشقازان كېسەللىكلىرى ، ئاشقازان تەسىرىدىن بولغان مېگە كېسەللىكلىرى ، ئۇنۇتقاقلىق ، بۇۋاسىر قاتارلىقلارغا بېرىلىدۇ ھەمدە نېرۋىنىڭ جىددىيلىكىنى پەسەيتىش ، ئاشقازان سوۋۇشنى تۈزەشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 5 گرام ، بالىلارغا ھەر قېتىمدا 1.5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

ئەسكەرتىش : قۇرۇق ئىسسىق مىزاجلىق بىمارلار يازدا ئىستېمال قىلماسلىقى ، ئەگەر زۆرۈر بولسا سىركەنجىبىن بىلەن قوشۇپ ئىچىشى لازىم .

## ھېق تۇتۇش ، قۇسۇش ، زەردە قايناش ، ئاچچىق سۇ يېنىشنى توختاتقۇچى دورا ياسالمىلىرى

### جەۋارش پىلاپىلى

تەركىبى : فىلفىل ، قارامۇچ ، ئاقمۇچ ھەر بىرى 240 گرام ، سۇنبۇل ، ھۇماما ھەر بىرى 12 گرام ، زەنجىبىل ، چىگسەي ئۇرۇقى ، ئەنجىدان ( ھىلىڭ ئۇرۇقى ) ، سەلىخە ، ئاسارۇن ، ئىگىر ھەر بىرى 3 گرام ، بىلسان يېغى 120 م ل ، ھەسەل 3 ھەسسە

تەسىرى : ئاشقازاننىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاجىزلىقىنى ياخشىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قۇسۇشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### سۇفۇفى پۇۋاق

تەركىبى : تاغ سەۋزە ئۇرۇقى ، تۇرۇنجى پوستى ، رۇم باديان ، پىننە ، ئاسارۇن ، تاتلىق قۇستە ، زىرە ھەر بىرى 15 گرام ، چىگسەي ئۇرۇقى ، تاغ چىگسەي ئۇرۇقى ،

سەئدى ھەر بىرى 10 گرام، ئىگىر 3 گرام، شېكەر 150 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ، شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: يەل تارقىتىش، ئاشقازان، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش ۋە قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: ھەزىم ناچارلىقتىن بولغان ھېق تۇتۇش ياكى ئاشقازان كىرىش ئېغىزىدا يەل تۇرۇۋالغاندىن بولغان ھېق تۇتۇشنى توختىتىش ۋە بەل ئاغرىشنى پەسەيتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 3 گرام، بالىلارغا 1 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۇفۇفى غەسيان

تەركىبى: ئانار ئۇرۇقى 30 گرام، كۈندۈر، مەستىكى، ئۇد ھىندى ھەر بىرى 3 گرام.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: كۆڭۈل ئايىنىش، قۇسۇشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئېلىپ پىننە شەربىتى بىلەن ئېچىلىدۇ.

## سۇفۇفى قەيئۇددەم

تەركىبى: گۇل ئەرمىنى، سەمغى ئەرەبى، ئانار گۈلى، خۇنسياۋشان، كۈندۈر تەڭ مىقداردا.

ياسىلىشى: تالقانلاپ سۇفۇف تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: قان قۇسۇشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىـ

لىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### سۇفۇفى كۇندۇر I

تەركىبى : ئۇدى خام 24 گرام ، قىزىلگۈل 18 گرام ، كۇندۇر ، ئانار ئۇرۇقى ، سۇنبۇل ، ئامىلە ، مەستىكى ھەر بىرى 15 گرام ، قەلەمفۇر ، كابابەچىنى ، قاقىلە ، جويۇز ، بەسباسە ، سۇئدى كوفى ، پىننە ھەر بىرى 12 گرام ، تۇرۇنجى پوستى ، فەرەنجمىشكى ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : سوقۇپ تالقان قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان قوسۇشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### سىركەنجبىنى ئانار

تەركىبى : ئاچچىق ۋە تاتلىق ئانار سۈيى ھەر بىرى 3Q0 م ل ، زىرىق سۈيى 100 م ل ، سىركە 60 م ل ، قەنت 500 گرام .

ياسىلىشى : يۇقىرىقى 3 خىل مېۋە سۈيى بىلەن سىركىنى قازانغا قۇيۇپ ، قىزىشقا باشلىغاندا قەنتنى سېلىپ 3 قېتىم ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازان ۋە ئۈچەيدىكى جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈپ ھۆ ۋە ئىچىشىشنى يوقىتىدۇ . ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ . ئۈچەيدىكى ئۆتكۈر ماددىلارنى نورماللاشتۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ، ئۈچەي ۋە جىگەرنىڭ ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلىرى ، ھارارەتلىك كېسەللىكلەردىن كېيىنكى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 15 م ل ،

باللارغا 5 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## سىركەنجىبىن بېھى 1

تەركىبى : ئىچى ـ تېشى تازىلانغان بېھى توغرالمىسى 1 كىلوگرام ، توم زەنجىۋىل 20 گرام ، سىركە 200 م ل ، قەنت 500 گرام .

ياسىلىشى : بېھى توغرالمىسىنى 2.5 لىتر سۇدا قاينىتىپ يۇمشاق پىشقاندا ئېلىپ ، خامدا سىقىپ ، سۇيىگە چالا سوقۇلغان زەنجىۋىل خالتىچىقنى سېلىپ يەنە قاينىتىپ ، ئاندىن بۇ سۇيۇقلۇققا 200 م ل سىركە ، 500 گرام قەنت سېلىپ 3 قېتىم ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ سېسىق كېكىرىشنى يوقىتىدۇ ، ئاچچىق سۇ يېنىش ۋە ھىق تۇتۇشنى توختىتىدۇ . ئېچىشىشنى پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ھۆ ۋە سېسىق كېكىرىشنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 50 م ل ، باللارغا 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## سىركەنجىبىن قۇرۇق ئۈزۈم

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : 1 كىلوگرام قۇرۇق ئۈزۈمنى 1.5 لىتر سۇ ، 500 م ل سىركىگە بىر كېچە چىلاپ ، ئاندىن مۇجۇپ سىقىپ ، سۈزۈلمىسىگە 1 كىلوگرام شېكەر سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ .

تەبىئىتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ . مەيدە ئېچىشىشنى توختىتىدۇ . ئىشتىھانى ئاچىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر توسالغۇسىنى ئېچىش ، ھارارەتنى تەڭشەش ، ھەزىمنى كۈچەيتىشكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 50 م ل ، 3 ياشتىن يۇقىرى باللارغا كۈندە 5 قېتىم ، ھەر 3 سائەتتە 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## شەربىتى ئانار تەلخ

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : ئاچچىق ئانارنىڭ پوستىنى ئېلىۋېتىپ ، سىقىپ 1 لىتر سۈيى ئېلىنىدۇ ھەمدە سۈيىگە 50 گرام يالپۇز قوشۇپ بىر ئۆرلىتىپ سىقىپ سۈزۈۋېتىپ ، ئارقىدىن 1 كىلوگرام شېكەر سېلىپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .

تەسىرى : قوسۇشنى توختىتىدۇ . ئاشقازان ۋە جىگەرگە قۇۋۋەت بېرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننىڭ سەپرادىن بولغان بۇزۇلۇشى ، قۇسۇش ، ئۈچەي يارىسى ، قان تولغاق قاتارلىقلارغا بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 م ل ، باللارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## شەربىتى بېھى

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : بېھىنى پوستى ۋە ئۇرۇقلىرىدىن تازىلاپ ئۇششاق توغراپ ، 1 كىلوگرام بېھىگە 2 لىتر سۇ قۇيۇپ بىر لىتر قالغىچە قايىنىتىپ سىقىپ سۈزۈپ ، بۇنىڭغا بىر كىلوگرام شېكەر سېلىپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : 1 ــ دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : يۈرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ . كۆڭۈلنى خوش قىلىدۇ . ئىشتىھانى ئاچىدۇ . سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ ، ھۆنى ۋە قۇسۇشنى باسىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : يۈرەك ئاجىزلىقى ، يۈرەك ئېغىش ، ئاشقازان ، جىگەر ئاجىزلىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 30 م ل ، باللارغا 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

ئەسكەرتىش : تاشقى ئىشىشقلارنى قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىمۇ بولغاچقا ، قىيام قىلىنمىغان ساپ بېھى سۈيىنى قايناقسۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا سۈرتسىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ .

### شەربىتى پىستە

تەركىبى : زىرىق ، قىزىلگۈل قاتارلىقلارنىڭ شاخ ـ ياپراقلىرى ھەر بىرى 18 گرام ، زىرىق ، قىزىلگۈل ، ئانار ئۇرۇقى ھەر بىرى 12 گرام ، ئاقلانغان پىستە ، پىننە ھەر بىرى 6 گرام ، ئۇد ھىندى ، مەستىكى ھەر بىرى 3 گرام ، بىھى سۈيى 280 م ل ، ئالما سۈيى ، ئاچچىق ئانار سۈيى 135 م ل ، قەنت مەلۇم مىقداردا .
ياسىلىشى : مەزكۇر دورا ۋە مېۋە سۇلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ قەنت بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : كۆكۈل ئاينىشنى قالدۇرىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : تاماقتىن كېيىنكى ۋە ئىلگىرىكى بىئارامliq ۋە كۆكۈل ئاينىش ، يېگەن تاماقنىڭ ياخشى ھەزىم بولماي يۇقىرىقىغا ئۆرلىشى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 25 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### شەربىتى تەمرى ھىندى

تەركىبى : ئۇرۇقچىسىدىن ئايرىلغان تەمرى ھىندى 740 گرام ، قەنت 750 گرام . پىننە ياكى پىننە ئۇسارىسى مەلۇم مىقداردا .
ياسىلىشى : تەمرى ھىندىنى قايناقسۇغا بىر سوتكا چىلاپ ، يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ قەنت بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ، قۇسۇشنى ، ئۇسسۇلۇقنى پەسەيتىدۇ . تەرەتنى يۇمشىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### شەربىتى رۇم بادىيان

تەركىبى : رۇم بادىيان ، زىرە ، كۈندۈر ھەر بىرى 10 گرام ، قەنت 100 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 700 م ل سۇدا قايناتىپ سۈزۈپ قەنتنى سې-لىپ بىر ئۈزلۈكسىز تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .
تەسىرى : ھېق تۇتۇشنى پەسەيتىپ ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ .
ئىشلىتىلىشى : قورساق ئېسىلىش ، ھېق تۇتۇش ، يۈرەك ئاجىزلىقى ۋە ئىششىق قاتارلىقلارغا بېرىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى سىيب تۇرۇش

تەركىبى : ئاچچىق ئالما سۈيى 1 لىتر ، تۇرۇنجى سۈيى 50 م ل ، قەنت 1 كىلوگرام .
ياسىلىشى : ئالمىنى پوستى ۋە ئۇرۇقىدىن تازىلاپ ، ئۇششاق توغراپ ياكى قىرغۇدا قىرىپ سۈيىنى ئېلىپ تۇرۇنجى سۈيىدە قايناتىپ 1 لىتر قالغاندا قەنت سېلىپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : سوغۇق .
تەسىرى : سەپرادىن بولغان ئاشقازان ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ھۆ ۋە قۇسۇشنى توختىتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ھەزىمنى ياخشىلاش ، ھۆ ۋە قۇسۇشنى توختىتىش ، قان سوۋۇتۇش ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## شەربىتى لىمون

تەركىبى : مەرۋايىد 20 گرام ، زىرىق سۈيى ، تاتلىق ئالما سۈيى ھەر بىرى 300 م ل ، تۇرۇنجى سۈيى 150 م ل ، قەنت 600 گرام .
ياسىلىشى : يۇقىرىقى دورا سۇلىرىنى 600 م ل قالغىچە قايناتىپ قەنت سېلىپ قىيام قىلىپ ، تۇرۇنجى سۈيىدە ئۇۋۇتۇلغان مەۋىيدىنى ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ قىيامغا

قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .

تەسىرى : ئاشقازاننىڭ ئاغرىشىنى ، قۇرۇق ھۆ بولۇشىنى توختىتىپ ئىشتىھانى ئاچىدۇ . يۈرەك ئېغىشىنى داۋالايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ئاغرىش ، ئىچى سۈرۈش ، يۈرەك ئېغىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا تاماقتىن كېيىن 30 م ل ، بالىلارغا ھەر قېتىمدا 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### شەربىتى كۆمۈنى

تەركىبى : ئاچچىق ئانار ئۇرۇقى 60 گرام ، كۆدە ، پىننە ھەر بىرى 30 گرام ، ئاق زىرە 12 گرام ، مەستىكى 9 گرام ، قەنت 300 گرام ، سۇ 1 لىتر .

ياسىلىشى : دورىلارنى مەزكۇر سۇدا $\frac{1}{4}$ قىسمى قالغىچە قاينىتىپ ، قەنت بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كۆڭلى ئاينىش ، قۇسۇشنى توختىتىدۇ ، بەلغەمنى ئازايتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مـ [illegible] دارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 ~ 45 م ل ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى مەيبە

تەركىبى : فىلفىل ، دارچىنى ھەر بىرى 9 گرام ، ئۇد ھىندى ، قاقىلە ، بەسباسە ، سۇنبۇل ، زەفەر ، لاچىندانە ، جويۇز ھەر بىرى 3 گرام ، ئەفار 1 گرام ، بېھى شەربىتى 1 لىتر .

ياسىلىشى : ئىفار ، زەفەردىن باشقا دورىلارنى سوقۇپ تالقانلاپ ، بېھى شەربىتىنى ياخشى قىيام قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئارىلاشتۇرۇپ ، ئاخىرى ئىفار ، زەفەرلەرنى ئايرىم

سالايە قىلىپ قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ئاشقازان ، جىگەرنى كۈچەيتىدۇ ، تاماق سىڭدۈرىدۇ ، قىزىتما پەسەيتىدۇ ، يۈرەكنى سالقىنلىتىدۇ ، كۆڭۈل ئايىنىش ، ئاشقازان كۆپۈش ، خۇن چىگىلىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 15 ~ 30 م ل ئىچىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : تاماقتىن كېيىن كۆڭۈل ئايىنىش ، زەردە قايناش ۋە قوساق ئېسىلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

## شەربىتى ئۇد تۇرۇش

تەركىبى : ئۇد قىمارى 15 گرام ، ئاق سەندەل 10 گرام ، بادىرەنجبۇيا ، قىزىلگۈل ، قەلەمفۇر ، مەستىكى ھەر بىرى 6 گرام ، سۇنبۇل ، ئاسارۇن ، سازەج ھىندى ، بەسباسە ھەر بىرى 3 گرام ، كۇمۇش ۋەرەق 30 دانە ، ئالتۇن ۋەرەق 15 دانە ، ئەنبەر ، ئىپار ھەر بىرى 1 گرام ، تاتلىق ئالما سۇيى ، ئاچچىق ئالما سۇيى ، تاتلىق ئانار سۇيى ، ئاچچىق ئانار سۇيى ، بېھى سۇيى ، تۇرۇنجى سۇيى ھەر بىرى 300 م ل ، قەنت 1500 گرام .

ياسىلىشى : يۇقىرىدىكى مېۋىلەرنىڭ سۇيىنى چىقىرىپ ، قەنت بىلەن قىيام قىلىنىدۇ . قۇرۇق قاتتىق دورىلارنى ھاۋانچىدا سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، مېۋىلەر قىيامىغا قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىپار ، ئەنبەر ۋە ئالتۇن ، كۇمۇش ۋەرەقلىرىنى ئۇندەك سالايە قىلىپ قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەپ ، ئاشقازاننى كۈچەيتىش ، ياخشى قان پەيدا قىلىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : مېڭە ، يۈرەك ۋە جىگەر ئاجىزلىقىدىن بولغان ئاشقازان ئاجىزلىقى ، ئىشتىھا سىزلىق ، ھۆ بولۇش ، مەيدە كۆپۈپ ئاغرىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 م ل ، باللارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 م ل ئىچىلىدۇ .

## قۇرسى سۈنبۇل

تەركىبى : ئىزخىر چېچىكى ، سەلىيخە ( قېلىن دارچىنى ) ، قىزىلگۈل ، رەۋەن ، قەسبۇززەرىرە ، سۈنبۇل ھەر بىرى 9 گرام ، مۇقەل ، مەستىكى ھەر بىرى 6 گرام ، زەفەر ، مۇرمەككى ، رۇم بادىيان ، ئاچچىق قۇستە ، قارامۇچ ھەر بىرى 3 گرام ، ئۇشەق 2 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ئەلگەپ ، 3 گراملىق تابلېت تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننىڭ سوزۇلما ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ ، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە بۇلاردىن كېلىپ چىققان ھۆگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئاشقازانغا ئىشلىتىلسە مۇسەللەس بىلەن ، جىگەرگە ئىشلىتىلسە سىركە غىبىن بىلەن كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 دانىدىن ئىچكۈزۈلىدۇ .

## قۇرسى سىماق

تەركىبى : سىماق 9 گرام ، قىزىلگۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېرىقى ، تاباشىر ، تاـ زىلانغان زىرە ، يۇمغاقسۇ، ھەر بىرى 6 گرام ، پىستە پوستى 3 گرام ، مەستىكى 2 گرام .

ياسىلىشى : دورىلا ى سوقۇپ ئەلگەپ ، گۈلاب بىلەن يۇغۇرۇپ تابلېت قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تاماق يەپلا قۇسۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : غورا سۈيى ، قىزىلگۈل ، گۈلقەنت بىلەن كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## قۇرسى گۈل

تەركىبى : قىزىلگۈل ، تاباشىر ، زىرە ( سىركىگە چىلانغان ) ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : قۇرس تەييارلاش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تاماق يەپلا قۇسۇۋېتىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ

مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىر قېتىمدىلا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### قۇرسى مەستىكى

تەركىبى : مەستىكى ، ئۇد ھىندى ھەر بىرى 20 گرام ، پىستە پوستى ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 10 گرام ، تاباشىر 6 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ يۇغۇرۇپ تۈگمە چوڭلۇقىدا قۇرس ياسىلىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قۇسۇش ۋە ھىق تۇتۇشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 دانە ئىلىپ چاي بىلەن ئىچىدۇ .

### قۇرسى ئۇد

تەركىبى : كۈندۈر 9 گرام ، كابابەچىنى 6 گرام ، ئۇدخام ، قىزىلگۈل ، سوك (ئامىلە جەۋھىرى ) ، قەلەمفۇر ، سۇنبۇل ، گۈل خۇراسانى ، تاباشىر ھەر بىرى 3 گرام .
ياسىلىشى : قۇرس تەييارلاش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىچى سۈرۈش بىرگە كەلگەن كۆڭۈل ئاينىپ قۇسۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئانار شىرىسى ياكى ئالما شىرىسى بىلەن كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەتبۇخى تەمرى ھىندى

تەركىبى : تەمرى ھىندى 30 گرام ( ئەگەر تېپىلمىسا چوڭ دانىلىق ئەينۇلا 60

گرام ) ، ئالما ياكى بېھى شەربىتى 60 م ل .

ياسىلىشى : تەمرى ھىندىنى 500 م ل سۇغا 12 سائەت چىلاپ سىقماستىن خامدا سۈزۈپ ، بۇ سۈزۈلمىگە 60 م ل ئالما شەربىتى ياكى بېھى شەربىتى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل سوغۇق .

تەسىرى : قىزىتما قايتۇرىدۇ ، ئاشقازاننىڭ ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى تۈزىتىدۇ . كۆڭۈل ئاينىشنى ۋە قوشۇشنى توختىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قىزىتما قايتۇرۇش ، باش ئاغرىشنى پەسەيتىش ، ھۆنى توختىتىش ، يۈرەك ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 20 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

ئەسكەرتىش : زۆرۈر بولمىسا ھۆل سوغۇق مىزاجدىكى كىشلەرگە بېرىلمەيدۇ .

## شىلىمشىق سەپرا ۋە خام بەلغەمنى قۇستۇرغۇچى دورا ياسالمىلىرى

### داۋائى مۇقى بەلغىمى ئەفنى

تەركىبى : سېرىق چېچەك شېخى 100 گرام ، تۇز 15 گرام ، ھەسەل 30 م ل ، سۇ 800 م ل .

ياسىلىشى : سېرىق چېچەك شېخىنى قاينىتىپ سۈزۈپ ئۇنىڭغا تۇز ۋە ھەسەل سېلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ھەزىم بۇزۇلۇشتىن بولغان بۇس - بۇخاراتنى يوقىتىدۇ . بۇزۇق خىلىتلارنى قۇستۇرۇش ئارقىلىق تازىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : باش چىڭقىلىپ ئاغرىش ، كۆڭۈل ئاينىش ، ئۈچەي غولدۇرلاش ، قورساق كۆپۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ئىلمان پېتى ئىچىپ تۈگىتىلىدۇ . باللارغا بېرىلمەيدۇ .

## داۋائى مۇقى سەۋداۋىي ئەفنى I

تەركىبى : تۇرۇپ ئۇرۇقى ، سېرىق چېچەك ئۇرۇقى ، قىچا ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، سىركە ، ھەسەل 50 م ل .

ياسىلىشى : ئۇرۇقلارنى چالا سوقۇپ قايناقسۇدا شىرىسىنى چىقىرىپ ، ھەسەل بىلەن سىركىنى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازاندىكى ھەزىم بولمىغان نەرسىلەرنى قۇستۇرۇپ چىقىرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : داۋاملىق باش قېيىش ، كۆز تورلىشىش ، كۆكۈل ئاينىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ھەر قېتىملىقى ئىلمان پېتى بىراقلا ئىچىپ تۈگىتىلىدۇ .

## داۋائى مۇقى سەۋداۋىي ئەفنى I

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : پاكىز يۇيۇلغان سۇلۇق تۇرۇپنى بىر نەچچە جايدىن تېشىپ ، 6 گرام قارا خەربە قنى پارچىلاپ تۇرۇپنىڭ تۆشۈكلىرىگە تىقىپ يۆگەپ ، بىر سوتكىدىن كېيىن ئېلىۋېتىپ تۇرۇپنى سوقۇپ سىقىپ سۈيى ئېلىنىدۇ

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : زەردە قاينىتىدىغان ، قورساقنى تولغاپ ئاغرىتىدىغان ، سېسىق كېكىرتىدىغان كۆيگەن سەۋدا خىلتىنى قۇستۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : كۆيگەن سەۋدانى قۇستۇرۇپ چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ھەر قېتىملىقى بىراقلا ئىچىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : يۈرىكى ئاجىز بىمارلارغا ۋە بالىلارغا بېرىلمەيدۇ .

# قوسۇشنى توختاتقۇچى دورا ياسالمىلىرى

## داۋائى قەيئى

تەركىبى : قەلەمفۇر ، لىچىندانە ، بەرەڭگى كابۇلى ، ئاق سەندەل ، فىلفىل ھەر بىرى 9 گرام .
ياسىلىشى : تالقانلاپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : ھەرقايسى خىلتتىن بولغان قۇسۇشنى توختىتىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئېلىپ سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## داۋائى قەيئى سەپراۋى

تەركىبى : زىرىنق ، بېھى ئۇرۇقى ، ئاچچىق ئانار ئۇرۇقى ، سىماق ، پىستە پوستى ھەر بىرى 3 گرام ، تاباشىر ، قىزىلگۈل ، قۇرۇتۇلغان غورا ئۈزۈم ھەر بىرى 2 گرام .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سەپرادىن بولغان قۇسۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : سوقۇپ تالقانلاپ كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئېلىپ بېھى ياكى ئاچچىق ئانار سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## سۇفۇفى ئامىلە I

تەركىبى : ئامىلە ، مەستىكى ، ئۇدى خام ، تاغ زىرىسى ، رۇببۇسۇس ، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ، يالپۇز ھەر بىرى 10 گرام ، شېكەر 100 م ل .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قەنتنى سوقۇپ ئارىلاش-

تۈرۈپ تالقان تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاپ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ . سۈيدۈك ھەيدەپ بۆرەكنى تازىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر ئاجىزلىقى ۋە جىگەرنىڭ يەللىك ئاغرىشى ، ئاشقازان خىزمىتىنىڭ بۇزۇلۇشى ، بەلنىڭ تېلىپ ئاغرىشى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 3 گرام ، باللارغا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## سۇفۇفى دافئى قەي

تەركىبى : زىرىق ، بىھى ئۇرۇقى ، ئاچچىق ئانار ئۇرۇقى ، ئېلىنغان سىماق ، پىستە پوستى ھەر بىرى 10 گرام ، تاباشىر ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 5 گرام ، غورا سۈيى 15 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، غورا سۈيى بىلەن نەمدەپ تالقان تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .

تەسىرى : كۆڭۈل ئاينىشنى توختىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سەپرادىن بولغان ھۆنى توختىتىش ، قۇسۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 10 گرام ، باللارغا 3 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## سۇفۇفى سىماق

تەركىبى : سىماق ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ، قىزىلگۈل خەمىكى ، تاباشىر تەڭ مىقداردا .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : باش قېيىش بىلەن بىرگە كېلىدىغان قۇسۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ .

**سۇفۇفى قاقلە**

تەركىبى : قاقلە ، لىچىندانە ، كابابەچىنى ھەر بىرى 15 گرام ، شېكەر 45 گرام .

ياسىلىشى : يۇقىرىدىكى دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ . تاش ـ توپا ، سېغىز ۋە كۆمۈر يېيىشتەك غەلىتە ئىشتىھانى يوقىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر ، ئاشقازان ۋە يۈرەك خىزمىتىنى كۈچەيتىش ، سېزىكنى يېنىكلىتىش ، قورساق غولدۇرلاشنى يوقىتىش ، بالىلاردىكى غەلىتە ئىشتىھانى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

مىقدارى : كۈندە 2 قېتىم ، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 10 گرام ، بالىلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1.5 گرام ، ئاياللارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 گرام ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ .

**سۇفۇفى مۇسەككىنى قەي**

تەركىبى : ئاچچىق ئانار ۋە تاتلىق ئانار ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، سىركىگە چىلانغان زىرە 3 گرام .

ياسىلىشى : بۇ 3 خىل دورىنى سوقۇپ ئەلگەپ ، تالقان تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ھەزىم ئاجىزلىقىدىن بولغان قۇسۇشنى توختىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ھەزىم ئاجىزلىقى ۋە باشقا ئاشقازان كېسەللىكلىرىدە قوشۇشنى توختىتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىچىدۇ .

ئەسكەرتىش : ئانار سۈيى ياكى بېھى سۈيى بىلەن ئىچسە تېخىمۇ ياخشى .

## سركەنجبىن بېھى ۋە لىمونى

تەركىبى : بېھىنىڭ قايىنتىپ سقىپ چىقىرىلغان سۈيى 1 لىتر ، لىمون سۈيى 10 م ل ، سىركە 100 م ل ، قەنت 600 گرام .

ياسىلىشى : 3 خىل دورىلىق سۇغا قەنتنى سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .

تەسىرى : ھۆنى ۋە قۇسۇشنى توختىتىدۇ . مەيدە ئېچىشىش ، ئاچچىق سۇ يېنىش ، ئىشتىھاسىزلىق قاتارلىقلارنى يوقىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر ۋە ئاشقازاننى كۈچەيتىش ، ھۆنى ۋە ھىق تۇتۇشنى بېسىش ، قىزىتما پەسەيتىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 15 م ل ، باللارغا 5 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## شەربىتى پىننە

تەركىبى : پىننە 200 گرام ، زىرىق ، چىلان ھەر بىرى 100 گرام ، يالپۇز 60 گرام ، قەنت 1.5 كىلوگرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى 3 لىتر سۇ بىلەن يېرىمى قالغىچە قايىنتىپ سقىپ سۈزۈپ ، ئۇنىڭغا قەنت سېلىپ قايىنتىپ قىيام تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ ، ھەزىمنى ياخشىلاش ، سوغۇقتىن بولغان ھۆ ۋە قۇسۇشنى توختىتىش ، قان تازىلاش ، بۆرەكنى ياخشىلاش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ئاجىزلىشىپ ھەزىم بۇزۇلۇش ، جىگەر يەللىك ئىششىش ، بۆرەك ئاغرىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 50 م ل ، باللارغا 30 ـــ 50 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

شەربىتى قابىز

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : ھەببۇلئاس 90 گرام ، ئامۇت سۈيى ، ئالما سۈيى 280 م ل ، قەنت مەلۇم مىقداردا . ئەگەر ياسالمىنى تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىش مەقسەت قىلىنسا ئۇد ھىندى ، مەستىكى ، سۇنبۇل ، سوك ( ئامىلە جەۋھىرى ) قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن 6 گرام ئېلىپ ، چالا سوقۇپ خالتىغا قاچىلاپ قوشۇپ قايىنىتىلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ ، ئۈچەينىڭ تولغاپ ئاغرىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقدارى ئىچىلىدۇ .

شەربىتى ئۈشنە

تەركىبى : ئۈشنە ، تەمرى ھىندى ھەر بىرى 30 گرام ، پىستە شۆپىكى 6 گرام ، ئاچچىق ئانار سۈيى ، ئالما سۈيى ، پىننە سۈيى ھەر بىرى 27 گرام ، گۈلاب 1 لىتر ، قەنت مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : ئۈشنە ، تەمر ھىندىلارنى گۈلاب بىلەن بىرىمى قالغىچە قايىنىتىپ ئۈستىدىن قالغان 3 خىل سۇنى قوشۇپ يەنە بىر ئاز قايىنىتىپ ، ئاندىن قەنتنى سېلىپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كۆڭۈل ئاينىش ، قۇسۇشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

قۇرسى ئاقاقىيا مۇمسىك

تەركىبى : ئاقاقىيا ، قىزىلگۈل خەمىكى ، بەزرۇلبەنجى ، گىل ئەرمىنى ، ئانار گۈلى ، سەمغى ئەرەبى ، ئەفيۇن تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ تالقانلاپ ، سېمىز ئۈت سۈيى بىلەن تابلېت قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قان قۇسۇشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بېھى لۇئابى ياكى ئالما سۈيى بىلەن كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### قۇرسى سۇرمە

تەركىبى : سۇرمە ، يۇيۇلغان شادىنەج ، خۇنسىياۋشان ھەر بىرى 9 گرام ، ئانار گۈلى ، موزا ھەر بىرى 6 گرام ، پىرسىياۋشان ھەر بىرى 5 گرام ، كۆيدۈرۈلگەن تاغ تېكىسىنىڭ مۈڭگۈزى ، ئاقاقىيا ھەر بىرى 3 گرام ، ئەنبەر ، زەفەر ھەر بىرى 2 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، پاقا يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن تابلېت قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قان قۇسۇش ۋە قانلىق ئىچى سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

### مەتبۇخى غوراب

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : يېڭى چېكىلگەن ئۈزۈمدىن 1.5 كىلوگرام ئېلىپ ، سىقىپ 300 گرام قەنت بىلەن قاينىتىپ ، 800 م ل قالغاندا قاچىغا ئېلىپ قويۇلىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .

تەسىرى : سەپرانىڭ تېزلىكىدىن بولغان ھەزىم بۇزۇلۇشنى تۈزىتىش ، ھۆ بولۇش ، قىزىش ۋە قوسۇشنى يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : سەپرادىن بولغان زۇكاملىق باش ئاغرىقى ، ھۆ بولۇش ، قۇلۇنجى ، ئىچى سۈرۈش ، ھەزىم ناچارلىشىش ، قانلىق ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 م ل ئىچىلىدۇ .

ۋۇجۇرى غەشيان

تەركىبى : ئىپار بۇغداي چوڭلۇقىدا ، بىھى سۈيى بىر قوشۇق .
ياسىلىشى : ئىپارنى بىھى سۈيى بىلەن ئېزىتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىچى سۈرگەندىن كېيىنكى كۆڭۈل ئاينىشنى يوقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا گالغا تېمىتىلىدۇ .

## ئۈچەي خىزمىتىنى ياخشىلىغۇچى دورا ياساملىرى

باناۋدۇق

تەركىبى : سېرىق چېچەك ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، ئەفيۇن تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : ئىسبەغۇل لۇئابى بىلەن يۇغۇرۇپ كومۇلاچ قىلىنىدۇ
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قورساق ئاغرىشنى توختىتىدۇ . ئۈچەيدىكى تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 دانە ئىستېمال قىلىنىدۇ .

جەۋارىشى ئەشقەپ

تەركىبى : سەقمۇنىيا ، تۇربۇد ھەر بىرى 15 گرام ، قارامۇچ ، قاقىلە ھەر بىرى 9 گرام ، زەنجىبىل ، دارچىنى ، ئامىلە ، قەلەمفۇر ، بەسفائىج ، جويۇز ھەر بىرى 8 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە ، قەنت 270 گرام .
تەسىرى : قۇلۇنجى ، لەقۋا ، يەلدىن بولغان بوۋاسىر قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ .

ئۈچەيدىكى يەللەرنى يوقىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قورساقنىڭ مۇجۇپ ئاغرىشىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 12 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### جەۋارىشى بېھى I

تەركىبى : تەرەنجىبىن 500 گرام ، ئاق تۇربۇد 30 گرام ، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ھەر بىرى 15 گرامدىن ، سەقمۇنىيا 8 گرام ، قىزىلگۈل ، تاباشىر ھەر بىرى 6 گرام ، بېھىنىڭ سىقىلغان سۈيى 500 م ل .

تەبىئىيتى : ھۆل سوغۇق .

تەسىرى : ئۈچەي خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ ، ئۈچەيدىكى بۇزۇق سۇيۇقلۇقلارنى سۈرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر ، ئاشقازان ، ئۈچەي كېسەللىكلىرى ۋە ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقىدا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 5 گرام ، باللارغا 1.5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

ئەسكەرتىش : سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرگە بېرىشتا توغرا كەلسە مېغىز دورىلار ئورنىغا زەنجىبىل ، دارچىنى ، مەستىكىلەرنى 6 گرامدىن ئېلىپ قوشۇپ تەييارلىنىدۇ . ھامىلدارلارغا بېرىلمەيدۇ .

### جەۋارىش سەپەرجىلى قۇلۇن

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : بېھىنى ئۇرۇقى ۋە پوستلىرىدىن تازىلاپ ، سىركىگە چىلاپ بىر سوتكا تۇرغۇزغاندىن كېيىن قاينىتىپ پىشۇرۇلىدۇ . ياخشى پىشقاندا سۈزۈۋې لىپ سىركە پۇرىقى يوقالغاندىن كېيىن ، يۇمشاق سوقۇپ ئۇنىڭغا 90 گرام تۇربۇد ، 30

گرام سەقمۇنىيا، 15 گرام مەستىكى، 9 گرامدىن زەنجىبىل، دارچىنى، قارامۇچ، قاقلە، لىچىندانە، زەفەر قاتارلىقلارنى قوشۇپ تەييارلايدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 ~ 12 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جەۋارىشى سوك

تەركىبى: سوك، مەستىكى، قەلەمفۇر، زەنجىبىل، فىلفىل، قارامۇچ، گۈلدارچىنى، جويۇز، سەقمۇنىيالار تەڭ مىقداردا، ھەسەل 3 ھەسسە.

تەييارلاش: مەلۇم مىقداردىكى بېھى سۈيى بىلەن ھەسەلنى قىيام قىلىپ يۇغۇرۇلىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: قىزىتمىسىز قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ. كۆكۈل ئاينىشنى يوقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 12 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جەۋارىشى شەھرىياران

تەركىبى: مەھمۇدە، تۇربۇد، ھەببۇلنىل ھەر بىرى 25 گرام، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، قەلەمفۇر، قوۋزاق دارچىنى، زەنجىبىل، قېلىن دارچىنى، سۇنبۇل، جويۇز، لىچىندانە، مەستىكى، قاقلە، ھەببى بىلسان، زەفەر ھەر بىرى 13 گرام، قەنت 200 گرام، ھەسەل 600 م ل.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، قەنتنى ئازراق سۇ بىلەن قىيام قىلىپ، ھەسەلنى قىزىتىپ پاكىزلەپ قىيامغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن دورا تالقانلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ئاشقازاننى قىزىتىپ ھەزىمنى ياخشىلايدۇ. ئىچىنى يۇمشىتىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: ئاشقازان ۋە جىگەر ھارارىتىنىڭ سوۋۇپ كېتىشى سەۋەبىدىن

ھەزىم ناچارلىشىش ، ئۇچەي خىزمىتى تۆۋەنلەش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا تاماقتىن كېيىن 3 گرام ، بالىلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 گرام ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ .

### جەۋارىشى قەيسەر

تەركىبى : فىلفىل ، زەنجىبىل ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، سەقمۇنىيا ، تۇربۇد 36 گرام ، چىگسەي ئۇرۇقى ، جۇۋنە ، ئاقىرقەرھا ، ئاش تۇزى 18 گرام ، قەنت 48 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .
ياسىلىشى : جەۋارىش تەييارلاش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قۇلۇنجى ۋە بوغۇم ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ ، قويۇق خىلتلارنى پارچىلايدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام يېيىلىدۇ .

### داۋائى قابىز

تەركىبى ۋە ئۇسۇلى : ياغدا قورۇپ سارغايتىپ ، سوقۇلغان قارا ھېلىيلە تالقىنىدىن 15 گرام ئېلىپ ، بىراقلا يەپ ئۈستىدىن سوغۇق سۇ ئىچىلىدۇ ، ئارقىدىن قاياقتا پىشۇرۇلغان گۈرۈچ تامىقى يېيىلىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قانلىق ، قانسىز قورساق ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

### رەۋغىنى بېھى

تەركىبى : بېھى سۈيى 200 م ل ، ئامۇت غازىڭىنىڭ سۈيى 100 م ل ، گۈل يېغى ياكى كۈنجۈت يېغى 200 م ل .
ياسىلىشى : ھەممىسىنى بىرلىكتە قاينىتىپ سۈيى پارغا ئايلىنىپ يېغى قالغاندا ئې-

لىنىدۇ . مانا بۇ بېھى يېغى ھېسابلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : ھۆل سوغۇق .
تەسىرى : ئۈچەي ھەزىمىنى ياخشىلايدۇ . ئاشقازان يارىسىنى پۈتتۈرىدۇ . ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ . ھۆنى باسىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ، ئۈچەي كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ۋە كۆڭلى ئاينىشنى بېسىش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 م ل ئىچىلىدۇ .

## رەۋغىنى ۋەرد II

تەركىبى : قىزىلگۈلنىڭ توزۇلمىلىرىدىن 100 گرام ئېلىپ 300 م ل كۈنجۈت يېغىغا 10 كۈن چىلاپ ، ئاپتاپتا قۇيغاندىن كېيىن سىقىپ ئېلىۋېلىپ ، يەنە 100 گرام گۈل سېلىپ 10 كۈن ئاپتاپتا قويۇپ يەنە يەڭگۈشلەپ 40 كۈندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ .
تەبىئىيتى : ھۆل سوغۇق .
تەسىرى : ئۈچەيدىكى ئېچىشىشنى پەسەيتىدۇ . يارىنى ساقايتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ۋە ئۈچەي يارىلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئىچىشكە كۈندە ئەھۋالغا قاراپ بىر قېتىمدا 10 م ل بېرىلىدۇ . سىرتىدىن   غلاشقا 3 م ل ئىشلىتىلىدۇ .

## سۇفۇفى خۇرجى مەقئەد

تەركىبى : قارامۇچ 42 گرام ، فىلفىل يىلتىزى 36 گرام ، ئاش تۇزى 6 گرام ، زەنجىبىل ، ئامىلە پوستى ھەر بىرى 3 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : مۆتىدىل .
تەسىرى : مەقئەتنى قورۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : ھەرخىل ئۈچەي كېسەللىكلىرى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان مەقئەتنىڭ چىقىپ قېلىشىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم بالىلارغا 1 ~ 2 گرام ،

چوگىلارغا 3 ~ 6 گرام ئىچىشكە بېرىلىدۇ .
ئەسكەرتىش : بۇ دورىنى ئالما سۈيى بىلەن قوشۇپ ئىچسە تەسىرى تېخىمۇ ئوبدان بولىدۇ .

### شەربىتى ئانار مۇسھىل

تەركىبى : تۇربۇد 30 گرام ، سەقمۇنىيا 15 گرام ، زەفەر 3 گرام ، تاتلىق ئانار سۈيى ، ئاچچىق ئانار سۈيى ، تاتلىق بىھى سۈيى ، تاتلىق ئالما سۈيى ھەر بىرى 500 م ل ، قەنت 1 كىلوگرام .
ياسىلىشى : مېۋىلەرنى سقىپ سۈيىنى چىقىرىپ ، چالا سوقۇلغان تۇربۇدنى خالتىغا ئېلىپ مېۋە سۈيىگە تاشلاپ يېرىم سائەت قاينىتىپ ، خالتىنى سقىپ ئېلىۋېتىپ ئارقىدىن قەنت سېلىپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .
تەسىرى : يۈرەك ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش ، قان كۆپەيتىش تەسىرى بار . ئاشقازان ، ئۈچەيدىكى بۇزۇق سەپرا خىلتىنى سۈرىدۇ . ئۈچەي خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ .
ئىشلىتىلىشى : يۈرەك ، ئاشقازان ، ئۈچەي كېسەللىكلىرىدە يۇقىرىقى مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوگىلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 م ل كىچىك باللارغا ھەر قېتىمدا 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .
ئەسكەرتىش : ھامىلدار ئاياللارغا بېرىشكە بولمايدۇ .

### شەربىتى ئەفسەنتىن 1

تەركىبى : قارا ئۆرۈك 100 گرام ، تەمر ھىندى 60 گرام ، قىزىلگۈل 20 گرام ، شاھتەررە ، ئەفسەنتىن ، ئۈزۈم ( ئۇرۇقسىز ) ھەر بىرى 15 گرام ، قەنت 300 گرام .
ياسىلىشى : سوقۇلىدىغان دورىلارنى چالا سوقۇپ ، سوقۇلمايدىغانلىرى بىلەن قوشۇپ 2 لىتر سۇغا بىر كېچە چىلاپ قاينىتىپ سۈزۈپ ، ئۇنىڭغا بىر چىنە سۇدا چىقىرىلغان تەمرى ھىندىنىڭ شىرىسىنى قوشۇپ قەنت سېلىپ ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : توسالغۇنى ئاچىدۇ . قاننى تازىلايدۇ ، ئاشقازان ۋە ئۈچەيدىكى نورمال

سىز ماددىلارنى چىقىرىدۇ . ھەزىمنى ياخشىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر ، ئاشقازان ۋە ئۈچەي خىزمىتىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن بولغان ئومۇمىي ھەزىم ئاجىزلىقىغا بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 50 م ل ، بالىلارغا ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## شەربىتى ئەفسەنتىن I

تەركىبى : قىزىلگۈل 25 گرام ، ئەفسەنتىن ، غارىقۇن ھەر بىرى 12 گرام ، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى 10 گرام ، يالپۇز ، چىگىسەي يىلتىزى ، باديان يىلتىزى ھەربىرى 6 گرام ، مەستىكى ، ئىزخىر ، پىننە ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، رۇم باديان ، سۇنبۇل ، ئاسارۇن ، سازەج ھىندى ، زەفەر ھەر بىرى 3 گرام ، ھەسەل 500 م ل .

ياسىلىشى : سوقۇلىدىغان دورىلارنى چالا سوقۇپ 2.5 لىتر سۇغا ھەممىسىنى بىر كېچە چىلاپ يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ سۈزۈپ ، سۈيىگە ھەسەلنى قويۇپ ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازان ، جىگەر ، تالنى كۈچەيتىدۇ . ھەزىمنى ياخشىلايدۇ . سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ . ئۈچەيدىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ . قىزىتما چۈشۈرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ، جىگەر ، تال كېسەللىكلىرى ۋە قىزىتمىلىق كېسەللىكلەردە يۇقىرىقى مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 م ل ، بالىلارغا ھەر قېتىمدا 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## شەربىتى مورد

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : چالا پىشقان ئامۇتتىن 2 كىلوگرام ئېلىپ ئۇرۇق ۋە قۇرتلىرىنى ئېلىۋېتىپ چوڭ ـ چوڭ توغراپ مۇۋاپىق سۇدا قاينىتىپ ، يۇمشاق پىشقاندا ئېلىپ سوۋۇغاندا كىچىك تۆشۈكلۈك غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈپ ، ئاستىغا ئاققان شىرىسىنى

قازانغا قۇيۇپ 1 كىلوگرام شېكەر بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيىتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : يۈرەك ، ئاشقازان ، ئۈچەيىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ . ئىسھالنى توختىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ، ئۈچەي خىزمىتى ناچارلىششتىن بولغان ماغدۇر - سىزلىق ، كەمقانلىق كېسەللىكلىرىدە بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 50 م ل ، بالىلارغا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## شەربىتى مۇبارەك

تەركىبى : بەسفائىج 150 گرام ، قىرقىلغان پىلە 21 گرام ، تۇربۇد ، ئۇدھىندى ، قاقىلە ھەر بىرى 6 گرام ، ئىپار ، زەپەر 1 گرام ، گاۋزەبان سۈيى ، بادىرەنجىبۇيا سۈيى 81 م ل، قەنت 900 گرام .

ياسىلىشى : ئادەتتىكى شەربەت تەييارلاش ئۇسۇلى بىلەن تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ھەر خىل قۇلۇجى ۋە ئۈچەي كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ . ئۈچەينى قۇۋۋەتلەيدۇ ، قورساق ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قۇلۇنجىنى ئېچىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ھەر قېتىمدا 90 م ل شەربەت ، قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى ھىندى

تەركىبى : ئەنجۈر ، ئارپا باديان ھەر بىرى 300 گرام ، رەۋەن 45 گرام ، قەنت 900 گرام ، ھۆل قىزىلگۈل شىرىسى 900 م ل .

ياسىلىشى : رەۋەننى گۈلابتا سالايە قىلىپ ، قالغان دورىلارنى قايناقسۇغا بىر سوتكا چىلاپ $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قايىنىتىپ ، سۈزۈپ ئۈستىدىن قىزىلگۈل شىرىسى ۋە قەنتلەرنى سېلىپ قىيام قىلىپ ، رەۋەننى كالا يېغىدا ياغلاپ قىيام سوۋۇغاندىن كېيىن

قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تـەسـىرى ۋە ئىـشلىتىلىشى : بۆرەك ، دۈۋساق كېسەللىكلىرى ، قورساق ئاغرىش ، تـال ئىـشـشـىقى ، ئىرقۇننەسا ، نەپەس سىقىلىش ، يۈرەك تىترەش ، ئۈچەي يارىسى ، بەل ئاغرىـش ، بـوغۇم ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ، زەھەر قايتۇرىدۇ . جىگەر ۋە بالىياتقۇنى ياخشىلايدۇ ، بەلغەم ۋە قانلارنى توختىتىدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىـشـلـىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ھەر قېتىمدا 36 ~ 60 م ل ئىچىـلىدۇ .

## شەربىتى ۋەرد I

تـەركـىـبـى : قـىـزىلگۈل 500 گرام ، تۇربۇد سوقۇلمىسى ، ئەفتىمۇن ھەر بىرى 20 گـرام ، سـەقـمۇنىيا 6 گرام ، ئۇد ، قەلەمفۇر ، سۇنبۇل ، بەسباسە ھەر بىرى 2 گرام ، قەنت 500 گرام .

يـاسـىـلـىشى : قىزىلگۈلنى قايىنىتىپ سىقىپ سۈزۈپ ، سۈيىگە تۇربۇد ۋە ئەفتىمۇن سېلىنغان خالتىنى تاشلاپ 15 مىنۇت قايىنىتىپ ، سىقىپ ئۈستىگە قەنت سېلىپ قىيام قىـلىنىدۇ ۋە قازاننى چۈشۈرۈپ قالغان 5 خىل دورىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ سېلىپ قوچۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تـەسـىرى : ئاشـقـازان ۋە ئۈچـەي خـىزمىتىنى ياخشىلايدۇ . ئۈچەيدىكى بەلغەم ، سەپرا ۋە كۆيگەن سەۋدانى سۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە تەگشەيدۇ .

ئىـشلىتىلىشى : خەفەقان ، مالىخۇلىيا كېسەللىكلىرىدە ۋە سەپرا ، سەۋدادىن بولغان بارلىق كېسەللىكلەردە بۇزۇق ماددىلارنى ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچىلىدۇ .

## قۇرسى ئەفتىمۇن

تەركىبى : تۇربۇد ، ئەفتىمۇن ھەر بىرى 30 گرام ، سەكبىنەج 15 گرام .

ياسىلىشى : تالقانلاپ سۇ بىلەن تابلېت قىلىنىدۇ .

تـەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشـى : قـۇلـۇنجىغا مـەنئەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە

ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : زورلۇر ۋاقتىدا 3 گىرام ئېلىپ مائۇل ئۇسۇل بىلەن 3 ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### كەمەدى ئەفسەنتىن

تەركىبى : ئەفسەنتىن ، پىننە ، سېرىق چېچەك ، قارا زىغىر ، رۇم بادىيان ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، ياپۇز تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى : دورىلارنى قايىنتىپ ، گىرىلكا بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ .

تەسىرى : ئۈچەيدىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ ، ئاشقازاننى قىزىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قۇلۇنجنى ئېچىش ۋە ھەزىمنى ياخشىلاش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

### كەمەدى ئومۇمىي

تەركىبى : بابونە ، قىزىلگۈل ، شۇمشا ، سۇنبۇل ، سېرىق چېچەك ئۇرۇقى ، بۇغداي كېپىكى ، تۇز ، ئىكلىلمەلىك تەڭ مىقداردا .

تەييارلاش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى : دورىلارنى قايىنتىپ گىرىلكا بىلەن يەرلىك ئورۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزىدۇ .

تەسىرى : ئاشقازان ، ئۈچەي كېسەللىكلىرى ، بۆرەك ، دوۋساق ، تال كېسەللىكلىرى ۋە قۇلۇنجلارغا شىپا بولىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قۇلۇنجنى ئېچىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

### مەتبۇخى مەغىس

تەكىبى : سانا ، رۇم بادىيان ، ئاق تۇربۇد ، خىيار شەنبەر ھەر بىرى 30 گرام ، قىزىلگۈل ، گۈلبىنەپشە ، سەرپىستان ، پوستىدىن ئايرىلغان ئارپا ھەر بىرى 12 گرام ، ھەببۇلئاس ئۇرۇقى ، شۇمشا ئۇرۇقى ، ئىسبەغول ھەر بىرى 15 گرام ، بادام يېغى 20 م ل ،

شېكەر 200 گرام، سۇ 1.2 لىتر.
ياسىلىشى: گۈل دورىلاردىن باشقىلىرىنى چالا سوقۇپ سۇغا بىر كۈن چىلىغاندىن كېيىن قاينىتىپ 900 م ل سۈيى قالغاندا گۈل دورىنى سېلىپ، ئىككىلا قاينىتىپ قازاننى چۈشۈرۈپ، شۈمشا ئۇرۇقى، ئىسبەغۇل، ھەببۇلئاسلارنىمۇ يۇقىرىدىكى دورا بىلەن باشقا قاچىغا بىر كۈن چىلاپ، دورىلار قايناپ تەييار بولغىچە بۇ دورىنىڭ لۇئابىنى داغا بىلەن سىقىپ چىقىرىپ، قاينىتىپ تەييار بولغان دورا ئۈستىگە قۇيۇپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ، ئېرىگەندىن كېيىن دورىلارنى سىقىپ، تىرىپىلىرىدىن ئايرىپ، ئۈستىگە خىيارشەنبەرنى چالا سوقۇپ سېلىپ قول بىلەن ئۇۋۇلاپ يۇمشىغاندىن كېيىن ئېرىتىپ شېكەر سېلىپ، بىر سائەت توختىتىپ، خىيارشەنبەر، شېكەرلەر ئېرىپ بولغاندىن كېيىن سىقىپ ئاندىن ۋارونكىدا سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ. ئارقىدىن بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.
تەبىئىيتى: مۆتىدىل.
تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، ئۈچەيدىكى قاتتىقلىقلارنى يۇمشىتىش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: قورساق ئاغرىش، قۇلۇنجى كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: بۇ بىر كىشىلىك مەتبۇخ بولۇپ، بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ كۈندە 4 ــ 5 قېتىمدىن 3 كۈن ئىچىلىدۇ.

### مەئجۇنى ئەرەستۇ

تەركىبى: ھۆماما 60 گرام، ئەفيۇن، قېلىن دارچىنى ھەر بىرى 12 گرام، ئاقاقىيا، قارامۇچ، گۈلگۈرت سېرىقى، سۇنبۇل 10 گرام، ئاقىرقەرھا، فەرفىيۇن، زەفەر ھەر بىرى 9 گرام، ھەسەل 3 ھەسسە.
تەسىرى: ئاشقازان ئاغرىش، ئۈچەي يارىسى، ئۈچەي سېلى خاراكتېرلىك ئىستىسقا، قۇلۇنجى ۋە بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: قۇلۇنجى ۋە ئۈچەي يارىسىغا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### مەئجۇنى تەمرى

تەركىبى : ئۇرۇقىدىن ئايرىلغان خورما ، بادام مېغىزى ، سوزاپ ياپرىقى ھەر بىرى 18 گرام ، زەنجىبىل ، ئاقمۇچ 60 گرام ، سەقمۇنىيا 30 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، خورمىنى سىركىگە بىر سوتكا چىلاپ سۈزۈپ ، مەركۇر تالقان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ، ئارقىدىن كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قولۇنجىنى ئاچىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىم 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەئجۇنى تۇرۇپ لاشە

تەركىبى : تۇربۇد ، سەقمۇنىيا ھەر بىرى 30 گرام ، لېچىندانە ، گۈلدارچىنى ، سازەج ھىندى ، فىلفىل ، قارامۇچ ، زەنجىبىل ، بەرەگگى كابۇلى ( ئاقلانغان ) ، قەلەمفۇر ھەر بىرى 3 گرام ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، سۇنبۇل ، زەفەر ، مەستىكى ھەر بىرى 2 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئېغىر دەرىجىدىكى قولۇنجىنى دەرھاللا ئاچىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

### مەئجۇنى راھەت I

تەركىبى : سەقمۇنىيا 30 گرام ، قارامۇچ ، فىلفىل ، زەنجىبىل ، زىرە ، سوزاپ ، خولىنجان ، گۈلدارچىنى ھەر بىرى 10 گرام ، ھەسەل 300 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل

بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .
تەسىرى : ئاشقازان ، ئۈچەي ھەزىمى ناچارلىقىدىن بولغان قەۋزىيەتنى يوقىتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ھەزىمنى ياخشىلاش ، چوڭ تەرەتنى بوشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 گرام بالىلارغا 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1.5 گرام ، باديان سۈيى بىلەن بىللە ئىستېمال قىلىشقا بېرىلىدۇ .

## مەئجۇنى سانا

تەركىبى : سانا ، بىنەفشە ھەر بىرى 100 گرام ، قارا ھېلىيلە ، ھېلىيلە كابۇلى پوستى ، بادام يېغى ، زاراگزا ئۇرۇقى ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 60 گرام ، قىزىل گۈل ، بەسفائىج ، نىشاستە ، مەھمۇدە ، چۈچۈكبۇيا يىلتىز قىيامى ھەر بىرى 15 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .
ياسىلىشى : مەئجۇن تەييارلاش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قۇلۇنجىغا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ . مۇنزىجدىن كېيىن بېرىلسە سەۋدا ماددىلىرىنى تولۇق سۈرىدۇ . ئىسسىقتىن بولغان كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مەئجۇنى سەكبىنەج

تەركىبى : سەكبىنەج ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، قۇندۇز قەھرى 1 ھەسسىدىن ، سەقمۇنىيا يېرىم ھەسسە ، ھەسەل 3 ھەسسە .
ياسىلىشى : سەقمۇنىيانى بادام يېغىدا سۈرۈپ ، سەكبىنەجنى ھەسەل بىلەن ئېرى-

ىتىپ ھەممىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قۇلۇنجىنى ئاچىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 9 گرام ئىچىلىدۇ .

**مەئجۇنى كۇندۇر مۇمسىك**

تەركىبى : مەستىكى ، كۇندۇر ، جۇپتى بەللۇت ، بەزرىرۇلبەنجى ھەر بىرى 30 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئارقا تەرەتنىڭ سوغۇقتىن سۇيۇقلىشىپ كېتىشىنى تۇزىتىدۇ . ئىشتىھانى ئاچىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، كاۋاپ بىلەن 6 گرام يېيىلىدۇ .

**مەئجۇنى مۇسھىل مۇرەككەپ**

تەركىبى : تۇربۇد 3 گرام ، مەستىكى ، زەنجىبىل ، فىلفىل ، قارامۇچ ، دارچىنى ھەر بىرى 2 گرام ، سەقمۇنىيا 1 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : گەندە ۋە يەلدىن بولغان قۇلۇنجىنى ئاچىدۇ . شۇ سەۋەبتىن ھوشىدىن كەتكەن ئاغرىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە : بىر قېتىمدىلا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

**ھەببى زەرپ**

تەركىبى : موزا ، يىگلەپ ئۆزى چۈشكەن ئانار ، ئانار گۈلى ، خەرنوپ ، سىماق ، كۇندۇر ، سەمغى ئەرەبى ، مۇرمەككى ، زەفەر تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : قائىدە بويىچە ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى : كونارغان قورساق ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ ، مەننى تورمۇزلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئادەتلەنگەن ئىچ سۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

**ھەببى سىماق**

تەركىبى : موزا 6 گرام ، سىماق 3 گرام ، ئانار پوستى 2 گرام .
تەسىرى : ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : ئۈچەيىنىڭ قۇۋۋىتى ماسكە ئاجىزلاشقاندىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 10 دانە ئىستېمال قىلىپ ئارقىدىن يېرىم پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى يەيدۇ .

**ھەببى قۇلۇنجى**

تەركىبى : ئەنجۈر 100 دانە ، تەرەنجىبىن 30 گرام ، شۇمشا ، زىغىر ، قارا سونا ئۇرۇقى ، بابۇنە ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەر بىرى 30 گرام ، ئابدىمىلىك يېغى 15 م ل ، كۈنجۈت يېغى 30 م ل .
ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى : قاينىتىپ تەمىنى چىقىرىپ ئىلمان ھالدا كىلىزما قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قۇلۇنجنى ئاچىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

**ھەببى قۇلۇنجى سابۇنى**

تەركىبى ۋە ئۇسۇلى : تەرەنجىبىن ، سانا سۈيىگە سوپۇننى ئېزىپ كىلىزما قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قۇلۇنجنى ئاچىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

### ھەببى مۇسەككىن

تەركىبى: مىشك سائىلە، مارجان، زەفەر، بەزرىرۇلبەنجى ھەر بىرى 3 گرام، ئەفيۇن 2 گرام، قۇندۇز قەھرى 1.5 گرام.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: قۇسۇش بىلەن بىرگە كېلىدىغان قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### ھەببى ھەبىۇلمۇلۇك

تەركىبى: تۇربۇد 30 گرام، سەبرى 15 گرام، سېرىق ھېلىيلە پوستى، ھېلىيلە كابۇلى پوستى ھەر بىرى 9 گرام، تۇز، سەقمۇنىيا ھەر بىرى 6 گرام، مەستىكى، زەفەر، سازەج ھىندى، قۇستە، سەلىيخە، رەۋەن، سۇنبۇل، زەنجىبىل، زۇم باديان، چىگىدەي ئۇرۇقى، قەلەمفۇر، دارچىنى، قارامۇچ، لېچىندانە، كەتىرا، قاقىلە ھەر بىرى 2 گرام، ئىپار 1 گرام.

ياسىلىشى: گۈلاب بىلەن ھەب قىلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ. قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### ھەببى ھەنزەل

تەركىبى: شەھمى ھەنزەل 10 گرام، سەكبىنەج، شىبرىم ھەر بىرى 12 گرام، ئەندىرانى تۇزى 6 گرام (شىبرىمنىڭ ئۇرۇنباسارى 2 ھەسسە مازەريون).

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: قۇسۇش بولمىغان قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ

مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

**ھەبىي ئىسرائىل**

تەسىرى : شىبرىم ، سەكبىنەج ھەر بىرى 9 گرام ، ئەنزەرۇت ، شەھمى ھەنزەل ھەر بىرى 5 گرام ، سەقمۇنىيا 3 گرام ، ھەسەل مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، ھەسەل بىلەن نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قۇلۇنجىنى داۋالاشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بېرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقۇچى ۋە سۈرگۈچى دورا ياسالمىلىرى

**ئەرىقى نانخۇا**

تەركىبى : جوۋىنە 1 كىلوگرام ، سۇ 5 لىتر .

ياسىلىشى : جوۋىننى تاسقاپ پاكىزلەپ ، پار قازىنىغا سېلىپ ، 5 لىتر سۇ قۇيۇپ يۇمشاق ئوتتا قاينىتىپ ، پارغا ئايلاندۇرۇپ ئەرىق تارتىلىدۇ .

تەبىئىيتى : ئىسسىق .

تەسىرى : بەدەننى قۇرۇتۇش ، يەللەرنى ماگدۇرۇش ، ئىچىنى يۇمشىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : قەۋزىيەت ، پالەچ ، قول تىترەش ، پەيىنلىك بوشىشىپ كېتىشى ، كۆز ئاغرىش ، قۇلاق ئاغرىش ، قۇلاق ئېغىرلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 ~ 5 ياشتىكىلەرگە 3 ~ 5 م ل ، 5 ~ 10 ياشتىكىلەرگە 5 ~ 7 م ل ، چوڭلارغا 7 ~ 12 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### جەۋارىش سىپەر جىلى مۇسھىل

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : بېھى سۈيى بىلەن ھەسەلنى تەڭ مىقداردا ئېلىپ قايىنىتىپ قويۇلدۇرغاندىن كېيىن ، 90 گرامدىن تۇربۇد ، 30 گرامدىن سەقمۇنىيا ، مەستىكى ، قەلەمفۇر ، زەنجىبىل ، قارامۇچ ، جويۇز ، ئامىلە جەۋھىرى ( سوك ) ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : قۇلۇنجىغا گىرىپتار بولغان بىمار تاماقتىن كېيىنلا قەي قىلىشقا مەجبۇر بولغاندا يېسە بۇ دورىنى دەرھال ئۇچەي توسالغۇسىنى ئېچىپ ئىچىنى سۈرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قۇلۇنجىنى ئېچىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىچىلىدۇ .

### جاۋارىش نارمىشكى قۇلۇن

تەركىبى : سەقمۇنىيا 36 گرام ، لېچىندانە ، نارمىشكى ، گۈلدارچىنى ھەر بىرى 24 گرام 2 ، زەنجىبىل ، قارامۇچ ، ئاقمۇچ ھەر بىرى 18 گرام ، قەنت 120 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ئىشلىتىلىشى : قۇلۇنجىنى ئېچىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

تەسىرى : ئىچنى يۇمشىتىپ قورساق كۆپۈشنى يوقىتىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 گرام يېيىشكە بېرىلىدۇ .

## رەۋغىنى بىدەنجىر

تەركىبى : ئابدىمىلىك ( بىدەنجىر ) مۇۋاپىق مىقداردا .

ياسىلىشى : ئابدىمىلىكنى پوستىدىن ئايرىپ ئازراق قورۇپ ، چالا سوقۇپ ، چىلاشقۇدەك سۇ بىلەن قاينىتىپ كۆپۈكىنى تولۇق ئېلىپ ، بۇ يىغىلغان كوپۈكنى يەنە قاينىتىپ يېغى ئېلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : پەيىنى يۇمشىتىش ، ئىچىنى بوشىتىش ، تومۇرلارنى ئېچىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : پەيىنى يۇمشىتىش ، قەۋزىيەتنى بوشىتىش ، تومۇرلاردىكى توسالغۇلارنى ئېچىش ، باش ئاغرىشنى قالدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سۇر كەشكە بېرىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : ئابدىمىلىك پوستىنى سويۇپ ئىچىدىكى تىلىنى ئايرىپ تاشلاپ ( 5 ~ 10 تالغىچە ) مائۇلئەسەل بىلەن ئىچسە ، ئىچىنى سۈرۈپ بەدەندىكى ھۆللۈكنى چىقىرىدۇ . ئابدىمىلىكنىڭ ئۆزىنى سوقۇپ سۆگەلگە قويۇلسا سۆگەلنى چۈشۈرىدۇ . بۇ دورىنى ئىچكەندە ئىشتىھانى كېمەيتىدۇ . كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرۇپ قەي پەيدا قىلىدۇ . يۇقىرىقى ئەھۋاللار يۈز بەرسە پىننە بىلەن مەستىكى ، كەتىرالارنى سوقۇپ بەرسە يۇقىرىقى ئەھۋالنى تۈزىتىدۇ .

## سۇفۇفى تۇربۇد

تەركىبى : تۇربۇد 15 گرام ، بادام مېغىزى 10 گرام ، زەنجىبىل ، مەستىكى ھەر بىرى 3 گرام ، قەنت 30 گرام .

ياسىلىشى : ھەممىسىنى سوقۇپ تالقانلاپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۇبدان ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازان ، ئۈچەيدىكى شىرىسىمان خىلىتلارنى تازىلايدۇ . تەرەت يۇمشىتىدۇ . يەللەرنى تارقىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قەۋزىيەت بولۇپ قالغان بىمارلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ، باللارغا كۈندە 1 قېتىم 1.5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## سىركەنجەبىنى مۇسھىل

تەركىبى : تۇربۇد 60 گرام ، ئۇغرى تىكەن شىرىسى 900 م ل ، ئەنسىل سىركىسى ، سۇ مەلۇم مىقداردا ، قەنت 560 گرام .

ياسىلىشى : شېكەر ، سىركە ، سۇلارنى قايىنىتىپ كۆپۈكىنى ئېلىپ ، ئۇغرى تىكەننىڭ شىرىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ . تۇربۇدنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ يا كىچىك خالتىغا ئېلىپ يۇقىرىقى قايناتمىغا سېلىپ يۇمشاق ئوتتا قايىنىتىپ ( بۇ جەرياندا تۇربۇد سېلىنغان خالتا پات ـ پات مىجىپ تۇرۇلىدۇ ) قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : نورمالسىز بەلغەمنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : بەلغەمى شوردىن بولغان قەۋزىيەتكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 30 ~ 45 م ل ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى بەسفائىج

تەركىبى : بەسفائىج 25 گرام ، ئۈزۈم شەربىتى 1 لىتر ، قەنت 600 گرام .

ياسىلىشى : سوقۇلغان بەسفائىجنى داكا خالتىغا ئېلىپ ئۈزۈم شەربىتىگە سېلىپ يېرىمى قالغىچە قايىنىتىپ قەنت سېلىپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : قولۇنجىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى سەۋدا ماددىسىنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ . ئارام بېرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سەۋدادىن بولغان ئاشقازان ، ئۈچەي كېسەللىكلىرى ، مېڭە ئاغرىش ، قەۋزىيەت ، بوۋاسىر كېسەللىكلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 گرام ئىچىلىدۇ .

**شەربىتى تەرەنجىبىن**

تەركىبى : پاكىز ياخشى تەرەنجىبىن ، سۇ مەلۇم مىقداردا .
ياسىلىشى : تەرەنجىبىننى سۇدا قايىنىتىپ قىيام قىلىپ ئازراق سەقمۇنىيا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : ئارقا تەرەتنى يۇمشىتىدۇ ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ ، سەپرانى سۈرۈپ چىقىرىدۇ ، هارارەتنى پەسەيتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : قەۋزىيەتنى بوشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .

**شەربىتى سانا**

تەركىبى : تازىلانغان سانا 60 گرام ، سەرپىستان 60 دانە ، چىلان 30 دانە ، تەرخەمەك ئۇرۇقى ، بادىرەڭ ئۇرۇقى ھەر بىرى 18 گرام ، گۈلبىنەفشە ، قىزىلگۈل ، گاۋزەبان ، نىلۇفەر ھەر بىرى 15 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ بىر سوتكا سۇغا چىلاپ ، $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قايىنىتىپ ، تەرەنجىبىن بىلەن قىيام قىلىپ تەييار قىلىنىدۇ .
تەسىرى : بۇ ، مۆتىدىل تەبىئەتلىك سۈرگە بولۇپ ، نورمالسىز سەپرا ، بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتلىرىنى بەدەنگە زىيان يەتكۈزمەي سۈرۈپ چىقىرىدۇ ، يۈرەكنى كۈچەيتىدۇ ، نېرۋا كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : قەۋزىيەتنى بوشىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 15 ~ 30 م ل ئىچىلىدۇ .

**شەربىتى سەرپىستان**

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : دانىسى خىل سەرپىستاندىن 100 گرام ئېلىپ چالا سو-

قۇپ، 2 لىتر سۇدا قاينىتىپ سىقىپ، 700 گرام قەنت بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىيتى: ھۆل سوغۇق.
تەسىرى: چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ. ئۈچەيگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ. بەلغەم بوشىتىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىپ يۆتەل توختىتىش، باش ئاغرىشنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: چوڭلارغا 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 م ل، بالىلارغا كۈندە 5 قېتىم، ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ.

## شەربىتى سەقمۇنىيا

تەركىبى: سەلىيخە (قېلىن دارچىن) 23 گرام، سەقمۇنىيا 14 گرام، سىركە 2.9 لىتر.
ياسىلىشى: دورىلارنى خالتىغا ئېلىپ سىركىگە 5 سوتكا چىلاپ سىقىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى: نورمالسىز سەپرانى سۈرۈپ چىقىرىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: قەۋزىيەتنى بوشىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ئەھۋالغا قاراپ تاماقتىن ئىلگىرى قايناقسۇ بىلەن تەڭشەپ ئىچىلىدۇ.

## شەربىتى شاھتەررە I

تەركىبى: سېرىق ھېلىيلە پوستى، تەمر ھىندى ھەر بىرى 90 گرام، چىلان، سەرپىستان ھەر بىرى 60 دانە، ئەينۇلا 30 دانە، قارا ھېلىيلە، ھېلىيلە كابۇلى، سانا، گاۋزەبان، بەسفائىج، چۆچۈكبۇيا يىلتىزى، پىرسياۋشان ھەر بىرى 60 گرام، گۈلبىنەفشە 21 گرام، زىرىق، نىيلۇفەر ھەر بىرى 15 گرام، سېرىق ئوت ئۇرۇقى 9 گرام.
ياسىلىشى: دورىلارنى شاھتەررە سۈيىگە بىر سوتكا چىلاپ $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قاينىتىپ قەنت بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى : تەرەتنى يۇمشىتىدۇ ، نورمالسىز بەلغەم ، سەۋدا خىلتلىرىنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ . تەمرەتكە ، قىچىشقاق ، جوزام قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ . خىلتلارنىڭ تەڭ پۇڭلۇقىنى ساقلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قەۋزىيەت ۋە ئومۇمىي بەدەن بىتارامىلىقىدا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 21 ~ 60 م ل ئېلىپ ما ئۇلجەبىن بىلەن ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى شاھتەررە I

تەركىبى : سېرىق ھېلىلە پوستى ، تەمر ھىندى ( ئۇرۇقچىسىدىن ئايرىلغان ) ھەر بىرى 90 گرام ، چىلان ، سەرپىستان ھەر بىرى 50 دانە ، ئەينۇلا 30 دانە ، ھېلىلە كابۇلى پوستى ، قارا ھېلىلە ، گاۋزەبان ، سانا ، بەسفائىج ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ، پىر سىياۋشان ھەر بىرى 60 گرام ، گۇلبىنەفشە 21 گرام ، قىزىلگۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېرىق چېچىكى 15 گرام ، نىيلۇفەر 10 گرام ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى 9 گرام ، كۆك شاھتەررە سۈيى 2.7 لىتر ، تەرەنجىبىن ياكى قەنت مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : شەربەت تەييارلاش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : تەرەتنى بوشىتىدۇ ، نورمالسىز ، سەۋدا ۋە كۆيۈك خىلتلارنى تازىلايدۇ ، قوتۇر ، تەمرەتكە ، جوزام قاتارلىق تېرە كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قەۋزىيەتكە ھەمدە ئايرىم تېرە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ھەر قېتىمدا 60 م ل ئىچىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : خىيارشەنبەر ، مەھمۇدە ، مائۇلجەبىن قوشۇپ ئىچسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى .

### شەربىتى مۇلەييىن

تەركىبى : چىلان ، سەرپىستان ھەر بىرى 30 گرام ، گۇلبىنەفشە ، قىزىلگۇل ھەر بىرى 20 گرام ، گاۋزەبان 15 گرام ، ئىسبەغول 10 گرام ، بېھى ئۇرۇقى 6 گرام ، قەنت 20 گرام .

ياسىلىشى : بېھى ئۇرۇقى بىلەن ئىسبەغولنى ئايرىم ـ ئايرىم قايناقسۇغا چىلاپ

شىرىسىنى چىقىرىپ، يۇقىرىقى 5 خىل دورىنى 2 لىتر سۇغا بىر كېچە چىلاپ يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ، سىقىپ سۈزۈپ، چىقىرىلغان شىرىنى قوشۇپ قەنت سېلىپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: ھۆل سوغۇق.

تەسىرى: ئۇچەينى ھۆللەشتۈرۈپ قەۋزىيەتنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سەپراني كېسىپ خەفەقاننى ياخشىلايدۇ.

ئىشلىتىلىشى: كۆچلۈك سۈرگە ئىشلىتىشكە بولمايدىغان ئەھۋالدا يەڭگىل سۈرگە ئورنىدا قەۋزىيەتكە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 50 م ل، بالىلارغا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ.

## شەربىتى ھېلىيلە

تەركىبى: تەرەنجىبىن 150 گرام، چوڭ سېرىق ھېلىيلە 100 دانە، سەقمۇنىيا 3 گرام.

ياسىلىشى: ھېلىيلىنى مەلۇم مىقداردا سۇغا چىلاپ 3 كۈن ئاپتاپتا تۇرغۇزۇپ، سۈيىنى باشقا قاچىغا تۆكۈۋېلىپ يەنە سۇ قويۇپ قايتا ئاپتاپتا قويۇپ، جەمئىي 3 قېتىم تەكرارلاپ شۇ 3 قېتىملىق سۈيىنى تەرەنجىبىن بىلەن قىيام قىلىپ، ئۈستىدىن سەقمۇنىيانى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان تەپ، ھەر خىل بوغۇم ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: قەۋزىيەتنى ئېچىشقا ۋە بۇزۇق ھۆللۈكلەرنى چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 45 ~ 60 م ل ئىچىلىدۇ.

## شورپائى مۇلەييىن

تەركىبى ۋە ياسىلىشى: قېرى خورازنى بوغۇزلاپ تازىلاپ پىشۇرۇپ، شورپىسىغا سوقۇلغان بەسفائىجدىن 15 گرام سېلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : ئۈچەيدىكى كۆيگەن سەۋدانى ھەيدەپ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ . ئۈچەي دىۋارلىرىنى سىلىقلاشتۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قەۋزىيەت بولۇپ قالغان بىمارلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 3 كۈنگىچە ھەر كۈنى 3 قېتىم شورپىسىنى ئىچىپ گۆشىنى يەيدۇ .

## شىيافى تەلىيىن

تەركىبى : قەنت 2 ھەسسە ، ئاق تۇز 1 ھەسسە .

ياسىلىشى : قەنت ۋە تۇزنى چۆمۈشكە سېلىپ چوغنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ، تۇز ئېرىپ قارامتۇل سېرىق رەڭگە ئېرگەندە چۆمۈشنى ئوتتىن دەرھال ئېلىپ پاكىز تاختايغا تۆكۈپ ، قول بىلەن ئۇچى ئۇچلۇق ، توۋى يوغان شامچە تەييارلاپ ، ئاستى تەرىپىگە پاكىز چىۋىقچە تىقىپ قويۇلىدۇ .

تەبىئىيتى : ئىسسىق .

تەسىرى : ئىچىنى يۇمشىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئىچىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىر دانە شىيافنى كۈنجۈت يېغىدا ياغلاپ ، شىيافنى چىۋىق بىلەن 4 س م ئەتراپىدا مەقئەت كىرگۈزۈپ قويۇلىدۇ ( مەقئەتمۇ ياغلىنىدۇ ) .

## شىيافى خىيارشەنبەر

تەركىبى : خىيارشەنبەر 30 گرام ، سانا 15 گرام ، تۇز 10 گرام ، بىنەفشە ، ئاق لەيلى ھەر بىرى 6 گرام ، قىزىل شېكەر 30 گرام .

ياسىلىشى : 3 خىل ئۇسۇملۇك دورىنى 300 م ل سۇدا قاينىتىپ ، شىرىسىنى چىقىرىپ سۈزۈپ ئېلىنىدۇ . خىيار شەنبەر بىلەن قىزىل شېكەرنى قايناقسۇغا چىلاپ شى-

رىسنى چىقىرىپ سۈزۈلمىگە قوشۇپ ئۇنىڭغا تۇز قوشۇپ شامچە ياسىلىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : ئۈچەيدىكى تۇسالغۇنى ئاچىدۇ . قەۋزىيەتنى يوقىتىدۇ . ئۈچەي قىزىتمىسىنى پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قەۋزىيەت بولۇپ قالغان بىمارلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 2 قېتىم ، بالىلارغا 1 قېتىم تەرەت راۋانلىشىپ بولغىچە مەقئەتكە كىرگۈزۈپ 3 سائەت قويۇلىدۇ .

## شىيافى مۆلەييىن

تەركىبى : ئەفسەنتىن ، شەھمى ھەنزەل ، ھېلىيلە ئۇرۇقى ۋە مېغىزى ھەر بىرى 15 گرام ، شېكەر قىيامى 50 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، شېكەر قىيامى بىلەن قاتتىقراق يۇغۇرۇپ پىلىكچە ياسىلىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان قەۋزىيەتنى داۋالاشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : شامچىدىن بىر دانە ئېلىپ مەقئەتكە كىرگۈزۈپ 6 — 3 سائەت تۇرغۇزۇلىدۇ .

## فۇرسى مۆسھىل

تەركىبى : بىنەفشە ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، كاسنى ئۇرۇقى ، نىيلۇفەر ، تاۋۇز مېغىزى ھەر بىرى 10 گرام ، ئىسبەغول 6 گرام ، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ، رۇمبادىيان ، قىزىلگۈل ، تاباشىر ، نىشاستە ، كەتىيرا ، زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن ھەببى مۆلۈك ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئىسبەغول لۇئابى بىلەن

يۇغۇرۇپ تابلېت قىلىنىدۇ .

تەسىرى : چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قەۋزىيەت سەۋەبىدىن قورساق كۆپۈپ ئاغرىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا يېرىم دانە ئېلىپ سېرىق ياغ بىلەن بىللە چاي قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ .

ئەسكەرتىش : بۇ دورىنى بەك ئورۇق كىشىلەرگە ، ھامىلىدار ئاياللارغا ، گۆدەك باللارغا بەرمەسلىك كېرەك .

## قۇرس ئىلاۋۇس

تەركىبى : ئەفسەنتىن 30 گرام ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، ئەفيۇن ، غارىقۇن ، دارچىنى ھەر بىرى 20 گرام ، گۇلدارچىنى ، مۇرمەككى ، قارامۇچ ، قۇندۇز قەھرى ھەر بىرى 3 گرام ، ھەسەل 300 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى ئۆز گورۇپپىسى بىلەن ئايرىم سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، 300 م ل ھەسەلنى قىزىتىپ كۆپۈكىنى ئېلىپ يۇغۇرۇپ قۇرس ياسىلىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : 12 بارماق ئۈچەي تۇسالغۇسىنى ئېچىپ يەل تارقىتىدۇ . تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ ، قۇسۇشنى توختىتىدۇ ، ئاغرىق يوقىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئۈچەي تۇسۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئۈچەي تۇسۇلۇشنى يوقىتىش ۋە كېسەلگە ئارام بېرىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ، باللارغا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## مەتبۇخى ئەينۇلا

تەركىبى : ئەينۇلا 20 دانە ، تەمرى ھىندى 30 گرام .

ياسىلىشى : بىر لىتر سۇدا يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ سۈزۈپ 30 گرام قەنت سېلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قىزىتما پەسەيتىدۇ ، ئارقا تەرەتنى بوشىتىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە كەچتە 15 م ل ئىچىلىدۇ .

## مەتبۇخى ئۇد

تەركىبى : ئۇد ، قاقىلە ھەر بىرى 3 گرام ، ئامىلە جەۋھىرى ، ئىپار ، قەلەمفۇر ، جويۇز ، سۇنبۇل ، لېچىندانە ، زەنجىبىل ، مەستىكى ، رەيھان ئۇرۇقى ، بادرەنجىبۇيا ئۇرۇقى ، زەفەر ھەر بىرى 2 گرام ، ئىپار 1 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ بىر خالتىغا ئېلىپ ، ئازراق ھۆللەپ ئاغزىنى بوغۇپ ئۈزۈم سۈيىگە تاشلاپ سۇس ئوتتا قاينىتىلىدۇ ھەمدە خالتا پات ـ پات مىجىپ تۇرۇلىدۇ . تەمى ئۇبدان چىققاندىن كېيىن سۈزۈپ شىشە قاچىغا ئېلىپ ساقلىنىدۇ .

ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىچىلىدۇ .

تەسىرى : تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ ، ھەر خىل نورمالسىز ماددىلارنى چىقىرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قەۋزىيەتكە ئىشلىتىلىدۇ .

## مەتبۇخى ئۇنناب

تەركىبى : تەمرى ھىندى 60 گرام ، قىزىل قۇرۇق ئۈزۈم 45 گرام ، ئەينۇلا 30 دانە ، چىلان 10 دانە ، شاھتەررە 15 گرام ، تۇربۇد 9 گرام ، رۇم بادىيان ، مەستىكى ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : تەمرى ھىندىدىن باشقا دورىلارنى چىلاپ $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قاينىتىپ سىقىپ سۈزۈپ تەمرى ھىندىنى كېيىن قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : نورمالسىز سەپرا ۋە بەلغەم خىلتىنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ . مېڭە ۋە

ئومۇمىي بەدەننى تازىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قەزىيەتكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىچىلىدۇ .

### مەئجۇنى بىنەفشە I

تەركىبى : تۇربۇد ، تەرەنجىبىن ، فۇنۇس ھەر بىرى 60 گرام ، بىنەفشە ، بادام مېغىزى ھەر بىرى 30 گرام ، مەستىكى ، رۇبىبۇسۇس ھەر بىرى 15 گرام ، قەنت 300 گرام .

ياسىلىشى : يېرىم لىتر سۇ بىلەن تەرەنجىبىن ۋە فۇنۇسنىڭ شىرىسىنى ئېلىپ ، شېكەر بىلەن قىيام قىلىپ ئۈستىگە سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن دورىلار تالقىنىنى سېلىپ قوچۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق

تەسىرى : قۇلۇنجىنى ئېچىپ سەپرا ، بەلغەمنى سۈرىدۇ . بەلغەم بوشىتىپ يۆتەل پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قۇلۇنجىنى ئېچىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ . سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 گرام ، باللارغا كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

### مەئجۇنى تۇربۇد

تەركىبى : تۇربۇد 100 گرام ، سەقمۇنىيا 30 گرام ، قاقىلە ، لىچىندانە ، زەنجىبىل ، دارچىنى ، گۈلدارچىنى ، نارمىشكى ، قەلەمفۇر ، مەستىكى ، فىلفىل ، قارامۇچ ھەر بىرى 15 گرام ، قىزىل شېكەر 100 گرام ، ھەسەل 1 لىتر .

ياسىلىشى : ھەسەلنى ئېرىتىپ قىزىل شېكەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۈستىگە يۇقىرىقى دورىلار سوقۇلمىسىنى تۆكۈپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئۇچەيدىكى توسالغۇنى ئاچىدۇ . ئۇچەي ۋە ئاشقازاندىكى ئۇفۇنەتلەش-

كەن بەلغەم، كۆيگەن سەپرا قاتارلىقلارنى سۈرۈپ تازىلايدۇ.

ئىشلىتىلىشى: ئۈچەيدىكى توسالغۇنى ئېچىش، ئۈچەينى تازىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام، باللارغا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

## مەئجۇنى خىيارشەنبەر

تەركىبى: خىيارشەنبەر 100 گرام، سەقمۇنىيا 50 گرام، بىنەفشە، تۇربۇد ھەر بىرى 30 گرام، رۇببۇسۇس 25 گرام، تۇز 20 گرام، ئارپا بادىيان، مەستىكى ھەر بىرى 15 گرام، بادام يېغى 100 م ل ياكى گۈل يېغى 100 م ل، قەنت 100 گرام، ھەسەل 200 م ل.

ياسىلىشى: قەنتنى قىيام قىلىپ ھەسەلگە قوشۇپ، ياغنى قۇيۇپ، ئارقىدىن دورا تالقىنىنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: ئۈچەيگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، نورمالسىز سەپرانى سۈرۈپ چىقىرىدۇ، سەپرادىن بولغان قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: قۇرۇقلۇقتىن بولغان سەپرالىق قۇلۇنجىنى داۋالاش مەقسىتىدە سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەئجۇنى زاراگزا

تەركىبى: زاراگزا مېغىزى 100 گرام، ياخشى پىشقان ئەنجۈر 50 گرام.

ياسىلىشى: زاراگزا مېغىزىنى ئەنجۈر بىلەن ھاۋانچىدا سوقۇپ خېمىر قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: ئۈچەينى ھۆللەشتۈرۈپ قۇلۇنجىنى ئاچىدۇ. يەلنى تارقىتىپ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئىشلىتىلىشى : قەۋزىيەت ، قۇرۇق قورساق ئاغرىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

مەئجۇنى مۇسھىل

تەركىبى : ئەينۇلا ، تەمرى ھىندى 150 گرام ، چىلان ، سەرپىستان ، ئۈرۈقىدىن ئايرىلغان ئۈزۈم ، تەرەنجىبىن ھەر بىرى 90 گرام ، سېرىق ھېلىلە ، سېرىق ئۈت ئۇرۇقى ، ئەفسەنتىن ، بىنەفشە ھەر بىرى 45 گرام ، قىزىلگۈل 30 گرام ، تاباشىر ، كەتىرا ، سەمغى ئەرەبى ، سەقمۇنىيا ، نىشاستە ھەر بىرى 15 گرام ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، ھەمىشە باھار ئۇرۇقى ، ئارپا باديان ، سەندەل ( سېرىق ) ھەر بىرى 12 گرام ، شېكەر 1 ھەسسە .

ياسىلىشى : مەئجۇن تەييارلاش قائىدىسى بويىچە ياسىلىدۇ .

تەسىرى : ھەر خىل تېپتىكى ئۆتكۈر خىلتلارنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ . جوزام ۋە تەپلەرگە شىپا بولىدۇ ، ئۇسسۇلۇق پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : بەدەندە خىلتلار تەگپۇگسىزلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان قەۋزىيەتكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

مەئجۇنى ئىيارەج

تەركىبى : ئىيارەجى پەيقرا ، ئەفتىمۇن ھەر بىرى 23 گرام ، غارىقۇن 11 گرام ، شەھمى ھەنزەل 5 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

تەسىرى : ئاشقازان ، ئۈچەي ، بوغۇملار ۋە بارلىق ئەزالارنى كېرەكسىز سۇيۇقلۇقلار ھەمدە بۇزۇق بەلغەم ماددىسىدىن تازىلاش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : قەۋزىيەتكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : قايناقسۇ بىلەن كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام يېيىلىدۇ .

### ھەببى ئاپاۋىيە

تەركىبى: مەستىكى، قەلەمفۇر، زەنجىبىل، دارىچىنى، قارامۇچ، نارمشكى، ئىيا قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرى 6 گرام، شېكەر 50 گرام.

ياسىلىشى: يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ياللۇز ئەرىقى بىلەن خېمىر قىلىپ 2 .0 گرام مىقداردا كۇمۇلاچ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: قويۇق خىلىتلارنى تازىلاش، قورساق كۆپۈپ ئاغرىشلارنى پەسەيتىش، ئىچىنى يۇمشىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: ئاشقازان، ئۈچەي كېسەللىكلىرىگە، يەل ھەم قەۋزىيەتكە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم 5 ~ 1 ياشتىكىلەرگە 3 دانە، 10 ~ 5 ياشتىكىلەرگە 5 دانە، 10 ياشتىن چوڭلارغا 10 ـــ 7 دانە ئىچىشكە بېرىلىدۇ.

### ھەببى ئەنجۇر

تەركىبى: ئارپا بادىيان، سېرىق ھېلىيلە پوستى، بەلىيلە پوستى، ئامىلە پوستى، مۇقەل، مۇزۇر، ئەنجۇر قېقى ھەر بىرى 20 گرام، كۆدە ئۇرۇقى 5 گرام، يېمىش ئۈزۈم 25 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئايرىم سوقۇلغان يېمىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر قىلىپ 3 .0 گراملىق ھەب ياسىلىدۇ.

تەبىئىيتى: ئىسسىق.

تەسىرى: قەۋزىيەتنى بوشىتىدۇ. تۈز ئۈچەي ئۆسمىسىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. يەل ھەيدەيدۇ.

ئىشلىتىلىشى: قەۋزىيەت، بوۋاسىر ۋە ئۈچەي كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم باللارغا 3 ـ 2 دانە، چوڭلارغا 10 ـــ 5 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ.

## ھەبىي تاباشىر مۇلەييىن

تەركىبى : بىنەفشە گۈلى ، تەرەنجىبىن ھەر بىرى 40 گرام ، تاباشىر ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، بوغداي كراخمالى ھەر بىرى 20 گرام ، قىزىلگۈل ، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ، ئاقلانغان يۇمغاقسۆت ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، كەتىيرا ، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى ، نىلۇفەر ھەر بىرى 10 گرام ، ئاق سەندەل 3 گرام ، زەفەر 1.5 گرام .

ياسىلىشى : يۇمشاق سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئارپا سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.5 گرامدىن كۇمۇلاچ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل سوغۇق .

تەسىرى : قىزىتما قايتۇرىدۇ ، قان تازىلايدۇ ، قەۋزىيەتنى بوشىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : قىزىتمىلىق كېسەللىكلەردە قەۋزىيەتكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، بالىلارغا 10 دانە ، چوڭلارغا 20 — 15 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ .

## ھەبىي دىدان I

تەركىبى : قارا زىرە ، بەرەڭگى كابۇلى ، دەرمەنا تۈركى ، تۇربۇد ، ئەفسەنتىن ، زەنجىبىل ، كەتىرا ، سەبرى سوقۇتۇرى ھەر بىرى 5 گرام .

ياسىلىشى : يۇمشاق سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ شاپتۇل يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گرامدىن كۇمۇلاچ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : ئۈچەيلەردىكى قىلقۇرتلارنى ھەيدەش ، قەۋزىيەتنى بوشىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئۈچەيلەردىكى قىلقۇرتلارنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە بالىلارغا 7 — 5 دانە ، چوڭلارغا 7 — 10 دا ئىچكۈزۈلىدۇ .

روُپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ . قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ ۋە ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ شۇ ۋە مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## زىمادى تاباشىر

تەركىبى : قىزىلگۈل 15 گرام ، ھەببۇلئاس ، ئانارگۈلى ، موزا ، زەمچە ، ئاق سەندەل ، قىزىل سەندەل ، ئاموُت غازىڭى ، قىزىل لوبىيا ھەر بىرى 10 گرام ، تاباشىر 6 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، سۇ بىلەن نەمدەپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىچ سۈرۈش ۋە قۇسۇشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : قورساققا تېشىدىن يەرلىك ئورۇنغا چاپلىنىدۇ .

## زىمادى سۈنبۈل

تەركىبى : ئانار پوستى ، ئامىلە ھەر بىرى 50 گرام ، سۈنبۈل ، قەسبۇززەرىرە ، ئەفسەنتىن ، كۈندۇر ، مەستىكى ، لادەن ، ئاموُت غازىڭى ، قىزىلگۈل ، سەندەل ھەر بىرى 10 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، كونا ھاراق بىلەن يۇغۇ-روُپ زىماد تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئۈچەي ۋە ئاشقازان ھەزىمى ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا سىرتتىن قورساققا چاپلىنىدۇ .

### سۇفۇفى بەللۇت

تەركىبى : ھەببۇلئاس 21 گرام ، خاشخاش ئۇرۇقى ، سىماق ھەر بىرى 18 گرام ، موزا ، ئانار پوستى ھەر بىرى 12 گرام ، شاھى بەللۇت 9 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ئەلگەپ تەييارل ندۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىچى سۈرۈشنى شۇ سائەتتىلا توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، 6 گرام ئېلىپ سوغۇق سۇ بىلەن ئىچىلىدۇ .

### سۇفۇفى پوستى ئانار

تەركىبى : ئانار پوستى ، موزا ، قورۇتۇلغان ئاق نان ھەر بىرى 6 گرام 2 ، كۈندۈز 3 گرام ، بەزرۇلبەنجى 2 گرام ، ئەپيۇن 1.0 گرام ، قەنت 30 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، 30 گرام قەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەيي لىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .

تەسىرى : ئادەتتىكى ئىچ سۈرۈشنى ۋە دورا تەسىرىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 6 گرام ئېلىپ ئانار سۈيى بىلەن ، بالىلارغا 3 گرام ئېلىپ بېھى سۈيى ياكى سېمىز ئوت ئۇرۇقىنىڭ شىرىسى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ .

### سۇفۇفى تاباشىر

تەركىبى : تاباشىر ، ئانار ئۇرۇقى ، سەمغى ئەرەبى ، كەتىرا ، ئاق مەستىكى ، ئا-

مۇت غازىڭى ، قىزىلگۈل ، گىل ئەرمىنى ھەر بىرى 10 گرام ، قەنت 50 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبئىيىتى : قۇرۇق سوغۇق .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە . شۇ مەقسەتتە چوڭلار ۋە كىچىك باللارغا ئوخشاشلا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ، باللارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1.5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

ئەسكەرتىش : بېھى شەربىتى ياكى ئانار شەربىتى بىلەن ئىچسە تېخىمۇ مەنپەئەتلىك .

## سۇفۇفى تاباشىر قابىز

تەركىبى : تاباشىر ، ئانار ئۇرۇقى ، سەمغى ئەرەبى ، كەتىرا ، مەستىكى ، ھەببۇلئاس ، قىزىلگۈل ، گىل ئەرمىنى تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : باللاردىكى ئىچى سۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە كەچتە 2 گرام ئېلىپ بېھى شەربىتى ، ئالما شەربەتلىرى بىلەن ئىچىلىدۇ .

## سۇفۇفى تۇخمى ئانار مۇرەككەپ

تەركىبى : ئانار ئۇرۇقىنىڭ قورۇلمىسى 30 گرام ، بەللۇت ، سىماق ، زىرە ، ھەببۇلئاس ، جىگدە ئۇنى ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ، خەرنۇپ ھەربىرى 15 گرام ، ئۇدخام ، ئامىلە ھەربىرى 3 گرام ، قەنت 100 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلى-

ىندۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .

تەسىرى : ئاشقازان ۋە ئۈچەيىنىڭ ھەزىم خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ . ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ، باللارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1.5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## سۇفۇفى رەيھان

تەركىبى : ئىسبەغول 60 گرام ، گىلى ئەرمىنى ، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 45 گرام . رەيھان ئۇرۇقى ، پەتىنگان ئۇرۇقى ، ھەببۇلئاس ، خەشخاش ئۇرۇقى ھەر بىرى 30 گرام .

ياسىلىشى : ئىسبەغولدىن باشقا دورىلارنى تالقانلاپ ، ئىسبەغولنىڭ لۇئابىغا نەمدەپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ئىچ ـدىن قان ـ يىرىڭ كېلىش ، قورساق تولغاپ ئاغرىش ۋە ئىچى سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلى

ئىشلىتىلىشى : تولغىققا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## سۇفۇفى روناس

تەركىبى : سەئدى كوفى ، كۈندۇر ، ھەببۇلئاس ، خەشخاش ئۇرۇقى تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، مەلۇم مىقداردا ئانا سۈتى ئارىلاشتۇرۇپ

تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قان ـ يىرىڭ ، ئارىلاش ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## سۇفۇفى زەرب

تەركىبى : خەرنۇب ، بېھى ئۇرۇقى ، زىرە ، سىماق ، كۆكنار ئۇرۇقى ، ھەببۇلئاس ، مەستىكى ، بەللۇت ، قورۇق يۇمغاقسۈت تەڭ مىقداردا .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ ، ئاشقازان تۆۋەنلەش ، ئۈچەي ئاجىزلىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئېلىپ ئىچى سۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ ، ھەببۇلئاس شەربىتى بىلەن ئىچىلىدۇ .

## سۇفۇفى زەھىرە I

تەركىبى : موزا ، بەللۇت ، قەلەمفۇر ، ئانار گۈلى ھەر بىرى 15 گرام ، قورۇلغان قورۇق يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ، سىماق ، قۇندۇز قەھرى ، كۆيدۈرۈلگەن سەدەپ ، كەھرىبا ، بىخ مارجان ھەر بىرى 6 گرام ، قەنت 50 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، سوقۇلغان قەنت ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قان توختىتىش تەسىرىگە ئىگە ، چوڭ ـ كىچىك تەرەتتىن قان كېلىشنى توختىتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام

ھېرىلىدۇ . 3 ياشتىن چوڭ بالىلارغا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

### سۇفۇفى زەھىرە 1

تەركىبى : قورۇلغان قىچا 30 گرام ، زىغىر قورۇلمىسى ، ئىسبەغۇل قورۇلمىسى ھەر بىرى 10 گرام ، چىگىسەي ئۇرۇقى قورۇلمىسى ، ئاموت ئۇرۇقى ھەر بىرى 8 گرام ، گىل ئەرمىنى 7 گرام ، سەمغى ئەرەبى 3 گرام ، قەنت 50 گرام .

ياسىلىشى : ئىسبەغۇل ۋە ئاموت ئۇرۇقىدىن باشقىلىرىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، سوقۇلغان قەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بوۋاسىردىكى يېقىمسىزلىقنى يوقىتىدۇ ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ . كۆتەن ئۈچەي ئاغرىش ، قۇرۇق ئىنجىقلاشنى پەسەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ، بالىلارغا ھەر قېتىمدا 1 گرام ئېلىپ سېمىز ئوت شىرنىسى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ .

### سۇفۇفى سەمغى ئەرەبى

تەركىبى : ئىسبەغۇل ، رەيھان ئۇرۇقى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، قىچا ، قىيمىقۇ ئۇرۇقى ھەر بىرى 21 گرام ، سەمغى ئەرەبى ، گۈل يېغىدا يۇمشىتىلغان گىل ئەرمىنى ، نىشاستە ھەر بىرى 15 گرام ، خۇنسىياۋشان 9 گرام .

تەسىرى : ئىچىدىن قان ـ يىرىڭ كېلىش ، ئۈچەي يارىسى ، قورساق غۇلدۇرلاش ۋە ئاغرىش قوشۇلۇپ ، ئىچى سۈرۈش ، سەپرادىن بولغان ئىچى سۈرۈشلەرنى توختىتىدۇ . يۆتەل پەسەيتىدۇ . سوگى چىقىپ قېلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 9 گرام ئېلىپ ھەببۇلئاس سۈيى ياكى بېھى سۈيى بىلەن ئىچىلىدۇ .

## سۇفۇفى سەئدى كوفى

تەركىبى : سەئدى كوفى ، كۇندۇر ، ھەببۇلئاس ، خەشخاش ئۇرۇقى تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : تالقانداپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : باللاردىكى ئىچى سۇرۇشكە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئانا سۈتىگە مەلۇم مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ .

## سۇفۇفى قابىز

تەركىبى : بۇغداي كراخمالى ، پىستىنىڭ تاشقى پوستى ، ئانار ئۇرۇقى ھەر بىرى 80 گرام ، پاقا يوپۇرمىقى ئۇرۇقى 40 گرام ، كۆكنار شاكىلى 20 گرام ، شېكەر 500 گرام .

ياسىلىشى : بۇغداينى يۇيۇپ چىلاشقۇدەك سۇغا چىلاپ 3 سوتكا تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئۇۋۇلاپ سىققاندا ئاق سۇتكە ئوخشاش شىرىسى چىقىدۇ . ئۇنىڭ تىرىپلىرىنى ئېلىۋېتىپ ، ئۈستىدىكى سۇزۇك سۈيىنى سۇزۇپ ئايرىپ ، بىر كۈن تۇرغۇزغاندىن كېيىن يەنە يىغىلغان سۇلىرىنى سۇزۇپ تۆكۈۋېتىپ قالغان خېمىرسىمان ئۇيۇتمىنى سايىدا قۇرۇتسا نىشالىشتە (بۇغداي كراخمالى) ھاسىل بولىدۇ . (ياخشىسى 5 ~ 6 ـ ئايلاردا چىقىرىلىدۇ) . قالغان دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ بىللە باشقا دورىلار تالقىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : ئىچ توختىتىش ، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل ئىسسىق ، سوغۇقتىن بولغان ئۈچەي كېسەللىكلىرى ئۈچۈن بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم چوڭلارغا 5 ~ 10 گرام ، باللارغا 4 ـ 2 گرام ، ئىچكۈزۈلىدۇ .

ئەسكەرتىش : تەييارلاش جەريانىدا ئانار ئۇرۇقى ، پاقا يوپۇرمىقى ، پىستە پوستى

قاتارلىقلار قورۇلىدۇ .

### سوفۇفى لوك

تەركىبى : قىزىلگۈل ، يۇيۇلغان لوك ، قىيمىقۇ ئۇرۇقى ، زىرىق ھەر بىرى 9 گرام ، سەمغى ئەرەبى ، تاباشىر ، ئاق سەندەل ھەر بىرى 6 گرام ، رەۋەن 5 گرام ، زەفەر 3 گرام .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : جىگەردىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### سوفۇفى مەقلىياسا

تەركىبى : ئاق قىچا 60 گرام ، سىركىگە چىلانغان زىرە 15 گرام ، زىغىر ، كۈدە ئۇرۇقى ، قارا ھېلىيلە ھەر بىرى 6 گرام ، مەستىكى 3 گرام .

ياسىلىشى : كۈدە ئۇرۇقى بىلەن ھېلىيلىنى كالا يېغى ياكى كۈنجۈت يېغى بىلەن قورۇپ ، ئاندىن ھەممىنى ھاۋانچىدا سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقانلاپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئۆچەي خىزمىتىنى ياخشىلاش ، بوۋاسىرنى داۋالاش ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 3 گرام ، بالىلارغا 1.5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

### سوفۇفى ھەببۇلئاس

تەركىبى : ئانار ئۇرۇقى ، ھەببۇلئاس ئۇرۇقى ، شاھى بەللۇت ، سىركىگە چىلانغان زىرە ، سىماق ، ئانارگۈلى ، جىگدە ئۇنى ، قۇرۇق يۇمغاقسۇت ، خەرنۇب شامى 1

ھەسسىسىدىن ، تېرىق 1.5 گىرام .
تەسرى : ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ . ئاشقازان ، ئۈچەينى كۈچەيتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىچى سۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارى : مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### سۇفۇفى ھەببۇلئىنەب

تەركىبى : ئۇزۇم ئۇرۇقى ، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 12 گىرام ، ھەببۇلئاس ، سىماق ھەر بىرى 6 گىرام ، مەستىكى ، ئانارگۈلى ھەر بىرى 3 گىرام .
ياسىلىشى : دورىلار سوقۇپ تالقان قىلىنىدۇ .
تەسرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ ، ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گىرام ئىچىلىدۇ .

### سۇفۇفى ھومماز

تەركىبى : ئىسبەغۇل ، ھەببۇلئاس ، قىيمقۇ ئۇرۇقى ، خەشخاش ئۇرۇقى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، بېھى ئۇرۇقى ، سەمغى ئەرەبى ، گىل ئەرمىنى ھەر بىرى 9 گىرام .
ياسىلىشى : قىيمقۇ ئۇرۇقى ، ئىسبەغۇل ، ھەببۇلئاستىن باشقا دورىلارنى يۇمشاق تالقانلاپ ، قالغان دورىلارنىڭ لۇئابىنى ئېلىپ قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قورساقنىڭ قاتتىق ئاغرىشى ۋە ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : قايناقسۇ بىلەن مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### سۇفۇفى ئىبنى ماسويە

تەركىبى : ئاقلانغان ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، ئاقلانغان تەرخەمەك ئۇرۇقى ھەر بىرى

15 گرام ، گىل ئەرمىنى ، سەمغى ئەرەبى 6 گرام ، نىشاستە 3 گرام .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىچىدىن قان ئۆتۈش ، قورساق تولغاپ ئاغرىش قاتار- لىقلارغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئېلىپ تاباشىر باكى رەيھان ئۇرۇقىنىڭ لۆئابى بىلەن ئىچىلىدۇ .

## سىركەنجبىنى قابىز

تەركىبى : قىزىلگۈل 150 گرام ، ئانارگۈلى 60 گرام ، خەشخاش گۈلى 30 گرام ، سىركە ، گۈلاب ھەر بىرى 500 م ل ، قەنت 560 گرام .
ياسىلىشى : گۈل دورىلارنى سىركە ، گۈلاب ، سۇلارغا بىر سوتكا چىلاپ يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ ، سۈزۈپ قەنت بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ ، سەپرانى پەسەيتىدۇ ، بەدەندىكى قاپارتقۇلارنى يوقىتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان قورساق ئاغرىشقا ئىشلىتىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## شەربىتى ئەنجباھار

تەركىبى : ئەنجباھار 20 گرام ، قىزىل سەندەل ، ئاق سەندەل ھەر بىرى 15 گرام ، زىرىق 10 گرام ، ھەببۇلئاس 6 گرام ، قەنت 300 گرام .
ياسىلىشى : ئەنجباھار ، ھەببۇلئاسنى سوقۇپ ، ئاق ۋە قىزىل سەندەلنى ئىككە- دەپ ھەممىسىنى 2 لىتر سۇغا 12 سائەت چىلاپ ، قاينىتىپ سۈزۈپ ، قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .
تەسىرى : ئىچ سۈرۈش ۋە تەرەتتىن قان كېلىشنى توختىتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئۈچەيدىن قان كېلىش ، خۇن توختىماسلىق كېسەللىكلىرىگە ئىش- لىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 50 م ل ، 3 ياشتىن چوڭ باللارغا كۈندە بىر قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### شەربىتى سەپەرجىل

تەركىبى : بېھى سۈيى 5 لىتر ، شېكەر 20 كىلوگرام .

ياسىلىشى : ياخشى پىشقان بېھىنى تىۋىتلىرىدىن پاكىزلەپ ، قىرىپ ئاندىن ماتا ياكى سىقىش ماشىنىسى بىلەن سىقىپ سۈيى چىقىرىلىدۇ . سۈيىنى سۈزۈپ دۇغلىرىدىن ئايرىپ 5 لىتر بېھى سۈيىگە 20 ~ 10 كىلوگرام شېكەر سېلىپ ، ئوتنى يۇمشاق بىر خىل قالاپ قىيامى ئەسلىگە كەلگۈچە قايىنىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل ، ئەگەر بېھى ئاچچىق بولسا شېكەرمۇ كۆپرەك سېلىنىدۇ ۋە تەبىئىيتى قۇرۇق ئىسسىققا ئۆزگىرىدۇ .

تەسىرى : يۈرەك ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : يۈرەك ، ئاشقازان ، ئۆچەي ، نېرۋا ، جىگەر ئاجىزلىقلىرى ھەمدە ئىچ توختىتىش ، سىرتقى ئىششىقلارنى ياندۇرۇش ، قەينى توختىتىش ، ئىشتىھانى ئېچىش قاتارلىق مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە ئۈچ قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا ئەھۋالغا قاراپ 40 ~ 30 م ل ، كىچىكلەرگە 30 ~ 20 م ل ، ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ .

ئەسكەرتىش : تاشقى جەھەتتىكى ئىششىقلارنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ، قىيام قىلىنمىغان بېھى سۈيى قايناقسۇغا ئارىلاشتۇرۇپ چېپىلىدۇ .

### قۇرسى تاباشىر

تەركىبى : سېمىز ئوت ئۇرۇقى قۇرۇلمىسى 30 گرام ، قىزىلگۈل 20 گرام ، ئاق سەندەل سۇرۇلمىسى ، سەمغى ئەرەبى قورۇلمىسى ، نىشاستە قۇرۇلمىسى ، ھەببۇلغار (بەللۇت) مېغىزى ، رۇببۇسۇس ، قىمۇقۇ ئۇرۇقى قۇرۇلمىسى ، ئۇرۇقسىز زىرىق ، سىماق ھەر بىرى 6 گرام ، ئانارگۈلى ، ھەببۇلئاس ، رەۋەنچىنى ، كەھرىبا ، بىخ مارجان ، ئەنجباھار ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، زىرىق سۈيى بىلەن يۇغۇ-رۇپ قۇرس ياسىلىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق سوغۇق.

تەسىرى: ئۈچەيدىكى قۇرۇق ئىنجىق ۋە ئېچىشىشنى، تەرەتتىن قان كېلىشنى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: تەپ، خۇن كۆپ كېتىش، قانلىق ئىسھالنى توختىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا، بىر دانە باللارغا كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا يېرىم ئىچكۈزۈلىدۇ.

#### قۇرسى تاباشىر قابىز

تەركىبى: تاباشىر، قىزىلگۈل، تۇخمى كاسنى، تۇخمى كاھۇ، تۇخمى خىرپە، سىماق ھەر بىرى 5 گرام، گۈلنار، ئاق سەندەل، تۇخمى ھۇمماز، ئەفيۇن ھەر بىرى 2 گرام.

ياسىلىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئەرەقى گۇلاب بىلەن خېمىر قىلىپ 0.5 گراملىق قۇرس قىلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: ئىسسىق.

تەسىرى: قىزىتما بىلەن بىللە كەلگەن ئىچ سۈرۈشلەرنى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: ھەر خىل ئىچ سۈرۈشلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقداردا ۋە ئۇسۇلى: كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~ 5 دانە ئېلىپ ئەرەقى باديان ۋە شەربىتى ھەببۇلئاسلار بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

#### قۇرسى خى قابىز

تەركىبى: خەشخاش پوستى، گىلى مەختۇم، گىل ئەرمىنى، تاباشىر، شەمغى ئەرەبى، نىشاستە ھەر بىرى 2 گرام، خۇنسياۋشان 1.5 گرام، زەفەر 0.1 گرام.

تەسىرى: ئىچىدىن قان ئۆتۈش، سەپرادىن بولغان ئىچى سۈرۈش، قوسارقىنىڭ تولغاپ ئاغرىشى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىر قېتىمدىلا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### قۇرسى شادىنەج

تەركىبى : يۇمغاقسۈت ، ئاق خەشخاش ھەر بىرى 18 گرام ، كەھرىبا ، مارجان ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، گىلى مەختۇم ، كۆيدۈرۈلگەن بۇغا مۈڭگۈزى ، كۆيدۈرۈلگەن تۇخۇم شاكىلى ، كەتىرا ، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 9 گرام ، شادىنەج ، كۆيدۈرۈلگەن سەدەپ ، بەزرۇلبەنجى ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ئارىلاشتۇرۇپ تابلېت قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىچىنى قاتۇرىدۇ . قان توختىتىشتا كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە . مۇرەككەپ تەبلەرنى قالدۇرىدۇ . جاراھەتنىڭ سۈيىنى قاتۇرىدۇ ، سىيلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

ئەسكەرتىش : شادىنەج تېپىلمىسا ئۇرۇنباسارى زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن ماگنىتنى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ .

### قۇرسى كەھرىبا

تەركىبى : كەھرىبا ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، مارجان ، قىمۇقۇ ئۇرۇقى (تۇخمى ھۇمماز) ، قۇتاز مۈڭگۈزى كۈلى ، تۇخۇم شاكىلى ، گىل ئەرمىنى ، سەمغى ئەرەبى ، قورۇلغان كەشنىز ، چەلغۇزە مېغىزى ھەر بىرى 15 گرام ، يىلان بېشى ، ئانارگۈلى ھەر بىرى 10 گرام ، بەزرۇلبەنجى ، تازىلانغان لوك ، تاباشىر ، كەتىرا ، نىشاستە ، مەستىكى زەفەر ، ئەپيۇن ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنىڭ يىلىم قىسمىنى ئايرىم ، قۇرۇق قىسمىنى ئايرىم سوقۇپ بىرلەشتۈرۈپ ، سېمىز ئوت ئۇرۇقىنىڭ سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ قۇرس ياسىلىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تەرەتتىن قان كېلىشنى توختىتىدۇ . قۇسۇش ۋە قان

تۆكۈرۈشنى توختىتىدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
مىقدارى : كۈندە 2 قېتىم ، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 3 گرام ، بالىلارغا ھەر قېتىمدا 1.5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

### قۇرسى گۈلنار I

تەركىبى : ئانار گۈلى ، گىل ئەرمىنى ، قېلىن دارچىنى ھەر بىرى 15 گرام ، سەمغى ئەرەبى ، قىزىلگۈل ، ھەببۇلئاس ھەر بىرى 10 گرام ، كەتىرا 6 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئانار گۈلىنىڭ سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ قۇرس ياسىلىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .
تەسىرى : تەرەت بىلەن قان كېلىشنى توختىتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئاياللاردا خۇن توختىماسلىق ، خەپرۇك بىلەن قان تۈكۈرۈش ، قانلىق ئىسھال قاتارلىقلارغا بېرىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 1 دانە ، بالىلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا يېرىمدىن ئىچكۈزۈلىدۇ .

### قۇرسى ھەببۇلئاس

تەركىبى : ئانار پوستى ، موزا ھەر بىرى 15 گرام ، ھەببۇلئاس ، سىماق ، يۇلغۇن مېۋىسى ، گىل ئەرمىنى ، نىشاستە ، شاھى بەللۇت ھەر بىرى 6 گرام ، مۇقەل 3 گرام .
ياسىلىشى : ئادەتتىكىچە سۇ بىلەن تابلېت قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بېھى سۈيى ياكى ئالما سۈيى بىلەن كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

### قۇرسى ئۇبھەل

تەركىبى: ئاق قىچا، ئۇبھەل، ئىسبەغۇل ھەر بىرى 30 گرام، زىرە، كۇدە ئۇرۇقى، سېرىق چېچەك، خەشخاش ئۇرۇقى، رۇم بادىيان، چىگسەي ئۇرۇقى، بەزىرۇلبەجى ھەر بىرى 8 گرام، ئەفيۇن 5 گرام.

ياسىلىشى: ئادەتتىكى قائىدە بويىچە تابلېت قىلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: بۇ تەجرىبىدىن كۆپ ئۆتكەن دورا بولۇپ، ئىچدىن قان ـ يىرىڭ كېلىشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: بالىلارغا 3 ـ 2 دانە، چوڭلارغا 4 ـ 3 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ.

### مەئجۇنى ئەسۋەد

تەركىبى: ئەفيۇن، قۇندۇز قەھرى، مىئە سائىلە، بەزىرۇلبەنجى، زەفەر، ئاسارۇن، مۇرمەككى، چىگسەي ئۇرۇقى، قىلىن دارچىنى، رۇم بادىيان، سۇنبۇل، گىل ئەرمىنى كەڭ مىقداردا، ھەسەل 3 ھەسسە.

ياسىلىشى: مەئجۇن ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: كونا ئىسھال ۋە ئىچى سۈرۈشلەرگە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ھەببۇلئاس سۈيى ياكى بېھى سۈيى بىلەن كۈندە 1 قېتىم ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### مەئجۇنى بېھى

تەركىبى: تازىلاپ توغرالغان بېھى 600 گرام، قارامۇچ، زەنجىبىل، لاچىندانە، قاقىلە، سۇنبۇل، قەلەمپۇر، دارچىنى ھەر بىرى 20 گرام، زەفەر، 3 گرام، ھەسەل 600 م ل، ناۋات 200 گرام.

ياسىلىشى: بىھىنى قايىنتىپ پىشقاندا سۈزۈپ، غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭغا ھەسەل، ناۋاتىنى سېلىپ قىيام قىلىپ، سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن دورىلارنى قىيامغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ھۆلنى باسىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

مەئجۇنى پەۋاكىھ

تەركىبى: تازىلاپ توغرالغان بىھى، تازىلاپ توغرالغان ئاچچىق ئالما ھەر بىرى 40 گرام، تاباشىر، قىيمىقۇ ئۇرۇقى 23 گرام، زىرىق شىرنىسى 45 م ل، سىماق سۈيى مەلۇم مىقداردا، قەنت بىر كىلوگرام.

ياسىلىشى: مېۋىلەرنى سىماق سۈيىگە سېلىپ قۇم قازاندا قايىنتىپ ياخشى پىشۇرۇپ، ياغاچ ھاۋانچا بىلەن ياخشى سالايە قىلىپ خېمىردەك ئېزىلىدۇ. قەنتنى مېۋە تەمى چىققان سىماق سۈيىگە سېلىپ قايىنتىپ، كۆپۈكىنى ئېلىپ قىيام قىلىپ، ئۈستىدىن قالغان دورىلارنى تالقانلاپ ۋە سوقۇلغان مېۋىلەرنى سېلىپ مەئجۇن تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئاشقازان، ئۈچەيلەرنى كۈچەيتىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: سەپرادىن بولغان ئىچى سۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 9 ~ 15 گرام يېيىلىدۇ.

مەئجۇنى جۇئىدە

تەركىبى: ئەفيۇن، بەزىرۇلبەنجى، مىئە سائىلە، دارىچىنى، ئاقمۇچ، زەنجىبىل، مىلتىق دورىسى (بازىروت) ھەر بىرى 30 گرام، قامغاق، ئاچچىق قۇستە ھەر بىرى 15 گرام، زەفەر 9 گرام، ھەسەل 2 ھەسسە.

تەسىرى: كونا ئىسھالنى توختىتىدۇ.

ئىشلىتىلىشى : ئۈچەي ھەزىمىنىڭ ناچارلىقىدىن ئىچى سۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ .
ئەسكەرتىش : بۇ دورا ياسالمىسىغا مىلتىق دورىسى چۈشكەچكە ئۇنى تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ ، ئىستېمال قىلىغاندىمۇ مىقدارىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك .

## مەئجۇنى مۇختەسەر

تەركىبى : جوۋنە ، كۇندۇر ، ئانار گۈلى ، پىستە پوستى ھەر بىرى 30 گرام ، ئۈزۈم سوقمىسى 100 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى ھاۋانچىدا سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۈزۈمنى سېلىپ قايتا بىللە سوقۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .
تەسىرى : ئىچى سۈرۈپ كېتىشنى توختىتىدۇ . ئۈچەي ھەزىمىنى ياخشىلايدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئۈچەي ئاجىزلىقىدىن بولغان تاماق ياخشى ھەزىم بولمايلا چىقىپ كېتىشكە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 گرام ئىچىلىدۇ .

## مەئجۇنى مىئە

تەركىبى : مىئەسائىلە ، قۇندۇز قەھرى ، ئەفيۇن ، ئاسارۇن ، قارا بەزىرۇلبەنجى ، مۇرمەككى ، كۇندۇر تەڭ مىقداردا ، ھەسەل مۇۋاپىق مىقداردا .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قىزىتمىسى بولمىغان كونا ئىسھال ۋە قان ئۆتۈشلەرنى توختىتىدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 6 ~ 2 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مەئجۇنى ئىختىلاپ

تەركىبى : ئەفيۇن ، قۇندۇز قەھرى ، مىئەسائىلە ، بەزىرۇلبەنجى ، زەفەر ،

مۇرمەككى، ئاسارۇن، چىگسەي ئۇرۇقى، قېلىن دارچىنى، رۇمبادىيان، بۇنبۇل، گىل ئەرمىنى، ئانارگۈلى تەڭ مىقداردا، ھەسەل 3 ھەسسە.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: بەلغەمدىن بولغان ئىسھال ۋە قان ـ يىرىڭلىق ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئېلىپ سوغۇق سۇ ياكى بېھى سۈيى بىلەن ئىچىلىدۇ.

## ھەببى تاباشىر قابىز

تەركىبى: سېمىز ئوت ئۇرۇقى 30 گرام، قىزىلگۈل 2؟ گرام، تاباشىر 12 گرام، كراخمال، شاھى بەللۇت، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى، قوغۇن ئۇرۇقى، زىرىق قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرى 10 گرام، ئانارگۈلى، بۇزغۇت قىيامى ھەر بىرى 5 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئالما، بېھى ياكى زىرىق سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.5 گراملىق ھەب تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق سوغۇق.

تەسىرى: ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قاننى قويۇلدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: ئىچ سۈرۈش، ئىسسىقتىن بولغان قان ـ تولغاق قان ۋە سەپرانىڭ كۆيۈشىدىن بولغان تەبلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 دانە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى زەھرە

تەركىبى: جۇندى بىدەستۇر (قۇندۇز قەھرى)، ئاسارۇن، مىشە سائىلە، قارا بەزىرۇلبەنجى، كۈندۇر مۇۋاپىق مىقداردا.

ياسىلىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ قايناقسۇ بىلەن

خېمىر قىلىپ، 0.3 گراملىق ھەب تەييارلىنىدۇ.
تەبئىيىتى: مۆتىدىل.
تەسىرى: ئىچ توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: سوزۇلما خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم، چوڭلارغا 5 ـ 7 دانە، بالىلارغا 3~5 دانە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## ھەببى كەھرىبا

تەركىبى: كەھرىبا، گىل ئەرمىنى، ئەرەب يىلىمى، خۇنسىياۋشان، بۇغداي كراخمالى، كەتىرا، ئاقىيا، ئانار گۈلى، لەھيەتۇتتىس قىيامى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرى 5 گرام.
ياسىلىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، پاقا يوپۇرمىقى ئەرىقى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.5 گراملىق ھەب قىلىنىدۇ.
تەبئىيىتى: مۆتىدىل.
تەسىرى: قاننى ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: ئۆپكە، ئاشقازان، ئۈچەي قاتارلىقلاردىن قان كېلىشكە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم، چوڭلارغا 3 ـ 5 دانە، بالىلارغا 2 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ

## ھەببى مۇمسىك Ⅳ

تەركىبى: ھەببۇلئاس 30 گرام، ئۈزۈم 9 گرام، سىماق 6 گرام، موزا 3 گرام، ئانار پوستى 2 گرام.
ياسىلىشى: سەمغى ئەرەبى لۇئابىدا ھەب قىلىنىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئىچ قاتۇرىدۇ. ھەرقايسى ئەزالاردىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىپ ئارقىدىن ھەببۇلئاس سۈيى ئىچكۈزۈلىدۇ .

**ھەببى مۇمسىك قابىز**

تەركىبى : يۇلغۇن چېچىكى ، سىماق ، ھەببۇلئاس ھەر بىرى 12 گرام ، ئاقاقىيا 6 گرام ، ئەفيۇن 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ سەمغى ئەرەبى سۈيىدە ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىچ سۈرۈشنى دەرھال توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : زۆرۈر ۋاقىتتا 2 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

# جىگەرنى قۇۋۋەتلەپ ھەزىمنى ياخشىلىغۇچى دورا ياساشلىرى

## ئاسانا سىيايى كەبىر

تەركىبى: مۇرمەككى، ئەفيۇن، زەفەر، قۇندۇز قەھرى، بەزىررۇلبەنجى، قۇستە، قىرەدمەنا، خەشخاش (كۆكنار)، غافەس، تاغ تېكىسىنىڭ ئۆپكە مۇگگۇزى، بۆرە جىگىرى ھەر بىرى 15 گرام، ھەسەل 3 ھەسسە.

ياسىلىشى: مەئجۇن تەييارلاش ئۇسۇلى بويىچە تەييارلاپ، 6 ئاي تۇرغۇزۇلىدۇ.

تەسىرى: جىگەر ئاجىزلىقى، جىگەر قېتىش قاتارلىق ھەر خىل جىگەر كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. تال، ئاشقازان كېسەللىكلىرىگىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. بەلغەمدىن بولغان ئىسھال، كونا يۆتەل، قان قۇسۇش، بۆرەك، دوۋساق ئاجىزلىقى ۋە دەم سىقىشقا تەسىر قىلىدۇ. بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. ئومۇمىي بەدەندىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: جىگەر خىزمىتى ناچارلىشىش ۋە ھەزىم ئاجىزلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىستېمال قىلىپ ئارقىدىن كاسنى سۈيى ئىچىدۇ.

## ئەرىقى توت

تەركىبى: قۇرۇتۇلغان قارا ئۈجمە، ئوغرى تىكەن ھەر بىرى 320 گرام، ئىگىر 160 گرام، دارچىنى، زەنجىبىل، جوۋنە، ئارپا باديان ھەر بىرى 60 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى بىر نەچچە قېتىم تاسقاپ توپا ـ ئەخلەتلىرىدىن ئايرىپ، ئىگىر، دارچىنى، ئوغرى تىكەنلەرنى چالا سوقۇپ قالغان دورىلار بىلەن بىللە پارقازانغا سېلىپ، ئۈستىگە 6 لىتر سۇ قويۇپ، ئوتنى مۇلايىم قالاپ قايىنىتىپ پارغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئەرەق چۈشۈرۈلىدۇ.

تەبىئىيتى : ئىسسىق .
تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، قان كۆپەيتىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ، ئۈچەي ئاجىزلىقلىرى ، تېرە قاپارتمىلىرى ، قۇۋۋەتسىزلىك ، كەم قانلىق ، قان ئىشلەش توسۇلۇش ، بۆرەك ئورۇقلاپ كېتىش ، قەۋزىيەت ، بەدەن ئورۇقلاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 ـ 1 ياشلىقلارغا 5 ~ 2 م ل ، 10 ـ 5 ياشلىقلارغا 10 ـ 5 م ل ، چوڭلارغا 15 ـ 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### ئەرىقى شاھتەررە

تەركىبى : شاھتەررە 1 كىلوگرام ، سۇ 6 لىتر .
ياسىلىشى : دورىنى شاھتەررىنى ئوبدان پاكىزلەپ ، سۇس ئوتتا قايناتىپ پارلىق سۈيى ئېلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : مۆتىدىل .
تەسىرى : قاننى تازىلاش ، ئاشقازان ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش ، ئىسسىق ۋە قۇرۇق سۇغۇق يەللەرنى تارقىتىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : جىگەر ، تال ۋە ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ۋە قان تازىلاش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 ـ 1 ياشتىكىلەرگە 10 ~ 5 م ل ، 10 ـ 5 ياشتىكىلەرگە 15 ـ 10 م ل ، چوڭلارغا 30 ـ 25 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .
ئەسكەرتىش : دورىنى تەييارلاشتا ئىنچىكە ھالقىلارغا دىققەت قىلىش ، ئوت بەك كۈچلۈك بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك .

### جەۋارىش خوزى

تەركىبى : ھەببۇلئاس 100 گرام ، قارا ھېلىيلە پوستى ، ھېلىيلە كابۇلى (ياغلانغان ) ھەر بىرى 60 گرام ، قۇستە ، گۈلدارچىنى ، سۇنبۇل ، ھەببى بىلسان ، قېلىن دارچىنى ھەر بىرى 30 گرام ، رەۋەن ، جوز بوۋا ، زىراۋەندى ، ئۆشنە ھەر بىرى 15 گرام ،

قـاقىله ، قەلەمفۇر ، ئەفيۇن ، شەتىرەنجى ھىندى ، ئىكلىلمەلىك ھەر بىرى 12 گرام ، بەسـ
باسە ، دورنەج ، ئەقرەبى ھەر بىرى 10 گرام ، ناۋات 2 كىلوگرام
ياسىلىشى : دورىلارنى يىرىك سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ناۋاتنى قىيام قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەبئىيىتى : قۇرۇق ئىسسىق .
تەسىرى : جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ ، يەلنى ۋە ئىششىقنى تارقىتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : جىگەرنىڭ ھەزىم خىزمىتى ناچارلىشىش سەۋەبىدىن بولغان قورساققا سۇ چۈشۈشنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 5 گرام ، باللارغا 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## داۋائى كۈركۈم كەبىرى

تـەركـىبـى : زەفـەر 36 گـرام ، سۈنبۇل 18 گرام ، ئاسارۇن ، دۇقۇ ، رۇم باديان ، فەتـراسـالـيـۇن (تـاغ چىگىسەي ئۇرۇقى) ، رەۋەن ، مۇرساپ ھەر بىرى 12 گرام ، رۇبىۇ-سۇس ، چاگـگـاك (جـۆئدە) ، مـەسـتـىكى ، غافەس ھەر بىرى 9 گرام ، ئوردان 6 گرام ، قۇستە ، سەلخۇلھەييە ، ئىزخىر چېچىكى ، ھەببى بىلسان ھەر بىرى 3 گرام ، بىلسان يېغى 15 م ل ، ھەسەل 3 ھەسسە .
ياسىلىشى : مەئجۇن ياساش ئۇسۇلى بويىچە تەييارلىنىدۇ .
تـەسىرى : ھەر خىل جىگەر كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ . توسالغۇلارنى ئاچىدۇ . يەللەرنى ھەيدەيدۇ ، بۆرەك ۋە دوۋساقنى كۈچەيتىپ ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ .
ئىشلىتىلىشى : جىگەر ياكى تال ئىششىقىدىن بولغان ئىستىسقىغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىـشـلـىتىش مىقدرى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام يەپ ئۈستىدىن ھەسەل شەربىتى ئىچىلىدۇ .

## داۋائى لوك

تـەركىبى : رۇبىۇسۇس 90 گرام ، سەبرى ، سۈنبۇل ، ئوردان ھەر بىرى 50 گرام ، تـازىلانـغان لوك ، تاغ سەۋزە ئۇرۇقى ، تاغ چىگسەي ئۇرۇقى ، زىرە ، زەنجىبىل ھەر بىرى

25 گرام ، ھەببى بىلسان ، قىلىن دارچىنى ، مۇقەل ، مەستىكى ، قەسبۇززەرىرە ، ئاسارۇن ھەر بىرى 20 گرام ، كاما فىتۇس ، زۇفا ھەر بىرى 13 گرام ، كۇندۇر 12 گرام ، فىلفىل ، زىراۋەند ھەر بىرى 11 گرام ، ھىلى ئۇرۇقى 10 گرام ، رەۋەن ، جۇئدە ، ئىزخىر ھەر بىرى 6 گرام ، جىنتىيانا ، يۇمىلاق زىراۋەند ھەر بىرى 3 گرام ، ھەسەل 2 لىتر .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ ، شىشە قاچىدا 30 كۈن تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : جىگەر ، تال قېتىشنى داۋالاش ، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئىششىق قايتۇرۇش ، بۆرەكتىكى تاشنى ئېرىتىپ چىقىرىش ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 3 گرام ، بالىلارغا 1 گرام ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ .

ئەسكەرتىش : ئانار سۈيى ياكى بۇزۇرى شەربىتى بىلەن ئىچسە تېخىمۇ ياخشى .

### داۋائى مۇنەققى

تەركىبى : سېمىز ئوت ئۇرۇقى 24 گرام ، ئەفسەنتىن 18 گرام ، غافەس ئۇسارىسى ، ئارپابادىيان ، چامغۇر ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، چىگسەي ئۇرۇقى 12 گرام ، يۇيۇلغان لوك ، رەۋەن ھەر بىرى 9 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : قائىدە بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : جىگەرنى تازىلايدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ ، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### رەۋغىنى ئەفسەنتىن

تەركىبى : ھۆل ئەفسەنتىن رۇمى 75 گرام ، بادام يېغى ياكى زەيتۇن يېغى

280 م ل .
ياسىلىشى : ئەفسەنتيننى سوقۇپ ياغقا ئارىلاشتۇرۇپ ، 40 كۈن ئاپتاپقا قويۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ، جىگەر ۋە ئومۇمىي بەدەننى كۈچەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىشكە ۋە سىرتىدىن ياغلاشقا بېرىلىدۇ .

## رەۋغىنى كەلكىلانەج

تەركىبى : ھۆل ئاناناس (بولۇ) ، ئوغرى تىكەن ، ھۆل سۈزاپ ھەر بىرى 30 گرام ، قارا ھېلىيلە كابۇلى پوستى ، سېرىق ھېلىيلە ، ئامىلە ، بەلىيلە ، فىلفىل ، قارامۇچ ، زەنجىبىل ھەر بىرى 18 گرام ، جاۋۇشىر ، ئوشەق ، سەكبىنەج ھەر بىرى 15 گرام ، تۇربۇد 12 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 3.25 لىتر سۇدا يېرىمى قالغۇچە قايناتىپ ، سۈزۈپ 1.2 لىتر ئابدىمىلىك يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ، يەنە سۈيى تۈگەپ يېغى قالغانغا قەدەر قايناتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بۇ ئالىي دەرىجىلىك ياغ بولۇپ ، ئاشقازان ، جىگەرنى كۈچەيتىدۇ . سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ . ياشانغانلارغا ماغدۇر كىرگۈزىدۇ . سىرتتىن سىۋالسا بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە پالەچكە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكى ياكى سىرتقى جەھەتتە ئىشلىتىلىدۇ

## سوفۇفى رەۋەن

تەركىبى : رەۋەن 500 گرام .
ياسىلىشى : يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : جىگەرنى قۇۋۋەتلەش ، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش ، تال ۋە ئۆچەيلەرنىڭ ئاغرىقىنى قالدۇرۇش ، يەللەرنى ماگدۇرۇش ، بۆرەك ، باليانقۇنىڭ ئىششقلىرىنى ياندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش ، سۈيدۈك ماگدۇرۇش ، ئىششىق ياندۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، بالىلارغا 1 ـ 1.0 م ل ، چوڭلارغا 5 ـ 3 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### سۇفۇفى كەبەد

تەركىبى : قىزىلگۈل 9 گرام ، ئۇرۇقىدىن ئايرىلغان زىرىق ، يۇيۇلغان لوك ، رەۋەن ھەر بىرى 5 گرام ، ئۇردان ، تاباشىر ، ئاق سەندەل ، نىشاستە ، سەمغى ئەرەبى ، قىيمىقۇ ئۇرۇقى ھەر بىرى 3 گرام ، زەفەر 1 گرام .

ياسىلىشى : دورىلار تالقانلاپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مەخسۇس جىگەرنى كۈچلەندۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .

### سۇفۇفى ئۇد

تەركىبى : يۇيۇلغان لوك ، ھەببۇلئاس ئۇرۇقى ، بەللۇت ، مەستىكى موزا ، ئۇدى بىلسان ، ئانار پوستى ھەر بىرى 9 گرام ، زەنجىبىل ، كۈندۇر ھەر بىرى 2 گرام ، قەنت 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : دورىلار تالقانلاپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : جىگەرنى كۈچلەندۈرىدۇ . جىگەر كىچىكلەشكە شىپا بولىدۇ . مەيدىنىڭ ئېچىشىشىنى توختىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر كىچىكلەش ۋە جىگەر خىزمىتى ناچارلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا يېيىلىدۇ .

## سۇفۇفى ئىسھال كەبەد

تەركىبى : قىزىلگۈل 20 گرام ، لوك (يۇيۇلغىنى) ، قىيمىقۇ ئۇرۇقى ، زىرىق ھەر بىرى 10 گرام ، جوۋىنە ، تاباشىر ، سەمغى ئەرەبى ، ئاق سەندەل ھەر بىرى 6 گرام ، رەۋەنچىنى 5 گرام ، زەفەر 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : جىگەر خىزمىتىنى كۈچەيتىدۇ . گۆش سۈيى رەڭ تەرەت كېلىدىغان كېسەللىكنى يوقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ، باللارغا 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 گرام ئېلىپ داغمال سۈيى بىلەن ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى تەرياق

تەركىبى : تۇرۇنجى سۈيىگە چىلانغان مەرۋايىد 18 گرام ، لىمۇن سۈيى ، تۇرۇنجى سۈيى ، ھەر بىرى 450 م ل ، زىرىق سۈيى ئالما سۈيى ھەر بىرى 440 م ل ، قەنت 620 گرام .

ياسىلىشى : قائىدە بويىچە ئايلىنىپ قىيام قىلىپ ، ئۈستىدىن مەرۋايىدنى ئايرىم سالايە قىلىپ ، قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ئىچىۋالغان زەھەر ياكى ھاشارەتلار چېقىۋالغان زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ . كۆڭۈل ئايىنىش ۋە يۈرەك تىترەشنى توختىتىدۇ ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ . جىگەرنىڭ زەھەرسىزلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى دىنار I

تەركىبى : سېرىق ئوت ئۇرۇقى 15 گۈم ، ئۇدبىلسان ، گۈلسەۋسەن يىلتىزى 13

گرام، زىرىق، بېھى ئۇرۇقى، كاسنى ئۇرۇقى، قىزىلگۈل، قەنتەرىيون، مەستىكى، پىننە ھەر بىرى 10 گرام، رەۋەن، زەفەر ھەر بىرى 3 گرام، شېكەر 300 گرام، (قىيام قىلماقچى بولسا 600 گرام).

ياسىلىشى: سوقۇلىدىغانلىرىنى چالا سوقۇپ، ئاندىن ھەممە دورىنى بىرلەشتۈرۈپ 2 لىتىر سۇغا بىر كېچە چىلاپ، قاينىتىپ سىقىپ سۈزۈپ، داكىدىن ئۆتكۈزۈپ شېكەر بىلەن قىيام قىلىنىدۇ. مەستىكى، زەفەرلەر ئاخىرىدا قوشۇلىدۇ.

تەبىئىيتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: جىگەر ۋە ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ. جىگەر، بۆرەك ئىششىقىنى ياندۇرۇپ ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: جىگەر خىزمىتى ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىششىقتا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 م ل، بالىلارغا كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ.

### شەربىتى دىنار I

تەركىبى: كاسنى يىلتىزى پوستى 120 گرام، كاسنى ئۇرۇقى، قىزىلگۈل ھەر بىرى 60 گرام، نىيلۇفەر، گاۋزەبان، رەۋەن ھەر بىرى 30 گرام، سېرىق ئوت ئۇرۇقى (كىشۇش ئۇرۇقى) 9 گرام، قەنت 500 گرام.

ياسىلىشى: قىزىلگۈل ۋە سېرىق ئوتتىن باشقىلىرىنى چالا سوقۇپ، يېتەرلىك مىقداردىكى سۇغا بىر كېچە چىلاپ، يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، خالتىغا ئېلىنغان سېرىق ئوتنى قىزىلگۈل بىلەن سېلىپ بىر - ئىككى ئۆرلىتىپ ئوتتىن ئېلىنىدۇ ھەمدە سوۋۇتۇپ قەنت بىلەن قىيام قىلىنىدۇ، رەۋەننى يۇمشاق سوقۇپ قىيامغا قوشۇلىدۇ.

تەبىئىيتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: يۈرەك، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، سۈيدۈك ھەيدەش، چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: يۈرەك، جىگەر، بۆرەك كېسەللىكلىرىدىن بولغان ئىششىقلارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 م ل ئېلىپ تەڭ مىقداردىكى باديان سۈيى بىلەن تەڭشەپ ئىچىلىدۇ.

## شەربىتى سۇنبۇل I

تەركىبى ۋە ياسىلىشى: 60 گرام سۇنبۇلنى 1.5 لىتىر سۇغا بىر كېچە چىلاپ، يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، سۈزۈپ ئۈستىگە 1 كىلوگرام ناۋات سېلىپ، قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ ئىشتىھانى ئاچىدۇ. يۈرەك خىزمىتىنى ياخشىلاپ، كۆڭۈلنى ئاچىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: نېرۋا ئاجىزلىقى، ئاشقازان خىزمىتى ناچارلىشىش، سوغۇقتىن بولغان تەب قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 30 م ل، باللارغا ھەر قېتىمدا 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ.

## قۇرسى ئەنىسۇن

تەركىبى: رۇم بادىيان، ئەفسەنتىن، ئاچچىق بادام مېغىزى، سۇنبۇل، سەبرى ھەر بىرى 12 گرام، غافەس ئۇسارىسى، سازەج ھىندى، ئاسارۇن ھەر بىرى 9 گرام، مەستىكى، چىگسەي ئۇرۇقى ھەر بىرى 3 گرام.

ياسىلىشى: گۈلاب بىلەن تابلېت قىلىنىدۇ.

تەسىرى: جىگەر ئاجىزلىقى ۋە بەلغەمدىن بولغان تەبلەرگە شىپا بولىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: جىگەر خىزمىتى ئاجىزلىشىشتىن بولغان ماغدۇرسىزلىق ۋە تۆۋەن قىزىتما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئېلىپ مەتبۇخى ئەفسەنتىن بىلەن ئىچىلىدۇ.

### لۇرسى ۋەرد

تەركىبى : قىزىلگۈل 30 گرام ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى 18 گرام ، سۇنبۇل 9 گرام ، مەستىكى ، تاباشىر ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ گۈلاب بىلەن تابلېت قىلىنىدۇ .

تەسىرى : جىگەر ۋە ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ . كېرەكسىز ھۆللۈكلەرنى تازىلايدۇ ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ ، بەلغەمدىن بولغان تەبنى پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەتبۇخى زىرىشكى

تەركىبى : ئۇرۇقىدىن ئايرىلغان ھۆل زىرىق 280 گرام ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ، كاسنى ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، رەۋەن 9 گرام .

ياسىلىشى : زىرىقتىن باشقا دورىلارنى چالا سوقۇپ بىر قاچىغا سېلىپ چىلاشقۇدەك سۇ قۇيۇپ ، 3 سوتكا ئۇرغۇزغاندىن كېيىن سىقىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ ، جىگەر ، ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئىشتىھاسىزلىق ، ئۇلۇك بېقىن يېقىمسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .

### مەئجۇنى ئاسانانسىيا

تەركىبى : مۇرمەككى ، ئەفيۇن ، زەفەر ، قۇندۇز قەھرى ، بەزىرۇلبەنجى ، قۇستە ، قىرەدمەنا ، خەشخاش ، غافەس ، تاغ ئۆچكە مۇگگۈزى كۈلى ، بۆرە جىگىرى ھەر بىرى 15 گرام ، ھەسەل 1 لىتر .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئېرىتىلگەن ھەسەلنى سېلىپ يۇغۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەبئىيىتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى: جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، جىگەر قىزىتىش ۋە ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ، ئىششىق تارقىتىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: جىگەر، تال، مەئىدىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇلاردىكى ئاغرىشنى پەسەيتىش، كونا يۆتەل، قان قۇسۇش، جىگەر قىزىتىش كېسىلى، بۆرەك ئاجىزلىقى، دوۋساق ئاغرىش، دەم سىقىش، بوۋاسىرلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 1 گرام، باللارغا كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 1.5 گرام، ئانار سۈيى بىلەن ئىچكۈزۈلىدۇ.

### مەئجۇنى ئامىلەنۇشدارى

تەركىبى: ئامىلە 360 گرام، قىزىلگۈل 18 گرام، سەئدى كوفى 15 گرام، قەلەمفۇر، مەستىكى، سۇنبۇل، ئاسارۇن قاتارلىقلار ھەر بىرى 9 گرام، زەرنەپ، بەسباسە، قاقىلە، لېچىندانە، جويۇز، نېپىزدارچىنى، زەفەر قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرى 6 گرام، قەنت ۋە كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل ھەر بىرى 720 م ل.

ياسىلىشى: ئامىلەنى 2 سائەت ئەتراپىدا ئۈچكە سۈتكە چىلاپ، سۈزۈپ، پاكىز يۇيۇۋېتىپ، 6.5 لىتر سۇدا سۈيى تۈگىگەنگە قەدەر قاينىتىپ، سىم ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. قالغان دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، قەنت بىلەن ھەسەلنى قىيام قىلىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن ئاۋۋال ئامىلىنى، ئاندىن باشقا تالقانلارنى سېلىپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن ياسىلىدۇ.

تەبىئىيتى: ئىسسىق.

تەسىرى: مېڭە، يۈرەك، جىگەر، بۆرەك، تال ۋە ئومۇمىي بەدەننى كۈچەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: ئىشتىھاسىزلىق، جىگەر خىزمىتى ناچارلىشىش، ئومۇمىي بەدەنلىك ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: 5 ~ 1 ياشقىچە باللارغا 2 ~ 1 گرام، 10 ~ 5 ياشتىكىلەرگە 4 ~ 3 گرام، چوڭلارغا ئەھۋالىغا قاراپ 9 ~ 5 گرام ئېلىپ ئەتىگەن ۋە كەچتە كۈندە 2 قېتىم تاماقتىن بۇرۇن يېگۈزۈلىدۇ.

## مەئجۇنى ئەفسەنتىن ئىستىسقائى

تەركىبى: ئەفسەنتىن، رۇم باديان، چىگىسەي ئۇرۇقى، ئاچچىق بادام مېغىزى تەڭ مىقداردا، ھەسەل 2 ھەسسە.
تەسىرى: ئاشقازان ئاغرىش، جىگەرنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرى، ئىستىسقىغا شىپا بولىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان جىگەر خىزمىتى ئاجىزلىششقا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 گرام يېيىلىدۇ.

## مەئجۇنى ئەمرۇسىيا

تەركىبى: ئىگىر، زەفەر ھەر بىرى 6 گرام، تاتلىق قۇستە، قارامۇچ، ھەببۇلغار، فىلفىل ھەر بىرى 5 گرام، زىرە، تاغ سەۋزە ئۇرۇقى، ئۇدى بىلسان، قىرەدمەنا، ئىزخىر، چىگىسەي ئۇرۇقى ھەر بىرى 3 گرام، ھەسەل 250 م ل.
ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىرىتىلگەن ھەسەلدە يۇغۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ.
تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.
تەسىرى: جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ. جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇسىنى ئاچىدۇ، سۈيدۈك ماڭدۇرىدۇ، بەدەن ئىششىقىنى قايتۇرىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: جىگەر ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 1.5 گرام، بالىلارغا ھەر قېتىمدا يېرىم گرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

## مەئجۇنى جالىنۇس جىگىرى

تەركىبى: ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 75 گرام، تەرەنجىبىن 45 گرام، مۇرمەككى 12 گرام،

مۇقەل 8 گرام ، زەرچوبە ، قەسبۇززەرىرە ھەر بىرى 6 گرام ، زەفەر 3 گرام .

ياسىلىشى : مۇقەلنى ئۈزۈم سۈيىدە ئېزىپ ، قالغان دورىلارنى تالقانلاپ ھەسەل بىلەن مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى : جىگەر كېسەللىكلىرىگە ناھايىتى شىپالىق تەسىر بېرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان جىگەر خىزمىتى ناچارلىششقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مەئجۇنى چۆپچىنى ئەلا

تەركىبى : چۆپچىنى ئەلا 150 گرام ، تېشىلمىگەن مەرۋايىد ، لاجىۋەرد ، جويۇز ، بەسباسە ، دارچىنى ، قەلەمفۇر ، قارامۇچ ، زەنجىبىل ھەر بىرى 6 گرام ، رەۋەن ، ئەفتىمون ، سۇنبۇل ، لېچىندانە ھەر بىرى 9 گرام ، مەستىكى ، تۆگىنىڭ ئوغۇز سۈتى ، ئۇد خام ، زەفەر ، ئىفار ، ئەنبەر ، بوزىدان ، سۇرۇنجان ، سۇئدى كوفى ھەر بىرى 6 گرام ، رىيگى ماھى ( قۇم بېلىقى ) ماھى رۇبىيان ، دۇرنەج ئەفرەبى ، زوربىناد ، سەۋزە ئۇرۇقى ، چامغۇر ئۇرۇقى ، تۇرۇپ ئۇرۇقى ، بېدە ئۇرۇقى ، ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ، ھۆل ئوغرى تىكەن سۈيىگە چىلاپ قۇرۇتۇلغان ئوغرى تىكەن ئۇرۇقى ، ئاق تۇدرى ، قىزىل تۇدرى (بۇ 3 خىل دورا ئوغرى تىكەن سۈيىگە 7 قېتىم چىلىنىدۇ ) ھەر بىرى 9 گرام ، سۆئلەپ 15 گرام ، سەئدى كوفى ، شاقاقۇل ھەربىرى 30 گرام ، نەشە 6 گرام ، گاۋزەبان ، تاغ سۇنبۇلى ، قىزىلگۈل ، بادىرەنجبۇيا ھەر بىرى 30 گرام . قوغۇن ئۇرۇقى ، كاسنى ئۇرۇقى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 30 گرام ، بادام مېغىزى ، پىندۇق مېغىزى ، چەلغۇزە مېغىزى ، ياڭاق مېغىزى ھەر بىرى 30 گرام ، بېھى سۈيى ، ئالما سۈيى ، تاتلىق ئانار سۈيى ، گۈلاپ ھەر بىرى 30 م ل ، سۇ 2 .1 لىتر ، قەنت ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : نەشىگىچە بولغان دورىلارنى سوقۇپ تالقانلاپ قويۇپ ، گاۋزەباندىن بادىرەنجبۇيىغىچە بولغان دورىلارنى سۇ بىلەن يېرىمى قالغىچە قايىنىتىپ سۈزۈپ ، بۇنىڭ

سۈيىدە قوغۇن ئۇرۇقىدىن سېمىز ئوت ئۇرۇقىغىچە بولغان دورىلارنىڭ شىرنىسى ئېلىنىدۇ. سۇ ۋە مېۋە سۇلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۈستىدىن قەنت، ھەسەللەرنى سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ. بادام مېغىزىدىن ياڭاق مېغىزىغىچە بولغان دورىلارنى ناھايىتى يۇمشاق تالقانلاپ، مەزكۇر قىيامغا ئارىلاشتۇرۇپ ئاندىن كېيىن يۇقىرىقى تالقانلارنى ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ. زەفەرنى گۈلابتا سالايە قىلىپ، قىيام سوۋۇغاندىن كېيىن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

تەسىرى: باھنى كۈچەيتىدۇ، ئاشقازان، جىگەر، مېگە، بۆرەك، دوۋساقلارغا قۇۋۋەت بېرىدۇ. رەڭگى – روينى چىرايلىق قىلىدۇ. ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: جىگەر ئاجىزلىقىدىن بولغان ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 ~ 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### مەئجۇنى دەبىدىلۋەرد I

تەركىبى: قىزىلگۈل 600 گرام، سۇنبۇل، مەستىكى، زەفەر، تاباشىر، دارچىنى، ئىزخىر، ئاسارۇن، تاتلىق قۇستە، غافەس ئۇسارىسى، سېرىق ئوت ئۇرۇقى (كشۇش)، ئوردان، يۇيۇلغان لوك، كاسنى ئۇرۇقى، چىگىسەي ئۇرۇقى، ئۇزۇنچاق زىراۋەند، ھەببى بىلسان، قەلەمفۇر، ئۇد ھىندى، لېچىندانە ھەر بىرى 30 گرام، ھەسەل 3 ھەسسە.

ياسىلىشى: مەئجۇن تەييارلاش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: مېگە، ئاشقازان، ئۈچەي، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش، ھەزىمنى ياخشىلاش، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، روھنى كۈچەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: جىگەر خىزمىتى ناچارلىقىدىن بولغان ھەزىم ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 9 – 6 گرام ئىچىلىدۇ.

## مەئجۇنى سۇنبۇل

تەركىبى : سۇنبۇل ، ئىزخىر ھەر بىرى 15 گرام ، قارامۇچ ، مۇقەل ھەر بىرى 6 گرام ، زەفەر ، رۇم باديان ، مۇرمەككى ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : مۇقەلنى مۇسەللەستە ئېرىتىپ قالغان دورىلارنى تالقانلاپ 2 ھەسسە ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى : ئاشقازان ، جىگەر كېسەللىكلىرىگە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مەئجۇنى مۇقەۋۋى

تەركىبى : قوم بېلىقى ، سۆئلەپ ، ئاق تودرى ، قىزىل تودرى ھەربىرى 15 گرام ، سەئدى كوفى ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 12 گرام ، دارچىنى سونبۇل ، پىستە پوستى ، جويۇز ، مۇغاس ، خولىنجان ، ئاق بەھمەن ، قىزىل بەھمەن ، شاقاقۇل ، ئۆشنە ياپرىقى ، بەلىيلە پوستى ، بادىرەنجبۇيا ، گاۋزەبان ھەر بىرى 9 گرام ، مەستىكى ، زەرنەپ ، لېچىندانە ، زەنجىۋىل ، قەلەمفۇر ، ئاسارۇن ، سازەج ھىندى ، كابابەچىنى ، جۇيزە پوستى ، دۇرنەج ئەقرەبى ، زورنىباد ، ئاق سەندەل ، قىزىل سەندەل ، ھەببى قەلقەل ، رۇم باديان ، پىننە بەسباسە ، قارا ھىلىيلە ، بوزىدان ، زەفەر ، فەرفىيۇن ، كەھرىۋا ، تېشلىمگەن مەرۋايىد ھەر بىرى 6 گرام ، ئەنبەر 3 گرام ، ئىپار 2 گرام ، كۈمۈش ۋەرەق 50 دانە ، ئالتۇن ۋەرەق 30 دانە ، قەنت ، ھەسەل 3 ھەسسە .

تەسىرى : مېڭە ، يۈرەك ، جىگەر ، ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ، باھنى قوزغايدۇ ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ ، رەڭگى – روھىنى ياخشىلايدۇ . تاماق سىڭدۈرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش ، قان كۆپەيتىش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەئجۇنى مىشكى

تەركىبى : ئىفار ، قېلىن دارىچىنى ، سۇنبۇل ، سازەج ھىندى ، لوك ، رەۋەن ، جىنتىيانا ھەر بىرى 6 گرام ، زەفەر ، جوۋىنە ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، مەستىكى ھەر بىرى 3 گرام ، ئۇد ھىندى ، قەلەمفۇر ھەر بىرى 2 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .

تەسىرى : جىگەر ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ . توسالغۇلارنى ئاچىدۇ ، ئاشقازان ئاجىزلىقى ، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش ، يەل تۇرۇپ قېلىشلارغا شىپا بولىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش ۋە يەللەرنى ھەيدەش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : قايناقسۇ بىلەن كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەئجۇنى ھاپىزۇلئەجساد

تەركىبى: زەفەر 36 گرام ، سۇنبۇل 18 گرام ، دارىچىنى ، كەپە يىلتىزى ھەر بىرى 15 گرام ، پو ، مو ( ئىككى خىل دورا ) ، رۇم بادىيان ، ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى ، مۇرساپ ھەر بىرى 12 گرام ، چۈچۈكبۇيا يىلتىز قىيامى ( رۇببۇسۇس ) ، غافەس ئۇسارىسى ، چاگگاك ھەر بىرى 9 گرام ، بىلسان يېغى 12 م ل ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : ئادەتتىكىدەك مەئجۇن تەييارلاش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : جىگەر ئاجىزلىقى ، جىگەر توسۇلۇش ، دەسلەپكى ئىستىسقا قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ . ئاشقازان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر مىزاجى ، سوغۇققا ئۆزگىرىشتىن بولغان قورساققا سۇ چۈشۈشكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئەسكەرتىش: بىلسان يېغى تېپىلمىسا زەيتۇن يېغى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

### نۇتۇلى مۇقلىۋۋى

تەركىبى: ئەفسەنتىن، بانۇنە گۈلى، ئۇستۇخۇدۇس، مىشكى تارامشىكى، زاراۋەندى، پىننە، جۇئىدە (چاڭگاك)، قارىغاي مېۋىسى، فەترسالىيون، شەھمى ھەنزەل، كامادىر يۇس، جەۋزۇسەرۋى، ياۋا پىننە، سىياھدان، دارشىشئانلار تەڭ مىقداردا.

ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى: مەلۇم مىقداردىكى سۇدا $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغۇچە قاينىتىپ، ئۇنىڭ ھورىدا يەرلىك ئورۇن تەرلىتىلىدۇ ۋە ئۇندىن كېيىن يەرلىك ئورۇنغا نۇتۇل قىلىپ يۇيۇلىدۇ.

تەسىرى: توسالغۇلارنى ئېچىپ، ئومۇمىي بەدەننى كۈچەيتىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: جىگەر ۋە ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ.

### نوشدارى ئالىي

تەركىبى: ئاقلانغان ئامىلە 270 گرام، تاباشىر، قىرقىلغان پىلە، زەفەر، مەستىكى، مەرۋايىد، سۇنبۇل، كەھرىبا، قىزىلگۈل ھەربىرى 9 گرام، ياقۇت، جۇڭگو رەۋەنى، ئاسارۇن، سۇئىدى كوفى، ئۇدھىندى، مارجان، يېشىل قاشتېشى، بادىرەنجبۇيا ئۇرۇقى، دورنەج ئەقرەبى، لېچىندانە، زىرىق، بېھى ئۇرۇقى، ئەنبەر، ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەق ھەر بىرى 6 گرام، ھەسەل ۋە قەنتلەر 1500 گرامدىن.

ياسىلىشى: نوشدارى ساددەنى تەييارلاش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش.

تەسىرى: رەئىس ئەزالارنى كۈچەيتىدۇ. باھنى كۈچەيتىشكە تەسىرى كۈچلۈك.

ئىشلىتىلىشى: جىگەر ئاجىزلىقىدىن بولغان ھەزىم ناچارلىشىش، ماغدۇرسىزلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## نوشدارى سادده 1

تەركىبى : ئامىيلە 270 گرام ، قىزىلگۈل 18 گرام ، سۇئىدى كوفى 15 گرام ، قەلەمفۇر ، مەستىكى ، ئاسارۇن ، سۇنبۇل ھەر بىرى 9 گرام ، زەرنەپ ، بەسباسە ، قاقىلە ، لېچىندانە ، جويۇز ، گۇلدارىچىنى ، زەفەر ھەر بىرى 6 گرام ، قەنت 2 كىلوگرام ، ھەسەل 21 لىتر .

ياسىلىشى : ئامىيلىنى سۇتكە چىلاپ يۇمشىتىپ ، قايىنتىپ ئوبدان پىشقاندىن كېيىن سۈزۈپ ، ئۇستىگە ھەسەل بىلەن قەنت سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ . باشقا دورىلارنىڭ ھەممىسىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقانلاپ قىيام سوۋۇغاندىن كېيىن تالقانلارنى ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى : مېگە ، يۈرەك ، جىگەرگە ناھايىتى مەنپەئەت قىلىدۇ . باھنى كۈچەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر ئاجىزلىقىدىن بولغان ھەزىم ئاجىزلىقى ۋە كەم قانلىقتا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

ئەسكەرتىش : ئەگەر ئامىيلە تېپىلمىسا بىھى سېلىنسىمۇ تەسىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ .

# جىگەر ئىششىقى ۋە يەر قانغا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياساللىرى

**ئاساناسىيايى سەغىر**

تەركىبى: چۇچۇكبۇيا يىلتىزى 36 گرام، غافەس ئۇسارىسى 24 گرام، مىئەسا-ئىلە، زەفەر، قۇستە، سۇنبۇل، ئەفيۇن، سەلىخە ھەر بىرى 12 گرام، ھەسەل 3 ھەسسە.
ياسىلىشى: شەربەت تەييارلاش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى: جىگەر قىىتىش ۋە كونا ئىسھالغا مەنپەئەت قىلىدۇ. يەل ھەيدەيدۇ.
ئىشلىتىلىشى: جىگەر ئىششىقى ۋە جىگەر قېتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**داۋائى تىين پەھل**

تەركىبى ۋە ياسىلىشى: ھېلىيلە، بەلىيلە، ئامىلىيلەرنى باديان سۈيى ياكى كا-سىنى سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ سۈزۈپ ئېلىپ ئېزىپ تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: جىگەرنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىنى تارقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ئېزىپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىرت-تىن چېپىلىدۇ.

**داۋائى كۈركۈم سەغىرى**

تەركىبى: زەفەر، سەلىخۇلھەييە، سۇنبۇل ھەر بىرى 6 گرام، ئىزخىر چېچىكى، قۇستە، دارىچىنى ھەر بىرى 3 گرام.

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ بىر سوتكا ئۈزۈم شەربىتىگە چىلاپ ، ئاندىن ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : توسالغۇلارنى ئاچىدۇ ، جىگەر ۋە تال ئىششىقلىرىغا شىپا بولىدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## داۋائى مۇميا

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : مۇميا ، قارا شېكەر بىلەن خېمىر قىلىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : جىگەرنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئىششىقنى ياندۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ، كالا سۈتىگە قىچا تالقىنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سىرتتىن يەرلىك ئورۇنغا چېپىلىدۇ .

## زىمادى دەققەششەئىر

تەركىبى : ئارپا يارمىسى ، سۈئدى كوفى ، قوينىڭ كونا مايىقى ، توغرا ، گىل ئەرمىنى تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : سوقۇپ سىركە بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان ھەر خىل ئىستىسقا ، جۈملىدىن ئىستىسقائى زىققىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىرتتىن چېپىلىدۇ .

## زىمادى شەئىرە

تەركىبى : سىركىگە چىلانغان ئارپا تالقىنى 18 گرام ، تاباشىر 15 گرام ، ئەفسەنتىن ، قىزىلگۈل ، قەسبۇززەرىرە ، ئاق سەندەل ، مامىسا ئۇسارىسى ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى: يۇمشاق سوقۇپ گۈلاب بىلەن زىماد تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئىسسىقتىن بولغان جىگەر ئىششىقىنى تارقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەر ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سىرتتىن جىگەر ساھەسىگە تېڭىلىدۇ.

## سۇفۇفى بۇزۇرى I

تەركىبى: تاغ زىرىسى، كۆك زىرە، قاقىلە، چىگىسەي ئۇرۇقى، گۈلدارىچىنى جوۋىنە ھەر بىرى 10 گرام، ئەفيۇن 3 گرام، شېكەر 50 گرام.
ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: جىگەر ۋە تالنىڭ زەخىملىنىشتىن بولغان ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ، زەخمنى پۈتتۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 1.5 گرام، باللارغا ھەر قېتىمدا 0.5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

## سۇفۇفى بۇزۇرى I

تەركىبى: تەرخەمەك ئۇرۇقى 15 گرام، زىرىق 2 گرام، كاسنى ئۇرۇقى، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 10 گرام، رۇم باديان، باديان، چىگىسەي ئۇرۇقى، رۇببۇسۇس ھەر بىرى 7 گرام، رەۋەن، زەفەر، سۇنبۇل، مەستىكى، ئەفسەنتىن ھەر بىرى 3 گرام، لوك (يۇيۇلغان) 1.5 گرام، كافور 1 گرام.
ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.
تەسىرى: جىگەردىكى توسالغۇنى ئاچىدۇ، جىگەر ئىششىقىنىياندۇرىدۇ. چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى بوشىتىدۇ، بەلغەم بوشىتىپ نەپەسنى ياخشىلايدۇ، بەل ئاغرىقىنى

يوقىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر ، بۆرەك كېسەللىكلىرىدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش ، قان تومۇرلارنى تازىلاش ، ئىششىق ياندۇرۇش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ، باللارغا ھەر قېتىمدا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

### سۇفۇفى بېھى

تەركىبى : بېھى ئۇرۇقى ، نىشاستە ، تەرخەمەك ئۇرۇقى ھەر بىرى 12 گرام ، گۈل ئەرمىنى ، قىزىلگۈل ، يۇيۇلغان لوك ، سۇنبۇل ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قىيامى ھەر بىرى 3 گرام ، تاباشىر 2 گرام ، مەستىكى 1 گرام .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ . جىگەر ھارارىتىنى پەسەيتىپ سېرىق كېسەل (يەر قان) گە شىپا بولىدۇ. قان قۇسۇشنى يوقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا سوغۇق سۇ بىلەن 3 گرام ئىچىلىدۇ .

### سۇفۇفى سەكبىنەج

تەركىبى : سەكبىنەج ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ھەر بىرى 9 گرام ، زاغۇن ، چىگسەي ئۇرۇقى ھەر بىرى 5 گرام .

تەسىرى : ئىستىسقائى تىبلى ۋە قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ . يەللەرنى تارقىتىدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئېلىپ قاينىتىلغان سۇ بىلەن ئىچىلىدۇ .

## سۇفۇفى مۇدىر IV

تەركىبى: تەرخەمەك مېغىزى، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى ھەر بىرى 15 گرام، كاسىنى ئۇرۇقى، سېرىق ئوت ئۇرۇقى، چىگسەي ئۇرۇقى ھەر بىرى 3 گرام، يۇيۇلغان لوك كافۇر 2 گرام.

ياسىلىشى: دورىلار تالقانلاپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: جىگەر ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۇفۇفى ھېلىيلە

تەركىبى: ھېلىيلە كابۇلى پوستى، قارا ھېلىيلە ھەر بىرى 120 گرام، چىگسەي ئۇرۇقى، رۇمبادىيان، ئارپا بادىيان ھەر بىرى 15 گرام.

تەسىرى: جىگەر ئىششىقى، تال كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 9 گرام ئېلىپ تۆگە سۈتى بىلەن ئىچىلىدۇ.

## سۇفۇفى ۋەرد

تەركىبى: قىزىلگۈل 25 گرام، زىرىق 15 گرام، سۇنبۇل، مەستىكى، غافەس ئۇسارىسى، ئەفسەنتىن، رەۋەن، ئاسارۇن، ئىزخىر، رۇببۇسۇس ھەر بىرى 6 گرام، زەفەر 3 گرام، قەنت 100 گرام.

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، سوقۇلغان قەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : هۆل ئىسسىق .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : جىگەر ، بۆرەك ئىششىقىنى قايتۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، هەر قېتىمدا 3 گرام ، باللارغا 2 قېتىم ، هەر قېتىمدا 1.5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## سىركەنجىبىن رەۋەن يەر قانى

تەركىبى : كاسىنى ئۇرۇقى 60 گرام ، قىزىلگۈل ، شاهتەررە ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى هەر بىرى 30 گرام ، جۇڭگو رەۋىنى 15 گرام .

ياسىلىشى : رەۋەننى خالتىغا قاچىلاپ دورىلار بىلەن 1.5 لىتر سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ ، 300 گرام قەنت سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يەر قان (سېرىق كېسەل) غا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، هەر قېتىمدا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

ئەسكەرتىش : خالتا پات ـ پات مىجىپ تۇرۇلىدۇ .

## شەربىتى ئەبرىشىم يەرقانى

تەركىبى : ئەفسەنتىن مەلۇم مىقداردا .

تەييارلىنىشى : ئەفسەنتىنى قايناقسۇغا بىر سوتكا چىلاپ (كۆك كاسىنى سۈيىگە چىلىسا تېخىمۇ ياخشى) $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغۇچە قاينىتىپ ، قەنت ياكى هەسەل بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان كېسەللىكلىرى ، تال چوڭىيىپ كېتىش ۋە سېرىق كېسەل (يەر قان) لارغا شىپا بولىدۇ . ئىسسىقتىن بولغان قۇلۇنجى ۋە توسالغۇلارنى

ئاچىدۇ ، كىرەكسىز خىلىتلارنى ھەيدەيدۇ ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى ئەفسەنتىن II

تەركىبى : رۇم بادىيان ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 30 گرام ، سۇنبۇل 20 گرام ، ئەفسەنتىن ، چىگسەي ھەر بىرى 15 گرام ، مەستىكى 10 گرام ، قىلىن دارچىنى 6 گرام ، قەنت 500 گرام .
ياسىلىشى : يىرىك دورىلارنى چالا سوقۇپ ، يۇمشاقلىرىنى سوقماي 1.5 لىتر سۇ بىلەن قاينىتىپ ، سۈزۈپ قەنت سېلىپ بىر ئۇرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيىتى : قۇرۇق ئىسسىق .
تەسىرى : ئاشقازان كۆچەيتىلىدۇ ، قورساق كۆپۈش ، ئاشقازان ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : جىگەر ، تال توسالغۇسىنى ئېچىش ، سۈيدۈك ھەيدەش ئۈچۈن بېرىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 50 — 30 م ل ، باللارغا ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### شەربىتى دىنار II

تەركىبى : كاسنى ئۇرۇقى 60 گرام ، قىزىلگۈل ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 50 گرام ، كاسنى پوستى 30 گرام ، رەۋەن 12 گرام ، شېكەر 700 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ 2 لىتر سۇغا چىلاپ ، قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ ، شېكەر بىلەن قىيام قىلىپ ، ئاخىرىدا سوقۇلغان رەۋەننى سېلىپ تەييارلىنىدۇ .
تەركىبى : ھۆل ئىسسىق .
تەسىرى : جىگەر ۋە باشقا ئەزالاردىكى قان تومۇرلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ . چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ ، ئىششىق قايتۇرىدۇ ، خەفەقاننى ياخشىلايدۇ .
ئىشلىتىلىشى : يەرقان ۋە ئىششىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100 م ل ،

بالىلارغا كۈندە 5 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### شەربىتى دىنارى بارىد

تەركىبى : كاسىنى ئۇرۇقى 60 گرام ، رەۋەن 12 گرام ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ، رەيھان ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام ، سىركە 12 م ل ، سۇ 1.6 لىتر ، قەنت 560 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ ، رەۋەننى خالتىغا ئېلىپ ، $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغۇچە قاينىتىپ ، سىركە قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سېرىق كېسەل (يەر قان) ۋە جىگەر ھارارىتى ئۆرلەپ كېتىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 ~ 45 م ل ئېلىپ ، گۈلاب بىلەن ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى رەۋەن ساددە

تەركىبى : رەۋەن 60 گرام ، قەنت 830 گرام ، سۇ مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : رەۋەننى قايناقسۇغا بىر سوتكا چىلاپ ، يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ ، سىقىپ ، سۈزۈپ ، قەنت بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : جىگەرنى كۈچەيتىدۇ ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : يەر قاننى داۋالاشنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### شەربىتى رەۋەن مۇرەككەب

تەركىبى : رەۋەن 30 گرام ، تۇربۇد ، غارىقۇن ، بەسفائىج ، كاسىنى ئۇرۇقى ، ھەر بىرى 15 گرام ، زەنجىبىل 5 گرام ، قەنت 300 گرام .

ياسىلىشى : شەربەت تەييارلاش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : جىگەر تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ ۋە ئارقا تەرەتنى يۇمشىتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : يەر قانىنى داۋالاشنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقداردا ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى كاسنى

تەركىبى : كاسنى يىلتىزى پوستى ، باديان يىلتىزى پوستى ھەر بىرى 90 گرام ، يۇلغۇن مېۋىسى 23 گرام ، گاۋزەبان ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى (بىخسۇس) ، سېرىق ئۇت ئۇرۇقى ، ئاقلەيلى ئۇرۇقى ، قامغاق ھەر بىرى 15 گرام ، لوك 12 گرام ، زىرىق ، ئاق سەندەل ، غافەس ياپرىقى ، ئەفسەنتىن رۇمى ھەر بىرى 9 گرام ، ئاسۇرۇن 5 گرام ، رەۋەن 3 گرام ، گۈلقەنت 45 گرام ، كاسنى سۈيى ، سىركە ھەر بىرى 135 م ل ، لىمون سۈيى 45 م ل ، قەنت 410 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ قايناقسۇغا بىر سوتكا چىلاپ ، يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ ، سىقىپ ، سۈزۈۋېلىپ ، قەنت سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ ، رەۋەننى يۇمشاق سوقۇپ قىيام سوۋۇغاندىن كېيىن قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : ھەر خىل تېپتىكى جىگەر كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ . تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل تېپتىكى يەر قانغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى نانخۋا

تەركىبى : جوۋىنە 300 گرام ، قارا شېكەر 300 گرام .
ياسىلىشى : جوۋىننى ھاۋانچىدا چالا سوقۇپ ، ئاندىن قارا شېكەر سېلىپ 15 مىنۇت بىللە سوقۇپ ئۇبدان ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ھەمدە بىر قاچىدا 1 سوتكا يۆگەپ ساقلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا 500 م ل سۇ قويۇپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .
تەبئىيىتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازاننى قىزىتىدۇ . يەللەرنى ھەيدەيدۇ . ھەزىمنى ياخشىلايدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ھەزىم ئاجىزلىقى ، جىگەردىكى توسالغۇلار ، بۆرەكنىڭ يەللىك ئىششىقى ۋە ئاغرىشىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 15 م ل ، بالىلارغا 5 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### قۇرسى پەنجىگۇشت

تەركىبى : چاڭگاك ئۇرۇقى ، كاسنى ئۇرۇقى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، قاپاق مېغىزى تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ، سىركەنجىبىن بىلەن يۇغۇرۇپ تابلېت قىلىنىدۇ .
تەسىرى : جىگەر ، تال توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : جىگەر ئىششىش ۋە قېتىشقا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### قۇرسى رەۋەن

تەركىبى : ئارپا باديان ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 15 گرام ، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى 9 گرام ، رەۋەن ، يۇيۇلغان لوك ھەر بىرى 6 گرام ، كاسنى ئۇرۇقى ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى ھەر بىرى 5 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ قايناق بىلەن قۇرس قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ناغرىسمان سۇلۇق ئىششىق (ئىستىسقائى تىبلى) گە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئېلىپ كا-

سىنى ئەرىقى ياكى سىر كەنجىبىن بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### قۇرسى زىرىشكى ئىستىسقائى

تەركىبى : زىرىق ئۇسارىسى ، كاسنى ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ، يۇيۇلغان لوك ، قىزىلگۈل ، رەۋەن ئۇسارىسى تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : قۇرس تەييارلاش ئۇسۇلىدا 6 گراملىق قۇرس ياسىلىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىستىسقىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم . ھەر قېتىمدا 1 دانە يېيىلىدۇ .

### قۇرسى غافەس

تەركىبى : سېمىز ئوت ئۇرۇقى 6 گرام ، غافەس ئۇسارىسى ، قىزىلگۈل چېچىكى ، يۇيۇلغان لوك ، چۇچۇكبۇيا يىلتىز قىيامى ھەر بىرى 3 گرام ، تاباشىر 2 گرام .
ياسىلىشى : كاسنى سۈيى بىلەن ئۈچ گراملىق تابلېت قىلىنىدۇ .
تەسىرى : يەر قان ۋە كونا تەبلەرگە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 دانە يېيىلىدۇ .

### قۇرسى كافۇر ھار

تەركىبى : زىرىق ، تاباشىر ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 9 گرام ، كاسنى ئۇرۇقى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، قاپاق مېغىزى ، قارا سونا ئۇرۇقى ، تەرخەمەك مېغىزى ، ئاق سەندەل ھەر بىرى 6 گرام .
ياسىلىشى : سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تابلېت قىلىنىدۇ .
تەسىرى : ئۆتكۈر خاراكتېرلىك قىزىتمىلارنى پەسەيتىدۇ ، سېرىق كېسەل (يەر

قان) غا شىپا بولىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : قىزىتما ۋە يەر قانغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 دانە تابلېتقا ئاق قوناق چوگىلۇقىدا كافور قوشۇپ يەپ ، ئارقىدىن ئانار سۈيى ئىچىلىدۇ

## قۇرسى لوك

تەركىبى : يۇيۇلغان لوك ، رەۋەن ھەر بىرى 9 گرام ، ئاسارۇن ، يۇملاق زىرا-ۋەند ، سۇنبۇل ، جىنتىيانا ، مەستىكى ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، رۇم بادىيان ، جوۋىنە ، ئىزخىر ، ئەبھەل ( قارىغاي مېۋىسى ) ، ئاچچىق ، بادام مېغىزى ، قۇستە ، ئوردان ، ئەف-سەنتىن ، غافەس ئۇسارىسى ھەر بىرى 6 گرام ، قاراموُچ ، زەنجىبىل ھەر بىرى 3 گرام .
تەسىرى : ئىستىسقائى لەھمىنى يوقىتىدۇ ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : جىگەر ئىششىقىغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئېلىپ مائۇلئۇسۇل بىلەن ئىچىلىدۇ .

## كەلكىلانەج بارىد

تەركىبى : تەرەنجىبىن ، فۇنۇس ، خىيار شەنبەر ، قەنت ھەر بىرى 45 گرام ، ما-زەرىيون (زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن ) ، سېرىق ، ھېلىيلە ھەر بىرى 15 گرام ، ئەفسەنتىن سىقىلمىسى (ئۇسارىسى ) ، قىزىلگۈل ، كاسنى ئۇرۇقى ، تەرخەمەك مېغىزى ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قىيامى ھەر بىرى 6 گرام .
ياسىلىشى : شېكەر ، تەرەنجىبىنلەرنى قىيام قىلىپ ، دورىلار تالقىنىنى ئارىلاشتۇ-رۇپ يوغۇرۇلىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان ئىستىسقالارغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 9 ــ 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### كەلكىلانەج پىيروزى

تەركىبى : ئاق تۇربۇد 450 گرام ، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 270 گرام ، فۇنۇس ، خىيار شەنبەر ھەر [illegible]رى 30 گرام ، قارا ھېلىيلە ، بەلىيلە پوستى ، ئامىيلە ھەر بىرى 21 گرام ، قارامۇچ ، زە[illegible]سىبىل ، فىلفىل يىلتىزى ، قىزىل ھىندى تۇزى ، ئەندىرانى تۇزى ، تىبەت تۇزى ، ئەرمىدۇن ئۇرۇقى ، شەترەنجى ھىندى ، سۇئدى ھىندى ، لىچىندانە (خەيربۇۋا) ، گۇلدارچىنى ، قەلەمفۇر ، يالپۇز ، بەرەڭگى كابۇلى ، سىياھدان ، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى ، زىرە ، سازەج ھىندى ، چىگسەي ئۇرۇقى ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ھەر بىرى 15 گرام ، ئامىيلە شىرنىسى 560 م ل ، قەنت 1.5 كىلوگرام .

ياسىلىشى : ئامىيلە شىرنىسى بىلەن ئۈزۈمى 3 .3 لىتر سۇ بىلەن $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغۇچە قاينىتىپ ، سۈزۈۋېلىپ ، فۇنۇس ، خىيار شەنبەرلەرنى سېلىپ ئۈستىدىن قەنت قوشۇپ قىيام قىلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە 270 م ل كۈنجۈت يېغى قوشۇپ يەنە قىيام قىلىپ ، ئاخىرىدا دورىلار تالقىنى سېلىپ يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ئىستىسقا ، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش ، كونا تەپ ، بەلغەمدىن بولغان يۆتەل ، قۇلۇنجى ، تۇتقاقلىق ، پوقاق ، بەھەق ، ھېستېرىيە كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ . سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : جىگەرنىڭ ھەر خىل ئىششىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : سۈت ياكى كاكىنەج سۈيى بىلەن كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### كەلكىلانەج ھار

تەركىبى : زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن مازەرىيون ، غارىقۇن ، سېرىق ھېلىيلە ، سەكبىنەج ھەر بىرى 15 گرام ، سەۋسەن يىلتىزى 9 گرام ، رەۋەن ، غافەس ئۇسارىسى ، رۇم بادىيان ھەر بىرى 6 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى: دورىلارنى تالقانلاپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان ئىستىسقىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 9 ــ 12 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مائۇلھىندىبا

تەركىبى: كاسىنىنىڭ ھۆل يوپۇرمىقى مەلۇم مىقداردا.
ياسىلىشى: كاسىنىنى تازىلاپ توپىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، سوقۇپ سىقىپ سۈيى ئېلىنىدۇ. بىراق سۈدا يېيىپ تازىلاشقا بولمايدۇ. مەزكۇر دورا ئادەتتە ئىككى خىل ئۇسۇلدا تەييارلىنىدۇ. بىرى كاسىنىنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىدىن سىقىپ ئېلىنغان سۈيىنى بىر سوتكا تۇرغۇزۇپ، قويۇق ۋە دۇغ قىسمىنى تېگىگە چۆككۈزۈپ تەييارلىنىدۇ. يەنە بىرى، كاسىنى سۈيىنى بوش ئوتتا قاينىتىپ، كۆپۈكىنى ئېلىۋېتىپ سۈتنىڭ پىشلىقىدەك سۈزۈك قىسمىنى ماتادىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى: قان، سەپرا خىلىتلىرىنى نورماللاشتۇرۇش، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئېچىش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: يەر قانغا ئىشلىتىلىدۇ.
ئەسكەرتىش: ئەگەر شارائىت يار بەرسە مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن قىلسا تېخىمۇ مەنپەئەتلىك، مەسىلەن، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئېچىش مەقسەت قىلىنسا، 150 مل كاسىنى سۈيى، سىركەجىبىن ياكى بۇزۇرى شەربىتى بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ. قىزىتما پەسەيتىش مەقسەت قىلىنسا، نىيلوفەر شەربىتى ياكى چاھار تۇخۇم شىرنىلىرى بىلەن قوشۇپ ئىچىلىدۇ. جىگەر ئىششىقى ۋە يەر قانىنى داۋالاش مەقسەت قىلىنسا فۇنۇس، خىيار شەنبەر سۇلىرى بىلەن قوشۇپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

## مەتبۇخى ئۇسۇل

تەركىبى: ئۇرۇقسىز ئۈزۈم، باديان يىلتىزى پوستى، چىگسەي يىلتىزى، كاسىنى يىلتىزى، ئىزخىر رۇم باديان، چىگسەي ئۇرۇقى، سۇنبۇل، سېرىق ئوت ئۇرۇقى

ھەر بىرى 9 گرام ، ئۇردان ، مەستىكى ھەر بىرى 3 گرام .

تەسىرى : جىگەر ، تالنى ياخشىلايدۇ ، ئىستىسقا ، يەر قانغا شىپا بولىدۇ . قۇرۇق خىلىتلارنى نورمال قىيامغا كەلتۈرىدۇ . ئاشقازان ، جىگەرنى كۈچەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : يەر قانغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 150 م ل ئېلىپ 30 گرام شېكەر ، 6 م ل بادام يېغى قوشۇپ ئىچىلىدۇ . تاش پارچىلاش مەقسەت قىلىنسا ، 2 گرام جوھۇد تېشى قوشۇپ ئىچىلىدۇ .

## مەئجۇنى ئەنسۇن

تەركىبى : سەكبىنەج ، ئىگىر ، ئاچچىق بادام مېغىزى ، قۇرۇق سوزاپ ، زىرە ، جوۋىنە ، يالپۇز ، ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى ، خولىنجان ، غار ياپرىقى ، چاكاك ، زەنجىبىل ، غارىقۇن ، ھۇماما ، موزاي ياكى كالىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن ھوشۇق سۆڭىكى ھەر بىرى 6 گرام ، رۇم بادىيان ، تاغ چىگىسەي ئۇرۇقى ، ھەببۇلغار ، سىياھدان ، سۇئدى كوفى ، ھىلك ، قۇندۇز قەھرى ، قىرەدمانا ، سۇنبۇل ، ھەببى بىلسان ، جاۋاشىر ، غۇلجاك ، ئاسارۇن ، زەفەر ھەر بىرى 3 گرام ، سەھەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : مەئجۇن تەييارلاش قائىدىسى بويىچە ياسىلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قىزىتمىسى بولمىغان ئىستىسقائى تىبلگە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مەئجۇنى راسەن

تەركىبى : سەۋسەن يىلتىزى ياكى ئۇرۇقى ياكى گۈلى ، رەۋەن ، زەنجىبىل ، تۆگە يانتىقى ھەر بىرى 1 ھەسسە ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، ئارپا بادىيان ، رۇمبادىيان ، جوۋىنە ھەر بىرى يېرىم ھەسسە .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : جىگەر قېتىشقا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەئجۇنى رەۋەن

تەركىبى : رەۋەن ، ئىگىر ، غۇلجاڭ ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، ئارپا باديان ، رۇم باديان ، جوۋىنە ، كەندىر تەڭ مىقداردا ، ھەسەل 3 ھەسسە .

ياسىلىشى : مەئجۇن تەييارلاش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : جىگەر ، بالىياتقۇ ئىششىقلىرىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مائۇللەسەل بىلەن كۈندە 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### نۇقۇئى خىيارشەنبەر

تەركىبى : فۇنۇس ، خىيارشەنبەر مۇۋاپىق مىقداردا ، كاسنى سۈيى ، باديان سۈيى ، كاكنەج ياپرىقىنىڭ سۈيى مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى مەزكۇر سۈيۇقلۇقلارغا چىلاپ بىر سوتكا تۇرغۇزۇپ ، سىقىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يەر قانغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : گۈلاب ئارىلاشتۇرۇپ بىر قېتىمدىلا ئىچىپ تۈگىتىلىدۇ .

### ھەببى بەھرام

تەركىبى : شەبرى 36 گرام ، ئەفتىمۇن 18 گرام ، سىقمۇنىيا 12 گرام ، غارىقۇن 9 گرام ، سۇنبۇل ، سەلىخە ، تۇربۇد ، مەستىكى ھەر بىرى 6 گرام ، زەفەر 5 گرام ، ھۇماما 3 گرام .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىستىسقائى لەھمگە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىچىلىدۇ .

### ھەببى رەۋەن

تەركىبى : غارىقۇن ، تۇربۇد ھەر بىرى 10 گرام ، رەۋەنچىنى ، مۇقەل ھەر بىرى 3 گرام ، يۇمىلاق زىراۋەندى ، رۇم بادىيان ھەر بىرى 2 گرام .

ياسىلىشى : دورىلار ھەب تەييارلاش قائىدىسى بويىچە ھەب قىلىنىدۇ .

تەبئىيىتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : چوڭ - كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش ، جىگەر ، بۆرەكنى تازىلاش ۋە قول - پۇت ئىششىقىنى تارقىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر ۋە بۆرەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 دانە ، باللارغا ھەر قېتىمدا 3 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ .

### ھەببى سەبرى I

تەركىبى : سەبرە سۇقۇتىرى 10 گرام ، غارىقۇن ، كاسنى ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام ، سىقمۇنىيا ، غافەس ئۇسارىسى ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قايىنىتىلغان كاسنى ئۇرۇقى سۈيىدە يۇغۇرۇپ ھەب قىلىنىدۇ .

تەبئىيىتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ . ئىششىق ياندۇرىدۇ . چوڭ - كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ . قىزىتمىسىز سېرىقلىقنى يوقىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر ئىششىقى ، يەر قان قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 دانە ئىچىلىدۇ .
دىققەت : كىچىك باللار بىلەن ھامىلدار ئاياللارغا بېرىلمەيدۇ !

### ھەبىي سەبرى I

تەركىبى : سەبرى 12 گرام ، سەقمۇنىيا 3 گرام ، غارىقۇن ، غافەس ئۇسارىسى ھەر بىرى 2 گرام .
ياسىلىشى : كاسىنى سۈيى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قىزىتما پەسەيتىپ تەبىئەتنى يۇمشىتىدۇ ، يەر قانغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەبىي غافەس

تەركىبى : ھېلىيلە پوستى 16 گرام ، غافەس ، سەبرى سوقۇترى ھەر بىرى 15 گرام ، چىگسەي ئۇرۇقى 10 گرام .
ياسىلىشى : چىگسەي ئۇرۇقىنى قاينىتىپ سۈزۈپ ، ئۈستىگە دورىلار تالقىنىنى تۆكۈپ قارامۇچ چوڭلۇقىدا ھەب ياسىلىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .
تەسىرى : چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش ، نورمالسىز سەپرانى ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : يەر قان ۋە جىگەر ئىششىقىغا بېرىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 دانە ئىچىلىدۇ .

### ھەبىي مازەريون

تەركىبى : مازەريون ، سەكبىنەج ھەر بىرى 6 گرام ، تۇز ، كەپتەر مايىقى ھەر

بىرى 2 گرام .

ياسىلىشى : ھەب ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : بەدەندىكى كېرەكسىز سۇيۇقلۇقلارنى ھەيدەپ چىقىرىپ بەدەننى كۆچەيتىدۇ ، سوغۇقتىن بولغان ئىستىسقالارغا شىپا بولىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر ئىششىقىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## ھەببى ھېلىلە Ⅱ

تەركىبى : سېرىق ھېلىلە پوستى 30 گرام ، سەكبىنەج 15 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، 0.3 گراملىق ھەب ياسىلىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش ، بەدەندىن زىيادە سۇيۇقلۇقلارنى چىقىرىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان جىگەر ئىششىقىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 دانە ئىچىلىدۇ .

## ھەببى ئىستىسقا

تەركىبى : تۇربۇد 12 گرام ، رەۋەن 6 گرام ، چاققاق ئۇرۇقى 3 گرام ، غارىقۇن ، ئۇزۇنچاق زىراۋەند ، يۇملاق زىراۋەند ، پەرفىيۇن ھەر بىرى 2 گرام .

ياسىلىشى : خاس سۇ بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل ئىستىسقىلارغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

**ھەبىي ئىيارەج III**

تەركىبى : غارىقۇن ، كەپە ياپرىقى ھەر بىرى 15 گرام ، رۇم باديان ، ئۇشەق ، مۇقەل ھەر بىرى 9 گرام ، سېرىق ھېلىلە پوستى ، تۇربۇد ، تۇز ھەر بىرى 6 گرام .
ياسىلىشى : ھەب تەييارلاش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : جىگەر ، تال ئىششىقلىرىغا شىپا بولىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : جىگەر توسۇلۇش ۋە ئىششىقتا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3~6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## ھەزىم ئەزالىرىدىكى يەللەرنى تارقاتقۇچى دورا ياسالمىلىرى

**جەۋارىش كۈمۈنى I**

تەركىبى : سىركىگە چىلاپ قۇرۇتۇلغان زىرە 150 گرام ، زەنجىبىل 60 گرام ، قارامۇچ 50 گرام ، ئاق توغرىغۇ 15 گرام ، سوزاپ 6 گرام ، ھەسەل 1 لىتر .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئېرىتىپ كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇلىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .
تەسىرى : ئاشقازاننى قىزىتىش ، ھەزىمنى ياخشىلاش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : ھەزىمنى ياخشىلاش ، يەل تارقىتىش ، قۇلۇنجنى ئېچىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، چوڭلار ھەر قېتىمدا 3 گرام ، بالىلارغا ھەر قېتىمدا 1.5 ــ 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## جۇللابى بەلغەم

تەركىبى: تەرەنجىبىن 90 گرام، سانا 30 گرام، ئارپا بادىيان، رۇم بادىيان، چىگسەي ئۇرۇقى، زىرە، تۇربۇد، غارىقۇن، شەھمى ھەنزەل ھەر بىرى 6 گرام، سورۇنجان 3 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى بىر كېچە قايناقسۇغا چىلاپ، قايىنتىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: بەلغەمنى تەگشەپ، بەلغەمدىن بولغان تۇرلۇك كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ، سوغۇق يەلنى يوقىتىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: يەل تارقىتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ.

## سۇفۇفى بادىيان

تەركىبى: ئارپا بادىيان 80 گرام، چىگسەي يىلتىزى پوستى، گۈلسەۋسەن ھەر بىرى 20 گرام، بىج كەبىر پوستى، رۇم بادىيان ھەر بىرى 12 گرام، قىزىلگۈل، مەستىكى، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 10 گرام، شېكەر 200 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، شېكەر بىلەن تالقان قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: جىگەر توسالغۇسىنى ئاچىدۇ، ماددىلارنى تازىلايدۇ. ھېق تۇتۇش، مەيدە ئېچىشىشنى پەسەيتىپ قورساق كۆپۈشنى يوقىتىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: ئاشقازان، ئۈچەي كېسەللىكلىرىدە توسالغۇلارنى ئېچىپ، يەل ھەيدەش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئېلىپ كاپ ئېتىلىدۇ. بالىلارغا كۈندە 3، ھەر قېتىمدا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

### سۇفۇفى كەرەپشى

تەركىبى : سانا 15 گرام ، چىگسەي ، بادىيان ، رۇم بادىيان ، ئاسارۇن ، قۇستە ، رەۋەن ، سىركىگە چىلانغان زىرە ھەر بىرى 10 گرام ، سۇنبۇل ، سۇئىدى كوفى ھەر بىرى 3 گرام ، شېكەر 100 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى پاكىزلاپ سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، شېكەر بىلەن تالقان قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازان ۋە ئۈچەيدىكى تەتۈر يەلنى تارقىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقىدىن بولغان قورساق كۆپۈشكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ، بالىلارغا ھەر قېتىمدا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

### سۇفۇفى گىز مازەج

تەركىبى : يۇلغۇن مېۋىسى ، كاسنى ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، بەزرىرۇلبەنجى 5 گرام .

ياسىلىشى : سوقۇپ تالقان قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : توسالغۇلارنى ئاچىدۇ ، ھەر خىل يەللەرنى ھەيدەيدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىركەنجىبىن بۇزۇرى بىلەن ئىچىلىدۇ .

### سۇفۇفى مەستىكى

تەركىبى : مەستىكى 30 گرام ، شېكەر 60 گرام .

ياسىلىشى : مەستىكىنى ئايرىم سوقۇپ ، شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تـەسـىرى : ئاشقازاندىكى يەللەرنى يوقىتىدۇ . ئاشقازاندىكى خام بەلغەمنى ئۆزلەشتۈرىدۇ . ھەزىمنى ياخشىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولغان قورساق كۆپۈش ئۈچۈن بېرىلىدۇ .

ئىـشـلـىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا تاماقتىن كېيىن 3 گرام ، بالىلارغا 1.5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## سۇفۇفى نانخۋا

تـەركـىـبـى : جـوۋـنـە ، چىگىـەي ئۇرۇقى ، باديان ھەر بىرى 30 گرام ، قەنت 90 گرام .

يـاسـىـلـىشى : دورىلارنى سـوقـۇپ ئەلـگـەكـتـىـن ئۆتـكـۈزۈپ قـەنـت بـىـلـەن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ .

تەبىئىيتى : 2 ـ دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق .

تـەسـىرى : ئاشـقـازان ، جـىگـەر ، تالدىكى يەلنى تارقىتىش ، تاماق سىڭدۈرۈش ، ئاغرىشنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئـىـشـلـىتىلىشى : جىگەر ، تال ، ئاشقازاننىڭ يەلدىن بولغان ئاغرىشنى پەسەيتىش ، ئىستىقنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئـىـشـلـىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، چوڭلار ھەر قېتىمدا 3 گرام ، بالىلارغا ھەر قېتىمدا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## سىركەنجبىنى نانخۋا

تـەركـىـبـى : جـوۋـنـە ، قارا زىرە ، زۇفا ، تاغ چاڭگاھ ئۆسۈملۈكى ھەر بىرى 20 گرام ، سىركە 60 م ل ، ھەسەل 100 م ل .

يـاسـىـلـىشى : دورىلارنى چىلاشقۇدەك سۇغا بىر كېچە چىلىغاندىن كېيىن يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ سۈزۈپ ، سەھەل بىلەن سىركىنى قۇيۇپ بىر ئۆرلىتىپ ئېلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازان ھەزىمىنى ياخشىلاپ ئىشتىھانى ئاچىدۇ ، يەلنى تارقىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش ، جىگەر تۇسالغۇسىنى ئېچىش ، سوغۇقتىن بولغان بەل ئاغرىشنى يوقىتىش ۋە يەل ھەيدەش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 50 م ل ، بالىلارغا ھەر 3 سائەتتە 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## مەتبۇخى مائىل بوزۇر

تەركىبى : جوۋىنە ، تاغ زىرىسى ، يالپۇز ، سىياھدان ھەر بىرى 30 گرام ، زىرە 4 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 1200 م ل سۇدا قاينىتىپ ، 500 م ل قالغاندا داكا بىلەن سىقىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ ، تاماق سىڭدۈرۈش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان كۆپۈش ، قۇلۇنجى ، قويۇق يەللەرنى يوقىتىش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 م ل ئېلىپ ئىنەك پىشتى (ئابدىملىك ) يېغىدىن 3 م ل قوشۇپ ئىچىلىدۇ . بالىلارغا ياغ قوشماي 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## مەئجۇنى پەيقەرا

تەركىبى : سەبرى سۇقۇتىرى 40 گرام ، ھېلىيلە كابۇلى ، بەلىيلە 15 گرام ، ئاش تۇزى 10 گرام ، سەھەل 200 م ل .

ياسىلىشى : ھېلىيلە ۋە بەلىيلىنى چىقىپ شاكىلىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ . سەبرىنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ۋە تۇز قوشۇپ ھەسەل بىلەن تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ھەزىم بۇزۇلۇش ، لاي ۋە باشقا غەيرىي نەرسىلەرنى يېيىش قاتارلىقلارغا

مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ئاجىزلىقى ، ھەزىم بۇزۇلۇشى ، مالىنخولىيا مىراقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە چوڭلارغا 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئېلىپ 100 م ل پودىنە شەربىتى بىلەن ئىچىلىدۇ .

## مەئجۇنى پودىنە

تەركىبى : سوزاپ ياپرىقى ، قارامۇچ ، زەنجىبىل ، جوۋىنە ، ياۋا زىرە ، دارىچىنى ، فىلفىل تەڭ مىقداردا ، ھەسەل 2 ھەسسە .

تەسرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يەل تارقىتىپ تاماق سىڭدۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىچىلىدۇ .

## مەئجۇنى زورنىباد

تەركىبى : زورنىباد ، دورنەج ئەقرەبى ھەر بىر 6 گرام ، مەرۋايىد ، مارجان ، كەھرىبا ، پىلە ، قەلەمفۇر ، بەسباسە ، زەفەر ، قۇندۇز قەھرى ھەر بىرى 5 گرام ، سۇنبۇل ، ئۈشنە ھەر بىرى 2 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

تەسرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان يەللىرىنى تارقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام يېيىلىدۇ .

## مەئجۇنى كاسىرى رىياھ

تەركىبى : سىركىگە چىلاپ قۇرۇتۇلغان زىرە 20 گرام ، سوزاپ ، مەستىكى ، قەلەمفۇر ، قىزىلگۈل ، رۇم باديان ، ئىگىر ، جوۋىنە ، توغرىغا ، پىستە پوستى ھەر بىرى 10 گرام ، ھەسەل 300 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ، 40 كۈن تىندۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازان ، جىگەر ، ئۆچەينىڭ يەللىك ئاغرىقى ، بالىياتقۇنىڭ يەللىك ئاغرىقى ، ھەيز كەلمەسلىك ، دوۋساقنىڭ يەللىك بولغان كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلار كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا تاماقتىن كېيىن 5 گرام ، بالىلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1.5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## مەئجۇنى ھەبىبۇلغار I

تەركىبى : سوزاپ ياپرىقى 300 گرام ، جوۋنە ، قارا زىرە ، يالپۇز ، تاغ زىرىسى (كەرۋىيا) ، ھەببۇلغار ، غولجاڭ ، تاغ چىگىسىي ئۇرۇقى ، ئاچچىق بادام مېغىزى ، قارامۇچ ، فىلفىل ، ئىگىر ، پىننە ھەر بىرى 9 گرام ، جاۋۇشىر ، سەكبىنەج ھەر بىرى 6 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : مەئجۇن تەييارلاش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ . ئىستىسقائى تىبلى ، قورساق ئاغرىش ۋە يەلدىن بولغان كۆپ خىل كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ ھەمدە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 9 ــ 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

ئەسكەرتىش : سوزاپنى بەزىلەر 30 گرام ، بەزىلەر 150 گرام سېلىشنى تەۋسىيە قىلىنىدۇ .

## مەئجۇنى ئۇبھەل

تەركىبى : قارىغاي مېۋىسى ، كۈندۈر ، جوۋنە ، دارىچىنى ، ئىگىر ، ئارپا باديان تەڭ مىقداردا ، ھەسەل 2 ھەسسە .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قورساق غولدۇرلاش ، ئاشقازان ئېسىلىش ، يەل تۇرۇپ

قىلىشقا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام يېيىلىدۇ .

## ھەببى بادىشكەن

تەركىبى : فەتەرى ساليۇن ، ئىزخىر ، قۇستى شېرىن ، زورەنباد ، دۇرنەج ئەق- رەبى ، ئاسارۇن ھەر بىرى 10 گرام ، ھېلىمىيلە كابۇلى پوستى ، ئامىلە پوستى ، سەكبىنەج ، مۇقەل ھەر بىرى 6 گرام ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، ئادراسمان ئۇرۇقى ، رۇمبادى- يان ، مەستىكى ، زەفەر ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، تۇرۇپ سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گراملىق ھەب ياسىلىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازان ، ئۈچەيلەردىكى يەللەرنى ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : قورساق ئاغرىش ، قورساق ئېسىلىش ، يېگەندىن پەيدا بولغان چو- قۇق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 ــ 3 دانە ، بالىلارغا ھەر قېتىمدا 2 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ .

## ھەببى تەنكار

تەركىبى : سەبرى سۇقۇترى 50 گرام ، قارامۇچ 40 گرام ، بەزرۇلبەنجى 8 گرام ، تەنكار 6 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، يۇغۇرۇپ ، نوقۇت چوڭ- لۇقىدا ھەب ياسىلىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاشقازان ۋە ئۈچەينى تازىلاپ يەل ماگدۇرىدۇ . ئىشتىھانى ئاچىدۇ .

ئىشلىتىلىشى :'ئاشقازان ھەزىمنى ياخشىلاش ، ئۈچەي توسالغۇسىنى ئېچىش ۋە بوغۇم ئاغرىشنى توختىتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 دانە

ئىچكۈزۈلىدۇ .

ئەسكەرتىش : 7 ياشتىن كىچىك بالىلارغا بېرىلمەيدۇ .

**ھەببى كىبرىت**

تەركىبى : تازىلانغان گۈگگۈرت پوقى 80 گ . ئۇشبە (تۆمۈر دورىسى) ياكى چۆپچىنى ، نۇشۇدۇر ، ئاقىرقەرھا ھەر بىرى 40 گرام ، سەمغى ئەرەبى (ئەرەب يىلىمى) 20 گرام ، شېكەر 160 گرام .

ياسىلىشى : يۇمشاق سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، لىمون سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گراملىق ھەب تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : سوغۇقتىن ، ئىسسىقتىن بولغان يەللەرنى يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ناسۇر (ئاقما) ، خانازىر (لىمفا توبېركۇليوزى) ، ھەر خىل ئەزالارغا پەيدا بولغان يەلتاشما قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، 5 ~ 1 ياشتىكىلەرگە 2 ~ 1 دانە ، 10 ~ 5 ياشتىكىلەرگە 5 ~ 3 دانە ، 10 ياشتىن چوڭلارغا 10 ~ 7 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ .

## مەددە ئىللەتلىرىنى چۈشۈرگۈچى دورا ياسالمىلىرى

**سۇفۇفى مەددە I**

تەركىبى : ئەمەن 30 گرام ، تۇرمىس ، قىزىل لوبىيا ، ئاچچىق قوستە ھەر بىرى 21 گرام ، بەرەڭگە كابۇلى ، شىرخىشت ، تۇربۇد ، قەنبىل ھەر بىرى 15 گرام ، تاش تۇز 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى ئۆندەك يۇمشاق سوقۇپ ، ئەلگەپ سۇفۇف تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يىلانسىمان مەددە ، قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىلىرىنى چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئالدى بىلەن ئۇدا 3 كۈن يېڭى سېغىلغان سۈت ئىچكەندىن كېيىن ، ئاندىن 4 ـ كۈندىن باشلاپ كۈنىگە بىر قېتىم ، ھەر قېتىمدا 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

ئەسكەرتىش : دورا يۇرىقىنىڭ ناچار تەسىر پەيدا قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، مەزكۇر دورىنى ئىچكەندە بىمار بۇرنىنى ئېتىپ تۇرۇپ ئىچىشى لازىم .

## سۇفۇفى مەددە I

تەركىبى : بەرەڭگى كابۇلى 6 گرام ، دەرمەنە تۇركى 3 گرام ، ئۇرۇقسىز گۈلە 2 دانە .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ، ئەلگەپ تالقان قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يىلانسىمان مەددە ، قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىلەرنى چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىر قېتىملىق تەييارلاپ بىراقلا ئىچكۈزۈلىدۇ .

ئەسكەرتىش : سۇفۇفى مەددە I گە ئوخشاش .

## شيافى تۇتۇ

تەركىبى : قۇرۇق ئۇزۇم ، ئاچچىق ئۆرۈك ، مېغىزى ، شاپتۇل مېغىزى ، تاتلىق قۇستە ھەر بىرى 15 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ، قائىدە بويىچە شامچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تۇتۇ مەددە قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ مەقئەتكە كىرگۈزۈپ قويۇلىدۇ .

## شيافى مەددە

تەركىبى : شەھمى ھەنزەل 3 گرام ، قەنبىل 1.5 گرام ، كالا ئۆتى ، كۈنجۈت يېغى

مۇۋاپىق مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ كالا ئۆتى بىلەن شامچە ياساپ ، كۈنجۈت يېغىدا مايلاپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ مەد كە كىرگۈزۈپ قويۇلىدۇ .

**مەتبۇخى ئانار تەلخ**

تەركىبى : ئاچچىق ئانار يىلتىزى ۋە قوۋزىقى ھەر بىرى 15 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى بىر كېچە قايناقسۇغا چىلىغاندىن كېيىن ئەتىسى تونۇرغا سېلىپ قايىنتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ھەر خىل مەددىلەرنى چۈشۈرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەردىكى ھەر خىل مەددە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش اری ۋە ئۇسۇلى : يۇقىرىقى ئۇسۇلدا تەييارلاپ 3 كۈنگىچە ئىچىلىدۇ .

**مەتبۇخى بەرگى شاپتالۇ**

تەركىبى : شاپتۇلىنىڭ ھۆل يوپۇرمىقى ، شاتۇت دەرەخ قوۋزىقى ھەر بىرى بىر سىقىم .

ياسىلىشى : 1 لىتر سۇ بىلەن قايىنتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل مەددە قۇرتلىرىنى چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : قايىنتىلغان دورا بىراقلا ئىچىشكە بېرىلىدۇ .

ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ .
ئەسكەرتىش : ھامىلىدار ئاياللارغا بېرىلمەيدۇ .

## مەتبۇخى بىخى بىيد

تەركىبى : سۆگەت يىلتىزى 30 گرام .
ياسىلىشى : 1 لىتر سۇدا قايىنىتىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : زەھەرسىز بولۇپ ، تۇتۇ مەددە قۇرتىنى چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : قايناتمىغا بىر ئاز شېكەر قوشۇپ ئاچ قورساق بىراقلا ئىچىلىدۇ .

## مەتبۇخى پوستى ئانار

تەركىبى : ئانار پوستى 30 گرام ، تازىلانغان شور 6 گرام ، شېكەر 50 گرام .
ياسىلىشى : 1 لىتر سۇدا قايىنىتىپ سۈزۈپ شېكەر بىلەن قىيام قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يىلانسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئىككىگە بۆلۈپ ، ئاچ قورساق ئىچىلىدۇ .

## مەتبۇخى تۇخمى كەدۇ

تەركىبى : كاۋا ئۇرۇقى 120 گرام .
ياسىلىشى : كاۋا ئۇرۇقى 1 لىتر سۇدا قايىنىتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : ئىسسىققا مايىل ، زەھەرسىز .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى مەست قىلىپ چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: قايناتما تىرىپى بىلەن ئاچ قورساققا بىر قېتىمدىلا ئىچكۈزۈلۈپ، 2 ~ 1 سائەتتىن كېيىن مۇۋاپىق مىقداردا سۈرگە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئەسكەرتىش: كاۋا ساپىقى ۋە گۆشىنگىمۇ مەددە چۈشۈرۈش، سۈت كەلتۈرۈش تەسىرى بار.

## مەتبۇخى سەرخەس مۇرەككەپ

تەركىبى: كاۋا ئۇرۇقى 30 گرام، سەرخەس 15 گرام، ئەينۇلا 12 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى 1 لىتر سۇ بىلەن يېرىمى قالغىچە قايىنىتىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: يىلانسىمان مەددە، قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددە، ئىلمەكلىك مەددىلەرنى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: يۇقىرىقى قايناتمىنى ئاخشىمى ئىچىپ، ئەتىگىنى ئاچ قورساققا 15 گرام تازىلانغان شور ئىچىش لازىم.

ئەسكەرتىش: دورا ئىچىشنىڭ ئالدى ـ كەينى 2 ~ 1 كۈندە مايلىق تاماق يېمەسلىك كېرەك. ھامىلدار ئاياللارغا بېرىشكە بولمايدۇ.

## مەتبۇخى شاپتالۇ

تەركىبى: شاپتۇل چېچىكى 15 گرام، شېكەر 50 گرام.

ياسىلىشى: شاپتۇل چېچىكى 1 لىتر سۇدا قايىنىتىپ 300 م ل قالغاندا سۈزۈپ شېكەر سېلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: مەددە چۈشۈرىدۇ. چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى ھەيدەيدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ئاچ قورساققا بىراقلا ئىچىلىدۇ.

ئەسكەرتىش : ھامىلىدار ئاياللارغا بېرىلمەيدۇ .

### مەتبۇخى مەددە

تەركىبى : سەرخەس 9 گرام ، ئانار پوستى 3 گرام .
تەسىرى : ھەر خىل مەددىلەرنى چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئاچ قورساققا بىراقلا ئىچىلىدۇ .
ئەسكەرتىش : ھامىلىدار ئاياللارغا بېرىلمەيدۇ !

### مەئجۇنى سەرخەس

تەركىبى : تۇربۇد ، مۇقەل ھەر بىرى 6 گرام ، سەرخەس ، بەرەڭگى كابولى ھەر بىرى 3 گرام ، ھەسەل 100 م ل .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يىلانسىمان مەددە ، قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىلەرنى چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئېلىپ كالا سۈتى بىلەن ئىچىلىدۇ .

### مەئجۇنى قەنبىل

تەركىبى : قەنبىل ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، ئامىلە پوستى ، ياغىچى ئېلىنغان ئاق تۇربۇد ، زەنجىبىل ، دەرمەنە تۈركى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرى 150 گرام ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل 1.8 لىتر .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل مەددىلەرنى چۆشۈرۈش تەسىرىگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، 5 ~ 1 ياشتىكىلەرگە 3 ~ 2 گرام ، 10~5 ياشتىكىلەرگە 4 ~ 3 گرام ، 10 ياشتىن چوڭلارغا ئەھۋالغا قاراپ 8~5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## ھوقنەئى پوستى ئانار

تەركىبى : ئانار پوستى 9 گرام .

ياسىلىشى : يېرىمى چىنە سۇدا قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : تۇتۇ مەددىنى يوقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئۇخلاش ئالدىدا ھوقنە قىلىنىدۇ .

## ھوقنەئى تۇتۇ مەددە

تەركىبى : شەھمى ھەنزەل ، قەنتەريۇن ، تاشتۇز ، ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى ، ئاچچىق ئۆرۈك شاكىلى باراۋەر مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ 1.5 لىتر سۇدا قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ھەر خىل مەددە كېسەللىكلىرىنى ، بولۇپمۇ تۇتۇ مەددە كېسىلىنى داۋالاشتا ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل مەددە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : قائىدە بويىچە ھوقنە قىلىنىدۇ .

### هوقنەئى مەددە I

تەركىبى : بەرەڭگى كابۇلى ، دەرمەنە تۈركى ، تاشتۈز ھەر بىرى 4.5 گرام ، تۇربۇد ، شەھمە ھەنزەل ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى 2 لىتر سۇدا يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ سۈزۈپ بىر ئاز كۆنجۈت يېغى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىلەرنى چۈشۈرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : مەددە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ . بولۇپمۇ قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىگە تەسىرى ياخشى .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئىلمان ھالدا ھوقنە قىلىنىدۇ .

### هوقنەئى مەددە I

تەركىبى : ئەفسەنتىن 21 گرام سىياھدان ، قىزىل لوبىيا ، بابۇنە ھەر بىرى 15 گرام ، شاپتۇل غازىڭى بىر سىقىم .

ياسىلىشى : دورىلار 2 لىتر سۇدا يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ھەر خىل مەددىلەرنى چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئىلمان ھالدا ئازراق كۆنجۈت يېغى بىلەن ھوقنە قىلىنىدۇ .

ئەسكەرتىش : ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە تەبىئىيتى بەك ئىسسىق دورىلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ . ئۇلارغا ئاچچىق ئانار يىلتىزى ۋە قوۋزىقى ، شاپتۇل ھۆل يوپۇرمىقى ، شاپتۇل قوۋزىقى قاتارلىقلاردىن بىرەرسىنى قوللىنىش لازىم .

# ئىششىق ياندۇرغۇچى دورا ياسالمىلىرى

## سۇ ئۆلۈقۈنىيە ۋە ئىسسىقتىن ئىشلىتىدىغان دورا ياسالمىلىرى

### زىمادى ئىسبەغۇل

تەركىبى : كۆكنار ، ئىسبەغۇل تەڭ مىقداردا ، گۈل يېغى ئاز مىقداردا .
ياسىلىشى : 2 خىل دورىنى قايىنىتىپ ئوبدان پىشۇرۇپ ، گۈل يېغى تېمىتىپ ئىشلىتىلىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل تېپتىكى ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يەرلىك ئورۇنغا چاپلىنىدۇ .

### سۇفۇفى سورۇنجان ھار I

تەركىبى : سورۇنجان 40 گرام ، سانا 28 گرام ، ئاق تۇربۇد 20 گرام ، سېرىق ھېلىلە پوستى ، پوستىدىن ئايرىلغان بادام مېغىزى ھەر بىرى 12 گرام ، سەقمۇنىيا 4 گرام ، زەپەر 2 گرام ، قەنت ياكى شېكەر 120 گرام .
ياسىلىشى : يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : ئىسسىق .
تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، ئىششىق ياندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان مۇپاسىل ، بەل ئاغرىقلىرى ، پۇت ـ قول ئاغرىش ۋە ئىششىقتا شىپا بولىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا بالىلارغا 2~3 گرام ، چوڭلارغا 3~6 گرام ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ .

### سۇفۇفى مۇدىير ٧

تەركىبى : تەرخەمەك ئۇرۇقى ، قوغۇن ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، ئۇرۇقسىز زىرىق 12 گرام ، كاسنى ئۇرۇقى ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ، چىگسەي ئۇرۇقى ھەر بىرى 10 گرام ، بادىيان ، رۇم بادىيان ، رۇبىۇسۇس ھەر بىرى 6 گرام ، رەۋەن ، سۇنبۇل ، زەفەر ، ئەفسەنتىن ، مەستىكى ، لوك ھەر بىرى 3 گرام ، شېكەر 100 گرام .

ياسىلىشى : سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، 100 گرام شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تالقان تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : سۈيدۈك ماڭدۇرۇپ ، جىگەر ۋە بۆرەك ئىششىقنى قايتۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر ۋە بۆرەك كېسەللىكلىرىدە سۈيدۈك ھەيدەش ۋە ئىششىقنى قايتۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ، بالىلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1.5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

### سىركەنجىبىنى بۇزۇرى بارىد

تەركىبى : تەرخەمەك ئۇرۇقى ، قوغۇن ئۇرۇقى ، كاسنى ئۇرۇقى ھەر بىرى 50 گرام ، چىگسەي ئۇرۇقى 3 گرام ، سىركە 60 م ل ، قەنت 300 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ 2 لىتىر سۇغا چىلاپ ، 12 سائەتتىن كېيىن قايناتقاندىن كېيىن سۈزۈپ ، سىركە بىلەن قەنتنى سېلىپ بىر ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : جىگەردىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ . سەپرادىن بولغان ئىسسىقا ۋە يۇقىرى قىزىتمىلىق تەبنى قايتۇرىدۇ . سۈيدۈك ماڭدۇرىدۇ . بەل ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، چوڭلار ھەر قېتىمدا 100 م ل ،

باللارغا ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### سىركەنجىبىنى مازەريون

تەركىبى : پىياز ئۇرۇقى ، قوغۇن ئۇرۇقى ، كاسنى ئۇرۇقى ھەر بىرى 250 گرام ، چىگىسەي ئۇرۇقى 60 گرام ، تەرخەمەك سۈيى 660 م ل .
ياسىلىشى : ھەممىسنى ئارىلاشتۇرۇپ سىركىگە بىر سوتكا چىلاپ ، يېرىمى قالغىچە قايناتقاندىن كېيىن شەربەت بىلەن قىيام قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان ئىستىسقىغا شىپا بولىدۇ . سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### سىركەنجىبىنى ئۇردان

تەركىبى : ئارپا بادىيان ، بادىيان يىلتىزى پوستى ، بىخ كەبىر پوستى ، رۇمبادىيان ، كاسنى ئۇرۇقى ، كاسنى يىلتىزى پوستى ، زۇفا ، ئۇردان ، غافەس ، ئەفسەنتىن ھەر بىرى 30 گرام ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، چىگىسەي يىلتىزى ، جىگدە ، سۈنبۇل ، ئاسارۇن ھەر بىرى 20 گرام ، سىركە 100 م ل ، قەنت 500 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنىڭ قاتتىقلىرىنى چالا سوقۇپ ، سوقۇلمايدىغانلىرىنى بىرلىكتە 2 لىتىر سۇغا چىلاپ ، قايناتىپ يېرىمى قالغاندا سىقىپ سۈزۈپ ، ئاندىن سۈزۈلمىسىگە سىركە بىلەن قەنتنى سېلىپ قايناتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .
تەسىرى : جىگەردىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ . ئىششىق ياندۇرىدۇ . مېگە ، يۈرەك ، ئۆپكىنى ياخشىلايدۇ . جىگەر خىزمىتى بۇزۇلغاندىن بولغان ئىستىسقانى قايتۇرىدۇ . جىگەر ۋە تالنىڭ قېتىۋېلىشىنى يۇمشىتىدۇ . توسالغۇلارنى ئېچىپ سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : جىگەر ، تالدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش ۋە ئىششىق قايتۇرۇش ئۈچۈن بېرىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100 م ل ، باللارغا

ھەر قېتىمدا 30 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### سىركەنجىبىن ئۇسۇلى ۋە بوزۇرى

تەركىبى : كاسنى ئۇرۇقى 30 گرام ، باديان ، رۇمباديان ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ، چىگىسەي يىلتىزى ، باديان يىلتىزى ھەر بىرى 15 گرام ، كاسنى ئۇرۇقى 30 گرام ، سىركە 100 م ل ، قەنت 500 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 2 لىتر سۇغا چىلاپ ، 12 سائەتتىن كېيىن قاينىتىپ ، يېرىمى قالغاندا سىقىپ ، سۈزۈپ ، قەنت ۋە سىركىنى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبئىيىتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : جىگەر ، تالدىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ ، ئىششىق ياندۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 100 م ل ، بالىلارغا ھەر قېتىمدا 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### قۇرسى مازەريۇن

تەركىبى : كاسنى ئۇرۇقى 30 گرام ، قىزىلگۈل ، تەرخەمەك مېغىزى ھەر بىرى 8 گرام ، زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن مازەريۇن ، غارىقۇن ، غافەس ھەر بىرى 4 گرام .

ياسىلىشى : ھەب تەييارلاش ئۇسۇلى بويىچە 6 گراملىق ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان ئىستىسقائى زىققىنى يوقىتىدۇ . سېرىق سۇلارنى تازىلايدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : سىركەنجىبىن بىلەن 1 دانىدىن يېيىلىدۇ .

### قۇرسى ئىستىسقا

تەركىبى : ئەفسەنتىن ، ئاچچىق بادام مېغىزى ، ئاسارۇن ، رۇمباديان ، غارىقۇن تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : قۇرس تەييارلاش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل ئىستىسقىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەتبۇخى مۇستەسقى

تەركىبى : ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ، تەمرى ھىندى ھەر بىرى 30 گرام ، ھېلىيلە كابۇلى پوستى ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ھەر بىرى 21 گرام ، شاھتەررە ، فۇنۇس ، خىيار شەنبەر ھەر بىرى 15 گرام ، چىلان 10 دانە ، رۇمبادىيان ، ئاسارۇن ، غافەس ، ئىزخىر ، سۇنبۇل ، ئەفسەنتىن ھەر بىرى 9 گرام .
ياسىلىشى : مەتبۇخ تەييارلاش ئۇسۇلى بويىچە تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : جىگەر ياكى تالدىن بولغان ئىستىسقىلارغا شىپا بولىدۇ ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئىستىسقىغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 3 گرامدىن ئىيارەج پەيقەرا ، غارىقۇنلارنى ئېلىپ سىركەنجىبىن بىلەن يەپ ، ئارقىدىن مەزكۇر مەتبۇختىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ .

### مەئجۇنى ئەرتىنسا

تەركىبى : كامازىرىيۇس ، كاماپىتۇس ، ياۋا سامساق ھەر بىرى 250 گرام ، فەراسيون (تاغ كۆدە ئۇرۇقى ) ، چاڭگاك (جۆئىدە ) ھەر بىرى 90 گرام ، غارىقۇن ، ئاسارۇن ، ئىگىر ، قىرەدمەنا ، سوزاپ ئۇرۇقى ، پەرفىيۇن ، ئۇغرى تىكەن ھەر بىرى 21 گرام ، ئۇزۇنچاق زىراۋەند ، ئەرتىنسا ، جوۋنە ، قەلەمفۇر ھەر بىرى 12 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .
تەسىرى : ئاشقازان ئاغرىقى ، جىگەر ، بوغۇم ، تال كېسەللىكلىرىگە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ .
ھۆللۈكتىن ۋە ئاشقازاندىن بولغان ئىستىسقىغا شىپا بولىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئىستىسقىغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : قايناقسۇ بىلەن كۈندە 3 گرام يېيىلىدۇ . 6 ئاي

تۇرغۇزۇپ ئاندىن ئىستېمال قىلىنسا تېخىمۇ ياخشى .

### مەئجۇنى دەبىدىلۋەرد ■

تەركىبى : سۇنبۇل ، مەستىكى ، زىغىر ، تاباشىر ، دارىچىنى ، ئىزخىر ، ئاسارۇن ، قۇستە شېرىن ، غافەس ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ، ئوردان ، يۇيۇلغان لوك ، كاسنى ئۇرۇقى ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، زىراۋەند ، ھەببى بىلسان ، ئۇد غەرقى ھەر بىرى 4 گرام ، قىزىلگۇل ھەممە دورىلار ۋەزنىدە .

ياسىلىشى : ھەممە دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، 3 ھەسسە ھەسەلنى قىيام قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىش ، باش قېيىش ، كۆز قاراڭغۇلىشىش ۋە مەيدە ئاجىزلىقىنى كەلتۈرۈش ، جىگەر توسالغۇسىنى ئېچىش ، ئىششىقنى تارقىتىش ، مۇدۇرلەرنى يوقىتىش ، مېڭىگە بۇس ئۆرلەشنى توسۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئىستىسقا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 7~4 گرام يېيىلىدۇ .

### مەئجۇنى زەفەر

تەركىبى : زەفەر 35 گرام ، سۇنبۇل 20 گرام ، ئاسارۇن ، دۇقۇ ، رۇمبادىيان ، تاغ قارا زىرىسى ، رەۋەن ، مۇرمەككى ھەر بىرى 12 گرام ، رۇبىبۇسۇس ، جوئىدە ، مەستىكى ، غافەس ھەر بىرى 10 گرام ، قېلىن دارىچىنى ، قۇستە ، ئىزخىر ، ھەببى بىلسان ، ئوردان ھەر بىرى 3 گرام ، بىلسان يېغى 15 م ل ، ھەسەل 600 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، بىلسان يېغى بىلەن ياغلاپ ، ئېرىتىلگەن ھەسەلدە يۇغۇرۇپ ، 40 كۈن تۇرغۇزۇلىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ ، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ . يەل تارقىتىدۇ ، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ، جىگەر ۋە تالنىڭ ئىششىقىدىن بولغان

يۈز، قول، پۇت ئىششىقىنى ياندۇرۇش، بۆرەك ئاغرىشىنى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، چوڭلار ھەر قېتىمدا 2 گرام، باللارغا ھەر قېتىمدا 0.5 گرام ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

### مەئجۇنى كەلكىلانەج

تەركىبى: يۇيۇلغان لوك، سۇنبۇل، قىزىلگۈل، ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى، تاغ چېكىسەي ئۇرۇقى، ئۇردان، رەۋەن، ھىندى تۇزى، سەۋسەن گۈلى، غارىقۇن 18 گرام، كامازىرىيۇس، قارا زىرە، سىيسالىيوس، ئۇزۇنچاق زىراۋەند، ئاسارۇن، ئۇد بىلسان، مەستىكى، جىنتىيانا، ئاقلانغان بەرەڭگى كابۇلى، قېلىن دارچىنى ھەر بىرى 12 گرام، زەنجىبىل، ھەشقىپېچەك ئۇرۇقى، لىچىندانە، قەلەمفۇر، گۈلدارچىن، قاراموچ، فىلفىل، نەمەكى ئەندەرانى، نەمەكى نىفتى، قۇرۇق يۇمغاقسۇت، غافەس ئۇسارىسى، ئەفسەنتىن، سەئدى كوفى، ئىزخىر ھەر بىرى 15 گرام، سېرىق ئوت ئۇرۇقى، سەرمۇق ئۇرۇقى، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى، سەقمۇنىيا ھەر بىرى 30 گرام، قۇستە، چىگسەي ئۇرۇقى، ئىگىر، رۇمبادىيان 9 گرام، تۇربۇد 470 گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 280 گرام، قارا ھېلىيلە، بېلىيلە پوستى 45 گرام، ئامىيلە 810، تەمرى ھىندى 150 گرام، فۇنۇس، خىيارشەنبەر 280 گرام، قەنت 1.2 كىلوگرام، زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن مازەريون 60 گرام، بادام يېغى 40 م ل، سۇ 280 م ل، كۈنجۈت يېغى 60 م ل.

ياسىلىشى: لوكتىن تۇربۇدقىچە بولغان دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ تەييارلىنىدۇ. قارا ھېلىيلىدىن تەمرى ھىندىگىچە بولغان دورىلارنى ئۈزۈم بىلەن قوشۇپ 7 لىتر سۇدا $\frac{1}{4}$ قىسمى قالغىچە قاينىتىپ سۈزۈپ، فۇنۇس، خىيارشەنبەرلەرنى سېلىپ ھېجىپ تەمىنى چىقىرىپ يەنە سۈزۈپ مەزكۇر سۇغا قەنتنى سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ. مازەريون ۋە بادام ياغلىرىنى 280 م ل سۇدا سۇيى تۈگەپ يېغى قالغانغا قەدەر قاينىتىپ قالغان قىسمىنى كۈنجۈت يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ، دورىلار تالقىنىنى سېلىپ ياغلىنىدۇ. ئۇبدان ئارىلاشتۇرۇپ ئاخىرىدا قىيامغا ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ.

تەسىرى: ھەر خىل ئىستىسقا، جىگەر، تال كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

ئىشلىتىلىشى : ئىستىسقىغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : تۆگە سۈتى ياكى شوخلا سۈيى ياكى مائۇلجىبىن بىلەن كۈندە ئىككىگە بۆلۈپ 12 ~ 15 گرامغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ .

مەئجۇنى مازەريۇن

تەركىبى : زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن مازەريۇن ، تۈربۇد ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ھەر بىرى 30 گرام ، قارامۇچ 15 گرام ، ئامىلە ، زەنجىبىل ھەر بىرى 12 گرام ، ھېلىيلە كابۇلى پوستى 6 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىستىسقائى زىققىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : تۆگە سۈتى بىلەن 3 گرام ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ . تۆگە سۈتى تېپىلسا 9 گرامدىن بېرىلىدۇ .
ئەسكەرتىش : ئىستىسقائى لەھمى ۋە هارارەتلىك ئىستىسقىلارغا قەتئىي بېرىشكە بولمايدۇ !

مەئجۇنى ھېلىيلە

تەركىبى : سېرىق ھېلىيلە پوستى ، تۈربۇد ھەر بىرى 30 گرام ، زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن مازەريۇن 23 گرام ، قارامۇچ 15 گرام ، ئامىلە ، زەنجىبىل ھەر بىرى 12 گرام ، بېلىيلە پوستى 6 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .
ياسىلىشى : تەييارلاش ئۇسۇلىدا ياسىلىدۇ .
تەسىرى : بەدەندىكى زەردابلارنى ھەيدەپ ئىستىسقائى زىققىغا شىپا بولىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ئىستىسقائى زىققىغا شىپا بولىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مەئجۇنى ئىستەمخىقۇن

تەركىبى: قۇستە، ھۇماما، مۇرمەككى، سۇنبۇل، قىلىن دارىچىنى، مەستىكى ھەر بىرى 36 گرام، ئۈزۈنچاق زىراۋەند، قارامۇچ، چىگىسەي ئۇرۇقى، سېرىق چېچەك ئۇرۇقى، رۇمبادىيان، جوۋنە، زىرە، تاغ سەۋزە ئۇرۇقى، تاغ چىگىسەي ئۇرۇقى، ھىلىگ، ئاسارۇن، كاشىم، ئەفسەنتىن، پىننە، يالپۇز ھەر بىرى 12 گرام، ھەسەل 2 ھەسسە.

ياسىلىشى: تەييارلاش ئۇسۇلى بويىچە تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: بۇزۇلغان مىزاجنى، بولۇپمۇ بەلغەمدىن بۇزۇلغان مىزاجنى ئوڭشايدۇ، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئاشقازان ئاغرىقى، جىگەر ئاجىزلىقى، ئىستىسقا قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: ئىستىسقىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: 6~12 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى ئەفسەنتىن

تەركىبى: ئەفسەنتىن، سېرىق ھېلىلە پوستى، يۇيۇلغان لوك، مەستىكى، زەۋەر، رەۋەن، رۇمبادىيان، شاھتەررە، سەبرى، مارجان شوخلا ھەر بىرى 10 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، مارجان شوخلىنىڭ سۈيىدە يۇغۇرۇپ ھەب ياسىلىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. قان تازىلايدۇ. تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇپ جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. سوغۇقتىن بولغان جىگەر ئىششىقنى تارقىتىدۇ. ئىستىسقانى يېتۈرىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: جىگەر، تال كېسەللىكلىرى ۋە ئىستىسقىنى داۋالاش، ئىششىق قايتۇرۇش، توسالغۇنى ئېچىش، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 7 دانە، بالىلارغا ھەر قېتىمدا 3 دانە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ھەبىي غارىقۇن I

تەركىبى : غارىقۇن ، ئەفتىمۇن ، سەبرى سۇقۇتىرى ھەر بىرى 15 گرام ، تاغ قارا زىرىسى ، تاغ سەۋزە ئۇرۇقى ، چىگسەي ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام ، سەقمۇنىيا 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، يۇغۇرۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : جىگەر توسالغۇسىنى ئېچىش ، ئىششىقنى قايتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر توسالغۇسىنى ئېچىش ، ئۆپكىنىڭ ھاۋا يوللىرىدىكى خەپ رۇكنى تازىلاش ، يۆتەل توختىتىش ، ئىششىقنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 7 دانە ، بالىلارغا كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 دانە يېگۈزۈلىدۇ .

## ماشراغا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياساللىرى

### زىمادى ئاق لەيلى گۈلى

تەركىبى : ئاق لەيلى گۈلى مۇۋاپىق مىقداردا .

ياسىلىشى : سوقۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ياللۇغ قايتۇرۇش ، ئىششىقياندۇرۇش ، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ماشرا كېسەللىكىدە سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا باشقا تاڭىدۇ .

## زىمادى ماشرا

تەركىبى : ئاق سەندەل ، قىزىل سەندەل ھەر بىرى 10 گرام .

ياسىلىشى : سەندەللەرنى كاسىنى ۋە ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيىگە ياكى سىمىز ئوت سۈيىگە سۈرۈپ ، ئۇنىڭغا مارجان شوخلا سۈيى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ياللۇغ ۋە ئىششىق قايتۇرۇش ، ئاغرىق توختىتىش ، سەپرا ۋە قاننىڭ تېزلىكىنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ماشرا (تىلما) كېسەللىكىدە سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىلىدۇ .

## شەربىتى كاھۇ

تەركىبى : بېھى ئۇرۇقى ، قارا سونا ئۇرۇقى ، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى ھەر بىرى 21 گرام ، نىيلۇفەر 18 گرام ، شېكەر 40 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ 1 لىتر سۇدا قاينىتىپ ، سۈزۈپ ، شېكەر سېلىپ ئېرىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : سەپرا ۋە قاننىڭ تېزلىكىنى ياندۇرۇش ، قىزىتما پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ماشرا (تىلما) كېسەللىكىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 قوشۇق ئىچىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : بۇ دورا شەربىتى مۇنزىجدىن كېيىن بېرىلىدۇ .

## شەربىتى مۇنزىج

تەركىبى : تەرەنجىبىن 60 گرام ، گۇلبىنەفشە ، نىلۇفەر ، قىزىلگۈل ، كاسنى يىلتىزى ھەر بىرى 18 گرام ، كاسنى ئۇرۇقى 9 گرام ، چىلان 7 دانە .
ياسىلىشى : دورىلارنى 1 لىتر قايناقسۇدا قايىنتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ ، تەرەنجىبىننى 100 م ل قايناقسۇدا 10 مىنۇت چىلاپ دۇملەپ سۈزۈپ ، 1 لىتر سۇدا يېرىمى قالغىچە قايىنتىپ سۈزۈلگەن دورىلار سۈيى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ . ئىچكى ـ تاشقى ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ . نورمالسىز ماددىلارنى تارقىتىدۇ . قان تازىلايدۇ . چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ ، سەپرانى پەسەيتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : ماشرا (تىلما) كېسەللىكىدە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچىلىدۇ .
دىققەت قىلىدىغان ئىشلار : قىزىتمىسى يۇقىرى بولغان بىمارلارغا بېرىش توغرا كەلسە ياسالمىغا 100 م ل سىركە قوشۇلىدۇ .
ئەسكەرتىش : ماشرا كېسەللىكىنى داۋالاشتىكى دەسلەپكى دورا سۈپىتىدە بېرىلىدۇ .

## شەربىتى ئۇنناب II

تەركىبى : چىلان 300 گرام ، شېكەر 500 گرام .
ياسىلىشى : 1.5 لىتر سۇ بىلەن 1 لىتر قالغىچە قايىنتىپ سۈزۈپ ئۈستىگە شېكەر سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ .
تەسىرى : قان تازىلاش ، قان تېزلىكىنى پەسەيتىش ، نورمالسىز خىلتلارنى پىشۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : قان ۋە سەپرانىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان ماشراغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## شەربىتى ئۈنناب IV

تەركىبى : چىلان 500 گرام ، پوستى ئايرىلغان ماش 30 گرام ، يۇمغاقسۈت ئۇ. رۇقى 100 گرام ، كاسىنى يىلتىزى 30 گرام ، سىركە 600 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ 2 لىتر سۇ بىلەن يېرىمى قالغىچە قايناتىپ سۈزۈپ ، 500 گرام شېكەر سېلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : قان تازىلاش ، قان تېزلىكىنى پەسەيتىش ، قويۇق خىلتلارنى يېتىلدۈرۈش ، ئىششىق ياندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ماشرا كېسەللىكىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100 م ل ئىچىلىدۇ .

## لۇئابى ئىسبەغۇل

تەركىبى : ئىسبەغۇل مۇۋاپىق مىقداردا .

ياسىلىشى : بىر پىيالە قايناقسۇغا چىلاپ شىرىسى ئېلىنىدۇ .

تەسىرى : قاننى جانلاندۇرۇش ، جاراھەتنى پۈتتۈرۈش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ماشرا كېسەللىكىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : باشقا چېپىلىدۇ .

## مەتبۇخى مارجان شوخلا

تەركىبى : مارجان شوخلا مۇۋاپىق مىقداردا .

ياسىلىشى : ھۆل مارجان شوخلىنى سىقىپ سۈيى ئېلىنىدۇ . دورا قۇرۇق بولسا ، دەسلەپ چىلاپ ئاندىن قايناتىپ سۈزۈپ ئېلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : سوغۇق .

تەسىرى : ئىسسىق قايتۇرۇپ زەھەر تارقىتىدۇ ، ئىششىق ياندۇرىدۇ ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ ، يۆتەل پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ماشرا ، سەينەك ، غەلۋىرەك ، گال ئاغرىش ، تولغاق ، بۆرەك ئېلىپ ئاغرىش ، ئۇرۇلۇش ، سوقۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : پۈتۈن ئۇسۇملۇكى ياكى مېۋىسىنى قاينىتىپ ئىچىلىدۇ ياكى تاشقى جەھەتتىن ئىشلىتىلىدۇ .

## مەتبۇخى ھېلىيلە I

تەركىبى : تەرەنجىبىن 100 گرام ، سەرپىستان 20 دانە ، سېرىق ھېلىيلە پوستى 18 گرام ، قارا ئۆرۈك ياكى ئەينۇلا 15 دانە ، سانا ، شاھتەرە ھەر بىرى 10 گرام ، چىلان 9 دانە ، كاسنى ئۇرۇقى 6 گرام ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى 5 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 1 لىتر سۇ بىلەن قاينىتىپ ئۇنىڭغا ئايرىم ـ ئايرىم چىلانغان تەرەنجىبىن ۋە سانانىڭ شىرىسىنى ئېلىپ قوشۇلىدۇ .

تەسىرى : سەپرانى پەسەيتىپ قان تازىلايدۇ . توسالغۇنى ئېچىپ ئىششىق قايتۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ماشرا (تىلما) كېسەللىكىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا يېرىم پىيالە ئىچىدۇ .

ئەسكەرتىش : بۇ ياسالما ماشرانى داۋالاشتىكى 3 ـ باسقۇچلۇق دورا سۈپىتىدە بېرىلىدۇ .

# ھەرىكەت ئەزالىرىغا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

## بەل ، غول ، يانپاش ئاغرىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

### داۋائى ئىرقۇننەسا

تەركىبى : ئەنزۇرۇت ، سورۇنجان ھەر بىرى 6 گرام ، جويۇز يېغى ، قارا سونا سۈيى ھەر بىرى 120 م ل .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ مەزكۇر سۇيۇقلۇقلارغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يانپاش ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئىچكۈزۈلىدۇ .

### رەۋغىنى خېنە

تەركىبى : خېنە ھۆل ياپرىقى ، خېنە چېچىكى ھەر بىرى 12 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ سىقىپ سۈيىنى ئېلىپ ، يېرىمىغىچە كېلىدىغان كۈنجۈت يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ، سۇ قىسمى پارلىنىپ ياغ قىسمى قالغىچە قاينىتىپ يېغى تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : يانپاش ئاغرىقى ۋە تۆرلۈك بوغۇم ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ . چاچ ـ ساقالنى قارايتىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : تۆرلۈك چوڭ ـ كىچىك بوغۇم ئاغرىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىرتتىن ياغلىنىدۇ .

## رەۋغىنى دىپلى

تەركىبى : سۆگەت گۈلى ياپرىقى 120 گرام ، زەيتۇن يېغى 280 گرام .
ياسىلىشى : سۆگەت گۈلى ياپرىقىنى سوقۇپ سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ ، زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىپ خاس يېغى قالغاندا تەييار بولىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سوزۇلما خاراكتېرلىك بەل ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئۇخلاشتىن ئىلگىرى سىرتتىن يەرلىك ئۇ-رۇنغا سۈرۈپ ئەتىسى يۇيىۋېتىلىدۇ .

## زىمادى ئىرقۇننەسا

تەركىبى : كەپە يىلتىزى پوستى ، تاغ پىننىسى ، ئاقىرقەرھا ھەر بىرى 6 گرام ، ئەگرى سۇناي شىرىسى ، ھەببۇلغار ھەر بىرى 3 گرام .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : يانپاش ئاغرىقى ( ئىرقۇننەسا ) غا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ھەسەل سۈيى بىلەن يەرلىك ئورۇنغا چاپلىنىدۇ .

## سىركەنجىبىن تەرياقى

تەركىبى : تۇز 250 گرام ، ئاچچىق سىركە 1.8 لىتر ، ھەسەل 1.2 لىتر ، سۇ 250 م ل .
ياسىلىشى : ھەممە دورا ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ قىيام قىلىنىدۇ .
تەسىرى : زەھەرلىك ھاشاراتلار زەھىرىنى قايتۇرىدۇ . يانپاش ئاغرىش ھەممە

سەرئىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئىشلىتىلىشى : ياپپاش ئاغرىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## شەربىتى بىخ كەبىر مۇرەككەپ

تەركىبى : چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ، باديان يىلتىزى ، چىگسەي ئۇرۇقى ، رۇمباديان ، سېرىق چېچەك ئۇرۇقى 1.5 گرام ، ھەسەل 50 م ل .

ياسىلىشى : چالا سوقۇلغان دورىلارنى 2 لىتر سۇغا چىلاپ ، 6 سائەتتىن كېيىن قاينىتىپ ، يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ ، ئۇنى يەنە قازانغا قۇيۇپ سەھەلنى قۇيۇپ بىر ئۆرلىتىپلا تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : سۈيدۈك ھەيدەش ، يەللەرنى تارقىتىش ، توسالغۇلارنى ئېچىش ، قان تازىلاش ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : غول ۋە ئىككى بىلەكتىكى يۆتكىلىپ ئاغرىش كېسەللىكىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100~500 م ل ئىچىلىدۇ .

## مائۇلئۇسۇل نىقرەس

تەركىبى : چىگسەي يىلتىزى ، باديان يىلتىزى پوستى ھەر بىرى 30 گرام ، بىخ كەبىر پوستى ، پوستى ھەنزەل ، قەنتەريۇن ، شەترەنجى ھىندى ، جوۋنە ، رۇمباديان ، بەھمەن ، سورۇنجان ، ماھى زەھرەج ، ئىنەك پىتى يېغى 15 م ل ، ھەر بىرى 16 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنىڭ ھەممىسىنى چالا سوقۇپ 2 لىتر سۇغا 10 سائەت چىلاپ ، يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ سۈزۈپ قاچىغا ئېلىپ قويۇلىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : نەقرەس ۋە كاسا ئاغرىشنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : قول ، پۇتنىڭ ئۇششاق بوغۇملىرىغا چۈشكەن ئىششىق ۋە كاسا ساھەسىگە چۈشكەن ئىششىقنى تارقىتىش ھەمدە يەلنى ، بۇزۇق خىلىتلارنى قوزغاپ تازىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 50 م ل ئېلىپ ئىنەك پىتى يېغىدىن بىر تامچە تېمىتىپ ئىچىلىدۇ .

## مەتبۇخى بۇخار

تەركىبى : فۇنۇس ، تەرەنجىبىن ھەر بىرى 50 گرام ، سانا 20 گرام ، مارجان شوخلا 15 گرام ، بىنەفشە ، نىيلۇفەر ، كاسنى ئۇرۇقى ، ئاقلانغان بىخسۇس ھەر بىرى 10 گرام ، تۇربۇد 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 2 لىتر سۇغا يېرىم كۈن چىلاپ ، يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ ، ئۇنىڭغا فۇنۇس ، تەرەنجىبىن چىلانمىسىنى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇپ قويۇق يەللەرنى تارقىتىپ ، ئىششىق قايتۇرۇش ، ئارام بېرىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئېغىزمان ، بەل ـ پۇتلارنىڭ يەللىك ئاغرىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا يېرىم پىيالىدىن ئىچىلىدۇ ھەمدە 3 كۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ .

## مەتبۇخى مۇنزىج

تەركىبى : ئەنجۇر 30 گرام ، باديان يىلتىزى ، كاسنى يىلتىزى ، چىگىسەي يىلتىزى ، كۆك ئۈزۈم ، سەرپىستان ھەر بىرى 10 گرام ، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ، باديان ، پىرسىياۋشان ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، سورۇنجان ھەر بىرى 6 گرام ، گۈلقەنت 30 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 1.5 لىتر سۇغا بىر كېچە چىلاپ قاينىتىپ

يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ سۈزۈلمىگە گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : تىز بوغۇمغا چۈشكەن يەللىنى تارقىتىدۇ . پۇتقا يۇقىرىدىن چۈشكەن بۇزۇق خىلتلارنى يۇمشىتىپ يېشىلدۈرىدۇ . ئاغرىق پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : تىز بوغۇم ئاغرىقلىرىدا بۇزۇق خىلتنى پىشۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 50 م ل ئىچىلىدۇ .

### مۇنزىجى ئېغىزمان

تەركىبى : ئەنجۈر ، ئۈزۈم ھەر بىرى 20 گرام ، باديان يىلتىزى پوستى ، كاسنى يىلتىزى پوستى ، سورۇنجان ، مارجان شوخلا ، بادرەنجبۇيا ھەر بىرى 6 گرام ، بەسفائىج ، ئىزخىر 3 گرام ، گۈلقەنت 30 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 1.5 لىتر سۇدا 3 سائەت چىلاپ ، قاينىتىپ ، يېرىمى قالغاندا سىقىپ سۈزۈلمىگە گۈلقەنت سېلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مۇرە ، غولنىڭ ئاغرىشىنى يوقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 پىيالە ئىچكۈزۈلىدۇ .

### مۇنزىجى ئىرقۇننەسا

تەركىبى : چىلان 15 گرام . مارجان شوخلا 10 گرام ، سوزاپ ئۇرۇقى 6 گرام ، تەرەنجىبىن شىرىسى 30 م ل .

ياسىلىشى : 3 خىل دورىنى مۇۋاپىق سۇ بىلەن چەينەكتە دەملەپ ئوتتا ئۆرلىگەندىن كېيىن تەرەنجىبىن دەملىمىسى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئىككى بىلەكنىڭ بوغۇملىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا چۇشۇۋالغان ئاغرىتقۇچى قويۇق يەلنى يوقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىمغا بۆلۈپ ئىچىلىدۇ ھەممە بۇ 3 كۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

## ھەببى سورۇنجان I

تەركىبى: سېرىق ھېلىيلە پوستى، سەبرى سۇقوترى، سورۇنجان قاتارلىقلار-نىڭ ھەر بىرى 20 گرام، سانا، مەستىكى رۇمى، زەفەر قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرى 4 گرام، ئاقلانغان تاتلىق بادام 32 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئەرىقى باديان بىلەن خېمىر قىلىپ 0.2 گراملىق كۆھەب تەييارلىنىدۇ.

تەبئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، بوغۇملارنىڭ ئىششىقىنى ياندۇرۇش، قول-پۇت ئېغىرلىقىنى قالدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: مۇفاسىل، يانپاش ئاغرىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: 5 ياشتىن كىچىكلەرگە 2 ~ 1 دانە، 10 ~ 5 ياشتىكىلەر 4 ~ 2 دانە، 10 ياشتىن چوڭلارغا 10~7 دانە يېتىشتىن بۇرۇن ئىچكۈزۈلىدۇ.

## ھەببى مەئنىن كەبىر

تەركىبى: سەكبىنەج، ئۇشەق، جاۋاشىر، مۇقەل، سەبرى، شەھمى ھەنزەل، تۇربۇد، ئەنزۇرۇت، سېرىق ھېلىيلە پوستى تەڭ مىقداردا.

ياسىلىشى : كۈدە سۈيى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى : فالەج ، لەقۋا ، قۇلۇنجى ، مۇفاسىل ، نىقرىسقا شىپا بولىدۇ . قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ . سوغۇقتىن بولغان بەل ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ . ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ھەر ئاخشىمى 10 دانە ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى مۇخرىج I

تەركىبى : سورۇنجان ، سېرىق ھېلىلە پوستى ، شەھمى ھەنزەل ، مۇقەل ، تۇربۇد ھەر بىرى 10 گرام .

ياسىلىشى : سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى : سۈرۈش كۈچى ئارقىلىق تېز بوغۇمدىكى بۇزۇق خىلىتلارنى تازىلايدۇ ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : بۇزۇق خىلىتتىن بولغان تېز بوغۇم ئاغرىقلىرىدا خىلىت پىشۇرغۇچى قايناتمىدىن كېيىن سۈرۈپ تازىلاش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئاخشىمى قايناقسۇ بىلەن 3 گرام ئىچىلىدۇ .

### ھەببى ئىرقۇننىسا ھار

تەركىبى : تۇربۇد 5 گرام ، شەھمى ھەنزەل ، مۇقەل ھەر بىرى 2 گرام .

ياسىلىشى : ھەب ياساش ئۇسۇلىدا ھەب ياسىلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان يانپاش ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ ، ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 1 قېتىمدىلا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## بوغۇم ۋە سۆڭەك ئاغرىشقا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

### پاشۇيەئى بوغۇم

تەركىبى : سوزاپ ، چىڭسەي يىلتىزى ، بوزىدان ، خوخا ، قامقاق ، بابۇنە ، ئىكىلىسلىمەلىك ، تاغ رەيھانى ، زاراگزا سوقۇلمىسى ھەر بىرى 30 گرام ، سورۇنجان 10 گرام ، بادام يېغى ، گۈل يېغى ھەر بىرى 10 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى 6 لىتر سۇ بىلەن 5 لىتر قالغىچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : تۇسالغۇلارنى ئېچىش ، يەل تارقىتىش ، ئىششىق قايتۇرۇش ، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : تىز ئىششىقى ۋە ئۇنىڭ يەلدىن بولغان ئاغرىقىنى ياندۇرۇش ، قول ۋە بىلەك بوغۇمىنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : تەييارلانغان دورا قايناتمىسىنى داسقا تۆكۈپ قىزىق پېتى تىز ، قول ۋە بىلەك ساھەلىرى يۇيۇلىدۇ .

### جەۋارىش تەمرى

تەركىبى : سوزاپ ياپرىقى 32 گرام ، بادام مېغىزى ، ئۇرۇقى ئېلىنغان خورما ھەر بىرى 30 گرام ، سەقمۇنىيا 15 گرام ، زىرە ، توغرىغۇ ، فەترسالىيۇن ، زەنجىبىل ، ئاقمۇچ ھەر بىرى 8 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .

ياسىلىشى : جەۋارىش ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈك ھەيدەيدۇ ، قۇلۇنجىنى ئاچىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 گرام ئىستېمال

قىلىنىدۇ .

## جەۋارىش ھىندى

تەركىبى : تۇربۇد 300 گرام ، سەقمۇنىيا 30 گرام ، لىچىندانە ، دارچىنى ، زەنجىبىل ، گۇلدارچىنى ، نارمىشكى ، قەلەمفۇر ، قارامۇچ ھەر بىرى 15 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .

ياسىلىشى : جەۋارىش تەييارلاش قائىدىسى بويىچە ياسىلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قۇلۇنجى ، مۇپاسىل ، بەل ئاغرىش ، نىقرىس ( كىچىك بوغۇملار ياللۇغى ) لەرگە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## داۋائى نىقرىس

تەركىبى : كاما زىرىيۇس ، زىراۋەند ، جىنتىيانا ، ئۇردان ، دۇقۇ ( ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى ) ، سەۋزە ئۇرۇقى ، فەتىر سالىيۇن ( تاغ چىگىسەي ئۇرۇقى ) ، سوزاپ ياپرىقى ، پىننە ، شەترەنجى ھىندى ، ئاسارۇن ، جوۋنە ، قارىغاي مېۋىسى تەڭ مىقداردا ، ھەسەل مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : مەئجۇن تەييارلاش قائىدىسى بويىچە ياسىلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بوغۇم ياللۇقىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## رەۋغىنى ئەقرەب

تەركىبى : چايان 100 دانە ، بادام ياكى كۈنجۈت ياكى زەيتۇن يېغى 3 لىتر .

ياسىلىشى : چايانى شىشىگە سېلىپ ، ئۈستىگە ياغنى قۇيۇپ ، 40 كۈن تومۇزنىڭ ئاپتىپىدا تۇرغۇزغاندىن كېيىن چايانى سۈزۈپ سىقىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .

تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، پەيلەرنى چىڭىتىش ، سۇيدۇك يولىدىكى تاشنى پارچىلاش ، گاسلىقنى ئېچىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان لەقۋا ، پالەچ ، مۇپاسىل ، بەرەس ، گاسلار ئۈ- چۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سىرتتىن سۈرۈلىدۇ ياكى تېمىتىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : چايان يېڭى ئۇۋىسىدىن چىققان تىرىك چايان بولۇشى كېرەك . ئەگەر ئىككى – ئۈچ دانىلا تېپىلسا ، 30 م ل ياغ بىلەن تەييارلىسىمۇ بولىدۇ .

## رەۋغىنى بەيزە

تەركىبى : تۇخۇم سېرىقى 30 دانە ، تۆمۈر كېپىكى ( ئىكەكلەنمىسى ) ، ھەببۇلئاس ياپرىقى ھەر بىرى 30 گرام ، زەيتۇن يېغى 750 م ل ، پۇتۇن قوغۇن بىر دانە .

ياسىلىشى : تۇخۇم سېرىقى ۋە باشقا دورىلار تالقىنىنى ياخشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ، قوغۇننىڭ بىر تەرىپىدىن كىچىك تۆشۈك ئېچىپ ئىچىدىكى ئۇرۇقىنى ئېلىۋېتىپ يۇقىرىقى دورىلار بىرلەشمىسى قاچىلىغاندىن كېيىن ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ ، ئۈستىدىن گىلى ھېكمەت قىلىپ بىر سوتكا ئەتراپىدا تونۇر قوقىسىغا كۆمۈلىدۇ . ئۇنىدىن كېيىن ئۇنى ئېلىپ تۆشۈكىنى ئېچىپ ئۆزۈنغىچە قوچۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل بوغۇم ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەق- سەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىرتتىن يەرلىك ئورۇنغا سۈرۈلىدۇ .

## رەۋغىنى دوب

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : مەلۇم مىقداردىكى ئېيىقنىڭ يېغىنى ئېلىپ ئاپتاپتا ياكى

قازاندا ئېرىتىپ چىگىرتكىنى ئايرىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : بېغىش ئاغرىقلىرى ۋە پەي تارتىشىشلارنى يوقىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : كونا مۇپاسىل ئاغرىقلىرى ۋە پەي تارتىشىپ قالغان كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىرتتىن يەرلىك ئورۇنغا سۈرۈلىدۇ .

## رەۋغىنى سورۇنجان

تەركىبى : سورۇنجان 30 گرام ، قەسبۇززەرىرە 15 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى قايناقسۇغا بىر سوتكا چىلىغاندىن كېيىن $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قاينىتىلىدۇ . سىقىپ سۈزۈپ مەلۇم مىقداردا ھۆل چىگىسەي سۈيى ۋە 90 م ل زەيتۇن يېغى قوشۇپ سۈيى كېتىپ يېغى قالغىچە يەنە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل بوغۇم ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە سۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقد ى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىرتتىن يەرلىك ئورۇنغا سۈرۈلىدۇ .

## رەۋغىنى قەلەمفۇر

تەركىبى : قەلەمفۇر 280 گرام ، تۇز 24 گرام ، سۇ 1.6 لىتر .

ياسىلىشى : قەلەمفۇرنى سۇغا چىلاپ ئۈستىگە تۇز قوشۇپ ئوتقا قويۇش ياكى ئات قىغىغا بىر مەزگىل كۆمۈش ئارقىلىق خېمىردەك ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ . ئاندىن پار قازىنىدا پارلاندۇرۇپ تامچىلىتىپ ئېلىنغان سۇيۇقلۇق ئۈستىدىكى يېغى يىغىۋېلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : روھنى قۇۋۋەتلەيدۇ ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ ، جاراھەتلەردىكى گۆشلەرنى ئۈندۈرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان جىگەر كېسىلى ، ئاشقازان ، ئۈچەي ، يۈرەك ، مېڭە ، چىش كېسەللىكلىرى ، كۆز ئاجىزلىقى ، پەتەق ، رېماتىزىم ھەمدە سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىچىشكە ياكى سىرتىدىن ياغلاشقا بۇيرۇلىدۇ . كۆزى ئاجىزلارغا ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىشقا بېرىلىدۇ . قالغان كېسەللىكلەردە ئاغرىغان يەرنى ياغلاشقا بۇيرۇلىدۇ .

ئەسكەرتىش : قەلەمفۇر يېغىنىڭ كۈچى بىلسان يېغىدىن ئاجىزراق . لېكىن بىلسان يېغى تېپىلمىسا قەلەمفۇر يېغى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ .

## رەۋغىنى قودا

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : قودا دېگەن قۇشنىڭ يېغىنى ئاپتاپتا ياكى ئوتتا ئېرىتىپ چىگىرتىكىدىن ئايرىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، پەيىنى بوشىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : بېغىش ئاغرىش ، قورساق ئاغرىش ، قۇلۇنجى ، قەۋزىيەت ، يەل ماگدۇرۇش ۋە سوغۇقتىن بولغان كېسەللەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىرتتىن ياغلىنىدۇ .

ئەسكەرتىش : ياغ چىقىرىشقا ئاق رەڭلىك قودانى ئىشلىتىش لازىم . بۇ ياغنى سەپرا مىزاج ۋە ياش باللارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ .

قودا ئاساسەن ئۈچ خىل بولۇپ ، ئاق ، قارا ۋە كۆل رەڭ كېلىدۇ . ئاق رەڭدىكىسىنىڭ يېغى خۇش پۇراق بولىدۇ . گۆشى سوغۇق مىزاجلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

## زىمادى مۇپاسىل

تەركىبى : ئاق سەندەل ، قىزىل سەندەل ، ئىكلىلمەلىك ھەر بىرى 30 گرام ، ماما ئۇسارىسى 15 گرام ، ئاقاقىيا ، ئىزخىر چېچىكى ، ئەفيۇن ھەر بىرى 6 گرام ، زەفەر 3 گرام .

ياسىلىشى : قائىدە بويىچە سوقۇپ تاسقاپ ، تۇخۇم سېرىقى بىلەن خېمىر تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، ئىششىق ياندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان بوغۇم كېسەللىكلىرى ، نىقرەس ( كىچىك بوغۇملار ياللۇغى ) قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : سىرتتىن يەرلىك ئورۇنغا ابلىنىدۇ .

## زىمادى نىقرەس

تەركىبى : رەيھان ، ئاق لەيلى گۈلى ، ئىسبەغۇل ، ئارپا ئۇنى ، سورۇنجان ھەر بىرى 5 گرام ، تۇخۇم سېرىقى ۋە گۈل يېغى ئاز مىقداردا .
ياسىلىشى : قائىدە بويىچە يۇمشاق ئېزىپ ئازراق گۈل يېغى بىلەن يۇغۇرغاندىن كېيىن تۇخۇم سېرىقى قوشۇپ خېمىر تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : ئىششىق ياندۇرۇش ، ئاغرىق پەسەيتىش ، يەل تارقىتىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى ن قرەس ، مۇپاسىل ئاغرىقلىرىغا بېرىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇ ئاغرىغان جايغا سىرتىدىن چېپىلىدۇ .

## سۇفۇفى سورۇنجان

تەركىبى : سانا 110 گرام ، سورۇنجان 34 گرام ، شەترەنجى ھىندى 27 گرام ، زەفەر 3 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى ئۇندەك سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ .
تەبئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .
تەسىرى : بوغۇملاردىكى يەلنى يوقىتىپ ، بوغۇم ئاغرىقلىرىنى قالدۇرىدۇ . چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : بەلغەم ۋە سەۋدانىڭ ئۆزگىرىشىدىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرىغا

ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا تاماقتىن كېيىن 10 گرام ئىچىلىدۇ .

### سۇفۇفى سورۇنجان بارىد

تەركىبى : سورۇنجان مىسرى 40 گرام ، سانا 28 گرام ، قىزىلگۈل 24 گرام ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، پوستى ئېلىنغان تاتلىق بادام مېغىزى ھەر بىرى 12 گرام ، شېكەر 160 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ تالقان قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : سوغۇق .

تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، ئىششىق ياندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان مۇپاسىل ، بەل ـ پۇت ، قوللارنىڭ ئاغرىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ .

### سۇفۇفى سورۇنجان ھار I

تەركىبى : سورۇنجان 40 گرام ، سانا 28 گرام ، ئاق تۇربۇد 20 گرام ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، پوستىدىن ئايرىلغان بادام مېغىزى ھەر بىرى 12 گرام ، سەقمۇنىيا 4 گرام ، زەفەر 2 گرام ، قەنت ياكى شېكەر 20 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ تاسقاپ تالقان قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ئىسسىق .

تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، ئىششىق ياندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان ھەر خىل مۇپاسىل ( بوغۇم ئاغرىقلىرى ) ، بەل ئاغرىقلىرى ، پۇت ـ قوللارنىڭ ئاغرىقلىرىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 ~ 6 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ ، بالىلارغا ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىلىدۇ .

## سۇفۇفى نىقرەس

تەركىبى : جوۋنە ، ئەبھەل ( قارىغاي مېۋىسى ) ، سوزاپ ياپرىقى ، ئارپا باديان ، دۇقۇ ھەر بىرى 6 گرام ، ئوردان ، ئاچچىق بادام ، سۇنبۇل ، تاتلىق قۇستە ، يۇملاق زىراۋەندى ھەر بىرى 2 گرام .

تەسىرى : سوغۇقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرى ، سوغۇقتىن بولغان كىچىك بوغۇملار ياللۇغى ( نىقرەس ) لارغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ھەر قېتىمدا 3 گرام يەپ تۆت سائەتكىچە تاماق يېيىلمەيدۇ .

ئەسكەرتىش : بۇ دورىنى قىش پەسلىدە يېيىشكە باشلاپ ئوتتۇرا يازغا قەدەر داۋام قىلدۇرۇش لازىم .

## سۇفۇفى ئېرقۇننەسا

تەركىبى : سانا 18 گرام ، سورۇنجان 15 گرام ، شەترەنجى ھىندى 6 گرام ، زەفەر 2 گرام ، شېكەر بىر ھەسسە .

تەسىرى : ( ئولتۇرغۇچى سۆڭەك نېرۋا ئاغرىقى ) نى قالدۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : مەزكۇر دورا سىناقتىن ئۆتكەن نۇسخا بولۇپ ، مەخسۇس ئېرقۇننەسا كېسەللىكىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 9 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## شەربىتى بوغۇم مائۇلئۇسۇل

تەركىبى : ئۈزۈم 30 گرام ، ئەنجۈر 20 گرام ، باديان يىلتىزى پوستى ، كاسنى

يىلتىزى پوستى ، چىگسەي يىلتىزى ، بەرگى سوزاپ ھەر بىرى 10 گرام ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ، چىگسەي ئۇرۇقى ، باديان ھەر بىرى 6 گرام ، ئىزخىر ، رۇمباديان ھەر بىرى 3 گرام ، ھەسەل ، گۇلقەنتى 40 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنىڭ يېرىكلىرىنى چالا سوقۇپ ، 2 لىتر سۇغا چىلاپ قايىنىتىپ ، يېرىمى قالغاندا سىقىپ ، سۇزۇپ ، قازانغا يەنە قۇيۇپ ، گۇلقەنت سېلىپ بىر ئۇرلىتىپ ئىشلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : توسالغۇلارنى ئېچىش ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ، سۆگەك ۋە بوغۇملارنى بۇزىدىغان ۋە ئۆسمە پەيدا قىلىدىغان بۇزۇق خىلتنى تازىلاپ چىقىرىش ، ماددىلارنى تارقىتىش ، ئىشتىق ياندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ۋە مۇشۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100 — 50 م ل ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى مۇپاسىل مۇخرىج

تەركىبى : فونۇس 60 گرام ، ئەپىنۇلا 30 گرام ، كۆك ئۈزۈم 16 گرام ، بادام مېغىزى 15 گرام ، سانا 10 گرام ، باديان ، باديان يىلتىزى ، مارجان شوخلا ، قىرسىياۋشان ، گاۋزەبان ، سورۇنجان ، بابۇنە ، قامغاق ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، ھەمىشەباھار ئۇرۇقى ، شاھتەررە ، قىزىلگۈل ، كاسنى ئۇرۇقى ، كاسنى يىلتىزى ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ، تۇربۇد ھەر بىرى 6 گرام ، قەنتەريۇن ، رۇمباديان ، چىگسەي ئۇرۇقى ، چىگسەي يىلتىزى ، بىخ كەبىر ، زەنجىبىل ھەر بىرى 3 گرام ، گۇلقەنت 60 گرام .

ياسىلىشى : سانا ، فونۇس قاتارلىقلارنى 300 م ل سۇغا چىلاپ ، باشقا دورىلارنى چالا سوقۇپ 2 لىتر سۇغا 10 سائەت چىلىغاندىن كېيىن قايىنىتىپ يېرىمى قالغاندا ئوتتىن ئېلىپ ، يەنە بىر قاچىدىكى چىلانمىنى قوشۇپ بىللە سۈزۈپ گۇلقەنت ، بادام مېغىزىنى سېلىپ بىر ئۇرلىتىپ ئىشلىنىدۇ .

تەسىرى : توسالغۇنى ئېچىش ، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇپ نورمالسىز

خىلىتلارنى ھەيدەش ، يەل تارقىتىش ، ئىششىق ياندۇرۇش ، ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇ-سىيەتلىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرىغا بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### شەربىتى مۇنزىجى ئىرقۇنىسا

تەركىبى : ئۈزۈم 20 گرام ، چىلان 10 گرام ، شاھتەررە ، گۈلبىنەفشە ، كاسنى ئۇرۇقى ، كاسنى يىلتىزى ، پىرساۋشان ، تەرخەمەك ئۇرۇقى ، قىزىلگۈل ، باديان ، باديان يىلتىزى پوستى ، گاۋزەبان ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەر بىرى 3 گرام ، گۈلقەنت 20 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنىڭ يىرىكلىرىنى چالا سوقۇپ ، يۇمشاقلىرىنى سوقماي 1.5 لىتر سۇغا بىرىم كۈن چىلاپ قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ ، گۈلقەنت ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : نورمالسىز قاندىن بولغان ئىرقۇنىساغا ۋە كاسا ئاغرىقىنىڭ سەۋەبچى خىلتىنى پىشۇرۇش ( يېتىلدۈرۈش ) ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100 م ل ئىچىلىدۇ .

### مائۇلئۇسۇل بارىد

تەركىبى : سەرپىستان ، چىلان ھەر بىرى 30 دانە ، كاسنى ئۇرۇقى ، ئارپا باديان ھەر بىرى 15 گرام ، سورۇنجان 9 گرام ، كاسنى يىلتىزى پوستى ، باديان يىلتىزى پوستى ھەر بىرى 6 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 2 لىتر سۇ بىلەن يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ ، سىقىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان ھەر خىل بوغۇم ئاغرىقلىرىغا شىپا

بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 30 گرام گۇلقەنت بىلەن 100 م ل ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مائۇلئۇسۇل بۇزۇرى

تەركىبى : باديان يىلتىزى ، كاسنى يىلتىزى ، كەپە ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ھەر بىرى 15 گرام ، ئارپا باديان ، رۇمبادىيان ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ، جوۋىنە ، زىرە ، شۈمشا ھەر بىرى 6 گرام ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، سورۇنجان ، ماھىزەھرەج ، قەنتەريۇن ، ئادراسمان ، بوزىدان ، تۇربۇد ، غارىقۇن ، شەھمى ھەنزەل ھەر بىرى 5 گرام ، ئىزخىر ، سۇنبۇل ، ھەببى بىلسان ، ئۇد بىلسان ، قىلىن دارىچىنى ھەر بىرى 3 گرام ، قەنت 500 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 3 لىتر قايناقسۇغا بىر سوتكا چىلاپ ، يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ ، سۈزۈپ قەنت سېلىپ قىيام قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل ئىستىسقىلارنى ياندۇرىدۇ ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ ، بۆرەك ، بوغۇم ئاغرىقى ، بەل ئاغرىقى ، بوۋاسىر ، باش ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ .

## مائۇلئۇسۇل مۇپاسلى

تەركىبى : كەپە يىلتىزى پوستى ، چىگىسەي يىلتىزى پوستى ، باديان يىلتىزى پوستى ھەر بىرى 30 گرام ، رۇمبادىيان ، ئارپا باديان ، جوۋىنە ، سورۇنجان ، بوزىدان ، ماھىزەھرەج ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، شەھمى ھەنزەل ، شەترەنجى ھىندى ، قەنتەريۇن ھەر بىرى 15 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 2 لىتر سۇدا يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ ، سىقىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل بوغۇم ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەق-

سەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : دورىدىن 30 م ل ئېلىپ 3 م ل ئابدىمىلىك يېغى بىلەن ئىچىلىدۇ .

### مائۇلئۇسۇل هار

تەركىبى : ئەنجۈر ، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ھەر بىرى 60 گرام ، بادىيان يىلتىزى پوستى ، چىگىسەي يىلتىزى پوستى ، كاسنى يىلتىزى پوستى ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەر بىرى 30 گرام ، كاسنى ئۇرۇقى ، ئارپا بادىيان ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، سورۇنجان ، جوۋىنە ، زىرە ھەر بىرى 15 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 2 لىتر سۇدا يېرىمى قالغىچە قايىنىتىپ ، سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان ھەر خىل بوغۇم ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 100 م ل شەربەتكە 30 گرام قەنت سېلىپ ئىچىلىدۇ .

### مەتبۇخى پەۋاكىھ I

تەركىبى : ئەينۇلا 100 گرام ، كۆك ئۈزۈم 60 گرام ، فونۇس ، تەمرى ھىندى ھەر بىرى 50 گرام ، سانا ، بىنەفشە ھەربىرى 30 گرام ، سېرىق ھېلىيلە ، ھېلىيلە كابۇلى ، شاھتەررە ھەر بىرى 20 گرام ،كامازىريۇس 15 گرام ، بەلىيلە پوستى ، ئامىيلە ھەر بىرى 12 گرام ، تۇربۇد ، سورۇنجان ھەر بىرى 10 گرام ، غارىقۇن ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، بادىيان ، رۇمبادىيان ھەر بىرى 5 گرام ، قەنت 100 گرام .
ياسىلىشى : سانا ، تەمرى ھىندى ، فونۇسنى ئايرىم بىر قاچىغا چىلاپ 300 م ل قايناقسۇ بىلەن دەملەپ قويۇلىدۇ . باشقا دورىلارنىڭ قاتتىقلىرىنى سوقۇپ ، يۇمشاقلىرى بىلەن بىللە 2 لىتر سۇغا چىلاپ 12 سائەتتىن كېيىن قايىنىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ ، ئاۋۋالقى 3 خىل دورىنىڭ دەملىمىسىنى بىرلەشتۈرۈپ قازانغا قايتا قويۇپ ، قەنتنى سېلىپ بىر ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : تۇسالغۇلارنى ئېچىش ، يەللەرنى تارقىتىش ، ئىشتىھا ئاچىش ، ئىششىق ياندۇرۇش ، نور- مالسىز قويۇق خىلتلارنى سۈزۈپ چىقىرىش ، خىلتلارنى تەڭشەش ، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش ، ئاشقازان ـ ئۈچەيىنى تازىلاش ، قاننى تازىلاش ، ئاغرىق پە- سەيتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : كاسا ئاغرىقى ، ئىرقۇننەسا خاراكتېرىدىكى پۇت ئاغرىقىنىڭ سەۋەبچى خىلتىنى سۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ .

مىقدارى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100 ـــ 50 م ل دىن ئىچىلىدۇ .

### مەتبۇخى سورۇنجان I

تەركىبى : تەرەنجىبىن 60 گرام ، سورۇنجان 15 گرام ، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ، تەرخە- مەك ئۇرۇقى ، قوغۇن ئۇرۇقى ، چىلان ، فونۇس ، بادام مېغىزى ھەر بىرى 10 گرام ، گۈلبىنەفشە ، كاسنى يىلتىزى ، بادىيان يىلتىزى ، سەرپىستان ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، ھە- مىشەباھار گۈلى ، قىزىلگۈل ، سانا ھەر بىرى 6 گرام ، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ، گاۋزەبان ، پەرسىياۋشان ، مارجان شوخلا ھەر بىرى 5 گرام ، گاۋزەبان گۈلى 3 گرام ، قارا شېكەر ، گۈلقەنت ، خېمىرى بىنەفشە ھەر بىرى 20 گرام .

ياسىلىشى : سانا ، تەرەنجىبىن ، فونۇسنى ئايرىم بىر قاچىدا 500 م ل قايناقسۇغا چىلاپ قويۇلىدۇ . باشقا يىرىك دورىلارنى سوقۇپ ، يۇمشاقلىرى بىلەن بىللە 2 لىتر سۇدا 6 سائەت چىلاپ ، ئاندىن قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ يۇقىرىقى 3 خىل دورا چىلانمىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا گۈلقەنت ، قارا شېكەر ، بادام مېغىزى ، خېمىرى بىنەفشىنى سېلىپ بىر ئۆرلىتىپلا ئېلىنىدۇ .

تەسىرى : تۇسالغۇلارنى ئېچىش ، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش ، سەپرانى سۈرۈش ، ماددىلارنى تارقىتىش ، قىزىتما پەسەيتىش ، ئاغرىق پەسەيتىپ ، ئىش- شىقنى ياندۇرۇش ، يەل تارقىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئىككى يانپاش ۋە پۇت ـ قول بوغۇملىرىدىكى ئاغرىقنى يوقىتىش ھەمدە سەۋەبچى ماددىلارنى چىقىرىش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

**مەتبۇخى سورۇنجان I**

تەركىبى : تەرەنجىبىن 60 گرام ، سانا 20 گرام ، قىزىلگۈل ، سېرىق ھېلىيلە ھەر بىرى 12 گرام ، گاۋزەبان ، بادىرەنجبۇيا ھەر بىرى 10 گرام ، سورۇنجان ، باديان ، باديان يىلتىزى پوستى ، چىگسەي ئۇرۇقى ، رۇمباديان ، قەنتەريۇن ھەر بىرى 6 گرام ، گۈلقەنت 30 گرام .

ياسىلىشى : تەرەنجىبىندىن باشقا دورىلارنىڭ يىرىكلىرىنى چالا سوقۇپ 2 لىتر سۇدا 6 سائەت چىلاپ ، قايىنىتىپ يېرىمى قالغاندا سىقىپ سۈزۈپ ، تەرەنجىبىن چىلانمىسىنى قوشۇپ يەنە قازانغا قويۇپ ، 30 گرام گۈلقەنتنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : تۇسالغۇلارنى ئېچىش ، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش ، نورمالسىز خىلتلارنى سۈرۈش ، يەل تارقىتىش ، ئىششىق ياندۇرۇش ، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : قان ياكى سەپرانىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرىغا بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100 — 50 م ل ئىچىلىدۇ .

**مەتبۇخى ھېلىيلە II**

تەركىبى : سېرىق ھېلىيلە 50 گرام ، تۇربۇد ، بىسفايەج ھەر بىرى 30 گرام ، شاھتەررە 12 گرام ، سورۇنجان ، كاسنى ئۇرۇقى ، باديان ئۇرۇقى ، چىگسەي ئۇرۇقى ، قىزىلگۈل ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام ، شېكەر 30 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ 1.5 لىتر سۇغا چىلاپ بىر سائەتتىن كېيىن قايىنىتىپ ، سۈزۈپ شېكەر سېلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى: تۇسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش، كىچىك بوغۇملارغا چۈشكەن بۇزۇق ماددىلارنى تازىلاش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: ئىسسىقتىن بولغان ئۇششاق بوغۇملار ئاغرىقىغا بېرىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 م ل ئىچىلىدۇ.

### مەئجۇنى سورۇنجان

تەركىبى: تۇربۇت 30 گرام، ئاق بەھمەن، ماھى زەھرەج، بىخ كەبىر، زىرە، شەترەنجى ھىندى، سېرىق ھېلىيلە پوستى ھەر بىرى 22 گرام، سورۇنجان 20 گرام، قىزىلگۈل، كۈنجۈت، توم زەنجىبىل، سەقمۇنىيا ھەر بىرى 10 گرام، چىگسەي ئۇرۇقى، ئارپا بادىيان، ئاقمۇچ، ياپچان، تاشتۇز، پىننە، كۆپۈكى دەريا ھەر بىرى 5 گرام، بادام 40 گرام، ھەسەل 1 لىتر.
ياسىلىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ، يۇغۇرۇپ ئۈستىگە بادام يېغى سۈرۈپ تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىيتى: 2 ـ دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
تەسىرى: تۇسالغۇلارنى ئېچىش، بوغۇملاردىكى نورمالسىز خىلىتلارنى سۈرۈپ چىقىرىش، بېغىش ئىششىقلىرىنى ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان ھەر خىل مۇفاسىل كېسەللىكلىرىگە ۋە پۇت ـ قول، بەل ئاغرىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### مەئجۇنى يەھيا

تەركىبى: سورۇنجان 30 گرام، سانا 15 گرام، ئاسارۇن، زەنجىبىل، كۆك زىرە، فىلفىل ھەر بىرى 10 گرام، ھەسەل 250 گرام.
ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەسەلنى قىزدۇرۇپ كۆپۈكىنى ئېلىۋېتىپ دورىلارنى سېلىپ يۇغۇرۇلىدۇ.
تەسىرى: نورمالسىز بەلغەمنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئاشقازان خىزمىتىنى

ياخشلايدۇ، چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇپ بوغۇم ئاغرىقلىرىنى قالدۇرىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: بەلغەمدىن بولغان بارلىق بوغۇم ئاغرىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەببى ئازاراقى

تەركىبى: قارامۇچ، تازىلانغان كۈچۈلا ھەر بىرى 30 گرام، سەمغى ئەرەبى 6 گرام، فارفا 3 گرام.
ياسىلىشى: دورىلارنى ئۈندەك سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، بادىيان ئەرىقى بىلەن يۇغۇرۇپ قارامۇچ چوڭلۇقىدا ھەب تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.
تەسىرى: پەي ۋە گۆشلەرنى چىڭىتىش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىش، پەي ۋە بوغۇملار بوشاپ كېتىش، پۇت ـ قول ماغدۇرسىزلىنىش، مەنى تۇتالماسلىق، سۈيدۈك تېمىپ كېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە بىر قېتىم، 7 — 5 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ.
ئەسكەرتىش: كۆرسىتىلگەن مىقداردىن كۆپ ئىچىلسە پەيلەرنى يىغىۋالىدۇ. 12 ياشتىن تۆۋەن باللارغا بېرىلمەيدۇ!

## ھەببى بەرسا

تەركىبى: سورۇنجان، مەستىكى، ھېلىيلە پوستى، سەبرى، سانا ھەر بىرى 30 گرام.
ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، بادىيان سۈيىدە خېمىر قىلىپ ھەب تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى: پۇت ـ قول، سۆڭەك، بوغۇم ئاغرىقلىرىنى يوقىتىدۇ، نورمالسىز سەپرانى ھەيدەيدۇ، چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: سۆڭەك ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرىغا بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە بىر قېتىم 11 دانە ئىچىلىدۇ .

### ھەببى بەرىيۇما

تەركىبى : سەبرى ، تۇربۇد ھەر بىرى 24 گرام ، مۇقەل 9 گرام ، سېرىق ھېلىلە پوستى ، بوزىدان ، سورۇنجان ھەر بىرى 6 گرام ، رۇمبادىيان ، سەقمۇنىيا ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، كۈدە سۈيى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بوغۇم ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى تۇربۇد مۇسەككىن

تەركىبى : سېرىق ھېلىلە پوستى ، كەتىرا ھەر بىرى 3 گرام ، بىنەفشە ، قىزىلگۈل ، تۇربۇد ھەر بىرى 1.5 گرام ، ساقمۇنىيا ، شەھمى ھەنزەل ھەر بىرى 1 گرام .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بەلغەم ۋە سەپرانىڭ بىرىكىشىدىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرىنى قالدۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى سەبرى مۇسەككىن

تەركىبى : تۇربۇد 5 گرام ، سەبرى 3 گرام ، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى ، غارىقۇن ، شەھمى ھەنزەل ھەر بىرى 2 گرام ، تۇز ، مۇقەل ، كەتىرا ، رۇمبادىيان ھەر بىرى 1 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، چىگسەي سۈيى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بوغۇم ئاغرىقلىرى ، بوغۇم ياللۇغى ، لەقۋا قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## ھەببى سەكبىنەج

تەركىبى : كۈندۈر ، سەكبىنەج ، سەبرى ، غارىقۇن ، مۇقەل ھەر بىرى 10 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، سوزاپ سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ قارامۇچ چوڭلۇقىدا ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : نورمالسىز خىلتلارنى سۈرىدۇ ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ . بوغۇم ۋە سۆڭەكتىكى بۇزۇق يەلنى يۇمشىتىپ تارقىتىدۇ . ئىششىق ياندۇرىدۇ ۋە ئاغرىق پەسەيتىدۇ . بۇ دورا شەربىتى بوغۇم مائۇلئۇسۇلدىن كېيىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 دانە ئىچىلىدۇ .

## ھەببى سەمئۇلفار I

تەركىبى : سورۇنجان 15 گرام ، ئاق سەمئۇلفار 10 گرام ، لىمۇ قەغىزى 20 گرام .

ياسىلىشى : يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ زىغىر ، قىچىنىڭ شىرىسى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.2 گراملىق ھەب قىلىنىدۇ .

تەبىئىتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، يەللەرنى تارقىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئىسسىق ، سوغۇقتىن بولغان مۇفاسىل ( چوڭ بوغۇم ) ئاغرىقى ، بەل ئاغرىقلىرىغا ، يەللەرنى تارقىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 ـ 3 دانە ، چوڭلارغا 10 ~ 20 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ .

## ھەببى سورۇنجان I

تەركىبى : سورۇنجان ، تۇربۇد ھەر بىرى 4 گرام ، چىگسەي ئۇرۇقى ، سەبرى ، ماھى زەھرەج ھەر بىرى 3 گرام ، كەترا ، ھەببىنىل ، شەھمى ھەنزەل ھەر بىرى 1.5 گرام ، ئاشتوزى 1 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قاينىتىلغان چىگسەي ئۇرۇقى سۈيى بىلەن قاراموچ چوڭلۇقىدا ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى : ئاغرىق توختىتىش ، بېغىشلارنىڭ ئىششىقلىرىنى ياندۇرۇش ، پۈت ـ قول ئېغىرلىقىنى قالدۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : بارماق بوغۇملار ئاغرىش ، نىقرىس ، ئىر قۇنىسا ھەمدە كاسا ئاغرىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## ھەببى سورۇنجان I

تەركىبى : سورۇنجان ، تۇربۇد ، سەبرى 6 گرام ، ھەببۇلنىل ، غارىقۇن ، رۇمبادىيان ، چىگسەي ئۇرۇقى ھەر بىرى 3 گرام ، مۇقەل ، مەستىكى ھەر بىرى 1.5 گرام .

ياسىلىشى : ھەممە دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قاينىتىلغان چىگسەي ئۇرۇقى سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ ھەب ياسىلىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : تۇسالغۇلارنى ئېچىش ، نورمالسىز خىلىتلارنى سۈرۈپ چىقىرىش ، سۈيدۈك ھەيدەش ، قويۇق يەلنى پارچىلاپ يوقىتىش ، بوغۇمنىڭ يەللىك ئاغرىشىنى پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : بىلەك ، بويۇن ئومۇرتقىسى ياكى بەل ئومۇرتقىلىرىغا چۈشكەن ئۆسمە ياكى يەلنى يوقىتىش ، ئاغرىق پەسەيتىش ، ئىششىق ياندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 9 دانە ئىستېمال قىـ

لىنىدۇ .

ئەسكەرتىش : بۇ نۇسخا بىر قېتىمدىلا ئىچىلىدۇ . بۇنى ئىستېمال قىلغاندا ئاچچىقسۇ ، هاراق ، كونا گۆشتىن پەرھىز قىلىش كېرەك .

## ھەببى سورۇنجان Ⅱ

تەركىبى : سورۇنجان ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ھەر بىرى 20 گرام ، ئاق تۇربۇد بىلەن كۆشتە قىلىنغان شىگرىپ 8 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەرىقى باديان بىلەن خېمىر قىلىپ 0.2 گراملىق ھەب تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : بوغۇملاردىكى ئىششىقلارنى ياندۇرۇش ، ئاغرىق توختىتىش ، جاراھەتلەردىكى يىرىڭ ۋە سېرىق سۇلارنى كېمەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : پۇت ـ قول ، بوغۇم ئاغرىقلىرىغا ، ھەر خىل جاراھەتلەرگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1~5 ياشتىكىلەرگە 1~3 دانە ، 5~10 ياشتىكىلەرگە 3 ـ 7 دانە ، 10 ياشتىن چوڭلارغا 7 ـ 10 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ .

## ھەببى سورۇنجان مۇسەككىن

تەركىبى : سورۇنجان 15 گرام ، تۇربۇد 12 گرام ، سەبرى 9 گرام ، سەكبىنەج ، قەنتەريۇن ھەر بىرى 8 گرام ، ئاقىرقەرھا ، شەھمى ھەنزەل ، ئۇردان ، غارىقۇن ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : قارامۇچ چوڭلۇقىدا ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى : بوغۇم ئاغرىقى ، يانپاش ئاغرىقى ، بوغۇم ياللۇغىنى قالدۇرىدۇ ۋە سۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## ھەببى مۇپاسىل

تەركىبى : تۇربۇد ، ئىيارەچ پەيقەرا ھەر بىرى 3 گرام ، سورۇنجان ، مۇقەل ھەر بىرى 2 گرام ، شەھمى ھەنزەل ، ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى ، تۇز ، زەنجىبىل ، سەقمۇنىيا ھەر بىرى 1.5 گرام ، قىزىلگۈل ، رۇمبادىيان ، مەستىكى ھەر بىرى 1 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، كەتىرا سۈيى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بوغۇم ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 دانە ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## ھەببى مۇپاسىل سەۋداۋى

تەركىبى : سەبرى 12 گرام ، غارىقۇن ، بىسفايەج ھەر بىرى 10 گرام ، تۇربۇد 4 گرام ، سورۇنجان ، بوزىدان ، تۇز ، سەكبىنەج ھەر بىرى 2 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، سۇدا بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سەۋدا خاراكتېرلىك بوغۇم ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەرقېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## ھەببى مۇپاسىل ھار

تەركىبى : سانا ، تۇربۇد ھەر بىرى 30 گرام ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، كابۇلى ھېلىيلە پوستى ھەر بىرى 12 گرام ، سورۇنجان 6 گرام ، قەسبۇززەرىرە ، كەتىرا ، غارىقۇن ، تۇز ، ئەفتىمۇن ھەر بىرى 3 گرام ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، رۇمبادىيان ، سەقمۇنىيا ھەر بىرى 2 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ سۇ بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئېلىپ قايناقسۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى نىقرىس

تەسىرى : سورۇنجان 60 گرام ، مەستىكى 18 گرام ، زەنجىبىل ، پەرفىيۇن ھەر بىرى 12 گرام ، رۇمبادىيان ، زىرە ، ئاقمۇچ ، فىلفىل ، زاراڭزا مېغىزى ھەر بىرى 6 گرام ، قېلىن دارچىنى 3 گرام .

ياسىلىشى : ئارپا بادىيان سۈيى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بوغۇم ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى ئىترىيفىلى ئازاراقى

تەركىبى : قارا ھېلىلە ، سېرىق ھېلىلە ، ئامىلە پوستى ، بەلىلە پوستى ھەر بىرى 400 گرام ، بۇيا يوپۇرمىقى ، سېرىق ئۇت ( ئەفتىمۇن ) ، شاھتەررە ھەر بىرى 200 گرام ، كۈچۈلا تالقىنى 2 كىلو 300 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ھەسەل ياكى مۇقەل سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گراملىق ھەب قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : پەيلەرنى چىگىتىدۇ . بوغۇم ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ھۆللۈكتىن بولغان چوڭ ـ كىچىك بوغۇم ئاغرىقلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بالىلارغا 1 ـ 3 دانە ، چوڭلارغا 5 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ ، كۈندە بىر دانىدىن قوشۇپ 12 دانىغا چىققاندا يەنە كۈندە 1 دانىدىن كېمەيتىپ ئىچكۈزۈپ ئەسلى مىقدارىغا چۈشكەندە توختىتىلىدۇ .

# سۈيدۈك چىقىرىش ئەزالىرىغا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

## سۈيدۈك ماگدۇرغۇچى دورا ياسالمىلىرى

### ئەرىقى بادىيان

تەركىبى : بادىيان 1 كىلوگرام ، سۇ 5 لىتر .

ياسىلىشى : دورىنى بىر نەچچە قېتىم تاسقاپ ، پاكىزلەپ پار قازاندا 5 لىتر سۇ بىلەن قايىنىتىپ ، 3 لىتر پار سۈيى ئېلىنىدۇ .

تەبىئىيىتى : ئىسسىق .

تەسىرى : سۈيدۈك يولىدىكى توسالغۇلارنى ئېچىش ، سۈيدۈك ماگدۇرۇش ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل سۇلۇق ئىششىق ، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىش ، ئاياللاردىكى سۈت كەملىك قاتارلىقلاردا سۈيدۈك ھەيدەش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 ~ 5 ياشقىچە بولغانلارغا 5 ~ 10 م ل ، 5 ~ 10 ياشتىكىلەرگە 10 ~ 15 م ل ، چوڭلارغا 20 ~ 25 م ل ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ .

ئەسكەرتىش : بۇ ئەرەقنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەييارلاش لازىم . ئاياللار كۆپ ئىچسە مۇددەتتىن بۇرۇن خۇن كەلتۈرۈپ قويىدۇ .

### ئەرىقى كاسنى

تەركىبى : كاسنى 1 كىلوگرام ، سۇ 6 لىتر .

ياسىلىشى : كاسنىنى تاسقاپ ، پاكىزلەپ ، پار قازانغا سېلىپ ، مۇلايىم ئوتتا 3

لىتر ئەرەق تارتىلىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل سوغۇق .

تەسىرى : قىزىتما پەسەيتىش ، سۇيدۇك ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان ھەر خىل قىزىتمىلارغا بېرىلىدۇ . بۆرەك ، جىگەر ئىششىقلىرىدا سۇيدۇك ھەيدەش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 ~ 5 ياشتىكىلەرگە 10 ~ 15 م ل ، 5 ~ 10 ياشتىكىلەرگە 15 ~ 20 م ل ، چوڭلارغا 30 ~ 40 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

ئەسكەرتىش : قاينىتىشتا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ كۆيدۈرۈۋېتىشتىن ساقلىنىش لازىم .

## ئەرىقى كاكىنەج

تەركىبى : كاكىنەج 1 كىلوگرام ، سۇ 6 لىتر .

ياسىلىشى : دورىنى تاسقاپ ، پاكىزلەپ ، پار قازانغا سېلىپ ، مۆلايىم ئوتتا 3 لىتر ئەرەق تارتىلىدۇ .

تەبىئىيتى : سوغۇق .

تەسىرى : قاننى تازىلاش ، نەپەسنى نورماللاشتۇرۇش ، سۇيدۇك ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل كونا يارىلار ، زىققىنەپەس ، ئۈچەيدىكى قىلغۇرتلار ، سۇيدۇك كەلمەسلىككە بېرىلىدۇ ۋە بۆرەك كېسەللىكلىرىگە ، سۇيدۇك ھەيدەش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 ~ 5 ياشتىكىلەرگە 15 ~ 20 م ل ، 5 ~ 10 ياشتىكىلەرگە 20 ~ 25 م ل ، چوڭلارغا 30 ~ 40 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## ئەرىقى نىيلۇفەر

تەركىبى : نىيلۇفەر 1 كىلوگرام ، سۇ 6 لىتر .

تەييارلاش : دورىنى تاسقاپ ، پاكىزلەپ ، پار قازانغا سېلىپ ، مۇلايىم ئوتتا 3 لىتر ئەرەق تارتىلىدۇ .

تەبىئىيتى : سوغۇق .

تەسىرى : قىزىتما قايتۇرۇش ، سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان قىزىتما ، بەزگەك ، ئاپتاپ ئۆتۈش ، سۈيدۈك ئازىيىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 ~ 5 ياشتىكىلەرگە 15 — 20 م ل . 5 ~ 10 ياشتىكىلەرگە 20 ~ 30 م ل ، چوڭلارغا 40 ~ 50 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### باناۋۇقى ئىدرار

تەركىبى : چىگىسەي ئۇرۇقى ، سەۋزە ئۇرۇقى ، ئوردان ، تاغ چىگىسىيى ئۇرۇقى ، قارىغاي مېۋىسى ، ئاسارۇن ، جوۋىنە ، سۇنبۇل ، ئارپا بادىيان ، ئاچچىق بادام مېغىزى ، قۇستە ھەر بىرى 60 گرام ، قوغۇن ئۇرۇقى 30 گرام ، ئوشەق 9 گرام ، داۋا ( يۇلغۇن چېچىكى ) 3 گرام .

ياسىلىشى : ئوشەقنى بادىيان سۈيىدە ئېرىتىپ قالغان دورىلارنى تالقانلاپ ئارىلاشتۇرۇپ كۆمىلاچ قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ . بۆرەك ، دوۋساق تاشلىرىنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : سۈيدۈك مۇتلەق توختاپ قالغاندا 9 گرام ئېلىپ قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ .

### داۋائى مۇدىر

تەركىبى : قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى 30 گرام ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، دۇقۇ ھەر بىرى 8 گرام ، شېكەر 23 گرام .

ياسىلىشى : دورىلار تالقانلاپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : سۈيدۈك ھەيدەيدۇ ، سۈيدۈك يوللىرىنى تازىلايدۇ ، بۆرەك ، دوۋساق

تاشلىرىنى پارچىلايدۇ .
ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 2 قېتىمغا بۆلۈپ ئىستېمال قىلىنىدۇ

**داۋائى مۇدىرى بەۋل**

تەركىبى : رۇم بادىيان ، چىگىسەي ئۇرۇقى ھەر بىرى 9 گرام ، قەنت 12 گرام .
ياسىلىشى : دورىلار تالقانلاپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : توختاپ قالغان سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : يۇقىرىقى تالقاننى بىراقلا كاپ ئېتىپ ئۈستىدىن كاسنى ئۇرۇقى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، قىمىقۇ ئۇرۇقلىرى شىرىسى ئىچىلىدۇ .

**داۋائى ئۇسرۇلبەۋل**

تەركىبى : ئارپا بادىيان ، چىگىسەي ئۇرۇقى ھەر بىرى 8 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى 300 م ل سۇدا يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سىيىش قىيىنلاشقان بىمارلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 30 م ل ئېلىپ 15 گرام قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزىنى ئارىلاشتۇرۇپ ، مەلۇم مىقداردا قەنت سېلىپ تاتلىق قىلىپ ئىچىدۇ .

**سۇفۇفى خىرفە**

تەركىبى : تەرخەمەك ئۇرۇقى ، قاپاق مېغىزى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، خەشخاش ئۇرۇقى ، نىشاستە ، كەتىرا ، چۆچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى 9 گرام ، بەزىرۇلبەنجى 6 گرام ،

قەلت 1 ھەسسە .
ياسىلىشى : دورىلار تالقان قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ ، ئىچىشىشنى يوقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : زۆرۈر ۋاقىتتا 9 گرام ئېلىپ خەشخاش شەربىتى بىلەن ئىچىلىدۇ .

## سۇفۇفى كەرەفشى مۇدىر

تەركىبى : چىگىسەي ئۇرۇقى ، قوغۇن مېغىزى ھەر بىرى 12 گرام ، دۇقۇ 3 گرام ، ئاق شېكەر 8 گرام .
ياسىلىشى : دورىلار تالقان قىلىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈك ھەيدەپ ، سۈيدۈك يوللىرىنى تازىلايدۇ . تاش ھاسىل بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : تاماقتىن بۇرۇن 3 گرام ، تاماقتىن كېيىن 3 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## سۇفۇفى مۇدىر I

تەركىبى : ئۇرۇقى ئېلىنغان زىرىق 25 گرام ، مەستىكى ، ئەفسەنتىن ، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، باديان ، رۇم باديان ، رۇبىبۇسۇس ھەر بىرى 15 گرام ، سېرىق ئوت ، رەۋەن ھەر بىرى 10 گرام ، سۇنبۇل ، زە-فەر ھەر بىرى 3 گرام ، قەنت 30 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : ئىسسىققا مايىل .
تەسىرى : توسالغۇلارنى ئاچىدۇ ، سۈيدۈك ماگدۇرىدۇ ، بۆرەك ۋە جىگەرنىڭ ئىششىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ، جىگەر كېسەللىكلىرىدە ئىششىق ياندۇرۇش ، سۈيدۈك ھەيدەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرام ئىچىلىدۇ. كىچىك بالىلارغا 2 گرامغىچە ئىچكۈزۈلىدۇ.

سۇفۇفى مۇدىر I

تەركىبى: تەرخەمەك ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى، قوغۇن ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى، قاپاق ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى 20 گرام، سېمىز ئوت ئۇرۇقى 10 گرام، ئاق لەيلى ئۇرۇقى، ھەمىشە باھار ئۇرۇقى، پىرسياۋشان ھەر بىرى 6 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى ئۇندەك سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيىتى: سوغۇققا مايىل.

تەسىرى: سۈيدۈك ماگدۇرىدۇ، سۈيدۈك يولىنى تازىلايدۇ. ئىششىق ياندۇرىدۇ. قېتىپ قالغان ماددىلارنى چىقىرىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: سۈيدۈك يوللىرىنى تازىلاش، سۈيدۈك ماگدۇرۇش، ئىششىق قايتۇرۇش مەقسىتىدە مەخسۇس بۆرەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئېلىپ كاشكاپ بىلەن ئىچىدۇ.

سۇفۇفى مۇدىر I

تەركىبى: چىگىسەي ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام، شېكەر 30 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەسىرى: سۈيدۈك كۆپەيتىدۇ، سۈيدۈك يوللىرىنى تازىلايدۇ.

ئىشلىتىلىشى: سۈيدۈك كۆپەيتىش، سۈيدۈك يوللىرىنى تازىلاش، ئىششىق ياندۇرۇش مەقسىتىدە بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئېلىپ

كاشكاپ بىلەن ئىچىلىدۇ .

### قۇرسى مۇدىر

تەركىبى : كاسنى ئۇرۇقى ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 9 گرام ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، بادىيان ، رۇم بادىيان ، رۇبىۇسۇس ھەر بىرى 6 گرام ، قوغۇن ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ، ئۇرۇقى ئېلىنغان زىرىق ھەر بىرى 5 گرام ، رەۋەن ، سۇنبۇل ، زەفەر ، ئەفسەنتىن ، مەستىكى ھەر بىرى 3 گرام ، كافۇر 1 گرام ، شېكەر 180 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ قائىدە بويىچە قۇرس قىلىنىدۇ .

تەسىرى : سۈيدۈك كۆپەيتىدۇ ، بۆرەك ئاغرىشقا پايدا قىلىدۇ ، جىگەر ئىششىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ، جىگەر كېسەللىكلىرىدە سۈيدۈك ھەيدەش ، ئىششىق ياندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچىلىدۇ .

### مەئجۇنى تەمرى ھىندى

تەركىبى : ئۇرۇقىدىن ئايرىلغان تەمرى ھىندى 150 گرام ، ئاقلانغان تاتلىق بادام مېغىزى 30 دانە ، قۇرۇق سوزاپ ، سەقمۇنىيا ھەر بىرى 21 گرام ، زەنجىبىل 10 گرام ، قارامۇچ 9 گرام ، توغرىغۇ 3 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .

ياسىلىشى : تەمرى ھىندىنى سىركىگە بىر سوتكا چىلىغاندىن كېيىن قاينىتىپ پىشۇرۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۈستىدىن قالغان دورىلار تالقىنىنى سېلىپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى : سۈيدۈك تەسلىكتە كېلىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ ، قۇلۇنجىنى ئاچىدۇ

يەڭگىل دەرىجىدە ئىچىنى سۈرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش مەقتىسىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم 12 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەئجۇنى چەلغۇزە

تەركىبى : چىلغۇز مېغىزى 90 گرام ، ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى ، رەۋەن ، ئىزخىر ، ھەببى بىلسان ، رۇم باديان ، قىلىن دارچىنى ، زەفەر ، دارىچىنى ، تاغ چىگسەي ئۇرۇقى ، ئاسارۇن ، كامادەريۇس ھەر بىرى 9 گرام ، قۇرۇق پىننە 2 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : مەئجۇن تەييارلاش ئۇسۇلىدا مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تەسلىكتە سىيىشكە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 گرام ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ .

### مەئجۇنى مۇدىر

تەركىبى : باديان ، رۇم باديان ھەر بىرى 15 گرام ، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ، پەتەنگان ئۇرۇقى ھەر بىرى 10 گرام ، شېكەر 20 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قىيام قىلىنغان شېكەرگە ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى : سۈيدۈك كۆپەيتىدۇ . سىيگەندە ئېچىشىشنى يوقىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈك چىقىرىش يوللىرىنى تازىلاش ، سۈيدۈك ھەيدەش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىچىلىدۇ .

## سۈيدۈك ۋە مەنى تۇتالماسلىقتا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

**سۇفۇفى سەيلان**

تەركىبى: ئانارگۈلى، قىزىلگۈلى ھەر بىرى 15 گرام، سېمىز ئوت ئۇرۇقى 12 گرام، سېرىق چېچەك ئۇرۇقى، سوزاپ ئۇرۇقى، شاھى بەللۇت، كۇندۇر، سۇئىدى كوفى ھەر بىرى 9 گرام، رۇمىبادىيان، بەزىرىۇلبەنجى، مۇزا، زىرە ھەر بىرى 6 گرام، خورما ئۇرۇقى 3 گرام. قەنت بىر ھەسسە.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: مەنى ۋە مەزى (شىلىمشىلىق ھۆللۈك) سۈيۈقلۇقى چىقىپ تۇرۇش، سۈيدۈك تېمىتىپ تۇرۇشلارنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ

**سۇفۇفى سۇرئىتى ئىنزال**

تەركىبى: سوزاپ ئۇرۇقى 9 گرام، چاكىگال ئۇرۇقى، سەۋسەن يىلتىزى ھەر بىرى 6 گرام، ئانارگۈلى، قىزىلگۈل ھەر بىرى 5 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، تاسقاپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: مەنىنىڭ تېز كېتىشىنى تىزگىنلەيدۇ.

ئىشلىتىلىشى: مەنى تېز كېتىش ۋە ئۈزلۈكسىز يۇرۇپ كېتىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە بىر قېتىم 6 گرام ئېلىپ غورا سۈيى بىلەن ئىچىلىدۇ.

## سۇفۇفى سلسلبۇل

تەركىبى : ھەببۇلئاس ، سۇئدى كوفى ، كۇندۇر ، نارمىشكى ، ئانار گۈلى ، سەمغى ئەرەبى ، سۇنبۇل تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : تالقان قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سۇيدۇك تۇتالماسلىق ۋە دوۋساق ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىچىلىدۇ .

## سۇفۇفى كەشنىز II

تەركىبى : قورۇلغان جۇپتى بەللۇت 45 گرام ، گىل ئەرمىنى ، قورۇلغان يۇمغاقسۇت مېغىزى ، سەمغى ئەرەبى ، قىيمىقۇ ئۇرۇقى ( قورۇلغان ) ، كۇندۇر ھەر بىرى 6 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان تەييارلىنىدۇ .

تەبئىيتى : سوغۇق .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سۇيدۇك قېتىمىنى تەرتىپكە سېلىش ، سۇيدۇك بىلەن كەلگەن مەزى بېزى سۇيۇقلۇقى ۋە ئاق خۇن كېلىشنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## سۇفۇفى كەھرىبا

تەركىبى : كەھرىبا ، گىلى ئەرمىنى ، ئانار گۈلى ، ئاقاقىيا ، كۇندۇر ھەر بىرى 20 گرام ، ئەفيۇن 5 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيىتى : سوغۇققا مايىل .

تەسىرى : پات ـ پات سۈيدۈك قىستاشنى تەرتىپكە سېلىش، ھەيزنى نورماللاشتۇرۇش ، ئاق خۇننى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈك تۇتالماسلىق ، ئاق خۇن كېلىش ، ھەيز قالايمىقانلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچىلىدۇ . كىچىك باللارغا بېرىلمەيدۇ .

**سۇفۇفى ماسكېۋۇل**

تەركىبى : شاھى بەللۇت 150 گرام ، كۈندۈر ، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ، سەمغى ئەرەبى ، گۈل ئەرمەنى ھەر بىرى 30 گرام ، ئانار گۈلى ، يۇلغۇن مېۋىسى ھەر بىرى 15 گرام .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈك كۆپ كېلىش ، سۈيدۈك تېمىتىپ تۇرۇش ، كېچىسى سىيىپ قويۇش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : زۆرۈر ۋاقىتدا 9 گرام ئېلىپ قايناقسۇ بىلەن ئىچىلىدۇ .

**سۇفۇفى مۇغەللىز**

تەركىبى : قىزىلگۈل ، سوزاپ ئۇرۇقى ، چاكىگال ھەر بىرى 15 گرام ، ئانار گۈلى 12 گرام ، سېرىق چېچەك ئۇرۇقى 9 گرام ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى 6 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مەنىنى قويۇقلاشتۇرىدۇ ، تۇرمۇزلايدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 15 گرام يېيىلىدۇ .

### سۇفۇفى مۇمسىك بارىد

تەركىبى : سېمىز ئوت ئۇرۇقى 9 گرام ، ئىسبەغۇل كېپىكى 6 گرام ، قۇرۇق يۇمغاقسۇت 5 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان مەنى تېز كېتىشنى يوقىتىدۇ ۋە مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ناشتىدا سوغۇق سۇ بىلەن 3 گرام ئىچىلىدۇ .

### سۇفۇفى ئېھتىلام

تەركىبى : يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ، قەنت تەڭ مىقدارى .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان ئېھتىلامغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

مىقدارى : كۈندە 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### شەربىتى پەنجىنۇش

تەركىبى : تۇمۇر پوقى 90 گرام ، سىماق ، موزا ، ئانارگۈلى ، قىزىلگۈل ، قۇرۇق يۇمغاقسۇت ، كۈندۈر ، يالپۇز ھەر بىرى 30 گرام ، زەفەر ، مۇرمەككى ، زەمچە ھەر بىرى 3 گرام ، ئۈزۈم سۈيى 1.65 لىتر ، سۇ 3 ھەسسە ، قەنت 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : تالقان ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مەنىنىڭ تېز كېتىشىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 20 ـ 15 گرام ئىچىلىدۇ .

**مەئجۇنى ئاتايى**

تەركىبى: مەستىكى، كۇندۇر، جۇپتى بەللۇت، بەزرىرۇلبەنجى ھەر بىرى 30 گرام، ھەسەل 2 ھەسسە.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: سۈيدۈك تۇتالماسلىق، مەنى تۇتالماسلىق قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كاۋاپ بىلەن 6 گرام ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

**مەئجۇنى ئاقاقىيا**

تەركىبى: ئاقاقىيا، ئانارگۈلى ھەر بىرى 10 گرام، كۇندۇر 9 گرام، ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل پۈرچاق، قەسبۇززەرىرە، قىيمقۇ ئۇرۇقى، سەمغى ئەرەبى، تاباشىر، ئامۇت ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام، شېكەر 250 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئېرىتىلگەن ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ.

تەبئىيىتى: قۇرۇق سوغۇققا مايىل.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: سۈيدۈكنىڭ ئىختىيارسىز مېڭىپ كېتىشى ۋە ئۇخلىغاندا سىيىپ قويۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 3 گرام، بالىلارغا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

**مەئجۇنى بەللۇت**

تەركىبى: ئاقلانغان بەللۇت 45 گرام، قۇرۇق ئەنجۈر 15 گرام، سۇئدى كوفى، سىياھدان، لىچىندانە ھەر بىرى 9 گرام، كۇندۇر، ھەببۇلئاس، جويۇز، بەسباسە،

قـەلـەمـفـۇر ، قـارا ھېـلىيلە ھەر بىر 6 گرام ، قىچا ، مۇرمەككى ، سوزاپ ئۇرۇقى ھەر بىر 3 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

تـەسـىـر ۋە ئىـشـلـىتىلىشى : سۈيدۈك تۇتالماسلىقتا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم 9 ـ 15 گرام يېگۈزۈلىدۇ .

### مەئجۇنى بەۋل پىلپىرىش

تـەركـىـبى : ئاق زەنجىبىل ، زىنغىر ، ھېلىيلە كابولى پوستى ھەر بىر 30 گرام ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى 21 گرام ، زەمچە 9گرام ، مۇرمەككى ، كۈندۇر ، ئاقاقىيا ، شىيافى مامىسا ھەر بىرى 6 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

تـەسـىرى ۋە ئىـشـلىتىلىشى : ئۇخلىغاندا سىيىپ قويۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە كەچتە 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەئجۇنى خۇبسۇلھەدىد

تـەركـىـبـى : تازىلانغان ۋە يۇيۇلغان تۆمۈر پوقى 60 گرام ، شەۋكىران ( تېپىلمىغاندا بەزىرۇلبەنجى ) 20 گرام ، كۈندۈر 15 گرام ، تاباشىر 12 گرام ، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى 9 گرام ، بېھى شەربىتى 400 م ل .

يـاسـىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئېرىتىپ ئىلمان قىلىنغان بېھى شەربىتىگە سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇنى قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : سوغۇققا مايىل .

تەسىرى : سۈيدۈك ۋە مەنى تۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : تولا سىيىش ۋە مەنى تۇتالماسلىق كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىـشـلـىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 3 گرام ،

بالىلارغا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

### مەئجۇنى خۇبسۇلھەدىدمۇمسىك

تەركىبى : زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن خۇبسۇلھەدىد 60 گرام ، شەۋكران ، سىركىگە چىلاپ قورۇتۇلغان ئانار پوستى 15 گرام ، تاباشىر 12 گرام ، قورۇق يۇمغاقسۈت 9 گرام ، بىھى شەربىتى مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ بىھى شەربىتى بىلەن يۇغۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈك قېتىم سانىنى ئازايتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم 9 گرام ئېلىپ بىھى شەربىتى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مەئجۇنى كابابىچىنى

تەركىبى : كابابىچىنى ، فۇفەل ، سوئلەپ ، قەلەمفۇر ، سۇنبۇل ، مەستىكى ، جۇۋنە ھەر بىرى 15 گرام ، ھەسەل 350 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئېرىتىلگەن ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇلىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : سۈيدۈكنى تەرتىپكە سېلىش ، مەنىنى تىزگىنلەش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : تامچىلاپ سىيىش ۋە مەنى تۇتالماسلىق ، ئاق خۇن كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 3 گرام ،

بالىلارغا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## مەئجۇنى كۈندۇر I

تەركىبى : كۈندۇر ، ئانارگۈلى ، بەللۇت ، سىياھدان ، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، بەلىيلە پوستى ، قارا ھېلىيە ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، ئامىيلە ھەر بىرى 10 گرام ، ئاق زىرە ، تاغ زىرىسى ، جوۋنە ھەر بىرى 5 گرام ، ھەسەل 350 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئېرىتىلگەن ئىلمان ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : بەدەندىكى ئارتۇقچە ھۆللۈكنى يوقىتىش ، سۈيدۈك ۋە مەنى تۇتۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : پات ـ پات سۈيدۈك قىستاش ، سۈيدۈكنى تېمىتىپ ، سىپىرما تۇ- تالماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : بۇ دورىنى كاۋاپ بىلەن ئىستېمال قىلىش لازىم .

## مەئجۇنى گۈلنار

تەركىبى : كۈندۇر ، بەللۇت ھەر بىرى 60 گرام ، ئانارگۈلى 30 گرام ، سۇئدى كوفى ، زىرە ھەر بىرى 15 گرام ، ھەسەل 400 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئېرىتىپ ئىلمان ھالغا كەلتۈرلگەن ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : سۈيدۈك تۇتالماسلىق ، سۈيدۈك تېمىتىپ تۇرۇش ، ئاق خۇن كېلىش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : كۆپ سىيىش ۋە مەنى تۇتالماسلىقلاغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلار 5 ـ 3 گرام باللار 3 ـ 2 گرام ئىستېمال قىلىدۇ .

## مەئجۇنى ماسكەبۇل

تەركىبى : ئاقاقىيا ، ئانار گۈلى 9 گرام ، ھەببۇلئاس 8 گرام ، ئاق سەندەل ، قىزىل سەندەل ، قىزىل ماش ، قەسبۇززەرىرە ، قىيمىقۇ ئۇرۇقى ، سەمغى ئەرەبى ، تاباشىر ھەر بىرى 6 گرام ، كۈندۇر 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ جۇللاب قىيامى بىلەن يۇغۇرلۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى : سۈيدۈكنىڭ قېتىم سانىنى ئازايتىدۇ ، مەنىنى تورمۇزلايدۇ ، بولۇپمۇ ياشانغانلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 6 گرام ئېلىپ ، پاقلان كاۋىپى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مەئجۇنى مۇرمەككى

تەركىبى : زىغىر ، ھېلىيلە كابۇلى پوستى ھەر بىرى 30 گرام ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى 21 گرام ، زەمچە 9 گرام ، مۇرمەككى ، كۈندۈر ، ئاقاقىيا ، شىيافى مامىسا ھەر بىرى 7 گرام ، شېكەر 300 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەلتىن ئۆتكۈزۈپ ، قىيام قىلىنغان شېكەرنى ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : سۈيدۈك ۋە مەنىنى تۇتۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئورنىغا سىيىپ قويىدىغان ۋە مەنى تۇتۇلمايدىغان بىمارلارغا ئىشلىتىلىشۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلار 3 گرام ،

باللار 1 گرامدىن ئىچىدۇ .

## مەئجۇنى ھەببۇلغار I

تەركىبى : كۇندۇر ، سۇئدى كوفى ، خولىنجان ، زىرە ، ھەببۇلغار ، ھەببۇلئاس ھەر بىرى 15 گرام ، ھەسەل 250 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئېرىتىلگەن ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ئىسسىق .

تەسىرى : دوۋساق خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈك ئىختىياسىز مېڭىپ كېتىشكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلار 6 گرام ، باللار 2 گرام ئىچىلىدۇ .

## ھەببى مۇمسىك I

تەركىبى : ئۇغرى تىكەن 15 گرام ، ئەفيۇن 12 گرام ، جوزبوۋا ، قەلەمفۇر ، زەفەر ، مەستىكى ، قۇرۇتۇلغان بۇقا چۇيىسى ، دارىچىنى ، خۇسيەتۇسسۇئلەب ھەر بىرى 5 گرام .

ياسىلىشى : ئەفيۇن بىلەن بۇقا چۇيىسىدىن باشقا دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، بۇقا چۇيىسىنى ئىگەكدەپ ، ھەسەلدە ئېرىتىلگەن ئەفيۇن بىلەن 0.5 گراملىق ھەب تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : مەنى تۇتۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھۆل مىزاج كىشىلەردىكى مەنى يۇرۇپ كېتىش ، سۈيدۈك تۇتالماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا ئەھۋالغا قاراپ 1 ~ 2 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ . باللارغا بېرىلمەيدۇ .

## ھەبىي مومسلك I

تەركىبى : ئەفيۇن 12 گرام ، جويۇز ، قەلەمفۇر ، زەفەر ، مەستىكى ، قۇرۇتۇلغان بۇقا چۆيىسى ، خۇسسىيە تۇسسۇئىلەب ، دارىچىنى ، ئۇغرى تىكەن ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : بۇقا چۆيىسىنى ئىكەكدەپ ، باشقا دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، باديان سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.1 گراملىق ھەب تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : مەنى تۇتۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : مەنى تېز يۈرۈپ كېتىش ، سۈيدۈك تۇتالماسلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ .

## ھەبىي مومسلك II

تەركىبى : مالكەنگنى مىسرى ، جويۇز ، قەلەمفۇر ، ئەفيۇن ، بەزىرۇلبەنجى ، زەفەر ، ئادراسمان ئۇرۇقى ، كۆيدۈرۈلگەن نەشە ھەر بىرى 1 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ، ئەرىقى باديان بىلەن خېمىر قىلىپ 0.1 گراملىق ھەب تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : مەنى تۇتۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : مەنى تېز يۈرۈپ كېتىش ۋە سۈيدۈك تۇتالماسلىقتا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ئۇخلاشتىن 2 سائەت بۇرۇن 2 — 4 دانە ئېلىپ سۈت بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ .

ھەبىي ئىمساك I

تەركىبى : زەنجىبىل ، جويۇز ، كابابىچىنى ، ئاقىرقەرھا ، فىلفىل ھەر بىرى 50 گرام ، زەفەر ، ئەفيۇن ھەر بىرى 10 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، باديان ئەرىقى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.1 گراملىق ھەب تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .
تەسىرى : مەنىنى ۋە سۈيدۈكنى تۇتۇش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : مەنى يۇرۇپ كېتىدىغان ، سۈيدۈك تۇتالمايدىغان بىمارلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 ـ 3 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ .

## بۆرەك ، سۈيدۈك يولى ئاغرىش ۋە قان سىيىشقا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسانمىلىرى

### بانادۇق بۇزۇرى

تەركىبى : قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى 30 گرام ، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى 15 گرام ، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ، بەزرۇلبەنجى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، بادام مېغىزى ، كەتىرا ، نىشاستە ، رۇببۇسۇس ، خەشخاش ، گىل ئەرمىنى ، چىگىسەي ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى قائىدە بويىچە تەييارلاپ ، ئىسبەغول لۇئابى ياكى بېھى ئۇرۇقى لۇئابى بىلەن بانادۇق تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : سوغۇققا مايىل .
تەسىرى : جىگەر ۋە قان تومۇرلاردىكى توسالغۇنى ئېچىش ، ئىششىق ياندۇرۇش ،

جاراھەت پۈتتۈرۈش ، سۈيدۈك ھەيدەش ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش ، ئىسسىتما قايتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : يۈرەك ، دوۋساق ۋە سۈيدۈك يوللىرىدىكى ئاغرىقلار ، سىيگەندە ئېچىشىش ، ئاغرىش ، پاپ ـ پات سۈيدۈك قىستاش ، سۈيدۈك يولى ، دوۋساقتىكى يېقىمسىزلىقلارنى يوقىتىش ، بەلغەم بوشىتىش ، يۆتەل پەسەيتىش ، بۆرەك ، دوۋساق ۋە سۈيدۈك يوللىرىدىكى ئىششىقنى قايتۇرۇش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 دانە يېرىم پىيالە خەشخاش شەربىتى ياكى بىنەفشە شەربىتى بىلەن ئىچىلىدۇ .

**بانادۇقى مۇھەللىل**

تەركىبى : سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ، كاسنى ئۇرۇقى ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ھەر بىرى تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى قائىدە بويىچە تەييارلاپ ، ئىسبەغۇل لۇئابى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەبئىيىتى : ھۆل سوغۇق .

تەسىرى : سۈيدۈك ھەيدەش ، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئېچىش ، تومۇرلارنى تازىلاش ، سەپرا ۋە قاننى تىزگىنلەش ، ئىسسىقتىن بولغان تەپلەرنى پەسەيتىپ ، قىزىتما قايتۇرۇش ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش ، ئېچىششنى تۆگىتىپ ئىششىق قايتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈك ئېچىشىپ كۆيۈشۈپ كېلىش ۋە سۈيدۈك يوللىرىدىكى ئىسسىقنى ياندۇرۇش ، قىزىتما قايتۇرۇش ، ئۇسسۇزلۇقنى ، ئېچىششنى پەسەيتىش ، مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 9 گرام ئېلىپ تەرخەمەك سۈيى ياكى قاپاق سۈيى بىلەن ئىچىلىدۇ .

**تىلايى ئۆشنە**

تەركىبى : شىيافى مامىسا ، ئاقاقىيا ھەر بىرى 12 گرام ، ئۆشنە 6 گرام ،نوشۇدۇر ،

زەفەر ھەر بىرى 1 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، گۈل يېغى ۋە سىركە بىلەن ئا- رىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئەرلىك جىنسىي ئەزانىڭ قىچىشىشىنى يوقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يەرلىك ئورۇنغا چېپى- لىدۇ .

## داۋائى سىلسىلبەۋل

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : مۇۋاپىق مىقداردىكى تۇخۇم شاكىلى تالقىنىنى كالا يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈك تېمىپ كېلىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 3 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## سۇفۇفى خى

تەركىبى : خەشخاش ئۇرۇقى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 15 گرام ، سېرىق چېچەك ئۇرۇقى ، كەتىرا 6 گرام ، قەنت 1 ھەسسە .

ياسىلىشى : ھەممىنى سوقۇپ ئەلگەپ ، تالقان تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قان سىيىش ، سۈيدۈك يولىدىكى ئېچىشىش ، ئىسسىقتىن بولغان يۇتەللەرگە شىپا بولىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 15 گرامدىن ئىچىلىدۇ .

## سۇفۇفى شورا

تەركىبى : شورا قەلىمى ، قاقىلە ئۇرۇقى ھەر بىرى 21 گرام ، شېكەر 15 گرام .

ياسىلىشى : دورىلار سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ .

تەسىرى : سۈيدۈك يولىنى تازىلاش ، يىرىڭنى يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : كونا - يېڭى سىزلامنى ، بولۇپمۇ يىرىڭ ئېقىشنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچىلىدۇ .

### سۇفۇفى قەلەي

تەركىبى : كابابەچىنى ، قەلەي كۆشتىسى ھەر بىرى 20 گرام ، شېكەر 30 گرام .

ياسىلىشى : دورىلار سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ .

تەسىرى : سۈيدۈك يولىنى تازىلاش ، يېقىمسىزلىقلارنى يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : كونا سىزلامغا ، سۈيدۈكنىڭ ئېچىشىپ كېلىشىگە ئىشلىتىلىدۇ . بۇ دورىنى يېگەندە ئاچچىق ۋە يەللىك نەرسىلەرنى يېمەسلىك لازىم .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئېلىپ ، 30 گرام قېتىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### سۇفۇفى گىل

تەركىبى : گىلى مەختۇم ، خۇنسىياۋشان ، نىشاستە ، كۈندۈر ، قوغۇن مېغىزى ، تەرخەمەك مېغىزى ، قاپاق مېغىزى ، چىگسەي ئۇرۇقى ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى قىيامى ، يۇيۇلغان لوك ، رەۋەن ، چەلغوزە مېغىزى ، خەشخاش ئۇرۇقى ، بەزىرۇلبەنجى تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، تالقان تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ، دوۋساق جاراھەتلىرىگە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 6 گرام ئېلىپ بىنەفشە شەربىتى بىلەن ئىچىلىدۇ .

### سۇفۇفى مارجان

تەركىبى: يۇيۇلغان شادىنەج، خۇنسىياۋشان، مارجان، كەھرىبا، ئانار گۈل، زەمچە، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، گىل ئەرمىنى، گىل قەبرىسى تەڭ مىقداردا.

ياسىلىشى: دورىلار تالقان قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: قان سىيىشكە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: 6 گرام سىماق سۈيى بىلەن ئىچىلىدۇ.

### سۇفۇفى ھىر قەتۇلبەۋل I ( سۆزنەك تالقىنى )

تەركىبى: زىرە، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى ( پوستىدىن ئايرىلغان ) ھەر بىرى 160 گرام، سېرىق ياغ 80 گرام.

ياسىلىشى: زىرىنى پاكىزلەپ سوقۇپ سېرىق ياغ بىلەن قازاندا قورۇپ ئېلىپ، ئاندىن پوستىدىن ئايرىلغان يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: سۈيدۈك يوللىرى ۋە سۈيدۈك خالتىسىنى پاكىزلەش، يىرىڭنى ئازايتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: يىرىڭلىق سۆزنەككە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كىچىكلەرگە 3 ~ 4 گرام، چوڭلارغا 5 ~ 10 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

### سۇفۇفى ھىرقە تۇلبەۋل I

تەركىبى: قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى، ئۈزۈن ۋە قىسقا تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ( پوستىدىن ئايرىلغىنى )، كۆكنار ئۇرۇقى

ئېقى، ئەرمەپ يىلىمى، كەترا، بۇغداي كراخمالى ( نشاستە ) ، گىل ئەرمىنى ھەر بىرى 12 گرام، جۇگگو رەۋىنى 6 گرام.

ياسىلىشى: مېغىزلارنى پوستىدىن ئايرىپ يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىيىتى: سوغۇق.

تەسىرى: سۈيدۈك خالتىسى ۋە سۈيدۈك يوللىرىنى پاكىزلەش، سۈيدۈكنى كۆپەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: سۈزنەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: باللارغا 1 ~ 2 گرام، چوڭلارغا 5 ~ 10 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

## قۇرسى ئەنزىرۇت

تەركىبى: ئەنزىرۇت مەلۇم مىقداردا. بەزىلەر 24 گرام بۇغداي ئۇنى، 9 گرام كۆشتە قىلىنغان سىماپ، 2 گرامدىن ئەفيۇن، ئەنبەر، ئىپار قوشۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ياسىلىشى: دورىلارنى تالقانلاپ، گۇلاب بىلەن قۇرس تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: سىبلىس، كۆيۈك ۋە ھەر خىل جاراھەتلەرگە مەنبەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئاز مىقداردا يېسىمۇ بولىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇ دورىنىڭ قۇۋۋىتى ئىككى يىل. بەدەننى تازىلاش مەقسىتىدە يېگەندە، تۇزلۇق ۋە ئاچچىق نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىش لازىم.

## قۇرسى بەۋلۇددەم

تەركىبى: پەتەنگان ئۇرۇقى مېغىزى 12 گرام، نىشاستە، كەترا، ئانارگۇلى، ئامىيلە شىرىسى، خۇنسىياۋشان، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 3 گرام.

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، سېمىز ئوت ياكى پاقا يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ قۇرس تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .

تەسىرى : قان سىيىش كېسەللىكلىرىدە قان توختىتىش رولىنى ئوينايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : بۆرەك كېسەللىكلىرىدە سۈيدۈكتىن قان كېلىشكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 3 ـ 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئېلىپ سېمىز ئوت سۈيى ياكى پاقا يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### قۇرسى تىين

تەركىبى : گۈلى مەختۇم ، كەتىرا ، تاباشىر ، سەمغى ئەرەبى ، سەمغى پارسى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ مۇسەللەس بىلەن ، ئەگەر ھارارەت ئارتۇق بولغان بىمارلارغا ئىشلەتمەكچى بولسا ، ئىسبەغول لۇئابى بىلەن قۇرس قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قان سىيىش ۋە دوۋساق جاراھەتلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مەزكۇر قۇرستىن بىر دانە ئېلىپ مۇناسىۋەتلىك قايىنتىلمىلار بىلەن ئىچىلىدۇ .

### قۇرسى زىمچە I

تەكىبى : زىمچە ، كۆيدۈرۈلگەن بۇغا مۈڭگۈزى ، گىل ئەرمىنى ، كەتىرا ، ئانار گۈلى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 10 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قايناقسۇ بىلەن خېمىر قىلىپ قۇرس تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : بۆرەك ۋە دوۋساق جاراھەتلىرىنى پۈتتۈرۈش ، قان توختىتىش تەسە

رىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : بۆرەك جاراھىتى ، قان سىيىش ۋە بوۋاسىرغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 گرام ، بالىلارغا يېرىم گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

**قۇرسى زەمچە I**

تەركىبى : زەمچە ، خۇنسىياۋشان ، ئانارگۈلى ھەر بىرى 9 گرام ، كەتىرا ، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 6 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ سېمىز ئوت سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ قۇرس تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈكتىن قان كېلىشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 گرام ، بالىلارغا يېرىم گرام ئىچكۈزۈلىدۇ :

**قۇرسى كاكنەج I**

تەركىبى : تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى 30 گرام ، كاكنەج مېۋىسى ، چىگىتەي ئۇرۇقى ، كۈندۈر ، گىل ئەرمىنى ، سەمغى ئەرەبى ، خۇنسىياۋشان ، بەزىرۇلبەنجى ھەر بىرى 6 گرام ، ئەفيۇن 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قايناقسۇ ياكى مارجان شوخلا سۈيى بىلەن قۇرس تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ، ئىششىق ياندۇرۇش ، قان توختىتىش ، سۈيدۈك يولى ۋە دوۋساقتىكى جاراھەتنى پۈتتۈرۈش ، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش ، ئاغرىق

يوقىتىش ، سۈيدۈكتىكى قاننى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ، كىچىك بالىلارغا ھەر قېتىمدا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## قۇرسى كاكىنەج I

تەركىبى : تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى 36 گرام ، كاكىنەج 25 دانە ، چىگسەي ئۇرۇقى ، بەزىرۇلبەنجى ، ياۋا كەندىر ئۇرۇقى ، قىيمىقۇ ئۇرۇقى ، چەلغۇزە مېغىزى ، بادام مېغىزى ھەر بىرى 9 گرام ، ئارپابادىيان 6 گرام ، ئەفيۇن ، زەفەر ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، مارجان شوخلا سۈيى بىلەن قۇرس تەييارلىنىدۇ

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ، ئىششىق ياندۇرۇش ، جاراھەتنى پۈتتۈ- رۈش ، ئاغرىق يوقىتىش ، سۈيدۈكتىكى قاننى تۈگىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ۋە دوۋساق كېسەللىكلىرىدە سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشى ، قان سىيىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 4 گرام ، بالىلارغا ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## قۇرسى گۈلنار I

تەركىبى : نىشاستە ، كەتىرا ، تەرخەمەك ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى ھەر بىرى 1.5 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ، ئۆتكۈزۈپ خېمىر قىلىپ 0.5 گراملىق قۇرس قىلىنىدۇ .

تەسىرى : سۈيدۈك يوللىرىنى تازىلاش ، سۈيدۈكتىكى قاننى يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : قان سىيىش كېسەللىكلىرىگە بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىدە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## قۇرسى گىلى مەختۇم

تەركىبى : گىلى مەختۇم ، تاباشىر ، كەتىرا ، سەمغى ئەرەبى ، سېمىز ئوت ئۇ- رۇقى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى ھەر بىرى 15 گرام ، ئىسبەغول 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئىسبەغول لۇئابىدا خېمىر قىلىپ قۇرس تەييارلىنىدۇ

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ۋە دوۋساق يول' رىدىكى جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش ، قان سىيىشنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە ۋە يۇقىرىدىكى مەقسەتلەردە ئىش- لىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىدە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچىلىدۇ .

## قۇرسى مىلدە

تەركىبى : قوغۇن مېغىزى .تەرخەمەك مېغىزى ، قاپاق مېغىزى ھەر بىرى 60 گرام ، گىل ئەرمىنى ، سەمغى ئەرەبى ، كۈندۈر ، خۇنسياۋشان ھەر بىرى 30 گرام ، ئەف- يۇن 9 گرام ، چىگىسەي ئۇرۇقى 6 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ سۇ بىلەن يوغۇرۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈكتىن يىرىڭ كېلىشىنى يوقىتىدۇ ۋە شۇ مەق- سەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 23 م ل خەشخاش شەربىتى بىلەن ئىچىلىدۇ .

## مەرھەمی باسلىقۇن

تەركىبى : ئاق موم 2 ھەسسە ، زىفت ، چەلغوزە ھەر بىرى 1 ھەسسىدىن ، كونا زەيتۇن يېغى 3 ھەسسە ، قوي يېغى 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ياغلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مەرھەم قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش ، يىرىڭ ـ زەردابلارنى توختىتىش ، ئىششىق ياندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ .

## مەرھەمی تۇتىيا

تەركىبى : تۇتىيا ، ئاق موم ھەر بىرى 60 گرام ، گۈل يېغى 150 م ل .

ياسىلىشى : تۇتىيانى تالقانلاپ ، باشقا دورىلارغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ئەرلەر جىنسىي ئەزاسىدىكى جاراھەتلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىرتتىن سۈرتۈلىدۇ .

## مەرھەمی رال

تەركىبى : ئاق موم ، سېرىق ياغ ھەر بىرى 64 گرام ، كات ھىندى ، رال ، كافۇر ھەر بىرى 16 گرام .

ياسىلىشى : سېرىق ياغ بىلەن ئاق مومنى قازاندا ئېرىتىپ ، ياغ سوۋۇغاندىن كېيىن رالنى سېلىپ ، كات ھىندىنى ئايرىم يۇمشاق سوقۇپ قوشۇپ ، مۇلايىم ئوتتا بىر ـ ئىككى قېتىم قاينىتىپ ، ئۈستىگە كافۇر سېلىپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ ھەرھەم تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىتى : مۆتىدىل .

تەسرى : يىرىلىڭ يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل كونا يىرىڭلىق جاراھەتلەرنىڭ يىرىڭلىرىنى يوقىتىش، سۆيىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : جاراھەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ .

## مەرھەمى شىگرىپ

تەركىبى : كوجا ، ئاق موم ، سوپۇن ھەر بىرى 400 گرام ، شىگرىپ 320 گرام ، سۇ يېغى 10 لىتر .
ياسىلىشى : ياغنى قازانغا قۇيۇپ ، ئاق موم ، كوجىلارنى سېلىپ ئېرىتىپ ، سۇ. فۇننى قىرىپ قازانغا ئاز ـ ئازدىن چۇشۇرۇش ، قازاننى ئېلىپ ياغ سوۋۇغىچە شىگرىپنى ناھايىتى يۇمشاق سالايە قىلىپ سوۋۇغان ياغقا سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : مۆتىدىل .
تەسرى : جاراھەتلەرنى يۇمشىتىش ۋە ئېغىز ئالدۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : چىقان ، غەلۋىرەك ۋە ھەر خىل يىرىڭلىق جاراھەت ، ئىششىق قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش [illegible] ۋە ئۇسۇلى : جاراھەتنىڭ ئورنىغا قاراپ كۈندە بىر ـ ئىككى قېتىم چېپىپ تېڭىلىدۇ

## مەرھەمى مۇردارسەڭ

تەركىبى : مەدەستان 23 گرام ، كۈندۇر ، بازىروت ( مىلتىق دورىسى ) ، ئەنزەروت ، خۇنسىياۋ شان ، زىفت ھەر بىرى 6 گرام ، زەيتۇن يېغى 6 م ل .
ياسىلىشى : مەدەستاننى يۇمشاق سوقۇپ ، زەيتون يېغىنى قاينىتىپ پىشۇرۇپ ، قالغان دورىلارنى تالقانلاپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسرى ۋە ئىشلىتىلىشى : گۆش ئۈندۈرۈپ جاراھەت ئېغىزىنى پۈتتۈرۈشتە ئىنتايىن ياخشى تەسىرگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىرتتىن جاراھە

ئورۇنغا چېپىپ تېڭىلىدۇ .

### مەرھەمى نەۋرە

تەركىبى : ئۆلتۈرۈلگەن ئاھاك 100 گرام ، كافۇر 15 گرام ، سۇ يېغى 900 گرام .
ياسىلىشى : ئاھاكنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قازانغا سۇ يېغى قۇيۇپ ئۈستىگە كافۇر سېلىپ ئېرىتىپ ، ياغ سوۋۇغاندا ئاھاكنى سېلىپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : مۆتىدىل .
تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، ھارارەتنى چۈشۈرۈش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : چوڭ ـ كىچىك كۆيۈكلەر ۋە جاراھەتلەرگە سىرتتىن چېپىش ئۇچۇن بېرىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : جاراھەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ سىرتتىن يەرلىك ئورۇنغا ئىشلىتىلىدۇ .

### مەئجۇنى كاكنەج

تەركىبى : كاكنەج ( جۈگگو شوخلىسى ) مېۋىسى 25 دانە ، بەزىرۇلبەنجى ئۇ-رۇقى ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، بادىيان ھەر بىرى 21 گرام ، تاۋۇز ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى ، قىيمقۇ ئۇرۇقى ، قورۇلغان چەلغۇزە مېغىزى ، پىندۇق مېغىزى ، كەتىرا ، قورۇلغان ئاچ-چىق بادام مېغىزى ھەر بىرى 10 گرام ، زەفەر 3 گرام شېكەر ، 300 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قىيام قىلىنغان شېكەرگە سېلىپ قوچۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .
تەسىرى : سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ، ئىششىق ياندۇرۇش ، سۈيدۈك يولىنى تا-زىلاش ، جاراھەتنى پۈتتۈرۈپ قان توختىتىش ، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ئاغرىش ، ئېچىشىش ، سۈيدۈك يولى ئېچىشىپ ئاغرىش ، سۈيدۈك بىلەن قان كېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ، بالىلارغا

ھەر قېتىمدا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

### ھەببى سۆزنەك I

تەركىبى : نىلۇفەر ئۇرۇقى ، زىمچە ھەر بىرى 30 گرام ، ئۆزۈنچاق شورا ، لىپ چىندانە 15 گرام ، كەتھىندى 10 گرام .

ياسىلىشى : يۇمشاق سوقۇپ ، قارا شېكەر قىيامى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گراملىق ھەب قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : سۈيدۈك يوللىرى ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ . ئاغرىق پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سۆزنەك ۋە سۈيدۈك يوللىرى كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە بىر قېتىم 5 — 7 دانە ئىچىلىدۇ .

### ھەببى سوزنەك I

تەركىبى : جىنتىيانا ، نىلۇفەر ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، لىچىندانە ، ھەلىيلە ، بەلىيلە پوستى ، ئامىيلە ، سالاجىت ھەر بىرى 10 گرام .

ياسىلىشى : يۇمشاق سوقۇپ ، بانانىڭ مېۋەسۈيى ياكى يۇپۇرماق سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گراملىق ھەب قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : سۈيدۈك يوللىرى ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىش ، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : سۆزنەك ، سۈيدۈك يوللىرى كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 7 — 10 دانە ئىچىلىدۇ .

### ھەببى ھورمىل

تەركىبى : ھېلىيلە پوستى ، ئامىيلە ، سەكبىنەج ، مۇقەل ھەر بىرى 6 گرام ،

چىگىسەي ئۇرۇقى ، ئادراسمان ئۇرۇقى ، رۇمبادىيان ، مەستىكى ، زەفەر ھەر بىرى 3 گرام ، فەتراسالىيون ، پىننە ، ئىزخىر ، قۇستە ، زورنىباد ، دورنەج ئەقرەبى ، ئاسارۇن ھەر بىرى 2 گرام .

ياسىلىشى : سوزاپ سۇيى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مەزى بېزىنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ . يەل تارقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## بۆرەك ۋە دوۋسۇن كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياساملىرى

### سۇفۇفى ئاق لەيلى ئۇرۇقى

تەركىبى : ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى ، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ھەر بىرى 15 گرام ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى 12 گرام ، ھەمىشەباھار ئۇرۇقى ، پەرسياۋشان ھەر بىرى 10 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، تالقان قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : سوغۇق .

تەسىرى : زەھەر تارقىتىش ، سۈيدۈك ھەيدەش ، ئىششىق ياندۇرۇش ، قىزىتما قايتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : دوۋسۇن ۋە بۆرەك ئىششىقىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ، كىچىك باللارغا ھەر قېتىمدا 1.5 گرام ئىچىلىدۇ .

### سۇفۇفى بەزرىۇلبەنجى

تەركىبى : بەزرىۇلبەنجى ئۇرۇقى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ، قوغۇن ئۇرۇقى

مېغىزى ، قارا سونا ئۇرۇقى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 2 گرام ، ئەفيۇن 1 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، تالقان قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : سوغۇق .

تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، سۈيدۈك ھەيدەش ، قىزىتما پەسەيتىش ، زەھەر تارقىتىش ، ئىششىق تارقىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ۋە سۈيدۈكلۈك كېسەللىكلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىچىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : كىچىك بالىلارغا بېرىلمەيدۇ .

## سۇفۇفى تەررە

تەركىبى : تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى ھەر بىرى 15 گرام ، ئۇرۇقسىدىن ، ئاجرىتىلغان زىرىق 12 گرام ، كاسنى ئۇرۇقى ، سېرىق ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 9 گرام ، چىگسەي ئۇرۇقى ، ئارپا باديان ، رۇمباديان ، چۆچۈكبۇيا يىلتىزى ھەر بىرى 6 گرام ، رەۋەن ، كافۇر ، سۇنبۇل ، زەفەر ، ئەفسەنتىن ، مەستىكى ھەر بىرى 3 گرام ، يۇيۇلغان لوك 2 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، تالقان تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ۋە جىگەر ئىششىقلىرىنى ياندۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## سۇفۇفى مەسانە

تەركىبى : تەرخەمەك مېغىزى ، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى ، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ھەر بىرى 15 گرام ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى 12 گرام ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، ھەمىشەباھار ئۇرۇقى ، پەرسياۋشان ھەر بىرى 9 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ، ئەلگەپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : دوۋساقنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 9 گرام ئېلىپ جۇللاپ ياكى بىنەفشە شەربىتى بىلەن ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى باديان

تەركىبى : ئەنجۈر قېقى ، باديان ، رەۋەن ھەر بىرى 300 گرام ، قىزىلگۈل 60 گرام ، سېرىق ياغ 30 گرام ، ئاق شېكەر 500 گرام ، گۇلاب 200 م ل .

ياسىلىشى : باديان بىلەن ئەنجۈرنى 3 لىتر قايناقسۇغا بىر كېچە چىلاپ قاينىتىپ بىر ئۆرلىگەندىن كېيىن قىزىلگۈلنى سېلىپ 10 مىنۇت قاينىتىپ ، 1.5 لىتر سۈيى قالغاندا سۈزۈۋېتىپ سۈزۈلىدۇ . سوقۇلغان رەۋەننى گۇلاب بىلەن نەمدەپ ، سېرىق ياغ بىلەن ياغلىنىدۇ . سۈزۈلگەن دورا سۈيۈقلۇقىنى قازانغا قۇيۇپ يەنە قاينىتىپ قىنىت بىلەن قىيام قىلىپ ، ياغلانغان رەۋەننى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل ، زەھەرسىز .

تەسىرى : توسالغۇلارنى ئاچىدۇ ، ئىششىق قايتۇرۇپ ئاغرىق توختىتىدۇ . چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدۇ . ئىسسىتما چۈشۈرىدۇ . بىمارنىڭ روھىي ھالىتىنى ياخشىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : بۆرەك كېسىلى ، بۆرەك ۋە تال ئىششىقلىرى ، بوغۇملار ئاغرىش ، قان تۇكۇرۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 4 ـ 3 قوشۇق ئىچىلىدۇ .

### قۇرسى شەب

تەركىبى : زەمچە ، كۆيدۈرۈلگەن تاغ تېكىسىنىڭ مۈڭگۈزى ، گىل ئەرمىنى ، كەتىرا ، ئانار گۈلى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، قايناقسۇ بىلەن قورس قىلىنىدۇ .

تـەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : دوۋساق جاراھەتلىرى ، بوۋاسىر ۋە قان سىيىش قاتار-لىقلارغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلـىـتـىـش مـىـقـدارى ۋە ئۇسـۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مەئجۇنى جالىنۇس

تـەركـىـبى : قۇستە ، قۇستە بەھرى ، سۇنبۇل ، ئۇدبىلسان ، قەسبۇز زەرىرە ، ھەب-بۇلئاس ، زەنـجـىبىل ، سۇئدى كوفى ، خولىنجان ، قەلەمفۇر ، دارىچىنى ، سەلىخە ( قېلىن دارىـچـىـنـى ) ، ئاسـارۇن ، زەفـەر ، مەستىكى ھەر بىرى 30 گرام ، ئاقمۇچ ، لېچىندانە ھەر بىرى 12 گرام ، ھەسەل ئىككى ھەسسە .

ياسىلىشى : مەئجۇن ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تـەسـىـرى ۋە ئـىـشـلـىـتىلىشى : جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ . سوغۇقتىن بولغان بـۆرەك ، دوۋساق كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ ، ئومۇمىي بەدەننى ياخشىلايدۇ ، بەلغەمدىن بولغان كۆپ خىلدىكى كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام يېيىلىدۇ .

## مۇراببائى زەنجىبىل

تەركىبى : زەنجىبىل مەلۇم مىقداردا ، سۇ 1 ھەسسە ، ھەسەل 3 ھەسسە .

يـاسـىـلـىـشـى : زەنـجـىبىل ھۆل بولسا شۇ پېتى قاينىتىپ پىشۇرۇپ سۈزۈۋېلىپ ، مەزكـۇر سـۇغـا ھەسـەلـنـى قـويـۇپ قىيام قىلىپ ، ئۇستىدىن پىشۇرۇلغان زەنجىبىللەرنى سـېـلـىـپ ئارىلاشـتـۇرۇپ تەييارلىنىدۇ . ئەگەر زەنجىبىل قۇرۇق بولسا نەم يەرگە كۆمۈپ ئۈسـتـىـدىـن قـۇم تـۆكـۈپ 20 كۈنگە قەدەر كۈندە بىر قانچە قېتىم سۇ قۇيۇپ زەنجىبىلنى ئەسلى ھۆل ھالىتىگە قايتۇرۇپ ، ئاندىن مۇراببا تەييارلىنىدۇ .

تـەسـىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاندا ھاسىل بولغان سوغۇق يەللەرنى قوغلايدۇ .

دوۋساقنىڭ سوۋۇپ كېتىشىنى تۈزىتىپ سۈيدۈكنى ھەيدەيدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى سەھلىل ۋۇجۇت

تەركىبى : بىر يېرىم سوتكا سۇغا چىلاپ پوستى ئاجرىتىلغان تەمرى ھىندى مېغىزى 30 گرام ، قەنت 60 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ ھەب ياسىلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مەنى تېز يۇرۇپ كېتىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ . سەپرا مىزاجلىقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 2 دانە ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## بۆرەك ، دوۋسۇن ، سۈيدۈك يولى ، ئۆرۈقدان ۋە زەكەر كېسەللىكلىرىگە سىرتتىن ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

### ئابزەنى بىنەفشە

تەركىبى : بىنەفشە ، قىزىلگۈل ، نىيلۇفەر گۈلى ، ئاق لالە گۈلى ھەر بىرى 15 گرام ، بابۇنە ، تاۋۇز شاپىقى ، ئىكلىلمەلىك ، قورۇتۇلغان كاپوستا ھەر بىرى 9 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ بىر چېلەك سۇ بىلەن قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : يەل تارقىتىش ، ئاغرىق پەسەيتىش ، توسالغۇلارنى ئېچىش ، ئىششىق ياندۇرۇش ، يالىلۇغ قايتۇرۇش ، تاش پارچىلاش ، ئىسسىتما قايتۇرۇش ، سۈيدۈك ھەيدەش ، سۈيدۈك يولىنى تازىلاش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ، دوۋسۇن ، سۈيدۈك يولى كېسەللىكلىرى ۋە تاش چۆكمىسىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭ داسقا ئېلىپ بەلدىن تۆۋەن تەرەپ قىزىق پېتى چىلىنىدۇ .

## ئابزەمنى گۈل ياسەمەن

تەركىبى : گۈل ياسەمەن 30 گرام ، گۈل ياسەمەن يوپۇرمىقى 20 گرام .

تەسىرى : سۈيدۈك يوللىرىنى تازىلاش ، جاراھەتنى ساقايتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : سىزلام ۋە سۆزنەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى : ئاياللارغا ئىشلىتىشتە دورىلارنى 5 — 4 لىتىر سۇ بىلەن قاينىتىپ داسقا قۇيۇپ ، ئىسسىق پېتى جىنسىي ئەزا چىلىنىدۇ . ئەرلەرگە ئىشلىتىشتە ئاغزى چوڭ شىشىگە ئېلىپ جىنسىي ئەزا چىلىنىدۇ . كۈندە 3 — 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا يېڭىدىن تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ .

## ئابزەمنى ئىكلىلمەلىك

تەركىبى : ئىكلىلمەلىك ، بابۇنە ، قىزىلگۈل ، ئاق لالە گۈلى ھەر بىرى 30 گرام ، قۇرۇتۇلغان تاۋۇز شاپىقى ، پەرسىياۋشان ، ئۆشنە ، گۈلەۋسەن يىلتىزى ، بادىيان يىلتىز پوستى ھەر بىرى 15 گرام ، كاكىنەچ ، شۇمشا ھەر بىرى 12 گرام ، دۇقۇ ، نىلۇفەر گۈلى ھەر بىرى 6 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ ، بىر چېلەك سۇ بىلەن قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : يەل تارقىتىش ، توسالغۇنى ئېچىش ، سۈيدۈك ئۇلغايتىش ، ماددىلارنى تازىلاش ، ئىششىق ياندۇرۇش ، ياللۇغ قايتۇرۇش ، تاشلارنى پارچىلاش ، ئاغرىق پەسەيتىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ۋە دوۋساق كېسەللىكلىرىدە ، جۈملىدىن بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى چۈشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : چولك داسقا قۇيۇپ چىلىنىپ ئولتۇرىدۇ ، جىنسىي يولنى يۇيىدۇ . كۈندە 7 قېتىم ئىشلەتسە ياخشى . دورا تىرىپىنى كۈندە كەچتە جىنسىي يولغا ۋە دوۋسۇن ئۇستىگە قۇيۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ .

## خاكىستەرى كەدۇ

تەركىبى : كونا قاپاق مۇۋاپىق مىقداردا .

ياسىلىشى : كۆيدۈرۈپ كۈلى ئېلىنىدۇ .

تەسىرى : يارىنى قۇرۇتۇش ، پۈتتۈرۈش رولى بار .

ئىشلىتىلىشى : شەلۋەرگەن سىرتقى يارىلارغا ، زەكەر ، ئۇرۇقدان يارىلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : سىرتتىن يارىغا سېپىلىدۇ .

## رەۋغىنى خىسەك ( ئۇغرى تىكەن يېغى )

تەركىبى : ئۇغرى تىكەن 30 گرام ، زەنجىبىل 12 گرام .

ياسىلىشى : مەلۇم مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ ، 250 م ل كۈنجۈت يېغىدا ئارىلاشتۇرۇپ ، سۈيى كېتىپ يېغى قالغانغا قەدەر قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈكنىڭ تەستە كېلىشىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مەلۇم مىقداردا ئېلىپ دوۋسۇن ساھەسىنى ياغلايدۇ .

## زورۇرى ئەئزەم

تەركىبى : چاچ كۆمۈرى ( تولۇق كۆيدۈرۈلمىسى ) ، ئانار گۈلى ، بۇغا مۈڭگۈزى كۈلى ، چىلان ياپرىقى ، گىل ئەرمىنى ، كۈندۈر ، قەلەي ئۇپىسى ، يۇيۇلغان توتىيا ، بىر قانچە قېتىم قىزىتىلغان ۋە يۇيۇلغان مەدەستان ھەر بىرى 6 گرام ؛ ئېفىز ، گال

جاراھەتلىرىدىن ئۆزگە جاراھەتلەرگە ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە 6 گرام مەدەستان، 3 گرام سەبرى قوشۇلىدۇ .

ياسىلىشى : ناھايىتى يۇمشاق تالقانلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاكىلە ( يەپ ماگىدىغان يەل يارا ) گە شىپا بولىدۇ . جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش ، قىىنى توختىتىش ، گۆش ئۈندۈرۈش قاتارلىقلارغا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى : ئىنتايىن ياخشى تالقانلاپ جاراھەتلەرگە سېپىلىدۇ . سۆزنەككە ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە پەلكۈچ بىلەن سېپىلىدۇ .

## زورۇۋرى زەكەر

تەركىبى : سۈرمە مۇۋاپىق مىقداردا .

ياسىلىشى : سۈرمىنى سوقۇپ ئەلگەپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : يارىنى قۇرۇتۇش ۋە پۈتتۈرۈشتە ياخشى تەسىرگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : زەكەر ۋە ئۇرۇقدان يارىلىرىغا سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ .

ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىرتتىن يارىغا سېپىلىدۇ .

## زىمادى بىنەفشە

تەركىبى : قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى 30 گرام ، بىنەفشە يېغى 15 گرام .

ياسىلىشى : بۇ ئىككى خىل دورا بىرلەشتۈرۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : سۈيدۈك يوللىرىنى تازىلاش ، سىلىقلارشتۇرۇش ، سۈيدۈك يولىدىكى يېقىمسىزلىقنى يوقىتىش تەسىرگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈك تېمىپ تۇرۇش ، سىيگەندە ئېچىشىش ۋە سۆزنەك كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : دورا مەخسۇس ئەسۋاب ئارقىلىق سۈيدۈك يولىغا كىرگۈزۈلىدۇ .

## زىمادى خوسسۇيە I

تەركىبى: بابۇنە گۈلى، ئىكلىلمەلىك، ئاق لەيلى گۈلى، شپايى مامسا، بوش دەربەندى ھەر بىرى 20 گرام، گۈلبىنەفشە 15 گرام، ئاق سەندەل، قىزىل سەندەل ھەر بىرى 10 گرام، كۆك كاسىن سۈيى 60 م ل، گۈل ئەرىقى 30 م ل.

ياسىلىشى: قۇرۇق دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن 2 خىل سۇيۇقلۇق دورا بىلەن ياخشى ئارىلاشتۇرۇپ زىماد قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: ئىششىق قايتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: ئىسسىقلىقنىڭ زىيادىلىكىدىن بولغان، قىزىپ ئىششىپ قالغان ئۇ-رۇقدان كېسەللىكلىرىگە سىرتتىن چاپلىنىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇ كېسەلنى داۋالىغاندا سېمىز گۆش، قورۇلغان تاماق، يەل پەيدا قىلغۇچى، قان قىزىتقۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

## زىمادى خۇسسۇيە I

تەركىبى: ئاق لەيلى گۈلى، ئاق لەيلى يىلتىزى، قارا كۈنجۈت، زىغىر دانىسى، شۇمشا، ئىكلىلمەلىك، لوبىيا ئۇنى، مۇرمەككى، بابۇنە گۈلى، مۇقەل، سۇنبۇل ھەر بىرى 3 گرام، ئۇشەق، مىئەسائىلە ھەر بىرى 1.5 گرام، ئاق موم، ئۆچكە بۆرەك يېغى ھەر بىرى 20 گرام، گۈل يېغى 50 م ل.

ياسىلىشى: دورىلارنى ھاۋانچىدا سوقۇپ، ياغلارنى قوشۇپ ماسكە ياغدەك قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۇرۇقداننىڭ سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلىرىنى قايتۇ-رىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم يەرلىك ئورۇنغا چاپلاپ، بىمار

ئىسسىق يۆگىنىپ يېتىپ دەم ئالىدۇ .

زىمادى گۆردە I

تەركىبى : بابۇنە ، زىغىر ئۇرۇقى ، بۇغداي كېپىكى ھەر بىرى 30 گرام ، كۈنجۈت يېغى 60 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ 800 م ل سۇدا قاينىتىپ ، كۈنجۈت يېغىنى قوشۇپ زىماد تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : بۆرەك ۋە دوۋسۇن ئىششىقلىرى ۋە ھەرقانداق جايدىكى قاتتىق ـ يۇمشاق ئىششىقنى تارقىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ۋە دوۋسۇندىكى ئىششىق ھەمدە باشقا ئىششىقلىرىنى قايتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : سىرتتىن چاپلىنىدۇ .

زىمادى گۆردە II

تەركىبى : سېمىز ئوت كۆكى 100 گرام ، كېپەك 30 گرام ، كۈنجۈت يېغى 50 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ كۈنجۈت يېغىدا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ئىششىق قايتۇرۇش تەسىرگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : دوۋسۇن ئىششىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : سىرتتىن دوۋسۇنغا چاپلىنىدۇ .

زىمادى ھولبە

تەركىبى : شۇمشا ئۇنى ، لوبىيا ئۇنى تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : بىنەفشە سۈيىدە يۇغۇرۇپ زىماد قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئۇرۇق بېزى ئىششىقنى ياندۇرىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : سىرتتىن يەرلىك ئورۇنغا چاپلىنىدۇ .

## سۇفۇفى سوزاك

تەركىبى : كۆيدۈرۈلگەن زەمچە 13 گرام ، كۆيدۈرۈلگەن كۆكتاش 7 گرام .
ياسىلىشى : زەمچە بىلەن كۆكتاشنى قائىدە بويىچە كۆيدۈرۈپ ، يۇمشاق سوقۇپ ، تاسقاپ ، تالقان قىلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .
تەسىرى : سۈيدۈك يوللىرىنى پاكىزلەش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : سۈزنەككە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بۇ بىر كىشىلىك نۇسخا بولۇپ ، كۈندە 5 ~ 6 قېتىم ، ھەر قېتىمدا بىر گرام ئېلىپ قايناقسۇدا ئىرىتىپ ، ياخشى ئىرىگەندىن كېيىن ئالەت يۇيۇش ناسوسى بىلەن سۈيدۈك يولىغا ماڭدۇرۇپ يۇيۇلىدۇ . بۇ تالقان ئاچچىق ۋە غىدىقلاش تەسىرى بار . شۇڭا كۆپرەك سۇ بىلەن ئىرىتىپ يۇيۇش لازىم .

## سۇفۇفى مۇرەككەپ

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : موزا ، شىياغى مامىسا ، ئەنزۇرۇت ، ئانار گۈلى ، قىزىلگۈل ، ئانار خەمكى ، مەدەستان تېشى ، سەبرى ، كۈندۈر ھەر بىرى 10 گرامدىن ئېلىپ ئۈندەك سوقۇپ سۇفۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : يارىنى قۇرۇتۇش ، ئىششىق ياندۇرۇپ يارىنى پۈتتۈرۈش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : جاراھەتلەرگە سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ .

## سۇفۇفى ھار

تەركىبى : سېرىق ھېلىيلە پوستى ، بەلىيلە پوستى ، كۆيدۈرۈلگەن زەمچە ، موزا ، كۆپىكى دەريا ، ئايلىشى ، بىخ مارجان ، كۆيدۈرۈلگەن كۆك تاش ، بادام تاش پوستى ھەر بىرى 25 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .
تەسىرى : جاراھەتنىڭ ئۇششۇق گۆشلىرىنى يوقىتىش ، سۇلىرىنى قۇرۇتۇش ، پۈتتۈرۈش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : ئومۇمەن سىرتقا ئىشلىتىلىدۇ . سوغۇق يەلدىن بولغان تېرە جاراھەتلىرىگە ۋە گال ئاغرىقلىرىغا بېرىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئېھتىياجغا قار پ مەلۇم مىقداردا ئېلىپ يەرلىك ئورۇنغا سىرتتىن سېپىپ ئىشلىتىلىدۇ .

## سۇفۇفى ھىرقەتۇلبەۋل ( سۆزنەك تالقىنى ) I

تەركىبى : كۆيدۈرۈلگەن زەمچە 13 گرام ، كۆيدۈرۈلگەن كۆكتاش 7 گرام .
ياسىلىشى : ئاۋۋال زەمچىنى سوقۇپ قازانغا سېلىپ نورمال ئوتتا زەمچىنى ئېرىتىپ يەنە بىر ئازدىن كېيىن زەمچە قېتىپ قارغا ئوخشاش بولغاندىن كېيىن قازاندىن ئېلىپ سوۋۇتۇلىدۇ . ئاندىن كۆكتاشنى سوقۇپ قازانغا سېلىپ ئوتنى نورمال قالاپ قازاندىكى كۆكتاشنى ھاۋانچا تېشىدا ئاستا سالايە قىلىپ تۇرۇپ داۋاملىق قىزدۇرۇلسا كۈل رەڭ ھالەتكە كېلىدۇ . ئاندى ئۇنى ئېلىپ سوۋۇتۇپ ھەر ئىككىسىنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان [illegible]ىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرر[illegible] [illegible]ىسسىق .
تەسىرى : سۈيدۈك يوللىرىنى پاكىزلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : سۆزنەك كېسەللىكىدە يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بۇ بىر كىشىلىك نۇسخا بولۇپ ، دورىنى قايناقسۇدا ئېرىتىپ زەكەرنى ( يەنى ئىچىنى ) يۇيۇش ئەسۋابى بىلەن كۈندە 5 — 6 قېتىم يۇيۇپ بېرىلىدۇ .

## مەرھەمى ئاتىشەك

تەركىبى : تۇتىيا 60 گرام ، سىر ( شىگىرىپ ) 30 گرام ، چۆپچىنى 2 گرام ، ئوتتا كۆمۈپ پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ قائىدە بويىچە يۇمشاق ئېزىپ تۇخۇم سېرىقى بىلەن دورىلارنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەرھەم قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سىبىلىس كېسەللىكلىرى ئۈچۈن مەخسۇس قوللىنىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ .

### نۇتۇلى سوزاك

تەركىبى : ياسمەن گۈلى ياكى ياپرىقى مەلۇم مىقداردا .
ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى : مەلۇم مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ داسقا تۆ-كۈپ ، كۆيە ـ كۆيمەس ھالەتكە كەلتۈرۈپ دوۋسۇن ۋە جىنسىي ئەزالارغىچە چىلاپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سوزۇلما خاراكتېرلىك سىزلامغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

### ھەببى زەيبەق

تەركىبى : مۇقەل ، ئەرەب يېلىمى ، ئەنزۇرۇت ، رەۋەن ، تۇربۇد ھەر بىرى 15 گرام ، سىماب ( زەيبەق ) ، پىستە مېغىزى ، بادام مېغىزى ، ھۆل خىنە غولى ھەر بىرى 9 گرام ، غارىقۇن ، نىشاستە ، زەفەر ، مەستىكى ھەر بىرى 6 گرام ، كافۇر ، پارپى ، سەقمۇ-نىيا ھەر بىرى 3 گرام .
ياسىلىشى : سىمابنى لىمون سۈيىدە داۋاملىق ئەزگەندە ئۇششاق زەررىچىلەرگە ئايلىنىپ « ئۆلۈدۇ » . قالغان دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ تاسقاپ سىماپ زەررىچىلىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ 0.2 گرام ھەب ياسىلىدۇ .
تەبىئىيتى : مۆتىدىل .
تەسىرى : قاننى تازىلاش ، جاراھەتلەرنىڭ ھۆللۈكىنى تارتىش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى : سىفلىس ( ئاتەشەك ) ، جوزام ( ماخاۋ ) ، كونا جاراھەت ، ناسۇر ( ئاقما ) ۋە ئىسسىق ـ سوغۇقتىن بولغان تۈرلۈك يارىلارنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ .
ئەسكەرتىش : سىماب زەھەرلىك بولغاچقا بۇ ھەبنى ئىستېمال قىلغاندا ئۇنىڭ

ئەكس تەسىرىنى ياخشى كۆزىتىش لازىم. بەزىدە چىش تۈۋىنى كۆكەرتىۋېتىدۇ ھەتتا چىشنى بوشىتىپ تاشلايدۇ. شۇڭا ئېغىزنى داۋاملىق يۇيۇپ تۇرۇش، بەدەندە يەنە باشقا ئۆزگىرىشلەر بولسا ئىچىشنى توختىتىش لازىم.

## بۆرەك، سۈيدۈك خالتىسى ۋە يولىدىكى تاشنى چۈشۈرگۈچى دورا ياسالمىلىرى

### داۋائى مۇپەتتىت

تەركىبى: قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى، چىگىسەي ئۇرۇقى ھەر بىرى 30 گرام، جوھۇت تېشى، چەلغوزە مېغىزى، كەپە يىلتىزى پوستى ھەربىرى 5 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ، تالقان تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: دوۋسۇندىكى تاشلارنى پارچىلايدۇ، قويۇلۇپ قالغان سۈيدۈكنى سۈيۇلدۇرۇپ راۋانلاشتۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### داۋائى مۇپەتتىتۇلھاسات

تەركىبى: قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى، ئەينۇلا يىلتىزى، كاسنى ئۇرۇقى تەڭ مىقداردا.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: دوۋسۇندىكى تاشلارنى پارچىلايدۇ، قۇم، يىرىڭلارنى تازىلايدۇ، قىزىتما پەسەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1، ھەر قېتىم 6 گرام يەپ 45 م ل سىركەنجىبىن ئىچىدۇ.

## داۋائى يەرۇللا

تەركىبى : تاغ ياۋا ئۆچكىسىنىڭ قېنى مەلۇم مىقداردا .
ياسىلىشى : 4 ياشلىق ياۋا ئۆچكىدىن بىرنى بېقىپ كۈز پەسلى ئۈزۈم قىزىرىشقا باشلىغاندا بوغۇزلاپ ، دەسلەپكى ۋە ئاخىرىقى قېنىنى ئالماي ئوتتۇرىسىدىكى قېنىنى پاكىز قاچىغا ئېلىپ ، ئۇيۇغاندىن كېيىن ئۇششاق پارچىلاپ ، غەلۋىرگە يېيىپ قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سۆيدەك چىقىرىش ئەزالىرىدىكى تاشلارنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈنىگە 2 ـ 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 ـ 6 گرام ئېلىپ ، تۇرۇپ سۈيى ياكى چىگىسەي سۈيى بىلەن ئىچىدۇ .

## سۇفۇفى ھەجەرۇلیەھۇد

تەركىبى : قوغۇن مېغىزى ، تەرخەمەك مېغىزى ھەر بىرى 15 گرام ، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى 9 گرام ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى 6 گرام ، يەھۇدى تېشى 4 گرام ، نىشاستە ، كەتىرا ، ھەببۇلقولت ( بىر خىل تاش ) ھەر بىرى 3 گرام ، شېكەر پۈتۈن دورىلار ۋەزنىدە .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ، دوۋسۇندىكى تاشلارنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 9 گرام ئېلىپ نوقۇت سۈيى بىلەن ئىچىپ ، پالەك بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ ، 10 كۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ .

## سىركەنجىبىنى مۇپەتتىت

تەركىبى : تۇرۇپ پوستى 250 گرام ، كەپە يىلتىزى ، چىگىسەي يىلتىزى ھەر بىرى 120 گرام ، گۈلى سەۋسەن ، ئىگىر ، ئەنىسۇن ، فەترىسالىيون ، دۇقۇ ھەر بىرى 60 گرام ، سىركە 810 م ل ، شېكەر 300 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سىركىگە 3 سوتكا چىلاپ ، ئاندىن ئازراق سۇ قويۇپ يېرىمى قالغىچە قايىنىتىپ شېكەر بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ۋە دوۋسۇندىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### شەربىتى خەسەك

تەركىبى : ئوغرى تىكەننىڭ تولۇق پىشمىغان ئۇرۇقى 100 گرام ، قەنت 150 گرام ، ھەسەل 150 م ل .
ياسىلىشى : ئوغرى تىكەن ئۇرۇقىنى چالا سوقۇپ ، 500 م ل قايناقسۇغا بىر سوتكا چىلاپ ، يەڭگىل قايىنىتىپ ، سۈزۈپ ، سۈيىگە شېكەر بىلەن ھەسەلنى سېلىپ بىر ئۇرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : ئىسسىق .
تەسىرى : بۆرەك ۋە دوۋسۇندىكى تاشنى ئېرىتىپ چىقىرىدۇ ، يەلنى تارقىتىپ ، يەل تاشقاندىن بولغان قىچىششىنى باسىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ۋە دوۋسۇندا تاش پەيدا بولۇشقا ۋە ئېشەك يېمىگە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، چوڭلار ھەر قېتىمدا 3 قوشۇق ، كىچىك باللار 1 قوشۇق ئىچىدۇ .
ئەسكەرتىش : ھۆل ئوغرى تىكەن قوشۇلسا تەسىرى تېخىمۇ ياخشى .

### شەربىتى ھىليۇن

تەركىبى : ھۆل شوخلا ( مارجان شوخلا ) نىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى 1 ھەسسە ، قەنت 2 ھەسسە .
ياسىلىشى : شەربەت تەييارلاش ئۇسۇلى بىلەن تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ، دوۋسۇندىكى تاش پارچىلىرىنى پارچىلاپ

چىقىرىدۇ ، سۈيدەك تۇتۇلۇش كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم 30 ~ 45 م ل ئىچىلىدۇ .

### قۇرسى بۇزۇرى

تەركىبى : تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى 30 گرام ، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى 15 گرام قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ، ئاق لالە ئۇرۇقى ، تاتلىق بادام مېغىزى ( مېغىزى پوستىدىن ئايرىلغىنى ) ، كەتىرا ، نىشاستە ، رۇببۇسۇس ، خەشخاش ئۇرۇقى ، گىل ئەرمىنى ، چىگسەي ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام ، بەزىرۇلبەنجى ( مىلق دىۋانە ) ئۇرۇقى ، بىنەفشە ھەر بىرى 3 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، بىنەفشە سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ قۇرس تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىتى : 1 ـ دەرىجىدە سوغۇق .
تەسىرى : سۈيدۈك يوللىرىنى تازىلاش ، سۈيدۈك ئۇلغايتىش ، ياللۇغ قايتۇرۇش ، ئىششىق ياندۇرۇش ، ئاغرىق پەسەيتىش ، قىزىتما قايتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ئاغرىش ، سۈيدۈك يولى ئېچىشىش ، سۈيدۈك كەلمەسلىك قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، چوڭلار ھەر قېتىمدا 3 گرام ، بالىلارغا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

### مەئجۇنى ئەقرەپ

تەركىبى : كۆيدۈرۈلگەن چايان ( سېرىق ئېشەك ) ، كاكىنەج مېۋىسى ھەر بىرى 15 گرام ، قۇندۇز قەھرى 12 گرام ، قارىمۇچ ، فىلفىل ھەر بىرى 6 گرام ، جىنتىيانا 5 گرام ، زەنجىبىل 3 گرام ، ھەسەل 200 م ل .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە تۆكۈپ قوچۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : هۆل ئىسسىق .

تەسىرى : بۆرەك ۋە سۈيدۈك خالتىسىدىكى تاشنى ئېرىتىش ، سۈيدۈكنى ئۆل-ڭايتىش ، ياللۇغنى قايتۇرۇش ، چايان زەھەرىنى قايتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ۋە دوۋسۇندىكى تاشنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلار 5 گرام ، بالىلارغا 2 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

### مەئجۇنى مۇپەتتىتۇلھەسات

تەركىبى : ھەببى بىلسان ، ھەببۇلقولت ، ھەجورۇل ئىسپەنجى ( بۇلۇت تېشى ) ، چايان كۆلى ، كاكىنەج يىلتىزى مۇۋاپىق مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ھۆل ئۇغرى تىكەنىنىڭ سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ سايىدا قۇرۇتۇپ بۇنى 7 قېتىم تەكرارلاپ يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، 3 باراۋەر ھەسەل بىلەن خېمىر قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل ، قۇرۇققا مايىل .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : دوۋسۇندىكى تاشلارنى ئېزىش ۋە چىقىرىش تەسىرىگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچىلىدۇ .

### مەئجۇنى ھەجرولىيەھۇد I

تەركىبى : ھەجرۇلىيەھۇد 50 گرام ، تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى ، تەرخەمەك ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى ، قوغۇن ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى ، كاكىنەج ھەر بىرى 15 گرام ، ھەسەل 300 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھە-سەلگە سېلىپ قوچۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى: ھۆل سوغۇق.

تەسرى: بۆرەك ۋە سۈيدۈك خالتىسىدىكى تاشنى ئېرىتىپ چىقىرىش، ئىششىقنى ياندۇرۇپ زەھەرنى قايتۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش، سۈيدۈكنى ئۆلغايتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: بۆرەك ۋە سۈيدۈكتىكى تاشنى ئېرىتىپ چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، چوڭلارغا ھەر قېتىمدا 3 گرام، بالىلارغا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

## مەئجۇنى ھەجرۇلىيەھۇد I

تەركىبى: ھەجرۇلىيەھۇد 150 گرام، قاپاق ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ھەر بىرى 15 گرام، ھەسەل دورا ۋەزنىدە 2 باراۋەر.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەسەل بىلەن مەئجۇن قىلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۆت، بۆرەك، دوۋسۇندىكى تاشلارنى ئېرىتىپ بەدەندىن چىقىرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

## نۇتۇلى مۇپەتتىتۇلھاسات

تەركىبى: ئىكلىمەلىك، بابۇنە، قىزىلگۈل، ئاق لەيلى گۈلى ھەر بىرى 30 گرام، قوغۇننىڭ قورۇق ساپىقى، پىرسىياۋشان، ھەببۇلقەلت ھەر بىرى 21 گرام، ئۆشنە، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، باديان يىلتىزى ھەر بىرى 18 گرام، كاكىنەج، شۇمشا ھەر بىرى 12 گرام، ئەفسەنتىن 9 گرام، ياۋا سەۋزە ياپرىقى، نىلۇفەر ھەر بىرى 6 گرام، سۇ 6 لىتىر.

ياسىلىشى: دورىلارنى مەزكۇر سۇغا چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ قايىنتىپ تەي-

يارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ، دوۋسۇندىكى تاشلارنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئىلمان ھالدا بىمار ئولتۇرغۇزۇلىدۇ . سۇدىن چىققاندا چايان يېغى جىنسىي ئەزاغا 2 ـ 3 قېتىم تېمىتىلىدۇ .

## نۇتۇلى ھاسات I

تەركىبى : بابۇنە ، دەرمەنە تۇركى ، نەمام ، رەيھان ، بولۇ ( ئاناناس ) ياپرىقى ، كەپتەر مايىقى تەڭ مىقدىردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى مەلۇم مىقداردىكى سۇدا قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈك يولىدىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

بىمار قىزىق ھالەتتە دورىغا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ، دورا تىرىپىلىرى دوۋسۇنغا تېڭىلىدۇ .

## نۇتۇلى ھاسات I

تەركىبى : دەرمەنە تۇركى ، تۇرۇپ ياپرىقى ، بېدە ياپرىقى ، سوزاپ ، بابۇنە ، ئەفسەنتىن ، سۇنبۇل ، رەيھان ، ئاق لەيلى گۈلى ، نەمام ، چامغۇر ياپرىقى ، سېرىق چېچەك ، بولۇ ( ئاناناس ) ياپرىقى تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى : زۇتۇلى ھاسات I بىلەن ئوخشاش .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈك يولىدىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

## نۇتۇلى ھاسات II

تەركىبى : بىنەفشە ، قىزىلگۈل ، نىيلۇفەر ، ئاق لەيلى گۈلى ھەر بىرى 15 گرام ، ئۇغرى تىكەن ياپرىقى ، بابۇنە ، قوغۇن ساپىقى ، ئىكلىلمەلىك ، بولۇ ھەر بىرى 10 گرام .

ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى : نۇتۇلى ھاسات I بىلەن ئوخشاش .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈك يولىدىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

**ھەببى مۇپەتتىتۇلھاسات**

تەركىبى : ھەببى بىلسان ، تۇرۇپ ئۇرۇقى ، دۇقۇ ( ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى ) ، فەتراسالىيون ، كەپە يىلتىزى پوستى ، بادىيان يىلتىزى ، جاۋاشىر ، بادام مېغىزى ، ھەببۇلفار ، ئىزخىر ، سۇنبۇل ، سەلىخە ، ئۇسقوردىيۇن ( ياۋا سامساق ) ، ئادراسمان ، يۇملاق زىراۋەند ، جىنتىيانا ، ئاسارون ، قىرەدمەنا ، سەكبىنەج ، بەزىرۇلبەنجى ، مۇقەل ، قارىمۇچ ، ئىگىر تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلار تالقىنى بىلسان يېغىدا ياغلاپ مۇقەل ۋە سەكبىنەج ئېرىتمىسىدە ھەب قىلىنىدۇ ، ئەگەر مەزكۇر نۇسخىغا 1 گرام چايان كۈلى قوشۇۋېتىلسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ، دوۋسۇندىكى تاشلارنى ئېرىتىپ چۈشۈرىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بۇزۇرى شەربىتى بىلەن 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## شېكەر سىيىشقا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

**سۇفۇفى زىيابىت I**

تەركىبى : سەمغى ئەرەبى ، ئانارگۈلى ، سىماق ، بەللۇت ھەر بىرى 15 گرام ، نىشاستە ، كەتىرا ، ئۇسۇك ئۇرۇقى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، ئاق سەندەل ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : سوغۇق .

تەسىرى : ماددىلارنى قويۇقلىتىش ، بەدەننى قۇرۇتۇش ، تەشنالىقنى بېسىش ، سۈيدۈكنى ئازايتىش ، ئىچ توختىتىش ، قان توختىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : زىيابىت كېسەللىكىگە ۋە ئىچ سۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گىرام ، باللارغا بولسا 1 گىرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## سۇفۇفى زىيابىت I

تەركىبى : سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى ، قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى ، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى ، ئوغرى تىكەن ھەر بىرى 6 گىرام ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، سەمغى ئەرەبى ، تاباشىر ، رۇبىبۇسۇس ، نىشاستە ھەر بىرى 3 گىرام ، شېكەر 35 گىرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىشى : سۇفۇفى زىيابىت I بىلەن ئوخشاش .

ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گىرام ئىچىلىدۇ .

## قۇرسى زىيابىت I

تەركىبى : روبۇسۇس ، تاباشىر ھەر بىرى 30 گىرام ، قارا سونا ئۇرۇقى ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، قىزىلگۈل ، گىل ئەرمىنى ھەر بىرى 12 گىرام ، ئانارگۈلى 6 گىرام ، كافۇر 1 گىرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قايناقسۇ بىلەن خېمىر قىلىپ 0.5 گىراملىق قۇرس تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : سوغۇق .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قان تازىلاش ، سەپرا ۋە قاننى تىزگىنلەش ، سۈيدۈك مىقدارىنى ئازايتىش ، تەشنالىقنى بېسىش ، بۆرەك مىزاجىنى تەڭشەش تەسىرىگە ئىگە ۋە

زىيابىت كېسەللىكنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

قۇرسى زىيابىت I

تەركىبى : قىزىلگۈل ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، تاباشىر ، رۇببۇ-سۇس ، قارا سونا ئۇرۇقى ، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ھەر بىرى 10 گرام ، گىل ئەرمىنى ، ئاقاقىيا ، سەمغى ئەرەبى ، ئاق سەندەل ، ئانارگۈلى ھەر بىرى 6 گرام ، كافۇر 1.5 گرام .

ياسىلىشى : قۇرس ياساش قائىدىسى بويىچە 0.5 گراملىق قۇرس قىلىپ تەيـ-يارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : سوغۇق .

تەسىرى ، ئىشلىتىلىشى ۋە مىقدارى : قۇرسى زىيابىت I بىلەن ئوخشاش .

قۇرسى زىيابىت II

تەركىبى : ئىسبەغول 9 گرام ، ھەببۇلئاس ، تۇخمى ھومماز ھەر بىرى 6 گرام ، سەمغى ئەرەبى ، نىشاستە ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : ئىسبەغولدىن باشقا دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئىسە-غول لۇئابىدا خېمىر قىلىپ 0.5 گرملىق قۇرس تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : سوغۇققا مايىل ، مۆتىدىل .

تەسىرى : بۆرەك ۋە دوۋسۇننىڭ مىزاجىنى تەڭشەپ ، خىزمىتىنى نورماللاشتۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سۈيدۈك تېمىپ كېلىش ، زىيابىت كېسەللىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ، بالىلارغا بولسا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

# جىنسىي ئەزانى كۈچەيتكۈچى ۋە مەنى تۇتقۇچى دورا ياساملىرى

## جەۋارىش خۇبسۇلھەددىد

تەركىبى: تۇخمۇر قىرىندىسى 715 گرام، قارا ھېلىيلە، ھېلىيلە كابۇلى، شەترەنجى، چىگىسەي ئۇرۇقى، گۈلدارچىنى، سۇنبۇل تىب، جوزبۇۋا، زەنجىبىل، فىلفىلمايە، لېچىندانە، تاتلىق قۇستە، سەلىخە، قەلەمفۇر، بەسباسە، خولىنجان، نارمىشكى ھەر بىرى 20 گرام، بەلىلە پوستى، خالىس ئامىلە، جوۋىنە، قىزىل تۇرى، سېرىق تۇدرى، فىلفىل، ئاقلانغان كۈنجۈت، سەئدى كۇفى ھەر بىرى 12 گرام، ئىفار 6 گرام، ئەنبەر 3 گرام، ھەسەل يۇقىرىقى دورىلار ئېغىرلىقىنىڭ 2 ھەسسىسگە تەڭ، كالا يېغى 150 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى ئۇندەك سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئالدى بىلەن كالا يېغىدا تۇخمۇر قىرىندىسىنى، ئاندىن دورىلارنى سېلىپ قورۇپ ئاخىرىدا ئىپار، ئەنبەرنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇلىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: قان تولۇقلاش، باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنى تىزگىنلەش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: ئالەتنىڭ سۇسلۇقى، مەنى ئېقىپ توختىماسلىق، قانلىق بوۋاسىر قاتارلىقلارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرام ئېلىپ كالا سۈتى ياكى ئۈزۈم شەربىتى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جەۋارىش زەرئۇنى

تەركىبى: چىگىسەي ئۇرۇقى، چامغۇر ئۇرۇقى، سېرىق چېچەك ئۇرۇقى، جوۋىنە،

ئارپا بادىيان، قوغۇن ئۇرۇقى، بادىرەڭ ئۇرۇقى، چېكىسەي يىلتىزى، ھەببە قەلقەل مېغىزى، ھەببى زەلەم مېغىزى، نارجىل، چەلغۇزە مېغىزى، ھىلىيۇن ئۇرۇقى، بوزىدان، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، ئاق تۇدرى، قىزىل تۇدرى، شاقاقۇل، لىسانى ئەسافور (ئەرمىدۇن ئۇرۇقى) ھەر بىرى 15 گرام، زەفەر، كۇندۇز مەستىكى، ئۇد ھىندى ھەر بىرى 12 گرام، بەسباسە، قەلەمفۇر، فىلفىلمويە، كاۋاۋىچىنى، ئاقىرقەرھا، زەنجىبىل، بېدە ئۇرۇقى، زاغۇن، پىياز ئۇرۇقى، ھەببى رىشات، چاقىقاق، ئۇرۇقى، كۇدە ئۇرۇقى، خولىنجان، جويۇز، گۇلدارىچىنى، فىلفىل ھەر بىرى 9 گرام، تاغ پىيىزى، سۆلەپ، بۇقا چۇيىسى، قۇشقاچ مېڭىسى، خورما مېغىزى ھەر بىرى 6 گرام، ئىفار 2 گرام، قەنت 1 ھەسسە، ھەسەل 3 ھەسسە.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: مەنىنى كۆپەيتىپ، باھنى كۇچەيتىدۇ. يولۇننى، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: سوغۇق مىزاجلىقلار كۇندە 1 قېتىم 15 گرام يېگەندىن كېيىن ئۈستىدىن مائۇلئەسەل ئىچىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلار 6 گرام يەپ ئۈستىدىن شېكەر قوشۇلغان سۈت ئىچىدۇ.

### جەۋارىش زەرئۇنى مۇقەۋۋى

تەركىبى: زەنجىبىل، چامغۇر ئۇرۇقى، سەۋزە ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، زاغۇن، پىياز ئۇرۇقى، كۇدە ئۇرۇقى، خولىنجان، جويۇر، دارىچىنى، فىلفىل، بوزىدان ھەر بىرى 9 گرام، چاقىقاق ئۇرۇقى 6 گرام، ھىلىيۇن ئۇرۇقى، شاقاقۇل، قىزىل تۇدرى، ئاق تۇدرى، ئىپار، سەقەنقۇر، ئەرمىدۇن ئۇرۇقى (لىسانى ئەسافۇر) ھەر بىرى 3 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ، قەنتنى قىيام قىلىپ مەئجۇن ياسىلىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: يۈرەك، مېڭە، جىگەر، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. باھنى كۇچەيتىدۇ ۋە سۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۇندە 3 ~ 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### داۋائى دارچىنى

تەركىبى: دارىچىنى 30 گرام (سوقۇپ تاختا ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ)، كالا

سۈتى 280 م ل .

ياسىلىشى : ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سوغۇق مىزاج كىشىلەرگە ياخشى قۇۋۋەت بېرىدۇ . باھنى قوزغايدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئۇچكە بۆلۈپ بىر كۈندىلا ئىچىپ تۈگىتىلىدۇ .

## داۋائى مۇبەھھى

تەركىبى : تۇخۇم سېرىقى 20 دانە ، ئاقىرقەرھا ، قەلەمفۇر ، دارىچىنى ، زەنجىبىل ، خولىنجان ھەر بىرى 20 گرام ، ھەسەل 360 م ل .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : باھنى كۈرۈنەرلىك قوزغايدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مەئجۇن قىلىپ ھەر ئاخشىمى 1 قېتىم ، 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## رەۋغىنى ئاقىرقەرھا

تەركىبى : ئاقىرقەرھا 6 گرام ، دارىچىنى 3 گرام ، ئىفار 2 گرام ، ئەفيۇن 1.5 گرام .

ياسىلىشى : ھەممىسىنى سوقۇپ سىماب يېغى ياكى گۈلياسمەن يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ شىشە قاچىغا ئېلىپ 21 كۈن تومۇز ئاپتاپتا قويۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : جىنسىي ئەزا ، ئۇرۇق بېزى خالتىسى ، بەل ساھەسى ، ئالقان ۋە پۇت ـ قوللارنى ياغلىسا جىنسىي لەززەتنى ئاشۇرىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يۇقىرىقى ئەزالارنى ياغلايدۇ .

## رەۋغىنى سىر ( سامساق يېغى )

تەركىبى : تازىلانغان سامساق 450 گرام ، پەرفىيون ، ئاقىرقەرھا ھەر بىرى 135 گرام ، فىلفىل ، سوزاپ ھەر بىرى 30 گرام ، زەيتۇن يېغى 620 م ل .

ياسىلىشى : ھەممىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغانغا قەدەر قايىنىتىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : باھنى كۈچەيتىدۇ ، سوغۇقتىن بولغان ھەر خىل كېسەللىكلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ . پەي سۇسلۇقى ، بويۇن ئاغرىقى ، بوۋاسىر ، سۆيدۈك تېمىپ كېلىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ . چىرايىنى ياخشىلايدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدار ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىرتتىن باغلايدۇ .

## رەۋغىنى مۇرچ ( چۈمۈلە يېغى )

تەركىبى : سېرىق چۈمۈلە 1000 دانە ، كۈچۈلا يېغى 90 م ل .

ياسىلىشى : چۈمۈلىنى يىغىپ شىشىگە سېلىپ ، ئۈستىگە كۈچۈلا يېغىدىن قۇيۇپ 21 كۈن تومۇزنىڭ ئاپتىپىدا تورغۇزغاندىن كېيىن چۈمۈلىنى سۈزۈپ سىقىپ تاشلاپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ھەر خىل زەھەرلىك ھايۋانلاردىن چايان ، كۆك پىت ، يىلان ، ھەرىلەرنىڭ چېقىپ ، زەھەرلىنىشىدىن ساقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە . جىنسىي مۇئامىلىدە قۇۋۋەتسىز كىشىلەرگە ھەم گاسقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : چايان ، يىلان ، ھەرە ، كۆك پىت چاققانغا ، جىنسىي ئاجىزلىقتا ئالەتنى ياغلاشقا ، قولاق ئاغرىقى ۋە گاسلارغا ، چاچ ئاقىرىشقا ، بەرەس كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ياغلاش ياكى تېمىتىشقا بېرىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ياغلىنىدۇ ياكى تېمىتىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : چۆمۈلىلەر چوڭ ۋە قۇرۇق ئاق يەرنىڭ بولۇشى شەرت .

### سۇفۇفى كۇنجۇت

تەركىبى : كۇنجۇت ، قارا زىرە ، زەنجىبىل ھەر بىرى 30 گرام ، فىلفىل ، قارامۇچ ھەر بىرى 15 گرام ، لېچىندانە ، قاقىلە ھەر بىرى 9 گرام ، دارىچىنى 6 گرام ، قەنت 270 گرام .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : باھنى كۈچەيتىدۇ ، مەنىنىڭ سۇيۇلۇپ ۋە يۇرۇپ كېتىشىگە ئۈنۈم بېرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### شەربىتى ئەنجۈر رۇتەب

تەركىبى : ياخشى پىشقان ئەنجۈر 1.2 كىلوگرام ، نوقۇت 560 گرام ، دارىچىنى ، خولىنجان ، سۇنبۇل ، قەلەمفۇر ھەر بىرى 3 گرام ، زەفەر ، ھەسەل 810 م ل ، سۇ 5.4 لىتر .

ياسىلىشى : ئەنجۈر ۋە نوقۇتنى ئايرىم ـ ئايرىم سۇغا سېلىپ $\frac{1}{4}$ قىسمى قالغىچە قاينىتىپ ، پىشۇرۇپ مۇجۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ، ئۇستىدىن قالغان دورىلارنى خالتىغا قاچىلاپ سېلىپ ، قاينىتىپ سىقىپ ھەسەل سېلىپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بۆرەك دوۋسۇننى ياخشىلايدۇ ، مەنىنى كۆپەيتىدۇ ، باھنى كۈچەيتىدۇ ، بەل ئاغرىقىنى قالدۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 15 م ل ئىچىلىدۇ.

### شەربىتى گۆزەر

تەركىبى : تازىلاپ توغرالغان سەۋزە 3.2 كىلوگرام ، سونبۇل ، قەلەمفۇر ، خولىنجان ، دارىچىنى ھەر بىرى 3 گرام ، زەفەر 2 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : سەۋزىنى مەلۇم مىقداردىكى سۇ بىلەن قازاندا مەھكەم دۇملەپ ( خېمىر

بىلەن تۇۋاقنىڭ چۆرىسىنى چاپلاپ)، سۇس ئوتتا ئۇزۇن قاينىتىپ يۇمشاق پىشۇرۇلىدۇ ۋە ئېلىپ مىجىپ سۈيىنى ئېلىپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. زەفەردىن باشقا دورىلارنى خالتىغا قاچىلاپ مەزكۇر سۇ بىلەن قاينىتىلىدۇ. دورىلارنىڭ تەمى چىقىپ بولغاندىن كېيىن سىقىپ سۈزۈۋېلىپ ھەسەلنى قوشۇپ قىيام قىلىنىدۇ. زەفەرنى ئايرىم سالايە قىلىپ قىيامغا قوشۇلىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: باھنى كۈچەيتىدۇ، بەل ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

مىقدارى: ئەھۋالغا قاراپ ئىچىلىدۇ.

## مەتبۇخى تەرەنجىبىن

تەركىبى: چوڭ ئاق تەرەنجىبىن 90 گرام، يېڭى سېغىلغان قوي سۈتى 1440 م ل.

ياسىلىشى: تەرەنجىبىنگە چىلاشقۇدەك سۇ قۇيۇپ 5 ~ 10 مىنۇت تۇرغۇزۇپ، تەرەنجىبىن ئېرىگەندىن كېيىن سۈزۈپ قۇملىرىنى تازىلاپ، سۈتنى مۆلايىم ئوتتا قاينىتىپ ئۈستىگە ئاز ـ ئازدىن تەرەنجىبىن ئېرىتمىسى قۇيۇپ تاكى مائۇلئەسەل قىيامىغا ئوخشاش ھالغا كەلگىچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: باھنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: جىنسىي ئىقتىدارى تۆۋەنلىشىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: بىمارنىڭ ئەھۋالغا قاراپ كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 12 ~ 24 مل ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇ دورىنى ئىچكەندىن كېيىن يېڭى بېلىق گۆشلىرىنى پىياز بىلەن كاۋاپ قىلىپ قىزىق پېتى يەيدۇ. ئۈستىدىن مۇسەللەس ئىچىلىدۇ.

## مەئجۇنى باھ

تەركىبى: گاۋزەبان، قوغۇن ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام، رەيھان ئۇرۇقى، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن ھەر بىرى 12 گرام، قىزىلگۈل، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، سەۋزە

ئۇرۇقى ، چامغۇر ئۇرۇقى ھەر بىرى 9 گرام ، تەرەنجىبىن ياكى قەنت قىيامى مۇۋاپىق مىقداردا .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : باھنى كۈچەيتىدۇ ، يۈرەكنى ياخشىلايدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم 12 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

**مەئجۇنى بۇئەلى**

تەركىبى : بوزىدان ، قارىمۇچ 3 ھەسسە ، ھىلىۋ ، سەۋەز ئۇرۇقى ، قاقلە ، زاغۇن ، ئەرمىدۇن ئۇرۇقى ، كەرەمدانە 1 ھەسسە ، ئىغار $\frac{1}{6}$ ھەسسە ، ھەسەل 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : چىلغوزا يېغى بىلەن دورىلار تالقىنىنى نەمدەپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : باھنى كۈچەيتىشتە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ يېيىلىدۇ .

**مەئجۇنى بىينەزد**

تەركىبى : ئاقىرقەرھا ، قەلەمفۇر ، زەنجىبىل ھەر بىرى 23 گرام ، تۇخۇم سېرىقى ( پۇشۇرۇلغان ) 20 دانە ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل 360 مل .

تەسىرى : باھنى كۈچەيتىشتە زور ئۈنۈمگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : تاماقتىن بۇرۇن 1 قېتىم 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

**مەئجۇنى پۇلۇنيا**

تەركىبى : زەفەر 100 گرام ، بادام مېغىزى 60 گرام ، ئەفيۇن 40 گرام ، سۆئلەپ 36

گرام، قىزىل بەھمەن، جوز بۇۋا، بەسباسە، بادىيان ھەر بىرى 30 گرام، خولىنجان، دارچىنى، ئۇد بىلسان، ئاق بەھمەن ھەر بىرى 20 گرام، ئىفار 15 گرام قارامۇچ، بەزىرۇلبەنجى، پەرفىيۇن، سۇنبۇل، ئاقىرقەرھا، زەنجىبىل، قەلەمفۇر، ئەنبەر، كۈمۈش ۋەرەق ھەر بىرى 10 گرام، ئاق شېكەر 1 كىلوگرام، ئاق ناۋات 1.25 كىلوگرام، ھەسەل 2 لىتر.

ياسىلىشى: قۇرۇق دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ناۋات شىرنىسىدە ئېرىتىلگەن ئەفيۇننى سېلىپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلدە قىيام قىلىپ مەئجۇن ياسىلىدۇ.

تەبئىيىتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: باھنى كۈچەيتىش، مەنى تۇتۇش، مېڭە ۋە نېرۋا خىزمىتىنى تەڭشەش تەسىرگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: نېرۋا ئاجىزلىقى، جىنسىي ئاجىزلىق، مەنى تۇتالماسلىق، روھسىزلىق قاتارلىقلارغا بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 1.5 ~ 1 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەئجۇنى جالالى خوتەنى

تەركىبى: كەندىر غازىڭى 60 گرام، ئاقلانغان بادام مېغىزى 30 گرام، جويۇز، پوستى خەشخاش ھەر بىرى 12 گرام، گۈلدارچىنى 10 گرام، سۇنبۇل، لېچىندانە ئۇد ھىندى، مەستىكى رۇمى ھەر بىرى 6 گرام، ھەببۇلنىل 3 گرام، ئىپار 1 گرام، ھەسەل 300 م ل.

ياسىلىشى: بادام، ئىپاردىن باشقىلىرىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، بادامنى ئايرىم سوقۇپ، ئىفارنى قەنت بىلەن سالايە قىلىپ، ھەسەلنى ئېرىتىپ ئالدى بىلەن مېغىزنى، ئاندىن تالقاننى، ئاخىرىدا ئىفارنى سېلىپ تولۇق ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

تەبئىيىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: مېڭە ۋە بۆرەكنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش، مەنىنى قويۇقلىتىش، ئىختىيارسىز مەنى ئېقىشنى تىزگىنلەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: نېرۋا ئاجىزلىقى، مەنى تۇتالماسلىق كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچىلىدۇ.

### مەئجۇنى رەشىد

تەركىبى: كابابىچىنى، كۈندۈر، فۇفەل، سۆئىلەپ، قەلەمفۇر، سۇنبۇل، مەستىكى، جوۋىنە ھەر بىرى 30 گرام، ھەسەل 500 م ل.
ياسىلىشى: يۇقىرىقى دورىلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلىكتە سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى: چىقىرىش ئەزالىرى خىزمىتىنى ياخشىلاش، تامچىلاپ سىيىش كېسەللىكىنى داۋالاش، مەنىنى قويۇقلىتىش ۋە تۇتۇش، باھنى كۈچەيتىش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش، مەنى تۇتالماسلىق، جىنسىي ئاجىزلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرام ئېلىپ كالا سۈتى بىلەن ئىچىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۈندە 150 م ل نوخۇد شىرىسىگە 30 گرام ناۋات سېلىپ ئۆرلىتىپ ئىچسە تېخىمۇ مەنپەئەتلىك.

### مەئجۇنى زەرئۇنى

تەركىبى: قىزىل ۋە ئاق تۇدرى، قىزىل ۋە ئاق بەھمەن، بوزىدان، ئەرمىدۇن ئۇرۇقى، تاتلىق قۇستى، سۇئىدى ھىندى، سۇنبۇل ھەربىرى 120 گرام، قارامۇچ، فىلفىل، زەنجىبىل، نېپىز دارىچىنى، دارىچىنى، قەلەمفۇر، خولىنجان ھەر بىرى 40 گرام، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل 100 .4 لىتر.
ياسىلىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن تەييارلىنىدۇ.
تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.
تەسىرى: بەدەننى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش، پەيىنى چىڭىتىش، فالەچ، لەقۋالارغا شىپا بولۇش تەسىرىگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 ~ 1 ياشتىكىلەرگە 2 ~ 1 گرام، 10 ~ 5 ياشتىكىلەرگە 4 ~ 3 گرام، 10 ياشتىن

چوڭلارغا ئەھۋالغا قاراپ 6 ~ 5 گرام ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

### مەئجۇنى سۆئلەپ

تەركىبى: ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 60 گرام، پىستە مېغىزى، بادام مېغىزى، ئاق سەندەل، نارجىل مېغىزى، پىندۇق مېغىزى، چەلغۇزە مېغىزى، ھەببۇتۇلخوزرا مېغىزى، خەشخاش ئۇرۇقى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، ھەلىيە، كابۇلى پوستى (قۇرۇق)، قارا ھەلىلە (قۇرۇق)، قىزىلگۈل غۇنچىسى ھەر بىرى 6 گرام، مەرۋايىد، كۆيدۈرۈلگەن كەھرىبا، تاغ ياۋا ئۈزۈمى، پىستە گۈلى، سىپارى گۈلى، نەششە كەندىر ئۇرۇقى، بەسباسە، ئۇدى سەلىپ، خولىنجان، تاباشىر، كات ھىندى، بەللۇت مېغىزى، سەمغى ئەرەبى، مۇغىلان مېغىزى، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، شاقاقۇل مىسرى، ئانار گۈلى، سىفارى يىلتىمى، قۇرۇق يۇمغاقسۈت، سىيەتبەھلى، سۆئلەپ مىسرى، گۈلدارچىنى، شاكالسىز ئامىلە ھەربىرى 3 گرام، مەستىكى، پەتەم يىلتىمى ھەر بىرى 1.5 گرام، ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەق، ئەنبەر ھەر بىرى گرام، ئاق ناۋات 100 گرام، .ئالما شەربىتى، بېھى شەربىتى، ئانار شەربىتى، ئامۇت سۈيى قىيامى ھەر بىرى 120 م ل، مېۋىلەر شەربىتى (شەربىتى پەۋاكىھە) قىزىلگۈل گۈلابى ھەر بىرى 60 مل.

ياسىلىشى: مېغىز دورىلار ئايرىم سوقۇلىدۇ، قۇرۇق دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، يىلىم دورىلار ئايرىم گۈلاب بىلەن ئېرىتىلىدۇ، شەربەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ دورىلارنى سېلىپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: رەئىس ئەزالىرىنىڭ ۋە بۆرەكنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش، مەنىنى قويۇقلىتىش ۋە تۇتۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: ئىختىيارسىز مەنى يۈرۈپ كېتىش، مېڭە خىزمىتى ئاجىزلاش قا- تارلىقلارنى داۋالاشقا بېرىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 3 قېتىم، ھەر بىرى قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇ دورىنى ئىستېمال قىلغاندا ھۆل سوغۇق ھەمدە چۇچۇمەل نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىش لازىم.

## مەئجۇنى قۇرسى ئەپئا

تەركىبى: سۆئلەپ، زەنجىبىل، دارىچىنى ھەر بىرى 18 گرام، پىستە مېغىزى، تاتلىق بادام مېغىزى، نارجىل مېغىزى، پىندۇق مېغىزى، ئەنبەر، كۈمۈش ۋەرەق، ئىفار ھەر بىرى 6 گرام، كابابىچىنى، قەلەمفۇر، فىلفىل، توغرالغان پىلە، ئۆشنە، ئەنجىدان، تۆگە پىشلىقى، چىگسەي ئۇرۇقى، سېرىق چېچەك ئۇرۇقى، ھىليون ئۇرۇقى، كۈدە ئۇرۇقى، چامغۇر ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، بولۇ ئۇرۇقى، زاغۇن، بوزىدان، پارپا، چەلغۇزە مېغىزى، قاقىلە، لىچىندانە، تۇرۇپ ئۇرۇقى، خولىنجان، گۈلدارچىنى، ئاق تۇدرى، قىزىل تۇدرى، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، سەۋزە ئۇرۇقى، ھەببى قەلقەل، ئەرمىدۇن ئۇرۇقى، ئالتۇن ۋەرەق، تاغ پىيىزى، تەكرار چىلاپ، قۇرۇتۇلغان ئۇغرى تىكەن، قىچا، ئاقىر قەرھا ھەر بىرى 3 گرام، قۇرسى ئەپئا ئومۇمىي دورىلارنىڭ $\frac{1}{10}$ مىقدارىدا كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل 2 ھەسسە.

ياسىلىشى: مەئجۇن تەييارلاش ئۇسۇلىدا، تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: مەنىنى كۆپەيتىدۇ، ماغدۇرسىزلىقنى يوقىتىدۇ، جىنسىي ھەۋەسنى ئاشۇرىدۇ. بولۇپمۇ سوغۇق مىزاجلىقلار ۋە قېرىلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. مەنى تېز كېتىش، پەي سۇسلۇق قاتارلىقلارنى ياخشىلايدۇ، ساقلىقنى ساقلاشقا ياردەم قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: 12 ~ 15 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەئجۇنى كەھرىبا

تەركىبى: تەرخەمەك ئۇرۇقى مېغىزى 70 گرام، نەرجىل 40 گرام، گاۋزەبان گۈلى، ئاق سەندەل ئەسلى، سېمىز ئوت ئۇرۇقى، ئەتر ھەبەشى ھەر بىرى 18 گرام، جەۋزبەۋۋا 15 گرام، قىرقىلغان پىلە تالقىنى 10 گرام، ياقۇت، مەرۋايىد، كەھرىبا، كۈمۈش ۋەرەق، ئەنبەر جەدۋارچىنى، ئادەمگىيا ھەر بىرى 6 گرام، زەفەر 5 گرام، ئىپار

3 گرام، خالىس ئەفيۇن 2 گرام، ئالتۇن ۋەرەق 1.5 گرام، ئاق ناۋات 250 گرام، بېدىمشكى گۈلابى، گاۋزەبان گۈلابى ھەر بىرى 250 م ل، ھەسەل 200 م ل.

ياسىلىشى: ئالدى بىلەن جويۇزنى چوققىسىدىن تۆشۈك ئېچىپ، ئەفيۇننى پارچىلاپ سېلىپ ئاندىن تۆشۈكنى ئېتىپ تېشىدىن خېمىر يۆگەپ كالا يېغىدا يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر سارغىيىپ پىشقاندا خېمىرنى سويۇۋېتىپ، جوزبەۋىلارنى باشقا قۇرۇق دورىلار بىللە سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، باشقا دورىلارنىمۇ ئۆز شەرتى بىلەن سالايە قىلىپ گۈلابلار بىلەن ناۋاتنى قىيام قىلىپ ھەسەلنى ئېرىتىپ قوشۇپ يۇغۇرۇلىدۇ، شىشە قاچىغا ئېلىپ 40 كۈن تىندۇرۇلىدۇ.

تەبىئىيتى: ھۆل ئىسسىق.

تەسىرى: مېگە ۋە يۈرەك خىزمىتىنى كۈچەيتىش، كۆڭۈلنى ئېچىش، باھنى قوزغاش، مەنىنى قويۇقلىتىش ۋە تۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: نېرۋا ئاجىزلىقى، خەفەقان، جىنسىي ئاجىزلىق، مەنى يۈرۈپ كېتىش قاتارلىقلارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ئىسسىق مىزاجلىق كىشى كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 1.5 گرام، سوغۇق مىزاجلىق كىشى 3 گرام ئېلىپ ماددەتۇلھايات بىلەن كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەئجۇنى كۇندۇر I

تەركىبى: كۇندۇر، ئانارگۈلى، بەللۇت، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، سىياھدان ھەر بىرى 120 گرام، زىرە، تاغ زىرىسى، جۇۋىنە ھەر بىرى 60 گرام، بەلىيلە، ئامىلە، سېرىق ھېلىيلە، قارا ھېلىيلە ھەر بىرى 40 گرام، ھەسەل 2.820 لىتر.

ياسىلىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، سۈيدۈك، مەنى تۇتۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: ھۆل مىزاج كىشىلەرگە، سىيگەك، مەنى تۇتالماسلىق كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 ~ 1

ياشتىكىلەرگە 1 ~ 2 گرام، 10 ~ 5 ياشتىكىلەرگە 3 ~ 2 گرام، 15 ~ 10 ياشتىكىلەرگە 4 ~ 3 گرام، 15 ياشتىن چوڭلارغا ئەھۋالغا قاراپ 4 ~ 6 گرام ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئەسكەرتىش: كاۋاپ بىلەن بىرگە بىللە يېيىش لازىم.

### مەئجۇنى لوبوب

تەركىبى: نارجىل، بادام مېغىزى، پىستە مېغىزى، چەلغوزە مېغىزى، ھەببەتۇل خوزرا مېغىزى، چىگىت مېغىزى، كۈنجۈت ھەر بىرى 21 گرام، شاقاقۇل، خولىنجان، سۆئلەپ، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، ئاق تۇدرى، قىزىل تۇدرى، ئەرمىدۇن ئۇرۇقى، ئەركەك بېلىق (سەقەنقۇر) ھەر بىرى 9 گرام، ھەببى بىلسان، ھەببۇلبان، ئاقمۇچ، قوغۇن مېغىزى، تەرخەمەك مېغىزى، سەۋزە ئۇرۇقى، پىياز ئۇرۇقى، چامغۇر ئۇرۇقى، بېدە ئۇرۇقى، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى، ياۋا ساۋزە ئۇرۇقى، زاغۇن، سېرىق چېچەك ئۇرۇقى، كۈدە ئۇرۇقى، ھىليون ئۇرۇقى، ھۆل ئۇغرى تىكەن سۈيىگە چىلاپ قۇرۇتۇپ (بۇ 7 قېتىم تەكرارلىنىدۇ) ئۇغرى تىكەن، زەنجىبىل، بوزىدان، تاتلىق قۇستە، ھەببى زەلەم مېغىزى، دورنەج ئەقرەبى ھەر بىرى 6 گرام، دارچىنى، قەلەمفۇر، سۇنبۇل، ئاسارۇن، بەسباسە، كابابىچىن، سۇئدى كۇفى، گۈلدارچىنى، فىلفىل، ئۇد ھىندى، جويۇز، نارمىشكى ئەنبەر، زەفەر ھەر بىرى 5 گرام، ئىپار 2 گرام، ھەسەل 3 ھەسسە.

ياسىلىشى: مەئجۇن تەييارلاش ئۇسۇلىدا مەئجۇن قىلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: باھنى، يۈرەك، مېڭىنى كۈچەيتىشتە كۈچلۈك تەسىر قىلىدۇ. رەڭگى ـ رويىنى چىرايلىق قىلىدۇ، ئىرقۇننەسا، نىقرەس، مەنى يېتىشمەسلىك، پەي سۇسلۇقى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: 6 ~ 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### مەئجۇنى لوبوبى مۆتەدىل

تەركىبى: فىندۇق مېغىزى، پىستە مېغىزى، چەلغوزە مېغىزى، بادام مېغىزى، كۈنجۈت مېغىزى، قوغۇن مېغىزى، ئاق خەشخاش ئۇرۇقى ھەر بىرى 18 گرام، تەرخەمەك ئۇرۇقى، بەگىناي قوغۇن ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى ھەر بىرى 9 گرام، بوزىدان، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، ئەرمىدۇن ئۇرۇقى، خولىنجان، دارچىنى ھەر بىرى 6

گرام ، قەنت 180 گرام ، ھەسەل 280 م ل .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بۆرەكنى قىزىتىپ جىنسىي ھەۋەسنى قوزغايدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم 15 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مەئجۇنى لوئلوئى

تەركىبى : رۇم بادىيان ، ئاق بەھمەن ھەر بىرى 9 گرام ، مېھرىگىيا ، ئىزخىر ، سەئدى كۇفى ، يۇلغۇن مېۋىسى ، قېلىن دارىچىنى ، دارىچىنى ، ئاسارۇن ، مەستىكى ھەر بىرى 6 گرام ، كاكىنەج ، مەشقىپىچەك يىلتىزى ، سەمغى ئەرەبى ، كەتىرا ھەر بىرى 5 گرام ، تېشىلمىگەن مەرۋايىت ، مارجان ھەر بىرى 3 گرام ، ھەسەل 2 ھەسسە .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : جىنسىي ئەزانى قاتۇرىدۇ ، مەنىنى كۆچەيتىدۇ ۋە تورمۇزلايدۇ ، پەيلەرنى كۈچلەندۈرىدۇ ، كۆڭۈلگە خۇشلۇق پەيدا قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ئۇخلاشتىن بۇرۇن قايناقسۇ بىلەن 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مەئجۇنى مەسھا

تەركىبى : قەلەمفۇر 30 گرام ، ئاقمۇچ ، مەستىكى ، دارىچىنى ھەر بىرى 21 گرام ، ئاقىرقەرھا 18 گرام ، قاقىلە 12 گرام ، زەفەر ، نەششە ھەر بىرى 9 گرام ، ئىفار 2 گرام ، بادام يېغى 30 م ل ، ھەسەل 3 ھەسسە .
ياسىلىشى : دورىلار تالقىنىنى بادام يېغىدا ياغلاپ ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىشتىھانى ئاچىدۇ ، تاماق سىڭدۈرىدۇ ، مەنىنى كۆپەيتىدۇ ، باھنى قوزغايدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 3 ~ 6 گرام يېيىلىدۇ .

### مەئجۇنى مەسھا مۇكەييىب

تەركىبى: سۆئەلەپ 30 گرام، گۈلدارىچىنى، گاۋزەبان، قىزىلگۈل ھەر بىرى 15 گرام، ئۆشنە 12 گرام، خولىنجان، كابابىچىنى، قەلەمفۇر، سۇنبۇل، قاقىلە، نارجىل، جويۇز، فەرەنجمىشكى، جۇيزە پوستى، مەستىكى، ئەرمىدۇن ئۇرۇقى، بەسباسە ھەر بىرى 9 گرام، تىبشلىمگەن مەرۋايىد، سازەج ھىندى، سەئدى كۇفى، ئەنبەر ھەر بىرى 6 گرام، لەئلى، كەھرىبا، مارجان، فىلفىل، زەنجىبىل ھەر بىرى 3 گرام، ئالتۇن ۋەرەق، كۈمۈش ۋەرەق، ئىپار ھەر بىرى 2 گرام، نەششە يىغى 90 مل.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: باھنى كۈچەيتىش، مەنى تورمۇزلاش تەسىرى ياخشى ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر بىر قېتىمدا 2 ~ 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### مەئجۇنى مۇبەھھى

تەركىبى: زەنجىبىل، شاقاقۇل، دارىچىنى، زاغۇن، ئاق قىچا 1 ھەسسە، چاقىقاق ئۇرۇقى، ئاقىرقەرھا، قارامۇچ يېرىم ھەسسە، ھىلىق $\frac{1}{4}$ ھەسسە، زەنجىبىل مۇرابىا ھەسسلى (ھەسەلدە تەييارلانغان مۇرابىا) 3 ھەسسە.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ باھنى كۈچەيتىشتە ياخشى تەسىر قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 گرام يېيىلىدۇ.

### مەئجۇنى مۇبەھھى ئەلا

تەركىبى: ھىلىق، پارپى، كۈچۈلا ھەر بىرى 30 گرام، فىلفىل، كابابىچىنى، زەنجىبىل، دارىچىنى، ئاقىرقەرھا، قەلەمفۇر، جويۇز، خولىنجان، قارامۇچ، شاقاقۇل ھەر

بىرى 15 گرام، زەفەر 9 گرام، ياڭاق مېغىزى 1.5 كىلوگرام، ئۆرۈقسىز ئۈزۈم 750 گرام، ئېرىك قوي جىگىرى 750 گرام، تۇخۇم سېرىقى 30 دانە، ھەسەل 3 ھەسسە.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: باھنى كۈچەيتىشتە كۈچلۈك تەسىر قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىم 5 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەئجۇنى مۇبەھھى مۇكەييىپ

تەركىبى: بادام مېغىزى، چىلغوزا مېغىزى، تەرخەمەك مېغىزى، قوغۇن مېغىزى ھەر بىرى 48 گرام، تاباشىر 18 گرام، جويۇز، بەسباسە، دارچىنى، قىزىلگۈل، شەۋكىران يىلتىزى، قاقىلە، لىچىندانە، قاراسونا ئۆرۈقى، كاكىنەج، ئاق بەھمەن، قىزىل مەھمەن، سۆئلەپ شاقاقۇل، زەپەر ھەر بىرى 9 گرام، ھەسەل، ناۋات ھەر بىرى 560 گرام، نەششە يېغى 120 م ل.

ياسىلىشى: مەئجۇن تەييارلاش ئۇسۇلىدا مەئجۇن قىلىنىدۇ.

تەسىرى: مېڭە ۋە جىنسىي بەزلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىدۇ، مەنى تورمۇزلايدۇ.

ئىشلىتىلىشى: مەنى ئازىيىش ۋە سۈيۈلۈپ كېتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەئجۇنى مۇمسىك

تەركىبى: ئەفيۇن، ناۋات، جويۇز، قەلەمفۇر، ئىفار، زەفەر، قاراموچ، زەنجىبىل، گۈلدارچىنى تەڭ مىقداردا، ھەسەل 2 ھەسسە.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: مەنىنى ناھايىتى ياخشى تۇتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## مەئجۇنى ئىبنىسىنا

تەركىبى : قۇرۇق پىننە ، ھەببۇلئاس ، سىندۇرۇس ، مۇرمەككى ، كۇندۇر ، بەسباسە ھەر بىرى 10 گرام ، تۇم زەنجىبىل ، چەلغۇزە مېغىزى ھەر بىرى 6 گرام ، ھىلىيلە كابۇلى پوستىنىڭ قۇرۇلمىسى 3 گرام ، ئاق بەھمەن ، قەرەنفىل ھەر بىرى 1.5 گرام ، سۇتكە چىلاپ قاينىتىپ چىقىرىلغان ئامىلە شەربىتى قىيامى 100 مل ، ناۋات 200 گرام .

ياسىلىشى : قۇرۇق دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ . چىلغوزا مغىزىنى ئايرىم سوقۇپ ئاندىن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ . ناۋات 200 مل ، ئامىلە شەربىتىدە قىيام قىلىنىدۇ ۋە بۇنىڭغا يۇقىرىقى دورا تالقىنى سېلىنىپ قىيام قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : بەدەننى قۇۋۋەتلەش ، مەنىنى تېزگىنلەش ، ھۆللۈك قۇرۇتۇش ، ھەيزنى نورماللاشتۇرۇش تەسىرى بار .

ئىشلىتىلىشى : ئىسپىرما مېڭىپ كېتىش ، خۇن تەۋرەش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1.5 ~ 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## مۇرابباشى بەھمەن

تەركىبى : پوستى ئايرىلغان ئاق بەھمەن 560 گرام ، ھەسەل 1.2 لىتر .

ياسىلىشى : بەھمەننى 3 سوتكا سۇغا چىلاپ ھەر بىر سوتكىدا بىر قېتىم يەڭگۈشلىنىپ تۇرۇلىدۇ . 4 ـ كۈنى سۈزۈپ ئېلىپ ھەممىنى بىر ئازدىن تېشىپ يەنە بىر سوتكا چىلىغاندىن كېيىن ئېلىپ ناھايىتى يۇمشاق مىجىپ يېڭى سۇدا قاينىتىپ ئۇستىدىن ھەسەلنى سېلىپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ . 40 كۈن تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مەنىنى كۆپەيتىدۇ ، ئىنچىكە بەل ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ . باھنى كۈچەيتىدۇ ، ئاشقازان ۋە مېڭىنى كۈچەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 مل يېگۈزۈلىدۇ .

## مۇراببائى زەدەك

تەركىبى : سۇلۇق قىزىل زەدەك ( سەۋزە ) 2 كىلوگرام ، زەنجىبىل ، قاقلە ، جۆزبەۋا ، قەرەنفىل ، دارچىنى ، خولىنجان ھەر بىرى 10 گرام ، زەفەر 3 گرام ، ئەنبەر 1.5 گرام ، ھەسەل 1 كىلوگرام ، سۇ 1.5 لىتر .

ياسىلىشى : زەدەكنىڭ پوستىنى ئاقلاپ ئوتتۇرىدىكى غولنى ئېلىۋېتىپ چاچتەك توغرىلىدۇ ھەمدە ئۇ 1.5 لىتر سودا قىيام بولغىچە قاينىتىپ ئۈستىگە ھەسەلنى قويۇپ تولۇق قىيام قىلىپ شىشە قاچىغا ئېلىپ قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇندەك سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن دورىلارنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : بۆرەك خىزمىتىنى كۈچەيتىش ، باھنى قۇۋۋەتلەش ، مەنىنى قويۇقلىتىش ۋە نورماللاشتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : بۆرەك ئورۇقلاپ كېتىش ، جىنسىي ئەزالار سوۋۇپ كېتىش ، مەنىنىڭ سۇيۇلۇپ ۋە ئىختىيارسىز مېڭىپ تۇرۇشى قاتارلىقلارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 50 مل ئىچكۈزۈلىدۇ .

## مۇراببائى سۆئلەپ

تەركىبى : ھۆل سۆئلەپ 600 گرام ، ھەسەل 1.2 لىتر .

ياسىلىشى : سۆئلەپ ھۆل بولسا 3 سوتكا ، قۇرۇق بولسا 12 سوتكا سوغا چىلاپ سۈزۈۋېلىپ بىر نەچچە يېرىگە يىڭنە سانجىپ شىرىسىنى ئېقىتىۋېتىپ ، قازانغا سېلىپ ئۈستىدىن ھەسەلنى تۆكۈپ 3 سوتكا تۇرغۇزغاندىن كېيىن سۇس ئوتتا ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە قايناپ قالماسلىق شەرتى بىلەن 2 سائەت قىزىتىلىدۇ . ئۇندىن كېيىن 3 سوتكا توختاپ يەنە يۇقىرىقى ئۇسۇلدا ئىككى سائەت ئەتراپىدا ئوتتا تۇرغۇزۇلىدۇ ۋە ھەسەل قىيام بولغاندىن كېيىن قاچىلاپ ئېلىپ 40 كۈن تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مەنىنى كۆپەيتىپ باھنى قوزغايدۇ . كۆڭۈلنى ئاچىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مۇراببائى شاپتۇل

تەركىبى : ھۆل شاپتۇل مەلۇم مىقداردا ، سۇ 1 ھەسسە ، ھەسەل 3 ھەسسە .
ياسىلىشى : شاپتۇلنى سۇغا چىلاپ بىر سوتكا تۇرغۇزۇپ سۈيىنى تۆكۈۋېتىپ ، يەنە يېڭىدىن سۇ قۇيۇپ يەنە تۆكۈۋېتىپ جەمئىي 3 سوتكا ئىچىدە 3 قېتىم سۈيىنى يەڭگۈشلەپ تازا يۇمشىغاندىن كېيىن سىرتقى پوستىنى ئاقلىۋېتىپ يېڭى سۇ بىلەن قاينىتىپ يېرىم پىشقاندا سۈزۈپ ھەسەلنى تۆكۈپ قىيام قىلىپ مەزكۇر شاپتۇلنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : باھنى قوزغاپ خۇشلۇق كەلتۈرىدۇ . دوۋساقنى ياخشىلايدۇ ۋە سۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### مۇراببائى گىردىگان

تەركىبى : چالا پىشقان ھۆل كۆك ياڭاق مەلۇم مىقداردا ، سۇ 1 ھەسسە ، ھەسەل 3 ھەسسە .
ياسىلىشى : ياڭاقنىڭ سىرتقى كۆك پوستىنى قىرىپ تاشلاپ سۇدا ئۇزۇنغىچە قاينىتىپ سۈزۈپ ، سۈيىگە ھەسەلنى تۆكۈپ قىيام قىلىپ ، ئۈستىدىن مەزكۇر ياڭاقنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ، باھنى قوزغايدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ ..

### ھەببى ئەفيۇن

تەركىبى : ئەفيۇن 15 گرام ، زورەنباد ، ھەببۇلغار ، ئاقىرقەرھا ، فەرنىفىل ، قارامۇچ

ھەر بىرى 10 گىرام، زەفەر، ئاسارۇن، چىگىسەي ئۇرۇقى، دارىچىنى، رەۋەن، سۇنبۇل، مەستىكى ھەر بىرى 6 گرام، پەرفىيۇن 3 گرام، گۇلاپ 60 م ل.

ياسىلىشى: يىلىم خاراكتېرىدىكى دورىلارنى گۇلابتا ئېزىپ ئېرىتىپ ئۇنىڭغا قۇرۇق دورىلار يۇمشاق تالقىنىنى سېلىپ يۇغۇرۇپ، قاراموچ چوڭلۇقىدا كاپ قىلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: مەنى تۇتۇش، بۆرەكنى قىزىتىش، باھنى كۈچەيتىش، كۆڭۈلنى خۇش قىلىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: باھ ئاجىزلاشقان، مەنى تۇتالمايدىغان كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ئادەتتىكى چاغلاردا كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 دانە، زۆرۈر كۈنلىرى 3 دانە ئىچىلىدۇ.

## ھەببى جالىنۇس

تەركىبى: ئەركەك قۇشقاچ مېڭىسى، شاقاقۇل، پىياز ئۇرۇقى، خورما ئۇرۇقى، سۆئلەپ، زاغۇن، سەقەنقۇر تەڭ مىقداردا، ئىپار مەلۇم مىقداردا.

ياسىلىشى: ھەسەل ۋە زاغۇن سۈيى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ھەر خىل جىنسىي ئاجىزلىقلارغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم 3 گىرامدىن يەپ ئۈستىدىن 100 مل ئۈزۈم سۈيى ئىچىلىدۇ.

## ھەببى جەدۋار ئەفيۇنى

تەركىبى: ئەفيۇن 10 گرام، شاقاقۇل، دارىچىنى ھەر بىرى 7 گرام، زەھەرسىز-لەندۇرۇلگەن كۆك پارپى، مايەئى سۇتۇرى ئەرابى، مەستىكى رۇمى، ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، تاباشىر، بەسباسە، مېھرىگىيا ھەر بىرى 3 گرام، زەفەر 1.5 گرام، ئاق ناۋات 15 گرام، ئالتۇن ۋەرەق 25 دانە، كۈمۈش ۋەرەق 50 گرام.

ياسىلىشى: قۇرۇق دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، قايناقسۇدا ئېزىپ چىقىرىلغان ئەفيۇن شىرىسىدا ناۋات بىلەن سەمغى ئەرەبىنى ئېرىتىپ ئۈستىگە قۇرۇق

تالقانى بىللە سېلىپ قارامۇچ چوڭلۇقىدا ھەب قىلىنىدۇ ۋە ۋەرەقلەر ئۈنىدا يۇمشىتىلىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : روھنى كۆتۈرىدۇ . باھنى كۈچەيتىدۇ ، مەنىنى تۇتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : باھ ئاجىزلاشقان ، مەنى تېز كېتىدىغان بىمارلارغا ھەمدە ئادەتلىنىپ قالغان نەزلىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 دانە ئىچىلىدۇ .

## ھەببى خۇش كەيپ

تەركىبى : نەشە 10 گرام ، بادام مېغىزى ، جويۇز ، خولىنجان ، سۆئلەپ مىسرى ھەر بىرى 2 گرام ، بىنەفشەرەڭ پارپى ، خالىس ئەفيۇن ، زەفەر ، دارىچىنى ، بەسباسە ھەر بىرى 1 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى ئايرىم ـ ئايرىم سالايە قىلىپ يۇمشاق سوقۇپ ھەممىنى بىرلەشتۈرۈپ ، قايناقسۇدا يۇغۇرۇپ قارامۇچ چوڭلۇقىدا ھەب ياسىلىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل

تەسىرى : باھنى كۈچەيتىش ، مەنىنى تۇتۇش ، كەيپ قىلىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : باھ ئاجىزلاشقان ، مەنى تۇتالمايدىغان كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 دانە ئېلىپ چايلىق دورىلارنى سېلىپ قايناقسۇ بىلەن ئىچىدۇ .

## ھەببى سىماب

تەركىبى : سىماب ، ئەفيۇن ھەر بىرى 10 گرام ، ئاقىرقەرھا 6 گرام ، بەزىرلبەنجى ، خولىنجان ، جويۇز ، فەرىنفىل ھەر بىرى 3 گرام ، گۈلاب 50 مل .

ياسىلىشى : سىماب نېپىز رەختتىن بىر قېتىم سۈزۈپ ئۆتكۈزۈلىدۇ . ياخشى ئەفيۇندىن 10 گرامنى سىماب بىلەن بىرلىكتە ھاۋانچىغا سېلىپ 30 مل گۈلاپ ، 30 مل ئاقىرقەرھا سۇلىرى بىلەن ئۇۋاپ سايىدا قۇرۇتۇلىدۇ . مۇشۇ ئۇسۇلنى 7 قېتىم تەكرارلاپ ئاندىن بىر قاچىغا ئېلىپ قويۇلىدۇ . ئاقىرقەرھا قاتارلىق 5 خىل دورىنى سوقۇپ ئەلگەك

نىسن ئۆتكۈزۈپ سىماب ۋە ئەفيۇن كۇشتىسىنى يۇقىرىقى تالقان دورىلار بىلەن ھەممىنى قوشۇپ يۇغۇرۇپ نۇن مىقدارىدا ھەب قىلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق سوغۇق.

تەسىرى: مەنى تېز كېتىشنى تىزگىنلەش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: مەنى تۇتالماسلىقنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: زۆرۈرىيەت كۈنى كەچلىك تاماقنى ياخشى يەپ، يېتىشتىن 30 مىنۇت ئىلگىرى بىر دانە ھەب ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### ھەببى سىماب مۇمسىك

تەركىبى: ئەفيۇن 10 گرام، سىماب 9 گرام، ئاقىرقەرھا، بەزرىرۇلبەنجى، خولىنجان، جەۋزىھىندى، قەلەمفۇر، بەسباسە ھەر بىرى 3 گرام، تەنبۇل دەرەخ يوپۇرمىقىنىڭ شىرىسى مەلۇم مىقداردا.

ياسىلىشى: سىمابنى قېلىن خامدىن يەتتە قېتىم ئۆتكۈزۈپ ئەفيۇن بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەنبەل شىرىسىدا مۇجۇپ ئوبدان ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن سايىدا قۇرۇتۇپ سوقۇپ يەنە مەزكۇر شىرىدا يۇغۇرۇپ قايتا سايىدا قۇرۇتۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ يەتتە قېتىم قايتىلانغاندىن كېيىن قالغان دورىلار تالقىنىنى ئارىلاشتۇرۇپ نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب قىلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: باھنى كۈچەيتىپ مەنى تۇتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ئاخشىمى يېرىم ئاچ ھالەتتە بىر دانە ھەبنى نان ئارىسىغا ئېلىپ يۇتىدۇ.

تەسىرى: باھنى كۈچەيتىدۇ، مەنىنى تورمۇزلايدۇ.

### ھەببى شىپا IV

تەركىبى: جەۋزىماسىل 27 گرام، رۇمەن 9 گرام، زەنجىبىل، جويۇز ھەر بىرى 6 گرام، ھەسەل 2 ھەسسە.

ياسلىشى : ۋالق ئۇرۇقى ( جەۋزماسىل ) نى سوقماي سىركىگە 3 كۈن چىلىنىدۇ.

4ـ كۈنىدىن باشلاپ كاسىنى ئۇرۇقى سۈيى ، خەشخاش سۈيىدىن 3 مل دىن ئېلىپ 6 كۈنگىچە چىلىنىدۇ . ئاندىن كېيىن قالغان دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ ھەب تەييارلىنىدۇ

تەسىرى : نېرۋىنى تەنچلاندۇرىدۇ ، مەنىنى تۇتىدۇ . تاماكا خۇمرىنى باسىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : يەڭگىل مىجەزلىك كىشىلەرنىڭ نېرۋىسىنى پەسەيتىش ، مەنىنىڭ سۇيۇق ، تېز كېتىشىنى داۋالاش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 ــــ 1 قېتىم بىر دانىدىن يەيدۇ .

**ھەببى قۇرسى ئەپيۈن**

تەركىبى : سۆئىلەپ ، خولىنجان ھەر بىرى 9 گرام ، قىچا 6 گرام ، زەنجىبىل ، قۇرسى ئەفئا ، خورما ئۇرۇقى ھەر بىرى 3 گرام ، تۆگىنىڭ ئوغۇز سۈتى 3 مل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، گۈلابتا ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : باھنى كۈچەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 دانە ئىستېمال قىلىنىدۇ .

**ھەببى نىشات مۇمسىك**

تەركىبى : شەۋكىران 9 گرام ، ئالتۇن ۋەرەق 100 دانە .

ياسىلىشى : شەۋكىران يىلتىزىنى سوقۇپ ، ئالتۇن ۋەرەقنى ئارىلاشتۇرۇپ ، 500 گرام سۇدا قاينىتىپ سۈيى تۈگىگەندىن كېيىن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كۆڭۈلنى خۇشاللاندۇرىدۇ ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ ، مەنىنىڭ تېز كېتىشىنى تىزگىنلەيدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە كەچتە قوناق چوڭلۇقىدا 1 دانە يەيدۇ .

ئەسكەرتىش : شەۋكىران يىلتىزىنىڭ ئۇرۇنباسارى 3 ھەسسە بەزىرۇلبەنجى .

### ھەببى ئىمساك I

تەركىبى : رەيھان ئۇرۇقى 24 گرام ، ئاقىرقەرھا 3 گرام ، قەنت 27 گرام .
ياسىلىشى : ھەب ياسىلىش قائىدىسى بويىچە ھەب قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : باھنى كۈچەيتىپ مەنى تۇتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام يېيىلىدۇ .

### ھەببى ئىمساك ئەفيۇنى

تەركىبى : ئەفيۇن 12 گرام ، قەلەمفۇر ، جويۇز ، زەفەر ، مەستىكى ، بوقا چۈيسى ، دارچىنى ، سۆئلەب ھەر بىرى 3 گرام ، ئوغرى تىكەن 2 گرام .
ياسىلىشى :ھەسەل بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : مەنىنىڭ تېز كېتىشىگە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم 3 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ئىترىيفىلى ئۈزۈم

تەركىبى : ئۈششاق قىزىل ئۈزۈم 60 گرام ، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى 40 گرام ، سېرىق ھەلىيلە پوستى ، قارا ھەلىيلە ، بەلىيلە پوستى ، شاكالسىزلاندۇرۇلغان ئامىيلە ھەر بىرى 30 گرام ، بادام يېغى 15 مل ، ناۋات 60 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، بادام يېغىدا ياغلاپ راسا

ئۈزۈلاپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۈزۈمنى ھاۋانچىدا يانجىپ ئارقىدىن ناۋات بىلەن قىيام قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تالقان دورىلار سېلىنىپ يۇغۇرۇلىدۇ.

تەبىئىيتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: تاشاقنى قورۇش، مەنىنى قويۇقلىتىش، مەنىنى تېزگىنلەش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: مەنى ئېقىپ تۇرۇش ۋە سۈيدۈك تۇتالماسلىقنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

# تاشقى كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

## ھەرخىل تېرە كېسەللىرى، چېچەك، كۆيۈك ۋە يىرىڭ ـ چاقىلارغا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

### تىزابى نوشۇدۇر

تەركىبى: نوشۇدۇر، ئاھاك مۇۋاپىق مىقدار.
ياسىلىشى: نوشۇدۇر تىزابى ئېلىش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: تېرە كېسەللىكلىرىگە ئۇنۇم بېرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ.

### زورۇرى ئەربەئە

تەركىبى: ئەنزۇرۇت، كۇندۇر، خۇنسياۋشان، مۇرمەككى تەڭ مىقداردا.
ياسىلىشى: دورىلار تالقانلاپ تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: جاراھەتكە گۆش ئۈندۈرىدۇ، قان توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: جاراھەتكە سېپىلىدۇ.

### زورۇرى ئەنزۇرۇت مۇنەششىپ

تەركىبى: ئەنزۇرۇت، ئانار پوستى، موزا، زەمچە، كۆك قەغەز كۈلى، سۇئىدى

كوفى ھەر بىرى 30 گرام، كۆيدۈرۈلگەن مىس 15 گرام، كۈندۈر، مۇرساپ، خۇنسياۋشان ھەر بىرى 6 گرام.

ياسىلىشى: دورىلار تالقانلاپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: جاراھەتلەرنى قاتۇرۇش، ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىش جەھەتتە ئۈنۈمى ياخشى ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: جاراھەت يۈزىگە سېپىلىدۇ.

### زورۇرى دانە پەرەڭ

تەركىبى: سېرىق ھېلىلە پوستى، بەلىيلە پوستى، ئامىلە پوستى، كۆيدۈرۈلگەن زەمچە، موزا، كۆپۈكى دەريا، ئايلىشى، بىخ مارجان، كۆيدۈرۈلگەن كۆك تاش، بادامنىڭ تاشقى پوستى ھەر بىرى 25 گرام.

ياسىلىشى: يۇقىرىدىكى دورىلارنى يۇمشاق سالايە قىلىپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: جاراھەتنىڭ ئۇشۇق گۆشلىرىنى كۆيدۈرۈش ۋە سۇلىرىنى قۇرۇتۇش تەسىرىگە ئىگە

ئىشلىتىلىشى: گال ئاغرىقى، ھەر خىل يەل جاراھەتلەرگە سېپىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: ئەھۋالغا قاراپ جاراھەتكە سېپىلىدۇ.

### زورۇرى شەئرە

تەركىبى: چاچ كۆيۈندىسى 6 گرام، پىياز پوستى كۈلى 3 گرام، كافۇر 2 گرام، رەيھان ئۇرۇقى 1.5 گرام.

ياسىلىشى: دورىلار تالقانلاپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: يەل يارا (ئاكىلە) جاراھەتلىرىنىڭ سۈيىنى قۇرۇتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: يارىغا سېپىلىدۇ.

### زورۇرى قۇلان

تەركىبى : ئانارگۈلى 9 گرام ، كۈندۈز 6 گرام ، مۇرساپ 5 گرام ، جۇپتى بەللۇت 3 گرام ، گىل ئەرمەنى ، قىزىلگۈل ھەربىرى 2 گرام .

ياسىلىشى : دورىلار ناھايىتى يۇمشاق تالقانلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كونا جاراھەت ، پوقاق ، ئاددىي ئۆسمە ، باش تەمرەتكىسى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : جاراھەت يۈزىگە سېپىلىدۇ .

### زورۇرى مەدەستان

تەركىبى : مەدەستان ، ھاك ، خېنە تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : تالقانلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل كۆيۈكلەرگە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : ئاۋۋال كۆيۈكنى گۈل يېغىدا ياغلاپ ئۈستىدىن يۇقىرىقى دورىلار تالقىنى سېپىلىدۇ .

### زىمادى ھىككە

تەركىبى : تونۇر داشقىلى 10 ھەسسە ، تۇز 1 ھەسسە ، سىركە مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : سىركە يۇغۇرۇلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەرخىل قوتۇر ، قىچىشقاق ، باش تەمرەتكىلىرىگە ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : سىرتتىن سۈركىلىدۇ .

### سىركەنجىبىنى جۇدرى

تەركىبى: قىزىلگۈل يېرىم ھەسسە، سىركە 1.5 ھەسسە، گۈلاب مەلۇم مىقداردا.
ياسىلىشى: قىزىلگۈل، سىركىلەرنى گۈلابتا بىر سوتكا چىلاپ يېرىمى قالغىچە قاينىتىپ 3 ھەسسە قەنت بىلەن قىيام قىلىنىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: چېچەكنىڭ باشلانغۇچ دەۋرىدە ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 م ل ئىچىلىدۇ.

### قۇرسى سەئىپە

تەركىبى: زەرچوبە، ئاچچىق بادام مېغىزى 1 ھەسسە، مۇقەل 2 ھەسسە.
ياسىلىشى: مۇقەلنى كونا سىركىگە چىلاپ ناھايىتى يۇمشىتىپ، دورىلار تالقىنىنى ئارىلاشتۇرۇپ تابلېت قىلىنىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: سەپكۈن، باش تەمراتكىسى، چالاش، سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ كاسنى سۈيىدە ئېرىتىپ سىرتتىن سۈركىلىدۇ.

### مائۇلجەبىن

تەركىبى: زەنجىبىل، ئەفتىمۇن ھەر بىرى 60 گرام، تەمرى ھىندى 30 گرام، گاۋزەبان، قىزىلگۈل، ئۇستۇخۇدۇس، سانا ھەر بىرى 15 گرام، قارا ھېلىيلە، سېرىق ھېلىيلە، شاھتەررە ھەربىرى 9 گرام، بەسفائىج، فەرەنجىمشكى، تۇز ھەر بىرى 6 گرام، سۈت 1.5 لىتر، سىركە 250 گرام.
ياسىلىشى: سۈتنى قاينىتىپ بىر ئۇرۇلگەندىن كېيىنلا سىركىنى قويۇپ يەنە بىر قاينىتىپ، تاختا ئەلگەك ئۈستىگە قويۇپ سۈتنىڭ پىشلاق قىسمىنى ئايرىپ تاشلاپ،

ئاستىغا ئۆتكەن سېرىق سۈيىگە ئەفتىمۇن، ئۇستۇخۇدۇس، گاۋزەبانلارنى (بىر كىچىك خالتىغا قاچىلاپ تاشلىنىدۇ) سېلىپ، سۇس ئوتتا قىزدۇرۇپ دورىلار راسا يۇمشىغاندىن كېيىن ناھايىتى كۆپ مۇجۇپ، دورا تەمىنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن سىقىپ، قالغان دورىلارنى تالقانلاپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: جۈزام، قوتۇر، تەمرەتكە، تاز، قىچىشقاق، كۆز تورلىشىشقا شىپا بولىدۇ. بەدەندىكى خىلتلارنى نورمال ھالغا كەلتۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 10 مل ئىچكۈزۈلىدۇ.

## مەرھەمى ئەقرە

تەركىبى: مىلتىق دورىسى، ئاق موم، سېرىق ياغ، لويىلا ماش تەڭ مىقداردا.

ياسىلىشى: دورىلاردىن مىلتىق دورىسى ۋە لويىلا ماشنى يۇمشاق سالايە قىلىپ سېرىق ياغنى قازانغا سېلىپ ئۈستىگە ئاق مومنى ئېزىپ سېلىپ سۇس ئوتتا ئېرىتىپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: تاز چاقىسى سەۋەبىدىن يوق بولغان چاچنى ئۈندۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: تاز چاقىسىنىڭ ئورنى ساقىيىپ چاچ ئۈنمىگەن بىمارلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كېسەللىك ئەھۋالىغا، جاراھەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ ئىشلىتىلىدۇ.

## مەرھەمى ئەمراز

تەركىبى: گۈگۈرت پوقى 600 گرام، تاش كۆمۈر 320 گرام، سۇ تەگمىگەن ئاھاك 160 گرام، كۆيدۈرۈلگەن كۆكتاش 120 گرام، سىماب 40 گرام، ۋازىلىن ياكى سۇ يېغى 3600 مل.

ياسىلىشى : ئاھاك ، تاش كۆمۈرنى ناھايىتى يۇمشاق سوقۇپ ، كۆكتاشنى كۆيدۈرۈپ تالقانلاپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، گۈڭگۈرت پوقىنىمۇ سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئازراق گۈڭگۈرت پوقى بىلەن سىمابنى ھاۋانچىدا سالايە قىلىش ئارقىلىق سىمابنى ئۆلتۈرۈپ ، ھەممە دورىلارنى بىر - بىرىگە قوشۇپ قول بىلەن ئۇۋۇلاپ سىمابنى يېيدۇرسەك كۆكۈش تالقان ھاسىل بولىدۇ . سۇ يېغىنى چۇچۇتۇپ ياغ سوۋۇغاندىن كېيىن تالقان دورىلارنى ئاز - ئازدىن سېلىپ ئوبدان ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : جاراھەت سۈيىنى يوقىتىش ، كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل تەمرەتكە ، قىچىشقاق ، تاز ، يەل جاراھەتلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىمارنىڭ ئەھۋالى ، جاراھەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ .

## مەرھەمى سانا

تەركىبى : سانا سېرىق ھېلىيلە پوستى ، ياغدا سالايە قىلىنغان مەدەستان ، كۆمۈش كۆيۈندىسى تەڭ مىقداردا ، بىنەفشە يېغى ياكى گۈل يېغى مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : مەرھەم ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تېرە كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ سىرتتىن چېپىلىدۇ .

## مەرھەمى مۇھەللىل

تەركىبى : فونۇس ، خىيار شەنبەر ھەر بىرى 15 گرام ، شۇمشا ، زىغىر ، ئارپا ئۇنى ، ئاق لەيلى گۈلى ھەر بىرى 9 گرام ، گۈل يېغى ياكى زەيتۇن يېغى ۋە ياكى ئابدىمىلىك يېغى مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : شۇمشە ، زىغىر ، ئارپا ئۇننى سوقۇپ ، ئاق لەيلى گۈلىنى قوشۇپ ، چامغۇر سۈيىدە ياكى ئاناناس (بولۇ) سۈيىدە قاينىتىپ ، ئۈستىدىن فونۇس ، خىيار شەنبەرلەرنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ، ئاندىن سۈزۈپ يەنە قاينىتىپ ياخشى قويۇلغاندىن كېيىن ئوتتىن چۈشۈرۈپ ، يۇقىرىقى ياغلاردىن قايسى بىرى بولسا شۇنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ئىششىق ۋە جاراھەتلەرنى يۇمشىتىپ ئىغىز ئالدۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : يەرلىك ئورۇنغا سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ .

## نۇقۇئى رەجەپ

تەركىبى : تەمرى ھىندى ، شېكەر ھەر بىرى 30 گرام ، ئەينۇلا 15 دانە .

ياسىلىشى : دورىلارنى قايناقسۇغا بىر سوتكا چىلاپ سىقىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەرخىل تېرە كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىر قېتىمدىلا ئىچىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : مەزكۇر دورىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولسۇن دېيىلسە سانا ، شاھتەررىلەردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قوشسا بولىدۇ . بىزدىن بۇ چىلانمىنى ئىچىشتىن بۇرۇن مۇناسىۋەتلىك سۈرگە دورىلىرى بىلەن تەنقىيە قىلىپ ، تەييارلىق خىزمىتى ئىشلەنگەن بولۇشى كېرەك .

## ھەببى شاھتەررە

تەركىبى : سەبرى 21 گرام ، قارا ھېلىيلە ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ھەر بىرى 15 گرام ، سەقمۇنىيا 8 گرام .

ياسىلىشى : شاھتەررە سۈيىدە ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قوتۇر ، تەمرەتكە ، چالاش ، قىچىشقاق ، باش

تەمرەتكىسى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ئىترىيفىلى شاھتەررە

تەركىبى : شاھتەررە 150 گرام ، سېرىق ھېلىيلە ، ھېلىيلە پوستى 120 گرام ، ھېلىيلە پوستى 90 گرام ، بېلىيلە ، تازىلانغان ئامىيلە 60 گرام ، سانا 30 گرام ، قىزىلگۈل 18 گرام ، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 3 ھەسسە .
ياسىلىشى : ئىترىيفىل ياساش قائىدىسى بويىچە تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قىچىشقاق ، تەمرەتكە ، سەپرادىن بولغان قورساق ئاغرىش ، گال ئاغرىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، 10 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ئىيارەجى جالىنۇس

تەركىبى : شەھمى ھەنزەل ، غارىقۇن ، ئەنسىل ، سەقمۇنىيا ، قارا خەربەق ، پەرفىيۇن ، غۇپارىقۇن ھەر بىرى 48 گرام ، بەسفائىج ، كامازەرىيۇس ، ئەفتىمۇن ، سەلىخە ھەر بىرى 21 گرام ، مۇرمەككى ، سەكبىنەج ، يۇمىلاق زىراۋەند ، ئۇزۇنچاق زىراۋەند ، قارامۇچ ، ئاقمۇچ ، فىلفىل ، دارچىنى ، جاۋشىر ، قۇندۇز قەھرى ، تاغ چىگىسىيى ھەر بىرى 12 گرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .
ياسىلىشى : ئىيارەج تەييارلاش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەرخىل نېرۋا ۋە روھىي كېسەللىكلەر ، يامان تېرە كېسەللىكلىرى ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرىغا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ . جاراھەتنى تازىلايدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

# چاچ ئۆندۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

### رەۋغىنى مورد

تەركىبى : ھەببۇلئاس سۈيى 90 م ل ، زەيتۇن يېغى 30 م ل .
ياسىلىشى : سۈيى پارلىنىپ يېغى قالغانغا قەدەر قاينىتىپ ئېلىنىدۇ ۋە سەل سوۋۇ- غاندا ئۈستىگە 1.5 گرام ئەنبەر قوشۇلىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : چاچ چۈشۈشنى توختىتىدۇ ، چاچ چۈشۈپ كەتكەن يەرگە چاچ ئۆندۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا باشقا سۈرتۈلىدۇ .

### رەۋغىنى ئۇسما

تەركىبى : ھەببۇلئاس ياپرىقى 45 گرام ، ئۇسما 9 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى 1.25 لىتر سۇدا يېرىمى قالغانغا قەدەر قاينىتىپ سىقىپ سۈزۈپ ئۈستىدىن 360 م ل كۇنجۇت يېغى ئارىلاشتۇرۇپ سۈيى پارلىنىپ يېغى قالغانغا قەدەر قاينىتىپ ، 18 گرام ئەنبەر قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : چاچ ـ ساقال چۈشۈپ كېتىش ، دائىرىلىك چاچ چۈ- شۈش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ ، كېسەللىك سەۋەبىدىن چۈشۈپ كېتىپ قايتا ئۈنگەن چاچلارنى قارايتىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : سىرتتىن ياغلىنىدۇ .

### زىمادى دائۇلھەييە

تەركىبى : زەرنىخ 2 ھەسسە ، شەترەنجى ، كۈندۈش 1 ھەسسە ، زەيتۇن يېغى مە- لۇم مىقداردا .
ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ زەيتۇن يېغىدا خېمىر قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : دائىرىلىك چاچ چۈشۈپ كېتىشكە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : سىرتتىن چاپلىنىدۇ .

**ھەببى دائۇلسۆئلەپ بەلغەمى**

تەركىبى : تۇربۇد ، سەبرى ھەر بىرى 30 گرامدىن ، شەھمى ھەنزەل 10 گرام .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ھەب قىلىنىدۇ . بەلغەمدىن بولغان دائۇلسۆئلەپ ( دائىرىلىك چاچ چۈشۈش ) كە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش : مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم 6 گرام يېيىلىدۇ .

**ھەببى دائۇلسۆئلەپ سەپراۋى**

تەركىبى : سېرىق ھېلىيلە ، قىزىلگۈل ھەربىرى 5 گرام ، سەقمۇنىيا 4 گرام ، سەبرى 3 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ھەب قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سەپرادىن بولغان دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

**ھەببى دائۇلسۆئلەپ مۇرەككەپ**

تەركىبى : تۇربۇد 36 گرام ، سەبرى 30 گرام ، ئەفتىمۇن 12 گرام ، ئەنزىرۇت ، ئەسفائىج ھەر بىرى 9 گرام ، شەھمى ھەنزەل ، سەقمۇنىيا ، تۇز ، ئەفسەنتىن ھەر بىرى 6 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، خاس سۇ بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بەلغەم ۋە سەپرانىڭ بىرىكىشىدىن بولغان دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى :كۈندە 1 قېتىم 6 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## پەتەق كېسىلگە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

### جەۋارىش كۈمۈنى ( زىرە مەئجۇنى ) II

تەركىبى : 24 سائەت سىركىگە چىلاپ قورۇتۇپ قازاندا قورۇلغان زىرە ، سوزاپ بېخىقى ، قارىمۇچ ، زەنجىبىل ھەر بىرى 100 گرام ، پاكىزلەنگەن توغرىغۇ 30 گرام ، قايىنىتىپ سۈزۈلگەن ھەسەل 2 .1 لىتر .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاغرىشنى قالدۇرۇش ، ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاش ، بۆرەكنى قىزىتىش ، يېگەندىن يېرىتىلغان سېرىق ئەتنى پۈتتۈرۈش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەزىم ناچارلىقى ، بۆرەك سوۋۇپ كېتىش ، يېڭى يۈز بەرگەن پەتەق ( گرىژ) كېسىلىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### جەۋارىش كۈندۇر

تەركىبى : كۈندۇر 180 گرام ، زەنجىبىل ، خولىنجان ھەر بىرى 36 گرام ، فىلفىل ، قارىمۇچ ھەر بىرى 30 گرام ، قەلەمفور ، لېچىندانە ھەر بىرى 16 گرام ، ئىفار 5 .1 گرام ،

ئاق ناۋات 120 گرام، ساپ ھەسەل 1.2 لىتر.

ياسىلىشى: ناۋاتنى قىيام قىلىپ، ھەسەلنىڭ كۆپۈكىنى ئېلىپ، ئېپاردىن باشقا دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ يۇقىرىقىلارغا ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئېپار ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

تەسىرى: بەدەندىكى ھۆللۈكنى قۇرۇتۇش، مەنى تۇتۇش، پەتەق بوشلۇقلىرىنى قۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: مەنى ۋە سۈيدۈك ئىختىيارسىز كېتىشكە ۋە پەتەق كېسەللىكىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئېلىپ دەملىمە چاي بىلەن ئىچىلىدۇ.

### جۇللاپ I

تەركىبى: شەھەر كۆك زىرىسى، تاغ ياۋا زىرىسى ھەر بىرى 10 گرام.

ياسىلىشى: 500 مل سۇدا قاينىتىپ سۈزۈپ، 30 گرام گۈلقەنت سېلىپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: پەتەق، مەنى تۇتالماسلىق، سۈيدۈك تۇتالماسلىق كېسەللىكلىرىدە جەۋارش، كۇندۇر ئىستېمال قىلغاندا ئۈستىدىن ئىچىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: 11 كۈنگىچە داۋاملىق چاي ئورنىدا ئىچىلىدۇ.

### جۇللاپ I

تەركىبى: چىگىسەي ئۇرۇقى، جوۋنە ھەربىرى 10 گرام، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى 3 گرام.

ياسىلىشى: دورىلار دەملەپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ.

ئىشلىتىلىشى: پەتەق كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 50 مل ئىچىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: بۇ دورىنى ئىستېمال قىلىۋاتقان ۋاقىتتا كەپتەر، پاختەك، قۇشقاچ

گۆشلىرىنى زاراڭزا بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇپ يېيىش لازىم .

### سۇفۇفى كۇندۇر I

تەركىبى : كۇندۇر 3 گرام ، شېكەر 6 گرام .

ياسىلىشى : كۇندۇرنى سوقۇپ ئەلگەپ شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تالقان تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : مەنىنى تىزگىنلەش ، يېڭى يىرتىلغان سىرىق ئەتنى پۇتتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : يېڭىدىن باشلانغان پەتەق ( گرىژ ) كېسەللىكى ۋە مەنى تۇتالماسلىق كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بۇ بىر كۈنلۈك ئۆلچىمى بولۇپ ، ئۆرلىتىلگەن 300 مل كالا سۈتى بىلەن قوشۇپ ئىچىلىدۇ .

### مەئجۇنى سۇگپىياز

تەركىبى ۋە ياسىلىشى : 100 گرام سۇگپىيازنى 500 مل سۇ بىلەن قۇم داگقانغا سېلىپ ، ئاغزىنى ھىم بېكىتىپ ، قىزىق تونۇردا قايىنىتىپ 300 مل قالغاندا ئېلىنىدۇ .

تەسىرى : باھنى كۈچەيتىش ، پەتەق ( گرىژ) كېسەللىكىدە ئۈچەينىڭ چۈشۈۋېلىشىنى توسۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : پەتەق ، جىنسىي ئاجىزلىق كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 10 گرام ئېلىپ 6 گرام گۈلقەنت بىلەن قوشۇپ يەيدۇ .

### مۇنزىجى باديان

تەركىبى : چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ، رۇم باديان ، ئارپا باديا ھەربىرى 10 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 500 م ل سۇ بىلەن قايىنىتىپ ، سىقىپ سۈزۈپ

تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : سۈيدۈكنى ئۆلغايتىپ ھۆللۈكنى كېمەيتىدۇ . نورمالسىز بەلغەملەرنى يېتىلدۈرىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تاشاقتا سۇ چۈشۈش كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى :كۈندە 2 قې ، ھەر قېتىمدا 50 مل ئىچىلىدۇ ھەمدە بۇنىڭ بىلەن بىللە كاۋاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## بوۋاسىرغا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياساملىرى

### جەۋارىش بەسبابە

تەركىبى : ئاق قىچا 60 گرام ، قارىغاي مېۋىسى 15 گرام ، مەستىكى ، خولىنجان ، گۈلدارىچىنى ، قەلەمفۇر ھەر بىرى 9 گرام ، چىگسەي ، جوۋىنە ھەر بىرى 6 گرام ، ھە- .ەل 2 ھەسسە .

تەسىرى ۋە ا ىتىلىشى : يەلدىن بولغان بوۋاسىر ، ئاشقازاننىڭ سوۋۇپ كېتىشى ، تاماق سىك ى قاتارلىقلارنى داۋالايدۇ . قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### جەۋارىش مەقلىياسا

تەركىبى : مەستىكى 18 گرام ، كالا يېغىدا يۇمشىتىلغان ھېلىيلە كابۇلى 5 گرام ، قىچا ، زىرە ھەر بىرى 3 گرام .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تولغاق ۋە بوۋاسىرغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : جۇللاب بىلەن يۇغۇرۇپ كۈندە 6 گرام ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ .

### رەۋغىنى زەيدەئ ( قومچاق يېغى )

تەركىبى : قومچاق ۋە ئۆچكە يېغى مەلۇم مىقداردا .
ياسىلىشى : قورۇتۇلغان قومچاقنى سوقۇپ ئۆچكە يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ سۇدا قايىنىتىلىدۇ . ياخشى پىشقاندىن كېيىن سوۋۇتۇپ ، ئۈستىگە يىغىلغان ياغنى ئېلىپ قاچىلاپ ساقلىنىدۇ ۋە سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بوۋاسىرغا كۆرۈنەرلىك تەسىرى بار ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا يەرلىك ئورۇنغا سۈركىلىدۇ .

### رەۋغىنى كۈرراس ( كۈدە يېغى )

تەركىبى : مۇقەل 30 گرام ، كۈدە سۈيى 280 م ل ، كۈنجۈت يېغى 135 گرام .
ياسىلىشى : ھەممىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۈيى پارلىنىپ ياغ قىسمى قالغانغا قەدەر قايىنتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : يەرلىك ئورۇن ياغلىنىدۇ .

### رەۋغىنى مۇقەل

تەركىبى : مۇقەل ، ئاس ياپرىقى ، سەئدى كوفى ، رەيھان ، شۇمشە ، قىچا ، ھەببە تۇلخوزرا ، ئابدىمىلىك ئۇرۇقى ھەر بىرى 30 گرام مىشەسائىلە ، ئۇشەق ، ئەپيۇن ، بەسفائىج ، ھەببە بىلسان ، بادام مېغىزى ، ئاق خەربەق ، زەرنەپ ، سەلىخە ، شەترەنجى ھىندى ھەر بىرى 18 گرام ، بەزرۇلبەنجى ، كۈندۇر ، غولجاڭ ، كۈدە ئۇرۇقى ، سىياھدان ، جۇۋنە ، ئاچچىق قوستە ھەر بىرى 15 گرام ، ئۆسنە ، سېرىق چېچەك ، تاغ پىيىزى ، قە

زىل سەندەل ھەر بىرى 12 گرام ، قەلەمفۇر ، جويۇز ، زەنجىبىل ، خولىنجان ، دارىچىنى ، بالادۇر ھەر بىرى 9 گرام ، ھەسەل ، كالا يېغى ، گۈل ياسمەن يېغى ، قەتىران ، ئابدىمىلىك يېغى ، ئەنسىل يېغى ھەر بىرى 39 م ل ، زەيتۇن يېغى 2 لىتىر .

ياسىلىشى : ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ 4.5 لىتىر سۇدا يېغى قالغىچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بوۋاسىر ۋە سوغۇقتىن بولغان تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ . قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يەرلىك ئورۇنغا سۈرتىلىدۇ .

## زورۇرى مۇسەئئەد

تەركىبى : قىزىل زەرنىخ ، سېرىق زەرنىخ 2 ھەسسە ، ھاك ، زەمچە 1 ھەسسە ، سېرىق ، قىزىل ، ئاق زاكلار $\frac{1}{4}$ ھەسسە .

ياسىلىشى : سىركە بىلەن يۇغۇرۇپ ، 24 كۈن ئارىپىغا كۆمگەندىن كېيىن سوقۇپ ، تالقان تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بوۋاسىر ۋە كونا ــ يېڭى جاراھەتلەرگە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يەرلىك ئورۇنغا سېپىلىدۇ .

## زىمادى بوۋاسىر

تەركىبى : ئۆرۈك مېغىزى 27 گرام ، شاپتۇل غازىڭى ، ئاق موم ھەر بىرى 9 گرام ، مەدەستان 6 گرام ، مۇقەل 3 گرام ، تۆگە لوكىسىنىڭ يېغى 27 م ل .

ياسىلىشى : قائىدە بويىچە يۇمشاق سوقۇپ ، ياغ بىلەن خېمىر تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : جاراھەتلەرنى ياخشىلايدۇ ، قىچىشىشنى باسىدۇ ، ئاغرىق توختىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل بوۋاسىر كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : يەرلىك ئورۇنغا تېڭىلىدۇ .

## سۇفۇفى بوۋاسىر

تەركىبى : بەلىيلە 45 گرام ، قارا ھېلىيلە ، ئامىيلە ھەربىرى 30 گرام ، كۇدە ئۇرۇقى ، قىچا ، جۇۋنە ، ئادراسمان ئۇرۇقى ، شۇمشە ، ئەبھەل ، ئۆرۈك مېغىزى ھەر بىرى 15 گرامدىن ، مەستىكى ، ھەر بىرى 3 گرام ، قەنت 100 گرام ، كۇنجۇت يېغى ، بادام يېغى ھەر بىرى 10 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تالقان تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : بوۋاسىرنىڭ يەللىرىنى تارقىتىپ دانىچىلىرىنى يوقىتىدۇ . ئۇچەيدىكى كۆيگەن ماددىنى سۈرۈپ تازىلايدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلار كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرامدىن ، باللار كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 گرام ئىستېمال قىلىدۇ .

## گۈلقەنتى بەرگى ئانار

تەركىبى : ئانار گۈلى 1 كىلوگرام ، شېكەر 4 كىلوگرام .

ياسىلىشى : قىزىل ، ياخشى ۋە پاكىز ئانار گۈللىرىنى يىغىپ ئېلىپ ئۇنى ھاۋانچا ياكى ماشىنىدا ئېزىپ ، شېكەرنى سېلىپ قول ياكى ماشىنىدا تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ . شېكەر ئانار گۈلگە ئۆزلىشىپ بولغاندا ئۇنى سىرلىق كۆپ ياكى شىشىگە قاچىلاپ ئاغزىنى مەھكەم بېكىتىپ كۈچلۈك ئاپتاپتا 40 كۈن تۇرغۇزۇپ پىشۇرۇلىدۇ .

تەبىئىيتى : ئىسسىق .

تەسىرى : ئىچ توختىتىش ، قان توختىتىش ، بەدەننى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى: ھەر خىل قان كېتىشلەرگە، بوۋاسىرغا، بالىياتقۇ قاناشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم، 10 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

مەتبۇخى بەسفائىج

تەركىبى: فونۇس 28 گرام، بەسفائىج 20 گرام، تاتلىق بادام يېغى 4 م ل، سۇ 500 م ل.

ياسىلىشى: دورىلارنى چالا سوقۇپ سۇدا بىر كۈن چىلاپ يۇمشاق ئوتتا 300 م ل قالغىچە قاينىتىپ دورا سوۋۇغاندىن كېيىن پاكىز خام بىلەن سىقىپ تىرىلپىرىدىن ئايرىپ ۋارونكا بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۈزۈپ ئۈستىگە بادام يېغىنى قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: مۆتىدىل

تەسىرى: ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: ئاشقازان، مېڭە ئاغرىقلىرى، بوۋاسىر كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: بۇ مەتبۇخ بىر كىشىلىك بولۇپ، 3 كۈندە ئىچىپ تۈگىتىلىدۇ.

مەئجۇنى مۇقەل

تەركىبى: مۇقەل 150 گرام، كابۇل ھېلىيلە پوستى، بەلىيلە پوستى، ئاقلانغان ئامىيلە، ئاق قىچا، كۈدە ئۇرۇقى، جۇۋنە، رەيھان ھەر بىرى 15 گرام.

ياسىلىشى: مۇقەلنى كۈدە سۈيىدە ئېرىتىپ قالغان دورىلارنى تالقانلاپ ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: يەلدىن بولغان بوۋاسىر، مەقئەت ئىششىقى، مەقئەتتىن

قان كېلىشكە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم 6 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

نۇتۇلى خۇرۇجى مەقئەت

تەركىبى : ئانارگۈلى ، ئانار پوستى ، جۇپتى بەللۇت ، ھەببۇلئاس ، قىزىلگۈل ، موزا تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى : دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ ، ئىلمان پېتى يەرلىك ئورۇن يۇيۇلىدۇ ياكى بىمار ئولتۇرغۇزۇلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سوك چىقىشقا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ھەببى مۇقەل I

تەركىبى : كابۇل ھەلىيلە پوستى 60 گرام ، مۇقەل 30 گرام ، كەتىرا 15 گرام ، ئەنجۈر قېقى 30 دانە .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، 30 دانە ئەنجۈرنى بىر چىنە سۇدا قاينىتىپ ، سۈيىگە مۇقەل بىلەن كەتىرانى سېلىپ ، ئېزىپ ، ئاندىن تالقانلارنى سېلىپ 0.3 گراملىق ھەب قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، ئاشقازان ، ئۈچەي خىزمىتىنى ياخشىلاش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : بوۋاسىرغا ، ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە ، قېرى كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم بالىلارغا 5 دانە ، چوڭلارغا 15 ~ 10 دانە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ .

## ھەببى مۇقەل I

تەركىبى : مۇقەل 60 گرام ، ھېلىيلە پوستى ، بەلىيلە پوستى ، ئامىيلە ھەر بىرى 30 گرام ، مارجان ، كەھرىبا ، كۆيدۈرۈلگەن سەدەپ ، كۆيدۈرۈلگەن بۇغا مۈڭگۈزى ھەر بىرى 15 گرام ، جۇۋىنە 10 گرام ، ئاق زاك 3 گرام ، كۆك كۇدىنىڭ سوقۇپ سىقىلغان سۈيى 100 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، مۇقەلنى كۇدە سۈيىدە ئېرىتىپ ، ئۇنىڭغا تالقانلارنى سېلىپ خېمىر قىلىپ ، قارىمۇچ چوڭلۇقىدا ھەب ياسىلىدۇ . كۇدە سۈيى تېپىلمىغاندا داغىمال سۈيىدە مۇقەلنى ئېرىتىپ يۇغۇرسىمۇ بولىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .

تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىپ قان توختىتىدۇ . بوۋاسىرنى ياخشىلايدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## ھەببى مۇقەل II

تەركىبى : شاكىلىدىن ئايرىلغان ئامىيلە ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، قارا ھېلىيلە ، كابۇل ھېلىيلە پوستى ، بەلىيلە پوستى ، كۇدە ئۇرۇقى 5 ھەسسە ، كۆك مۇقەل 4 ھەسسە .

ياسىلىشى : مۇقەلدىن باشقىلىرى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ، مۇقەلنى چالا سوقۇپ كۇدە سۈيىگە چىلاپ تەمى چىققاندىن كېيىن سۈزۈپ ، قالغان دورىلار تالقىنىنى سېلىپ 0.3 گراملىق ھەب قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، ئۈچەيلەرنى پاكىزلەش ، ئاشقازان ، ئۈچەيلەرنى سىلىقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشىلاش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : بوۋاسىر ۋە ئىسسىقتىن بولغان قەۋزىيەتكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : باللارغا 3 ~ 4 دانە ، چوڭلارغا 5 ~ 10 دانە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ .

ئەسكەرتىش : بۇ دورىنى ئىستېمال قىلغاندا سەۋدانى كۆپەيتىدىغان يېمەكلىكلەردىن مەسلەن ، پەتىنگان ، جاگدۇ ، ماشلاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ .

## ھەببى مۇتەل IV

تەركىبى : قارا ھېلىيلە ، بەلىيلە ، ئامىلە پوستى ھەر بىرى 1 ھەسسە ، مۇقەل ھەممە دورىلار ۋەزنىدە .

ياسىلىشى : مۇقەلنى كۇدە سۈيىگە چىلاپ ، سىقىپ تەمىنى چىقىرىپ ، قالغان دورىلار تالقىنىنى سېلىپ 0.3 گراملىق ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، ئاشقازان ، ئۈچەيلەرنى سىلىقلاشتۇرۇپ كۈچەيتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : بوۋاسىر ، ئاشقازان ، ئۈچەي ئاغرىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم باللارغا 3 ~ 5 دانە ، چوڭلارغا 5 ~ 10 دانە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ .

## ھەببى مۇقەل V

تەركىبى : مۇقەل 60 گرام ، بىخ مارجان ، كەھرىبا ، كۆيدۈرۈلگەن ئىنەك مۈگگۈزى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرى 15 گرام ، ئاق زەمچە 6 گرام ، جۇۋنە 10 گرام ، ھېلىيلە پوستى ، بېلىيلە پوستى ، شاكىلىدىن ئايرىلغان ئامىلە قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرى 5 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، سىقىپ چىقىرىلغان جۇسەي سۈيىدە مۇقەلنىڭ تەمىنى چىقىرىپ ئاندىن تالقانلارنى سېلىپ خېمىر قىلىپ 0.25 گراملىق ھەب تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ئىسسىق .

تەسىرى : بوۋاسىرغا مەنپەئەت قىلىش ، ھەرخىل سەۋەبتىن كەلگەن قانلارنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : داۋاملىق قان ئېقىپ تۇرىدىغان بوۋاسىر كېسەللىكىگە ، باشقا ئەزالاردىن كەلگەن قاننى توختىتىشتا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم بالىلارغا 5 دانە ، چوڭلارغا 10 دانە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ .

## ھەببى مۇقەل VI

تەركىبى : مۇقەل 60 گرام ، ھېلىيلە كابۇلى پوستى ، كەھرىبا ھەر بىرى 30 گرام ، كۈدە ئۇرۇقى 15 گرام ، كالا يېغى 10 م ل .

ياسىلىشى : ھېلىيلە پوستىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، كالا يېغى بىلەن قوشۇپ قازاندا قورۇلىدۇ . كۈدە ئۇرۇقىنى قاينىتىپ ئۇنىڭدا مۇقەلنى ئېرىتىپ ئاندىن ھەلىيلە تالقىنى ، كەھرىبا تالقىنىنى سېلىپ يۇغۇرۇپ 0.3 گراملىق ھەب قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : بوۋاسىرنى ياخشىلايدۇ ، قاننى توختىتىدۇ ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلار كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 دانە ئېلىپ چاي بىلەن ئىچىلىدۇ .

## ئىترىيفىلى مۇقەل

تەركىبى : مۇقەل 100 گرام ، تۇربۇد 60 گرام ، ھېلىيلە كابۇلى پوستى ، بەلىيلە پوستى ، شاكالسىز ئامىلە ھەر بىرى 30 گرام ، سەكبىنەج 15 گرام ، كۈدە ئۇرۇقى ، باديان ھەربىرى 10 گرام ، مەستىكى 6 گرام ، ھەسەل 1 لىتر .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، مۇقەلنى 15 گرام كۈدە ئۇرۇقى قايناتما سۈيىدە ئېرىتىپ ، ھەسەلنى بۇ ئېرىتمە بىلەن قىيام قىلىپ ، سوقۇلغان دورىلارنى سېلىپ يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىدۇ ، ئۈچەي بوۋاسىرىنى تازىلايدۇ ، يەلنى يوقىتىدۇ ، تەرەتنى يۇمشىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاشقازان ، ئۈچەي كېسەللىكلىرى ، بوۋاسىر قاتارلىقلارغا

ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

## بەزى ئىششىقىغا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

### رەۋغىنى سىماب

تەركىبى : گۈڭگۈرت ، سېرىق ، زەيتۇن ، ئاق موم ، سىماب ، زىغىر ھەر بىرى 30 گرام مۇقەل 20 گرام بىخ مارجان 15 گرام ، گىل ئەرمىنى ، تاباشىر ، زەرچوبە ھەر بىرى 13 گرام ، كالا يىلىكى ، توخۇ يېغى 30 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى ھاۋانچىدا 12 سائەت زاماسكىدەك بولغىچە سوقۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبئىيىتى : مۆتىدىل .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تارقىلىۋچان يارا ۋە قوتۇر تەمرەتكىنى ساقايتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئېلىپ جاراھەت ئورنىنى ياغلايدۇ .

### قىروتى نۇسخىسى

تەركىبى : ئاقمۇچ 30 گرام ، بابۇنە ، خەشخاش پوستى ھەر بىرى 15 گرام ، كۆك كاسنى سۈيى ، كۆك مارجان ، شوخلا سۈيى ، ئىسبەغۇل شىرىسى ، زىغىر شىرىسى ھەر بىرى 100 م ل ، كالا يىلىكى ، توخۇ يېغى ، ئۆردەك يېغى ، بادام يېغى ، گۈل يېغى ، قايماق ھەر بىرى 30 م ل .

ياسىلىشى : ئىسبەغۇل ۋە زىغىرنىڭ شىرىسى چىقىرىلىدۇ . ياغلارنى قازانغا قۇيۇپ ئېرىتىپ بولغاندا كۆك كاسنى ۋە مارجان سۈيىنى قۇيۇپ ، بۇنىڭغا ئىسبەغۇل بىلەن زى-

غىر شىرىسىنى ۋە سوقۇلغان قۇرۇق دورىلارنى قوشۇپ ياخشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ھۆل سوغۇق .

تەسىرى : ماددىلارنى تارقىتىپ ئىششىق ياندۇرىدۇ . ئاغرىق پەسەيتىپ ، ھارارەتنى چۈشۈرىدۇ . قېتىشاڭغۇ ئىششىقلارنى يۇمشىتىپ ، يارىلارنى ساقايتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن بولغان ئىچكى ۋە تاشقى ئىششىقلارنى داۋالاپ ساقايتىشقا ، سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ، كۈندە 2 قېتىم ئاغرىغان جاي ياغلىنىدۇ .

## مەرھەمى داخلىيون I

تەركىبى : زۇپتى رۇمى ، راتىيانەج ، ئاق موم ھەر بىرى 35 گرام ، قۇننە 12 گرام ، زەيتۇن يېغى 100 م ل .

ياسىلىشى : مومنى زەيتۇن يېغىدا ئېرىتىپ ، قالغان دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ماي دورا تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بەز خاراكتېرلىك پوقاق ، چاشقان يارىسى ، جاراھەت ، تەمرەتكە كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سىرتتىن يەرلىك ئورۇن ياغلىنىدۇ .

## مەرھەمى داخلىيون II

تەركىبى : مەدەستان 80 گرام ، ئاق لەيلى ئۇرۇقى ، ئىسبەغۇل ، كىنوچە ئۇرۇقى ، ھەمىشەباھار ، شۈمشە ئۇرۇقى ، قىزىل زىغىر ھەر بىرى 28 گرام ، كۈنجۈت يېغى 160 گرام .

ياسىلىشى : مەدەستان يۇمشاق سوقۇلىدۇ . ئۇرۇق دورىلارنى پاكىزلەپ قاچىغا سېلىپ ئىسسىق سۇغا بىر سوتكا چىلاپ شىرىسى ئېلىنىدۇ . كۈنجۈت يېغىنى قازانغا قۇيۇپ

ئۈستىگە مەدەستان تالقىنىنى سېلىپ، مۇلايىم ئوتتا بىر تەرەپتىن قوچىغاچ قىزىتىلىدۇ (مەدەستان قازان تېگىدە ئولتۇرۇپ قالماسلىقى كېرەك). ياغ قارايغاندا قازاندىن چۈشۈرۈپ، سوۋۇغاندا ئۇرۇق دورىلار شىرىسىنى قوشۇپ قازاننى ئېسىپ يەنە بىر قايىنىتىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: مۆتىدىل.

تەسىرى: ئىششىق ياندۇرۇش، جاراھەت تازىلاش، جاراھەتتىنى پۈتتۈرۈش، ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: ھەر خىل ئىششىقلار، چىقان، غەلۋىرەك، خانازىر جاراھەتلىرى ۋە ئىششىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: بىمارنىڭ ئەھۋالىغا ۋە جاراھەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ سىرتتىن چاپلىنىدۇ.

## مەئجۇنى غۇددە I

تەركىبى: دېڭىز يوسۇنى (خەيدەي)، ئۇزۇم ھەر بىرى 30 گرام، سەبرى سۇقۇتىرى 6 گرام، كۆپۈكى دەريا، بىخ مارجان، ئاقمۇچ، ئەنزۇرۇت، قارا پارپى ھەر بىرى 3 گرام، ھەسەل 100 م ل.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇزۇمنى ئايرىم سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئارقىدىن ھەسەلنى قوشۇپ دورىلارنى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن قىلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: بەدەندىكى ئۆسمە بەزلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ چوڭىيىشىنى چەكلەش ۋە ئۇنى يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: پوقاق، بويۇن ۋە چات بەزلىرىنىڭ يوغىنىشىغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 6 گرام يېيىلىدۇ.

## مەئجۇنى غۇددە I

تەركىبى: دېڭىز يوسۇنى (خەيدەي)، كىشمىش ئۈزۈم ھەر بىرى 60 گرام،

بەسغائىج ، لىچىندانە ، تۇربۇد ، قوينىڭ بويۇن بېزى ، قارىمۇچ ، ئاقمۇچ ، نۇشۇدۇر ، فىلفىلمويە ، دارىچىنى ، گۈلدارچىنى ، تەرخەمەك ، ياپۇز ھەر بىرى 15 گرام ، بادام يېغى 15 مل ، شېكەر 200 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۈزۈمنى سوقۇپ ، شېكەرنى قىيام قىلىپ ، قوينىڭ بويۇن بېزىنى قۇرۇتۇپ ئايرىم قاچىغا قىرىپ ، ھەممىنى شېكەر قىيامى بىلەن ئۈزۈم سوقۇلمىسىغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : بەزلەرنىڭ يوغىنىشىنى چەكلەيدۇ ۋە يوقىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئىچكى ـ تاشقى ئەزالاردىكى بەزلەرنىڭ يوغىنىشىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا چوڭلارغا 6 گرام ، بالىلارغا 3 گرام يېگۈزۈلىدۇ .

### مەئجۇنى ئىترىيفىلى غۇدۇدى

تەركىبى : قارا ھېلىيلە 45 گرام ، ئەفتىمۇن 30 گرام ، بەلىيلە ، ئامىلە ، تۇربۇد ھەر بىرى 21 گرام ، ئۇستۇخۇدۇس ، قوينىڭ بويۇن بېزى ( قۇرۇتۇلغان ) ، بەسفائىج ھەر بىرى 15 گرام ، سانا 12 گرام ، غارىقۇن ، شەترەنجى ھىندى ، نۇشۇدۇر ، زورەنباد ھەر بىرى 9 گرام ، رۇم بادىيان ، گۈلدارچىنى ، سۇنبۇل ، قەلەمفۇر ، جۇيۇز ، لىچىندانە ، مەستىكى ھەر بىرى 6 گرام ، ھەسەل 1.5 لىتر .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ . ئەگەر 15 م ل بادام يېغى قوشسا تېخىمۇ ياخشى .

تەسىرى : سەۋدا ۋە بەلغەم ماددىلىرىنى سۈرۈش ، ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاش ، يەل تارقىتىش ، ئىستا ياندۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : چاشقان يارىسى ، بويۇن ، چات يېرىقلىرىدىكى بەز يوغىناپ قالغانلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم 15 گرام يېيىلىدۇ .

### ھەببى خانازىر

تەركىبى : تۇربۇد 21 گرام ، ئەنزۇرۇت 12 گرام ، سەبرى 9 گرام ، غارىقۇن 8 گرام، نۇشۇدۇر 6 گرام ، سەھمى ھەنزەل ، سەقمۇنىيا ھەر بىرى 5 گرام ، جاۋاشىر 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، كۇدە سۈيى بىلەن ھەب قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : لىمفا سىلىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم 3 گرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ھەببى خىزران

تەركىبى : تازىلانغان تۇربۇد 25 گرام ، ئەنزۇرۇت 15 گرام ، ئىيارەج پەيقەرا ، غارىقۇن ، شەھمى ھەنزەل ، جاۋاشىر ، نۇشۇدۇر ، سەقمۇنىيا ھەر بىرىدىن 10 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ كۇدە سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.3 گراملىق ھەب تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .
تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش ، يىرىڭلارنى يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل تىرە كېسەللىكلىرىگە ، خانازىرغا ( لىمفا توبېركولىيۇزى ) ، ئاقماۋە يەل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم بالىلارغا 3 — 5 دانە ، چوڭلارغا 5 — 7 دانە ئىچكۈزۈلىدۇ .

### ھەببى ۋاسلى

تەركىبى : سەبرى 48 گرام ، تۇربۇد 21 گرام ، شەھمى ھەنزەل 15 گرام ، سەقمۇنىيا 12 گرام ، تۇز 6 گرام، سۇنبۇل ، قېلىن دارچىنى ، ھەببى بىلسان ، ئاسارۇن ، ئۇد بىلسان ، مەستىكى ، دارچىنى ، زەفەر 3 گرام .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : لىمفا سىلىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم 9 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

#### ئىترىيفىلى غۇددە

تەركىبى : قارا ھەلىلە 45 گرام ، ئەفتىمۇن 30 گرام ، بەلىيلە ، ئامىلە ، تۇربۇد ھەر بىرى 21 گرام ، بەسفائىج ، ئۇستۇخۇدۇس ، قوينىڭ گەردەن بېزى ھەر بىرى 15 گرام ، مەككە ساناسى 12 گرام ، غارىقۇن ، زورەنباد ، شەترەنجى ھىندى ھەر بىرى 9 گرام ، رۇم بادىيان ، گۈلدارچىنى ، سۇنبۇل ، قەلەمفۇر ، جۇيۇز ، مەستىكى ھەر بىرى 6 گرام ، ھەسەل ئومۇمىي دورا ئېغىرلىق مىقدارىنىڭ 3 ھەسسىگە تەڭ مىقداردا .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : لىمفا سىلى ( خانازىر ) غا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 6 ~ 15 گرام ئىستېمال قىلىدۇ .

## بەرەس ۋە بەھەققە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

#### شەربىتى بەرەس

تەركىبى : كىچىك قۇرۇق ئۈزۈم 150 گرام ، رۇم بادىيان ، گۈلقەنت ھەر بىرى 30 گرام ، سىياھدان 20 گرام ، قىچا ، زەنجىبىل ، قىرەدمەنا ، ياللىۇز ھەر بىرى 15 گرام ، قۇرۇق سامساق ، ئاقىرقەرھا ، شەترەنجى ، ئۇردان ، ئەفتىمۇن ، ئەفسەنتىن ، شەھمى ھەنزەل ھەر بىرى 10 گرام ، بابۇنە ، بىخ كەبىر ھەر بىرى 7 گرام ، ھەسەل 250 م ل .
ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 2 لىتر قايناقسۇغا بىر سوتكا چىلاپ ، 1 لىتر قالغىچە قاينىتىپ ، سۈزۈپ ، گۈلقەنت ۋە ھەسەلنى سېلىپ بىر ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بەرەسنىڭ ماددىسىنى پىشۇرۇش ، سۈيدۈكنى ئۇلغايتىش ، تەرلىتىش تەسىرىگە ئىگە ۋە مۇشۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 قوشۇق ئىچىدۇ .

## شەربىتى رەيھان

تەركىبى : قۇرۇق ئۈزۈم 75 گرام ، بادرەنجبۇيا 15 گرام ، رۇم باديان ، چىگىسەي ئۇرۇقى، تۇرۇنجى پوستى ھەر بىرى 12 گرام ، دارچىنى ، قەلەمفۇر ، سىياھدان ، رەيھان ھەر بىرى 3 گرام ، قارا شېكەر 90 گرام .

ياسىلىشى : قاتتىق دورىلارنى چالا سوقۇپ 3 لىتر قايناقسۇغا چىلاپ ، 3 كۈن ئاپتاپتا قويۇپ ئېچىتىپ ، يەنە 1 لىتر قايناقسۇ قوشۇپ قايىنتىپ ، 10 لىتر سۈيى قالغاندا سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : ھەزىمنى ياخشىلاپ ، قان كۆپەيتىدۇ ، نېرۋا ، يۈرەكنى كۈچلەندۈرىدۇ ، بەلغەم ماددىسىنىڭ قانغا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ بەدەننى سەمرىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاق كېسەلنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 ~ 4 قوشۇق ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى مۇسھىلى بەرەس

تەركىبى : تەرەنجىبىن 150 گرام ، شەھتەررە ، سېرىق ئوت ( ئەفتىمۇن ) ، شەترەنجى ، چىلان ، سانا ھەر بىرى 30 گرام ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، قارا ھەلىيلە ، بەلىيلە پوستى ، ئامىيلە ھەر بىرى 20 گرام گاۋزەبان ، بادرەنجبۇيا ، ئۇستۇخۇدۇس ، بەسفائىج ، ئۈد سەلىپ ، پەرسىياۋشان ، باديان ، چۆچۈكبۇيا يىلتىزى ، مارجان شوخلا ھەر بىرى 15 گرام ، تۇربۇد 10 گرام .

ياسىلىشى : سانا ، تەرەنجىبىننى 350 م ل قايناقسۇغا چىلاپ ، 3 سائەتتىن كېيىن سىقىپ سۈزۈلىدۇ . قالغان دورىلارنىڭ قاتتىقلىرىنى چالا سوقۇپ ، ئىككى يېرىم لىتر قايناقسۇغا چىلاپ ئىككى سائەتتىن كېيىن بىر يېرىم لىتر قالغىچە قايىنتىپ ، سۈزۈپ ، ھەممىسى بىرلەشتۈرۈلىدۇ .

تەبئىيىتى : ھۆل ئىسسىق .

تەسىرى : توسالغۇلارنى ئېچىش ، نورمالسىز سەپرا ، سەۋدا ۋە بەلغەمنى سۈرۈش ، رەئىس ئەزالار خىزمىتىنى ياخشىلاش ، قان تازىلاش ، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنى پاكىزلەش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : بەرەسكە سەۋەبچى بولغان نورمالسىز سۇيۇقلۇقلارنى ھەيدەپ چىقىرىش ۋە تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىم 150 م ل قىزىتىپ ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى مۇنزىجى بەرەس I

تەركىبى : ئەنجۈر قېقى 60 گرام ، پەرسىياۋشان 15 گرام ، زەنجەبىل ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 10 گرام ، رۇم باديان ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ، دارچىنى ، سەلىخە ھەر بىرى 9 گرام ، گۈلقەنت 90 گرام .

ياسىلىشى : قاتتىق دورىلارنى چالا سوقۇپ 1 لىتر قايناقسۇغا چىلاپ 2 سائەتتىن كېيىن 100 م ل قالغىچە قاينىتىپ سۈزۈپ ، گۈلقەنتنى سېلىپ بىر ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بەلغەمدىن بولغان ئاق كېسەل ۋە باشقا كېسەللىكلەردە ماددىنى پىشۇرۇش تەسىرىگە ئىگە . ئۇندىن باشقا باش ئاغرىقى ۋە ئۇستىخان ئېغىرلىقىغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىم 5 ~ 3 قوشۇق ئىچىلىدۇ .

## شەربىتى مۇنزىجى بەرەس I

تەركىبى : ئۈزۈم 150 گرام ، باديان يىلتىزىنىڭ پوستى ، چىگىدەي يىلتىزى پوستى ، كاسنى يىلتىزى پوستى ، ئەنجۈر قېقى ( مونىكى ) ، رۇم باديان ، سىياھدان ، بابۇنە ، پەرسىياۋشان ھەر بىرى 30 گرام ، ئەفتىمۇن 15 گرام ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ، گاۋزەبان ، بادىرەنجبۇيا ، ئۇستوخۇدۇس ، سۇنبۇل ، شەتەرەنجى ، ئۇردان ھەر بىرى 10 گرام ، گۈلقەنت 150 گرام .

ياسىلىشى : قاتتىق دورىلارنى چالا سوقۇپ 2 لىتر قايناقسۇدا 2 سائەت چىلاپ، 1 لىتر قالغىچە قاينىتىپ سۈزۈپ، گۈلقەنت قوشۇپ ئۆرلىتىپ يەنە سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : يۇقىرىقى دورىلارنىڭ كۆپىنچىسى ماددا پىشۇرغۇچى ، ماددا ئالمىششىنى ياخشىلىغۇچى ۋە بەدەننى قىزىتقۇچى بولغاچقا ، بەلغەم ، سەۋدا ماددىسىنى پىشۇرۇپ بەدەنگە رەڭ پەيدا قىلالايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : خام خىلىتلارنى پىشۇرۇپ ، ياخشى قان پەيدا قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 قوشۇقتىن ئىچكۈزۈلىدۇ .

## شەربىتى مۇنزىجى بەرەس III

تەركىبى : ئۇششاق قۇرۇق ئۈزۈم 150 گرام ، تەرەنجىبىن 100 گرام ، باديان يىلتىزى ، زەنجىبىل ، ئۇستۇخۇدۇس ، سەئتەر ھەر بىرى 30 گرام ، ئەنجۈر ، چىگىسەي يىلتىزى ، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى ( تازىلانغان ) ھەر بىرى 25 گرام ، رۇم باديان ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، سىياھدان ، سانا ھەر بىرى 15 گرام ، سۇنبۇل 10 گرام .

ياسىلىشى : قاتتىق دورىلارنى چالا سوقۇپ 2 لىتر قايناقسۇغا 3 سائەت چىلاپ ، ئاندىن 1 لىتر قالغىچە قاينىتىلىدۇ . سانا ۋە زەنجىبىلنى بىر پىيالە سۇغا ئايرىم ـ ئايرىم چىلاپ سىقىپ قايناتمىغا قوشۇپ سوۋۇنغاندا سوزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سەۋدا ۋە بەلغەمدىن بولغان بەرەس كېسەللىكىدە ماددىنى پىشۇرۇشقا بېرىلىدۇ ، بەدەندىن بۇزۇق ماددىلارنى تازىلايدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 ، قېتىم ھەر قېتىمدا 1 پىيالە ئىچىدۇ .

## شەربىتى مۇنزىجى بەرەس IV

تەركىبى : قۇرۇق ئۈزۈم (قىزىل ) 150 گرام ، رۇم باديان 90 گرام ، سىياھدان 60 گرام ، بابۇنە ، چىگىسەي ئۇرۇقى ، سانا ، سوئتەر ھەر بىرى 30 گرام ، قىزىلگۈل ،

شەتەرەلجى ، سوزاپ ھەر بىرى 24 گرام ، گۈلقەنت ھەسىلى 150 م ل ياكى خاس ھەسەل 20 م ل .

ياسىلىشى : قاتتىق دورىلارنى چالا سوقۇپ 2 لىتر قايناقسۇغا 1 سوتكا چىلاپ ، 1 لىتر قالغىچە قايىنتىپ سۈزۈلگەندە سۈزۈپ ، ھەسەلنى قوشۇپ بىر ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : بەلغەم ۋە سەۋدانى پىشۇرىدۇ (يېتىلدۈرىدۇ) ، زىيادە سۇيۇقلۇقنى چىقىرىدۇ ، بەدەننى قىزىتىش ، قۇۋۋەتلەش تەسىرىنى بېرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتىنى پىششۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 قوشۇقتىن ئىچىلىدۇ .

## مەتبۇخى بەرەس

تەركىبى : كابۇل ھېلىيلە پوستى ، سېرىق ھەلىيلە ، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم ، ئەفتىمۇن ھەر بىرى 30 گرام ، ئەنجۈر 10 دانە ، بەسفائىج 15 گرام ، تۇربۇد ، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ، ئىزخىر ھەر بىرى 9 گرام ، مەستىكى ، رۇم بادىيان ، چىگىسەي ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام .

ياسىلىشى : سوقۇلىدىغانلىرىنى چالا سوقۇپ ، قائىدە بويىچە قايىنتىپ ، سىقىپ ، سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەبئىيىتى : ئىسسىق .

تەسىرى : نورمالسىز سەۋدا ۋە كۆيگەن باشقا خىلتلارنى سۈزۈپ چىقىرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : بەھەق ، بەرەس ۋە ھەر خىل داغ كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئالدى بىلەن ئىيارەج پەيقەرا ، غارىقۇنلارنىڭ ھەر قايسىسىدىن 5 گرام ئېلىپ سوقۇپ ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلاپ ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن مەزكۇر مەتبۇختىن 60 م ل ئىچىلىدۇ .

## مەئجۇنى ئاترىلال I

تەركىبى : ئاترىلال 225 گرام ، ئاقىرقەرھا ، ئاق تۇربۇد ، توم زەنجىبىل ھەر بىرى

45 گرام، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل 1.012 لىتر .
ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : ھۆل ئىسسىق .
تەسىرى : تېرىگە رەڭ بېرىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : ئاق كېسەلگە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىم 10 ~ 5 ياشقىچە 15 — 10 گرام، 10 ياشتىن چوڭلارغا 40 ~ 20 گرام، 2 قېتىمدىن ئىچكۈزۈلىدۇ .
ئەسكەرتىش : ئاتىرىلال ئورنىغا ھازىر كالىي زىرە ئىشلىتىلىدۇ . دەسلەپتە 15 گرامدىن بېرىپ تەدرىجىي 60 گرامغا يەتكۈزۈلىدۇ . دورا يېگەن جەرياندا يەل - يېمىش، سۇيۇق تاماق، سوغۇق سۇ قاتارلىق سوغۇق تەبىئەتلىك نەرسىلەرنى بەرمەسلىك، قۇۋۋەتلىك، ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرنى بېرىش، ئەڭ ياخشىسى بۇ دورىنى تومۇز كۈنلىرى ئىستېمال قىلىپ كۈن نۇرىغا قاقلىنىپ بەرسە تېخىمۇ ياخشى داۋالاش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ .

### مەئجۇنى ئاترىلال I

تەركىبى : تازىلانغان (مۇدەببەر قىلىنغان ) ئاترىلال 100 گرام، ئاقىرقەرھا 30 گرام، تۇربۇد، زەنجىبىل ھەر بىرى 20 گرام، ھەسەل 500 م ل .
ياسىلىشى : تازىلانغان ئاترىلال ۋە باشقا دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئېرىتىلگەن ھەسەلدە يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .
تەسىرى : بەدەننى قىزىتىش، تېرىگە سۇ كۆتەرگۈزۈش ۋە رەڭ بېرىش، بۇزۇق ماددىلارنى تازىلاش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : مەخسۇس بەرەسنى داۋالاشتا بېرىلىدۇ . ئۇستىخان - بوغۇم ئاغرىقلىرىغىمۇ مەنپەئەت قىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 گرام، تەدرىجىي ھالدا 15 گرام بېرىلسە بولىدۇ .

ئەسكەرتىش : ئاترىلال ئورنىغا ھازىر كالىي زىرە ئىشلىتىلىدۇ .

**مەئجۇنى ئاترىلال II**

تەركىبى : تازىلانغان ئاترىلال ، بىخ كەبىر ، ئاقىرقەرھا ، شەترەنجى ھىندى ھەر بىرى 30 گرام ، ھەسەل 70 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئېرىتىلگەن ھەسەلگە سېلىپ قىزىق پېتى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ، قاچىغا ئېلىپ بىر ئايدىن كۆپرەك تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىش كېرەك ، بولمىسا ئۈنۈمى يۇقىرى بولمايدۇ .

تەسىرى : قان ئايلىنىشنى ياخشىلاپ ، بەدەندىكى بۇزۇق ماددىلارنى چىقىرىدۇ ، بوغۇم ئاغرىقلىرىنىمۇ ئوبدان تەسىر قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : بۇ ئالاھىدە ئۈنۈملۈك دورا بولۇپ ، دورىنى يەپ 7 كۈندىن كېيىن تېرىدە سۇ كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ . مەخسۇس بەرەسكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلار كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 گرام ، 10 كۈندىن كېيىن 15 گرام يېسە بولىدۇ .

ئەسكەرتىش : ئاترىلال سىركىگە 3 قېتىم چىلاپ قۇرۇتۇلسا زەھەرسىزلىنىدۇ . ھازىر ئادەتتە ئۇنىڭ ئورنىغا كالىي زىرە ئىشلىتىلىدۇ . مەزكۇر دورىنى يېگەندە سوغۇق سۇ ئىچمەسلىك ، سوغۇق يېمەكلىكلەر ۋە ھۆل سوغۇق تاماقلاردىن ساقلىنىش ، قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى يەپ ئاپتاپتا قاقلىنىش كېرەك .

**مەئجۇنى بەرەس I**

تەركىبى : كابۇل ھەلىيلە پوستى ، بەلىيلە پوستى ، ئامىلە مۇقەششەر ، ئەفتىمۇن ، قىرەدمەنا ، گۈلدارىچىنى ، فىلفىل ، ئاقىرقەرھا ، شەترەنجى ، قىچا ، قۇرۇق سامساق ، ئوردان ، زەنجىبىل ، جويۇز ، گۈلى قەقە ، ئەنسىل ، گۈڭگۈرت ھەر بىرى 15 گرام ، ھەسەل 600 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلگە سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيىتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بەدەننى قىزىتىدۇ ، نورمالسىز بەلغەمنى نورماللاشتۇرىدۇ ، نورمالسىز خىلتلارنى ھەيدەپ چىقىرىپ تېرىگە رەڭ بېرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 6 گرام ئىچىلىدۇ .

## مەئجۇنى بەرەس I

تەركىبى : قىزىلگۈل 250 گرام ، تاغ زىرىسى (مۇدەببەر ) 90 گرام ، ئاقىرقەرھا ، تۇربۇد ھەر بىرى 60 گرام ، زەنجىبىل 45 گرام ، ئۇغرى تىكەن 18 گرام ، ھەسەل 2 لىتر .

تەييارلاش : تاغ زىرىسى سىركىگە چىلاپ مۇدەببەر قىلىنىدۇ . دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئېرىتىلگەن ھەسەلگە سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاق كېسەللىكتە بەدەن تازىلانغاندىن كېيىن بېرىلسە نورمالسىز خىلتلارنى چىقىرىپ تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىدۇ ، تاماق سىڭدۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 گرام ئىچىپ تەدرىجىي ھالدا 30 گرامغا يەتكۈزۈلىدۇ .

## مەئجۇنى بەرەس II

تەركىبى : ئاتىرىلال ، ئاقىرقەرھا ، تۇربۇد ، سىياھدان ھەر بىرى 30 گرام ، ھەسەل 240 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئېرىتىلگەن ھەسەلگە سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇلىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بەدەننى قىزىتىپ زىيادە ھۆللۈكنى چىقىرىدۇ ، تېرىگە رەڭ پەيدا قىلىدۇ ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، تاماقتىن كېيىن 6 گرامدىن يەيدۇ .

ئەسكەرتىش : ھازىر ئاتىرىلال ئورنىغا كالىي زىرە ئىشلىتىلىدۇ .

## مەئجۇنى مۇسھىلى چىلاپا

تەركىبى : چىلاپا 100 گرام ، گۈلقەنت 300 گرام .

ياسىلىشى : چىلاپىنى سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، گۈلقەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : يەڭگىل سۈرۈش ، بەرەس كېسەللىكىنىڭ زىيادە سۇيۇقلۇقىنى ئۈچەي ئارقىلىق چىقىرىش ، قورساق كۆپۈش ، سۇلۇق ئىششىقنى يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئاق كېسەللىكنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : زۆرۈر بولغاندا ھەر قېتىمدا 30 — 15 گرام ئىچىدۇ .

## مەئجۇنى ئىبنى ماسۇيە

تەركىبى : ھېلىيلە كابۇلى پوستى ، بەلىيلە پوستى ، ئامىيلە پوستى ، سېرىق ئوت (ئەفتىمۇن ) ، تاغ سەۋزە ئۇرۇقى ( دۇقو ) ھەر بىرى 20 گرام ، نېپىز دارچىنى ، فىلفىل ھەر بىرى 16 گرام ، جويۇز ، ئاقىرقەرھا ، شەترەنجى ھىندى ھەر بىرى 8 گرام ، كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل 468 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ئىسسىق .

تەسىرى : تېرىگە رەڭ بېرىش ، بەدەننى قىزىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ئاق كېسەلگە ، مېڭىنىڭ ھۆللۈكى ئارتىپ كېتىشكە ، شالۋاق ئېتىقشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 5~1 ياشتىكىلەرگە 2~1 گرام ، 10~5 ياشتىكىلەرگە 4~3 گرام ، چوڭلارغا ئەھۋالغا قاراپ 8 — 5 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

ئەسكەرتىش : دورىنى 3 كۈن يەپ 5 كۈن دەم ئېلىپ يەنە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ .

### مۇجەررەبى بىرەس

تەركىبى: سۇپۇرگە ئۇرۇقى 45 گرام، يىلان تېرىسى، سوزاپ ياپرىقى ھەر بىرى 30 گرام.

ياسىلىشى: مەزكۇر دورىلارنى سوقۇپ تالقانلاپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئاق كېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە بىر قېتىم مەزكۇر تالقاندىن 10 گرام ئېلىپ مەلۇم مىقداردىكى ئۈزۈم شەربىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدۇ ۋە ئاپتاپتا چىلىق ــ چىلىق تەرلىگەنگە قەدەر ئولتۇرىدۇ ھەمدە 5 كۈنگىچە داۋاملاشتۇرىدۇ.

### ھەببى بىرەس

تەركىبى: گۈلى قەقە، سەرسىبىل، ۋالك ئۇرۇقى، زەنجىبىل ھەر بىرى 100 گرام، شېكەر 100 گرام.

ياسىلىشى: ھەببى سىياھدان بىلەن ئوخشاش.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: تېرىنى قىزىتىپ بۇزۇق ماددىلارنى ھەيدەيدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 2 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### ھەببى بەھەق

تەركىبى: تۇربۇت 10 گرام، غارىقۇن، ئەفتىمۇن ھەر بىرى 12 گرام، سەقمۇنىيا 9 گرام، قارا ھېلىلە، شەترەنجى ھىندى، ئەفسەنتىن ئۇسارىسى ھەر بىرى 6 گرام، مۇقەل، رۇم باديان ھەر بىرى 3 گرام.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: بەھەققە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: سۇ بىلەن ھەب قىلىپ كۈندە 2 قېتىم، ھەر

قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### ھەببى پەرفىيۇن

تەركىبى: سەبرى 24 گرام، پەرفىيۇن، غارىقۇن، مۇقەل، سەكبىنەج، شەھمى ھەنزەل ھەر بىرى 12 گرام.

ياسىلىشى: مۇقەل، سەكبىنەجلەرنى كۆدە سۈيىدە ئېرىتىپ، ئۈستىگە باشقا دورىلار تالقىنىنى سېلىپ ھەب تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: رەئشە، پالەچ، ئاق كېسەللىكلەرنى داۋالاش تەسىرىگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم 3 ~ 6 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### ھەببى سىياھدان

تەركىبى: ئاتىرىلا 260 گرام، سىياھدان، ئاقتىرقەرھا، تۇربۇد ھەر بىرى 240 گرام، شېكەر 1 كىلو.

ياسىلىشى: دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىپ (شېكەرمۇ بىرگە سوقۇلىدۇ)، ئازراق ھەسەل ياكى شېكەر سۈيى بىلەن خېمىر قىلىپ قوناقتەك ھەب قىلىنىدۇ.

تەبىئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.

تەسىرى: بەدەندىكى زىيادە سۇيۇقلۇقنى چىقىرىش، بەدەننى قىزىتىش، بەلغەمنى پىشۇرۇش، تېرىگە رەڭ بېرىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: بەرەس كېسەللىكىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 1 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئاتىرىلال ئورنىغا ھازىر كالىي زىرە ئىشلىتىلىدۇ.

### ھەببى مۇخرىج I

تەركىبى: ھەببۇلمۇلۇك مېغىزى 60 گرام، سېرىق ھېلىيلە پوستى 30 گرام، ئاق

تۇربۇد 18 گرام، تاتلىق بادام مېغىزى 12 گرام، سەبرى، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 10 گرام، لىمون جەۋھىرى، قىزىلگۈل ھەر بىرى 5 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ. جەبىۇلمۇ- لۇك مېغىزىنى پاكىزلەپ خېمىرنىڭ ئىچىگە ئېلىپ پىشۇرۇپ سۈتكە چىلاپ قۇرۇتۇپ زەھەرسىزلەندۈرۈپ سوقۇلىدۇ، بادىيان ئەرىقى بىلەن خېمىر قىلىپ نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب قىلىنىدۇ.

تەسىرى: نورمالسىز بەلغەم ماددىسىنى بەدەندىن چىقىرىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: بەرەس كېسەللىكىنىڭ زىيادە سۇيۇقلۇقىنى چىقىرىش، بەدەننى بۇزۇق ماددىلاردىن تازىلاش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: چوڭلارغا كۈندە 1 قېتىم، ھەر قېتىمدا 1 گرام، باللارغا يولسا يېرىم گرام يېگۈزۈلىدۇ.

### ھەببى مۇسھىلى پەرفىيۇن

تەركىبى: سەبرى 20 گرام، پەرفىيۇن، غارىقۇن، مۇقەل، سەكبىنەج، شەھمى ھەنزەل ھەر بىرى 10 گرام.

ياسىلىشى: سەكبىنەج ۋە مۇقەلنى كۆدە سۈيىدە ئېزىپ، قالغان دورىلارنى قوشۇپ كۆدە سۈيىدە يۇغۇرۇپ ھەب قىلىنىدۇ.

تەسىرى: بەدەندىكى ھۆللۈكنى چىقىرىش، بەدەننى تازىلاش، بەلغەمدىن بولغان كېسەللەرگە مەنپەئەت قىلىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: بەرەسنىڭ ماددىسىنى چىقىرىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا يېرىم گرام ئىچىدۇ.

### ئىترىيفىلى بەرەس

تەركىبى: دوقۇ (ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى) 60 گرام، ھېلىيلە كابۇلى، سانا ھەر بىرى 30 گرام، ئەفسەنتىن 15 گرام، مەستىكى 9 گرام، ئىگىر 6 گرام، ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 90 گرام، ھەسەل 3 ھەسسە.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: بەھەق، بەرەس كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ

مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىر كۈندە 6 ~ 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ .

### ئىترىيفىلى هامان

تەركىبى : تۇربۇد 45 گىرام ، ئۇرۇقىدىن ئاجرىتىلغان ئامىلە ، سېرىق ئوت (ئەفتىمۇن ) ، بەرەنگى كابۇلى ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، كابۇلى ھېلىيلە پوستى ھەر بىرى 30 گىرام ، ئۇستوخۇدۇس ، بەسفائىج ھەر بىرى 20 گىرام ، غارىقۇن 15 گىرام ، قارامۇچ ، فىلفىل ، نارمىشكى ، ھاشا ھەر بىرى 12 گىرام ، كۈندۇر ، سۇئىدى كوفى ، قۇستە ، زەنجىبىل ، زۇفا ھەر بىرى 10 گىرام ، شەتىرەنجى ، شازەج ھىندى ، مەستىكى ، رۇم باديان ، قەلەمفۇر ھەر بىرى 6 گىرام ، ھەسەل 1 لىتىر .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئېرىتىلگەن ھەسەلگە قويۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : بەلغەمدىن بولغان كېسەللەرگە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ . بولۇپمۇ بەرەسنى داۋالاشتا تەسىرى ياخشى . چاچنىڭ قارىلىقىنى ساقلايدۇ .
ئىشلىتىلىشى : مەخسۇس بەرەسنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 10 گىرام ئىچكۈزۈلىدۇ .

### ئىيارەجى لۇغازىيا

تەركىبى : شەھمى ھەنزەل 15 گىرام ، ئەنسىل (تاغ پىيىزى ) ، غارىقۇن ، سەقمۇنىيا ، قارا خەربەق ، ئۇشەق ، ئۇسقۇردىيۇن ھەر بىرى 11 گىرام ، ئەفتىمۇن (سېرىق يۆگەي ) ، كاما زىريۇس ، مۇقەل ، سەبرى ھەر بىرى 9 گىرام ، ھاشا ، غۇپارىقۇن ، سازەج ھىندى ، تاغ كۈدىسى (فەراسيون ) ، جۆئدە (چاڭگاك ) ، سەلىخە ، فىلفىل ، ئاقمۇچ ، قارامۇچ ، جاۋشىر ، زەفەر ، دارچىنى ، بەسفائىج ، قۇندۇز قەھرى ، مۇرمەككى ، تاغ چىگىسىي ئۇرۇقى ، ئۇزۇنچاق زىراۋەند ، ئەفسەنتىن ئۇسارىسى ، پەرفىيۇن ، سۇنبۇل ، ھۇماما ، زەنجىبىل ھەر بىرى 6 گىرام ، جىنتىيانا ، ئۇستوخۇدۇس ھەر بىرى 5 گىرام ، ھەسەل 3 ھەسسە .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بەدەننى تازىلايدۇ ، بەھەق ، بەرەس ، جوزام ، تەمرەتكە ،

تاز كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 ~ 6 گرام ئىچكۈزۈلىدۇ.
ئەسكەرتىش: يۈرەك قالايمىقان سوقىدىغان بىمارلارغا ئاز ئىستېمال قىلىشى ياكى ئىستېمال قىلماسلىقى لازىم.

## بەرەسكە سىرتتىن ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

### تىزابى فارۇق

تەركىبى: شور، زاك ھەر بىرى 300 گرام.
ياسىلىشى ۋە ئۇسۇلى: تىزاب تەييارلاش قائىدىسى بويىچە تىزاب قىلىنىدۇ ۋە سىرتقا ئىشلىتىلىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: بەرەس، بەھەق ۋە كەلەبكە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

### تىزابى گۈڭگۈرت

تەركىبى: تازىلانغان گۈڭگۈرت سېرىقى 5 كىلوگرام.
ياسىلىشى: تىزاب چىقىرىش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى: بەرەس، بەھەق، تەمرەتكە، تاز، جوزام قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۈرتۈلىدۇ. ئالدى بىلەن بەدەن تەنقىيە قىلىنسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى.

### زىمادى بەرەس I

تەركىبى: كۆيدۈرۈلگەن مىس، سېرىق زەرنىخ، زىراۋەند ھەر بىرى 5 گرام،

شەترەنجى ، تازىلانغان ھاك ، گۈلقەنت ھەر بىرى 3 گرام ، ئۆردان 2 گرام ، قىچا يېغى 50 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى ئۆندەك سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ قىزىتىلغان قىچا يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ ، سۇيۇق زىماد قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تېرىگە سۇ كۆتەرتىپ بۇزۇق ماددىلارنى چىقىرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بەرەسكە بىرىنچى باسقۇچلۇق دورىلارنى ئىچكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئىككىنچى باسقۇچقا يۇقىرىقى مەقسەتلەر ئۈچۈن بۇ دورىنى كۈندە بىر قېتىم ئاپتاپتا چېپىشقا بۇيرۇلىدۇ .

## زىمادى بەرەس I

تەركىبى : سامساق 15 گرام ، گۈلى قەقە ، جىن كېۋىزى ھەر بىرى 10 گرام ، نوشۇدۇر 5 گرام ، ئەنجۈر يوپۇرمىقى سۈيى 10 م ل ، ئاچچىق سىركە 50 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئەنجۈر يوپۇرماق سۈيى ۋە ئاچچىق سىركىگە تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ زىماد قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تېرىنى قىزارتىپ سۇ كۆتەرگۈزىدۇ ۋە تېرىگە رەڭ بېرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : ئاپتاپتا يەرلىك ئورۇنغا چېپىلىدۇ .

## زىمادى بەرەس II

تەركىبى : قىچا ، خېنە ھەر بىرى 15 گرام ، شەترەنجى ھىندى ، قارا خەربەق ، سىياھدان ، روسۇت ، زەمچە ، جويۇز ، فىلفىلنىڭ ئىچىدىن چىققىدىغان تاش ، قىزىل زەرنىخ ، ئاقاقىيا ھەر بىرى 10 گرام ، ئاچچىق كونا سىركە 100 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى: تېرىنىڭ قىزارتىپ سۇ كۆتەرگۈزۈش، تېرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەسىرىگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: داۋالاشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا كۈندە 1 قېتىم تېرىگە تەگكى چوڭلۇقىدا چېپىلىدۇ.

### زىمادى سۈرمە

تەركىبى: شەترەنجى ھىندى، سۈرمە، مۇزا، كۆيدۈرۈلگەن بېلىق سۆڭەك كۈلى، قىزىل زاك ھەر بىرى 15 گرام، سىركە 50 م ل.
ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، سىركىگە ئارىلاشتۇرۇپ سۇيۇق خېمىر ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: تېرىدىن سۇ كۆتۈرگۈزۈپ تېرىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ ۋە ئاق كېسەلنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: كۈندە بىر قېتىم ئاق جايغا، ئاپتاپقا ياكى ئوتتا قاقلاپ تۇرۇپ سۈرۈلىدۇ.

### مەرھەمى بەرەس

تەركىبى: كۆيدۈرۈلگەن مىس، سېرىق زەرنىخ، شەترەنجى ھىندى، ئاھاك، زىراۋەندىلەر تەڭ مىقداردا.
ياسىلىشى: دورىلارنى يۇمشاق تالقانلاپ بوۋاق سۈيدۈكى ياكى كونا سىركىگە چىلاپ 20 كۈن ئەتراپىدا تومۇز ئاپتىپىدا تۇرغۇزۇپ، كۈندە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: بەرەسكە خال چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: يەرلىك ئورۇننى بوۋاقلار سۈيدۈكى ياكى كونا سىركىدە يۇ-يۇپ ئاندىن سىرتىدىن مەزكۇر دورا سۈرتۈلىدۇ.

### مەرھەمى بەيزە

تەركىبى: توخۇم سېرىقى 7 دانە، كۈنجۈت، سىياھدان، قىزىل قىچا، قەلەمفۇر

ھەر بىرى 30 گرام، قوي يېغى 500 م ل.
ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، تۇخۇم يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: خال چۈشۈرىدۇ ۋە ئاق كېسەلنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: كۈندە 1 قېتىم ئاق جايغا ئاپتاپتا چېپىلىدۇ.

### مەرھەمى پەرفىيۇن

تەركىبى: نوشۇدۇر، ھەببى دەن (ھىندى ئابدۇمەلىكى) مېغىزى 35 گرام، پەرفىيۇن، ئاقىرقەرھا ھەر بىرى 10 گرام، كۈچۈلا يېغى 500 م ل.
ياسىلىشى: دورىلارنى كۆرسەتمە بويىچە ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، كۈچۈلا يېغىدىن ئازراق ئېلىپ ھاۋانچىغا قويۇپ، ئاندىن سوقۇلغان دەن مېغىزىنى سېلىپ ئوبدان ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە تالقاننى سېلىپ ئاخىرىدا قالغان كۈچۈلا يېغىنى قويۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.
تەبئىيتى: قۇرۇق ئىسسىق.
تەسىرى: تېرىلەرنى قۇرۇتۇش ۋە قىزىتىش، ئاغرىق قالدۇرۇش خۇسۇسىيتىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: ئاق كېسەل ۋە پالەج، لەقۋا كېسەللىكلىرىدە سىرتقا چېپىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سىرتقا چېپىلىدۇ.

### مەرھەمى پوستى گىردىگان

تەركىبى: ياڭاق قاسىرىقىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن كۈلى، خېنە، ھۆل ئوسما ھەر بىرى 30 گرام.
ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ خېمىر ھالىتىگە كەلتۈرۈپ تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: تېرىگە سۇ كۆتەرتىپ خال پەيدا قىلىدۇ ۋە ئاق كېسەلنى داۋالاش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: كۈندە بىر قېتىم ئاپتاپتا ئاق بار جايغا چاپىدۇ.

### مەرھەمى شورا

تەركىبى: سىركە لېيى 70 گرام، شورا، گىل ئەرمىنى، ئۇردان، زەمچە ھەر بىرى 15 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ مەيزاپ لېيى ياكى سىركە لېيىغا ئارىلاشتۇرۇپ ۋە ياكى ئىسپىرت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: تېرىدىن سۇ ئاققۇزۇپ خال چۇشۇشنى تېزلەشتۈرىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: ئاق كېسەلگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: كۈندە بىر قېتىم ئاپتاپتا ئاق جايغا چېپىلىدۇ.

### مەرھەمى ئۇقاب

تەركىبى: نۇشۇدۇر 100 گرام، ھەسەل 300 م ل.

ياسىلىشى: نۇشۇدۇرنى ناھايىتى يۇمشاق سوقۇپ قېلىن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەسەلنى قازانغا سېلىپ ئېرىتىپ سوقۇلغان دورىنى قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

تەبىئىيتى: ئىسسىق.

تەسىرى: تېرىنى قىزىتىش، سۆلارنى يىغىپ چىقىرىش تەسىرىگە ئىگە.

ئىشلىتىلىشى: بەرەستە سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ. باشقا تېرە كېسەللىكلىرىگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى: تېرە كېسەللىكلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

### ئوكۇلى كالىزىرە

تەركىبى: كالىزىرە 1 كىلوگرام، ناترىي خلورات 8 گرام، تۇۋېن 80 — 10 م ل، ئاكۇا 3 لىتر.

ياسىلىشى: ئوكۇل ياساشتىكى قائىدە، تەلەپ ۋە ئۆلچەملەرگە ئاساسەن تەييارلىنىدۇ.

ئىشلىتىلىشى : ئاق كېسەلگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئۆلچەم بويىچە مۇسكۇلغا ئۇكۇل قىلىنىدۇ . كۈندە بىر قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2°~ 4 م ل غىچە ئىشلىتىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : ئۇكۇل قىممىتى : 8 ~ 9 $P_H$ ئەتراپىدا بولىدۇ . پىششىقلىنىش مىقدارى بىر لىتر بولىدۇ .

## ئاياللار كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

### تىلايى ھامىلە

تەركىبى : ھەببى بىلسان ، جاۋشىر ، مۇقەل ، قامغاق تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، كالا ئۆتى بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىر ۋە ئىشلىتىلىشى : تۇغماس ئاياللارنىڭ تۇغۇشىغا ياردەم بېرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : جىنسىي ئەزاغا سۈرتۈپ جىنسىي ئالاقە قىلىنىدۇ .

### تىلايى ھىككە

تەركىبى : سوزاپ ، نىيلۇفەر ، قاراسونا ، كاسىن سۈيى مۇۋاپىق مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى تالقانلاپ كاسىن سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاياللارنىڭ جىنسىي يول قىچىشىشىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : جىنسىي يولغا كىر گۈزۈلىدۇ .

### داۋايى ئىقرە

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تۇغۇت چەكلەيدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

تەركىبى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى : جىنسىي ئالاقىدىن بۇرۇن ئايال كىشى جىنسىي يولىغا پىنىننى فەرزىجە قىلىدۇ . (خالتىچاق ئارقىلىق تىقىپ قويۇلىدۇ) . جىنسىي ئالاقىدىن كېيىن قارامۇچ تالقىنى فەرزىجە قىلىنىدۇ . تۇنجى بالىنىڭ نىفاس قېنىنى ئۇمۇمىي بەدەنگە سۈرتىسمۇ بولىدۇ .

## رەۋغىنى زەفەر

تەركىبى : زەفەر 45 گرام ، مۇرساپ 30 گرام ، قىرەدمەنا 18 گرام ، قەسبۇسزەرىرە 15 گرام ، كۈنجۈت يېغى 1 لىتر .

ياسىلىشى : دورىلار تالقىنىنى كۈنجۈت يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ 7 كۈن تۇرغۇزۇلىدۇ (كۈندە بىر قېتىم قوچۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ) . ئۇنىدىن كېيىن 500 م ل سۇ ئارىلاشتۇرۇپ يېغى قالغىچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : قېتىپ قالغان ئەزالارنى بوشىتىدۇ . ھەر خىل تېپتىكى بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىنى ۋە ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ . تارتىشىپ قالغان پەيلەرنى بوشىتىدۇ . ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ . جاراھەتلەرنى تازىلايدۇ ، بالىياتقۇ چىقىپ قېلىشنى داۋالاشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بېرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : بالىياتقۇ جاراھەتلىرى ۋە خۇن چىگىلىشكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : ئىچ ۋە سىرتىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ .

## شەربىتى بۇزۇرى 1

تەركىبى : چىگسەي ئۇرۇقى ، ئۆشنە ھەر بىرى 15 گرام ، رۇم باديان ، پىرسىياۋ-شان ، قوغۇن ئۇرۇقى ، پىننە ، يالپۇز ، باديان ھەربىرى 10 گرام ، گۈلقەنت 60 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 1 لىتر سۇدا قاينىتىپ 500 م ل سۈيىنى ئېلىپ گۈلقەنتنى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ھەيز ۋە سۈيدۈكنى ماگدۇرىدۇ . توسالغۇلارنى ئېچىپ ئۆپكىنى تا-زىلايدۇ ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ ، جىگەر ۋە ئاشقازاننى ياخشىلايدۇ . كۆزگە قۇۋۋەت بېرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : يۇقىرىقى مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100 م ل ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى سوزاپ

تەركىبى : ھۆل سوزاپنىڭ سىققان سۈيى 150 م ل ، بادام يېغى 12 م ل ، ئىنەك پوستى يېغى 10 م ل .

ياسىلىشى : ياغلارنى سوزاپ سۈيى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ئادەت ماڭدۇرىدۇ . توسالغۇلارنى ئاچىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : خۇن چىگىلىپ قالغان بىمارلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئىككىگە بۆلۈپلا بىر كۈندە ئىچىپ تۈگىتىلىدۇ .

### شەربىتى ھەببۇلئاس

تەركىبى : ھەببۇلئاس 200 گرام ، شېكەر 2 كىلوگرام .

ياسىلىشى : ھەببۇلئاسنى چالا سوقۇپ 2 لىتر سۇغا بىر سوتكا چىلاپ ، تەمى چىققاندىن كېيىن قاينىتىپ ھەببۇلئاسنى سۈزۈۋېتىپ ، سۈيىگە شېكەرنى سېلىپ پۈتۈن دورا مىقدارى 3 لىتر قالغىچە قاينىتىپ ياخشى قىيام قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : مۆتىدىل .

تەسىرى : قان توختىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل ئەزالاردىن قان كەتكەن ۋاقىتلاردا قاننى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بالىلارغا 3~4 م ل ، چوڭلارغا 10~20 م ل ئىچكۈزۈلىدۇ .

### فەرزىجىئى ئەقرە

تەركىبى : مۇزا ، ھەببۇلئاس تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى : تالقانلاپ ئىسسىق سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ جىنسىي يولغا كىرگۈزۈلىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تۇغۇت چەكلەيدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

**فەرزىجەئى رەھمى**

تەركىبى : ئارپا بادىيان ، رۇم بادىيان ، چىگسەي ئۇرۇقى ، يالپۇز ، كۆپۈكى دەريا ، سوزاپ ھەر بىرى 9 گرام ، ھەسەل مەلۇم مىقداردا .
ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى : ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ جىنسىي يولغا كىرگۈزۈلىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بادى رەھىمگە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

**فەرزىجەئى مەشمە**

تەركىبى : قارىغاي مېۋىسى ، زىراۋەند مۇدەھرەج ، لوبىيا ، قىچا 0.1 ھەسسە .
ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى : تالقانلاپ فەرزىجە ياساپ ، جىنسىي يولغا سىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بالا ھەمرىيىنى چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

**فەرزىجەئى مۇدىر**

تەركىبى : ئۈشنە ، ئاقىرقەرھا ، جاۋشىر ، سوزاپ ھەر بىرى 3 گرام ، پەرفىيۇن 2 گرام ، مىنەسائىلە مەلۇم مىقداردا .
ياسىلىشى : مىنەسائىلە سۈيىدە يۇغۇرۇپ جىنسىي يولغا كىرگۈزۈلىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەيز ماگدۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

## فەرزىجەئى مۇمسىك

تەركىبى : ئانارگۈلى 9 گرام، سەمغى ئەرەبى، كافۇر ھەر بىرى 3 گرام، ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيى 21 م ل .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ يۇمغاقسۈت سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەيز توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : پاكىز لاتىنى دورىغا مىلاپ جىنسىي يولغا تىقىپ قويۇلىدۇ .

## فەرزىجەئى مۇھەللىل

تەركىبى : ئاق لەيلىگۈل، زىغىر ھەر بىرى 39 گرام، موم، مۇقەل ھەر بىرى 9 گرام، ئۆردەك يېغى، توخۇ يېغى 9 م ل، ھەسەل ياكى خىيار شەنبەر سۈيى مەلۇم مىقداردا .
ياسىلىشى : فەرزىجە تەييارلاش قائىدىسى بويىچە تەييارلاپ جىنسىي يولغا كىر- گۈزۈلىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بالىياتقۇ ئىششىقلىرىنى ياندۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

## فەرزىجەئى مۇھبىل

تەركىبى : قۇندۇز قەھرى، مىسەسائىلە، جاۋشىر، مۇرمەككى، قۇستە بىر ھەسسە، ئىفار، ئەنبەر يېرىم ھەسسە .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ، ھاراق بىلەن يۇغۇرۇپ فەززىجە تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھامىلدار بولۇشقا ياردەم قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىش- لىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : جىنسىي يولغا كىر گۈزۈلىدۇ .

## قۇرسى خىرفە

تەركىبى : سېمىز ئوت ئۇرۇقى ، ئەنجىباھار يىلتىزى ، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 12 گرام ، مۇزا 3 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، خاس سۇدا تابلېت قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تۇغۇتتىن كېيىنكى قان كېتىشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## قۇرسى سۇمۇغ

تەركىبى : مۇرمەككى ، جاۋشىر ، سەكبىنەج ، بىرزەر ھەر بىرى 3 گرام ، ھىلتىت 2 گرام .
ياسىلىشى : تالقانلاپ خاس سۇدا تابلېت قىلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : تۇغۇت چەكلەيدۇ ، ھامىلدار ۋاقتىدا يېيىلسە تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : سوزاپ سۈيى ياكى شۇمشە سۈيى بىلەن بىر قېتىمدىلا يەپ تۆگىتىلىدۇ ، ئىچىشى ئۈچۈن نوقۇت سۈيى بېرىلىدۇ .

## قۇرسى مور

تەركىبى : تىرمىس (بىر خىل پۇرچاق ) 15 گرام ، مۇرمەككى 9 گرام ، ھىلتىت ، سەكبىنەج ، جاۋشىر ، سوزاپ ياپرىقى (قۇرۇتۇلغىنى ) ، پىننە ، يۇمغاقسۈت ، قىرەد مەنا ، ئۇردان ھەر بىرى 6 گرام .
ياسىلىشى : 3 گرامدىن ھەب قىلىنىدۇ .

تەسىرى : ھەيز راۋانلاشتۇرىدۇ. تۇغماسلىققا ياردەم بېرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : قارىغاي ميۋىسى قايىنتىلمىسى بىلەن 1 دانىدىن يېيىلىدۇ .

### قۇرسى مۇرمەككى

تەركىبى : قىزىل لوبىيا 15 گرام ، مۇرمەككى ، ئەبھەل ھەر بىرى 10 گرام ، سوزاپ ، پىننە ، قىرەدمەنا ، مىشكى تارامىشكى ، ئوردان ، ھىلى ، جاۋشىر ، سەكبىنەج ھەر بىرى 6 گرام .

تەييارلاش : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قايىنتىپ سوۋۇتۇلغان ئەبھەل سۈيىدە خېمىر قىلىپ قۇرس تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : تۇسالغۇلارنى ئېچىش ، جىگەر ۋە ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاش ، ئادەت ماگدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە . بالىياتقۇ ئاغرىقلىرىغىمۇ ياخشى تەسىر قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : بالىياتقۇ ئاغرىش ، ھەيز توختاپ قېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 5 گرام ئىچىلىدۇ .

### مائۇلئۇسۇل مۇرەككەب

تەركىبى : تەرەنجىبىن 250 گرام ، سانا 30 گرام ، قارا ھەلىيلە ، سېرىق ھەلىيلە ، بادىيان يىلتىزى ، چىگسەي يىلتىزى ، كەپە يىلتىزى ، كاسنى يىلتىزى ، سەۋسەن يىلتىزى ، چوچوكبۇيا يىلتىزى ، رەۋەن ، جىنتىيانا ، زەنجىبىل ، قىلفىل ، بوزۇغا ، كابابىچىنى ھەربىرى 15 گرام ، ئارپا بادىيان ، رۇم بادىيان ، چىگسەي ئۇرۇقى ، كاسنى ئۇرۇقى ، تەرخەمەك ئۇرۇقى ، جوۋنە ، زىرە ، قارامۇچ ، دارىچىنى ، قېلىن دارىچىنى ، قەلەمفۇر ، گۇلدارىچىنى ، تاشالى ھەر بىرى 9 گرام ، سورۇنجان ، بوزىدان ، ماھىزەھرەج ، قەنتەريۇن ، ئىزقىر ، سۇنبۇل ، ئادراسمان ، ئاق قىنچا ، تۇربۇد ، غارىقۇن ، شەھمى ھەنزەل ، قىزىلگۈل ، گاۋزەبان ، بادىرەنجبۇيا ھەر بىرى 8 گرام ، قەنت 500 گرام .

ياسىلىشى : مەئجۇن تەييارلاش ئۇسۇلىدا مەئجۇن قىلىنىدۇ .

تەسىرى : ئاياللار كېسەللىكلىرى ۋە ھەر خىل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ . بوغۇم ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : ئاغرىتىپ كېلىدىغان ھەيزگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بۇ دورا 25 ~ 40 كۈنلۈك بولۇپ ، ھەر قېتىم بىرئاز قايناقسۇ بىلەن تەگشەپ ئىچىلىدۇ .

## مەتبۇخى شۈمشا

تەركىبى : شۈمشا 21 گرام ، تەرخەمەك ئۇرۇقى ، بەگنەي قوغۇن ئۇرۇقى ھەر بىرى 12 گرام ، بادىيان ، رۇم بادىيان ، جوۋنە ، سېرىق چېچەك ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام ، چىگسەي ئۇرۇقى 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 1.5 لىتر سۇغا ئىككى سائەت چىلاپ قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ قەنت سېلىپ بىر ئۆرلىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : تۇسالغۇلارنى ئېچىپ ئادەت ماگدۇرۇش ، يەل تارقىتىش ، سۈيدۈك ماگدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : تۇسالغۇلارنى ئېچىش ، ھەيز ماگدۇرۇش ، سۈيدۈك ھەيدەش ، ئىششىق ياندۇرۇش ، يەل تارقىتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100 م ل ئىچىلىدۇ .

## مەتبۇخى ھەيز

تەركىبى : تاۋۇز ئۇرۇقى مېغىزى 15 گرام ، چىگسەي ئۇرۇقى ، رۇم بادىيان ، ئارپا بادىيان ھەر بىرى 6 گرام ، بادام يېغى ياكى ئېنەك پىتى يېغى 20 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ 1 لىتر سۇغا چىلاپ 2 سائەتتىن كېيىن قاينىتىپ 700 م ل سۈيى قالغاندا ياغنى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ھەيز ماگدۇرىدۇ ، بالىياتقۇ ئاغرىشىنى يوقىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : يۇقىرىقى مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 150 م ل ئىچىدۇ.

## مەئجۇنى پەيقەرائى ھامىلە

تەركىبى: ئىيارەج پەيقەرا 36 گرام، ھېلىيلە كابۇلى، بەلىيلە، ئامىيلە، نېفىت تۇزى تەڭ مىقداردا، ھەسەل 2 ھەسسە.

تەسىر ۋە ئىشلىتىلىشى: سېغىز توپا ۋە باشقا ناچار نەرسىلەرگە سېزىك بولۇشنى قالدۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 6~9 گرام يېگۈزۈلىدۇ.

## مەئجۇنى پىننە

تەركىبى: پىننە، سوزاپ يوپۇرمىقى، قارامۇچ، جوۋنە، قىرەدمەنا، ھىلىق، زەنجىبىل، دارىچىنى، فىلفىل ھەر بىرى 15 گرام، ھەسەل 500 م ل.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئېرىتىلگەن ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ.

تەسىرى: ئادەت ماڭدۇرىدۇ، توسالغۇلارنى ئېچىپ جىگەر ۋە ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ.

ئىشلىتىلىش: جىگەر ۋە ئاشقازان خىزمىتى ناچارلاشقان ھەمدە ئادەت توختاپ قالغان بىمارلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىم 6 گرام ئىچىلىدۇ.

## مەئجۇنى خۇن

تەركىبى: قۇندۇز قەھرى، ئەبھەل، سەلىيخە، سىياھدان، بەرەڭگى كابۇلى ھەر

بىرى 6 گرام، ھەسەل 100 م ل.

ياسىلىشى: دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەسەل بىلەن مەئجۇن قىلىنىدۇ.

تەسىرى: ئادەت ماگدۇرىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: ۋاقىتسىز ئادەت توختاشنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: كۈندە 2 قېتىم، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچىلىدۇ. باديان ئەرىقى بىلەن ئىچسە تېخىمۇ ياخشى.

## مەئجۇنى موھبىل

تەركىبى: ئاق بەھمەن، قىزىل بەھمەن، قاقىيلە، چەلغۇزە مېغىزى، دارىچىنى ھەر بىرى 6 گرام، جەۋزتىب، زەفەر ھەر بىرى 5 گرام، تېشىلمىگەن مەرۋايىد، مارجان، قارامۇچ، زەنجىبىل، قەلەمفۇر، جويۇز، سەكبىنەج، سازەج ھىندى، قەلەمفۇر ياپرىقى ھەر بىرى 3 گرام، ھەسەل 3 ھەسسە.

ياسىلىشى: مەئجۇن تەييارلاش ئۇسۇلىدا مەئجۇن قىلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئاياللارنىڭ ھامىلىدار بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى: ئاخشىمى 2 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## نۇتۇلى ھابىس

تەركىبى: قىزىلگۈل، ئاس ياپرىقى ھەر بىرى 30 گرام، زەمچە، چالا سوقۇلغان مۇزا، ئانارگۈلى ھەر بىرى 15 گرام، جەۋزۇسسەرۋى، يۇلغۇن مېۋىسى ھەر بىرى 9 گرام، ئاقاقىيا 6 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى چىلاپ ياكى قايىنىتىپ سىقىپ سۈزۈپ تاييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: نورمالسىز ھەيز قالايمىقانلىقى ۋە داۋاملىق ھەيز كې-

ـلىشكە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

نۇتۇلى ھاپىزى جېنىين

تەركىبى : قىزىلگۈل 21 گرام ، ئانارگۈلى ، يولغۇن مېۋىسى ھەر بىرى 15 گرام ، ئاس ياپرىقى 12 گرام ، زەمچە ، ئانار پوستى ھەر بىرى 9 گرام .
ياسىلىشى : مەزكۇر دورىلارنى چىلاپ ياكى قاينىتىپ ئېلىنغان سۈيىدە ئۇلتۇرغۇزۇلىدۇ . ياكى جىنسىي ئەزاغا قويۇپ يۇيۇلىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بالا چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

نۇقۇئى بۇزۇرى

تەركىبى : قوغۇن مېغىزى (چالا سوقۇلغان ) 21 گرام ، سۇنبۇل ، ئەفسەنتىن ھەر بىرى 12 گرام ، رۇم بادىيان ، ئارپا بادىيان ھەر بىرى 9 گرام ، روكۇ مشكى ، تىرامشى ھەر بىرى 6 گرام ، ئادراسمان ، قارىغاي مېۋىسى ھەر بىرى 5 گرام .
ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ بىر قاچىغا ئېلىپ ئۈستىدىن بىر لىتر سۇ قويۇپ ئاپتاپتا 3 سوتكا تۇرغۇزۇلىدۇ . (كېچىسى ئىسسىق ئۆيدە قويۇلىدۇ ) ئۇندىن كېيىن سىقىپ سۈزۈلىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەيز ماگدۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەتىگەندە 3 م ل بادام يېغى بىلەن 90 م ل ئىچىلىدۇ .

ھەببى ئەقرە

تەركىبى : رۇم بادىيان ، ئارپا بادىيان ، چېگىسەي ئۇرۇقى ، تاغ پىننىسى ، يالپۇز ھەر بىرى 3 گرام ، سۇنبۇل ، دارچىنى ، سەلىخە ، ھەببى بىلسان ، ئۇد بىلسان ، جويۇز ،

قارىغاي مېۋىسى ، قوۋستە ھەر بىرى 2 گرام .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئاياللارنىڭ ھامىلە بولۇشىنى توسىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ھەر قېتىم جىنسىي ئالاقىدىن بۇرۇن ئايال كىشى 3 گرام ئىستېمال قىلىدۇ .

### ھەببى ئىخراجى ھ

تەركىبى : مۇرمەككى ، جاۋشىر ، سەكبىنەج ھەر بىرى 10 گرام .
ياسىلىشى : يۇمشاق سوقۇپ ، قايناقسۇ بىلەن خېمىر قىلىپ ، 0.3 گراملىق ھەب قىلىنىدۇ .
تەبئىيىتى : ئىسسىق .
تەسىرى : بالىياتقۇنى تازىلاش ، سۈرۈش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : تولغاق تۇتۇپ ، ھامىلە چۈشمىگەندە ياكى بالا تۇغۇلۇپ ھەمرىيى چۈشمىگەنگە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە بىر قېتىم ، ھەر قېتىمدا 20 — 30 دانە يېگۈزۈلىدۇ .

### ھوقنەئى ھەيز I

تەركىبى : جوۋنىنە ، بادىيان ، سىيالىيۇس ، بابۇنە ، شۈمشە ھەر بىرى 9 گرام ، ئۇشەق ، مۇقەل ، سەكبىنەج ، چىگىسەي ئۇرۇقى ھەر بىرى 6 گرام ، قۇندۇز قەھرى ، جاۋشىر ، سۇنبۇل ھەر بىرى 3 گرام ، سېرىق ياغ ، كۈنجۈت يېغى ، ھەسەل ھەر بىرى 30 م ل ، يېڭى سۈت 150 م ل .
ياسىلىشى : دورىلارنى چالا سوقۇپ بىر يېرىم لىتىر سۇدا 1 لىتىر قالغىچە قايناتىپ سۈزۈپ پاكىزلەپ ، ئاندىن ياغ ، ھەسەل ، قۇندۇز قەھرى (سوقۇپ) قوشۇپ تەييارلى

ىندۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ھەيز ماگدۇرىدۇ ، بالىياتقۇنىڭ سوغۇقى ئېشىپ كېتىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بالىياتقۇغا مەخسۇس ئەسۋاب بىلەن كۈندە 1 قېتىم 500 م ل كىر گۈزۈلىدۇ .

**ھوقنەئى ھەيز I**

تەركىبى : تۇربۇد ، زىغىر ھەر بىرى 30 گرام ، كۈنجۈت يېغى 15 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ 800 م ل سۇدا قايىنىتىپ 500 م ل سۈيىنى ئېلىپ ياغ قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : ھەيز ماگدۇرىدۇ ، بالىياتقۇنىڭ ئاغرىشىنى يوقىتىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : بالىياتقۇغا كلىزما قىلىنىدۇ .

**ھومۇلى ھەيز**

تەركىبى : ئۈزۈم ، بېھى ئۇرۇقى ھەر بىرى 60 گرام ، سوزاپ 30 گرام ، ئەبھەل 24 گرام ، مۇرمەككى ، تاغ يالپۇزى ھەر بىرى 12 گرام ، كالا سۈتى 120 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، سۈت بىلەن خېمىر قىلىنىدۇ .

تەسىرى : توسالغۇلارنى ئېچىش ، ئادەت ماگدۇرۇش ، بەلغەم بوشىتىپ ئۆپكىنى تازىلاش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : جىگەر توسالغۇلىرىنى ئېچىپ ، جىگەر ۋە ئاشقازان خىزمىتىنى ياخشىلاش ، نەپەسنى راۋانلاشتۇرۇش ، ھەيز ماگدۇرۇش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : قىزىق ھالەتتە داكىغا ئوراپ بالىياتقۇ سىرتىدىن تېڭىلىدۇ .

## بالياتقۇ جاراھىتى ۋە بوۋاسىرغا ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

### رەۋغىنى موم

تەركىبى : ئاق موم 20 گرام ، بابۇنە ، ئەفيۇن ھەر بىرى 2 گرام ، ئۈردەك يېغى 20 م ل .

ياسىلىشى : ئاق موم ۋە ئۈردەك يېغىنى ئېرىتىپ ، بابۇنە ۋە ئەفيۇننى سېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : جىنسىي يول ۋە بالياتقۇ ئىششىقلىرىغا ، جاراھەتكە پايدا قىلىدۇ . ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : داكىغا مىلاپ جىنسىي يول ۋە بالياتقۇغا تىقىپ قويۇلىدۇ ، كۈنىگە 2 ــ 1 قېتىم يەڭگۈشلىنىدۇ .

### سۇفۇفى بوزۇرى II

تەركىبى : قوغۇن ئۇرۇقى ، خەشخاش ئۇرۇقى ، سەمغى ئەرەبى ، نىشاستە ، كەتىرا ، رۇببۇسۇس ، گىل ئەرمىنى ، تاباشىر ، خۇنسىياۋشان ھەر بىرى 3 گرام ، خەشخاش شەربىتى 100 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى ئۆندەك سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : سوغۇق .

تەسىرى : بالىياتقۇ بويىنىنىڭ جاراھىتىگە مەنپەئەت قىلىدۇ . بەلغەم بوشىتىپ ئۆپكىنى تازىلايدۇ . يۆتەل باسىدۇ ، قاناشنى توختىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : يۇقىرىقى مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئېلىپ ، 10 م

ل خەشخاش شەربىتى بىلەن ئىچىلىدۇ .

### سۇفۇفى كەتان

تەركىبى : زاغۇن 270 گرام ، زىغىر ، ئىسبەغول ھەر بىرى 9 گرام ، چىگىدە ئۇرۇقى ، گىل ئەرمىنى ، ھەببۇلئاس ھەر بىرى 8 گرام ، مغى ئەرەبى 3 گرام .

ياسىلىشى : ئىسبەغول ۋە زاغۇندىن باشقا دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ تالقانلاپ سۇغا چىلاپ لۇئابىنى ئېلىپ قورۇتقاندىن كېيىن ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بوۋاسىر ، ئىچىدىن قان ـ پوتلا ئۆتۈش ، قورساق تولغاپ ئاغرىشلارغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئەھۋالغا قاراپ ئىچىلىدۇ .

### سۇفۇفى ماسكىدەم

تەركىبى : ئازراق قورۇتۇلغان كونجۇت ، جويۇز ، تۇخۇم سېرىقى ھەر بىرى 6 گرام .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بۇ تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپ بولۇپ بوۋاسىر قېنىنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 6 گرام ئېلىپ ئالما شەربىتى ياكى رەۋەن شەربىتى بىلەن ئىچىلىدۇ .

### شەربىتى چىلان مۇرەككەب

تەركىبى : تەرەنجىبىن 60 گرام ، خىيارشەنبەر 30 گرام ، چىلان 20 دانە ، ئەينۇلا 15 دانە ، شاھتەررە ، ئاتىرىلال ، سانا ، ئۈزۈم ، قوغۇن ئۇرۇقى ھەر بىرى 15 گرام ، نىلۇفەر ، ئاق لەيلى ، مارجان شوخلا ، ئوسما يوپۇرمىقى ھەر بىرى 10 گرام ، سەندەل ،

قەسبۇسزەربرە ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 6 گىرام ، بادام يېغى 15 م ل .

ياسىلىشى : تەرەنجىبىن ، سانا ، خىيارشەنبەرلەرنى 500 م ل قايناقسۇغا يېرىم سوتكا چىلاپ سىقىپ سۈيى ئېلىنىدۇ . دورىلارنىڭ قاتتىقلىرىنى چالا سوقۇپ ، قالغانلىرىنى شۇ پېتى بىر يېرىم لىتر سۇغا ئىككى سائەت چىلاپ قايىنىتىپ 700 م ل سۈيى ئېلىنىدۇ . ئاندىن ھەممىسنى بىرلەشتۈرۈپ داكىدا قايتا بىر سۈزۈۋېتىپ بادام يېغى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : باليانىقۇ ئىششىش ، قىچىشىش ، ئاغرىش ۋە جاراھەت چىقىپ قېلىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 60 م ل ئىچىدۇ .

### قۇرسى ئەنجىباھار

تەركىبى : قىزىلگۈل ، سەمغى ئەرەبى ، كەھرىبا ، سېمىز ئوت ئۇرۇقى ھەر بىرى 10 گىرام ، ئەنجىباھار ، ئانارگۈلى ، نىشاستە ، گىل ئەرمىنى ، بىخ مارجان ، تاباشىر ، رۇبۇسۇس ھەر بىرى 6 گىرام ، ھەببۇلئاس 3 گىرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئامۇت سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ قۇرس قىلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق سوغۇق .

تەسىرى : ئاق خۇننى تىزگىنلەش ، قاناشنى توختىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەيز توختىماسلىق ، قان ، تولغاق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : چوڭلارغا كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 2 گىرام ئىچىلىدۇ .

### قۇرسى بۇسۇد

تەركىبى : كۈندۈر ، ئاقاقىيا ، ئانارگۈلى ھەر بىرى 12 گىرام ، بىخ مارجان ، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 3 گىرام ، دارچىنى 2 گىرام .

ياسىلىشى : تۇخۇم ئېقى بىلەن 3 گىرامدىن تابلېت قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىچىدىن قان ئۆتۈش ، ھەيز توختىماسلىقلارغا شىپا

بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 دانىدىن يېيىلىدۇ .

**نۇتولى رەھىم**

تەركىبى : رەيھان ، شىيە ، نەمام ، ئاناناس (بولۇ ئۇرۇقى ، قەيسۇم ، شۇمشە ، زىغىر ، بابۇنە ، ئىكلىلمەلىك ، ئاناناس (بولۇ ) تەڭ مىقداردا .
ياسىلىشى : ھەممىسىنى قايىنىتىپ سۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى ، شۇنداقلا بالىياتقۇ قېتىشلارغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ئىلمان ھالدا ئولتۇرغۇز ىلدۇ .

**ھوقنەئى ئەنزىرۇت**

تەركىبى : ئەنزۇرۇت ، كۈندۇر ، پەرسىياۋشان ، مۇرمەككى ، زەمچە ، ئانار پوستى ، جويۇز ھەر بىرى 16 گرام ، پاقا يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ، ئانار سۈيى ، گۈل يېغى ھەر بىرى 30 م ل .
ياسىلىشى : ىرنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، يۇقىرىقى سۇ ۋە ياغقا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : جىنسىي يول ۋە بالىياتقۇنىڭ ئىششىقىنى قايتۇرۇش ، جاراھەتنى ساقايتىش ، يېرىگىنى تازىلاش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : ئەسۋاب بىلەن جىنسىي يول بالىياتقۇ بويىنىغا ھوقنە قىلىپ يۇيۇلىدۇ .

**ھوقنەئى رەھىم**

تەركىبى : ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى 50 گرام ، گۈل يېغى 30 م ل .
ياسىلىشى : مېغىزنى سوقۇپ قايناقسۇدا شىرىسىنى چىقىرىپ گۈل يېغى قوشۇپ

تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : جىنسىي يول ۋە بالىياتقۇ بوينىنىڭ جاراھىتىگە ، بوۋاسىرغا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : مەخسۇس ئۇسۇل بىلەن جىنسىي ئەزاغا كىلىزما قىلىنىدۇ .

### ھوقنەئى شىبىت

تەركىبى : سىبىرتىق چىچەك ئۇرۇقى 15 گرام ، كۈنجۈت يېغى ، ھەسەل ھەر بىرى 15 م ل ، كۆدە سۈيى ، سۈت ھەر بىرى 30 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ 1 لىتر سۇدا قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ سۈيىنى ئېلىپ ھەسەل ، كۈنجۈت يېغى ۋە سۈتنى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : بالىياتقۇ ۋە جىنسىي يولدىكى جاراھەتلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : يۇقىرىقى مەقسەتتە سىرتتىن ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىر قېتىمدىلا ئىلمان ھالدا جىنسىي يولغا كىلىزما قىلىنىدۇ .

# بەش ئەزا كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

## كۆز كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

**تىلايى ھىدمق**

تەركىبى : قەلەي 6 ھەسسە ، سۈرمە 3 ھەسسە ، خورمىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن ئۇ-رۇقى ، سۇنبۇل ، چاشقان مايىقى (كۆيدۈرۈلگەن ) ، فىلفىل 1 ھەسسە ، زەفەر يېرىم ھەسسە .

ياسىلىشى : دورىلارنى ناھايىتى يۇمشاق سوقۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كىرپىك تۆكۈلۈشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : كۆزگە سۈرتۈلىدۇ .

**زورۇرى ئەبيەز**

تەركىبى : ئادراسمان گۈلى 180 گرام ، سەمغى ئەرەبى 120 گرام ، نىشاستە 90 گرام ، كەتىرا 60 گرام ، كۆمۈش كۆيۈندىسى ، تۇچ كۆيۈندىسى ، قەلەي ئۆپىسى ھەر بىرى 6 گرام ، ئەفيۇن 30 گرام .

ياسىلىشى : تالقانلاپ ئارپا باديان سۈيىگە چىلاپ ، ئاندىن قۇرۇتۇپ تالقان ياسىلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كۆز ياشاقۇراشقا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلە

تىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : كۆزگە سېپىلىدۇ .

## زورۇۋرى ئەسفەر

تەركىبى : زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن ئەنزۇرۇت 15 گرام ، شىيافى مامىسا (تۆگە تاپان ياپرىقى) 6 گرام ، ئەفيۇن 3 گرام ، سۇئىدى كوفى ، زەپەر ، روسۇت ، قىزىلگۈل ئۇرۇقى ھەر بىرى 2 گرام .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كۆزدىن يېرىلىك ، زەرداب ئېقىشنى توختىتىدۇ ، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : مۇۋاپىق ھالدا تىلغاسېپىلىدۇ .

## زورۇۋرى ئەنزىرۇت

تەركىبى : زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن ئەنزۇرۇت 1 ھەسسە ، نىشاستە $\frac{1}{4}$ ھەسسە .

ياسىلىشى : ئەنزىرۇتنى سۈرۈپ ئېشەك سۈتى ياكى قىز ئېمىتىدىغان ئايالنىڭ سۈتىگە ئارىلاشتۇرۇپ ، يولغۇن ياغىچىغا چاپلاپ ئىلمان تونۇردا بىر كۈن قويۇلىدۇ (كۆيۈپ كەتمەسلىكى لازىم) .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كۆز ياشاڭغۇراشقا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : ئەنزۇرۇتنى ياغاچتىن ئاجرىتىپ ئۇۋىدەك سالايە قىلىپ كۆزگە ئىشلىتىلىدۇ .

## زورۇۋرى چەشخام

تەركىبى : چەشخام (چاكسۇ) ، ئەنزۇرۇت (زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن) ، مامىراننىڭ ھەر بىرى 1 ھەسسە ، ناۋات 2 ھەسسە .

ياسىلىشى : چەشخامنى پوستىدىن ئاجرىتىپ ، ئېشەك تېزىكى ياكى باشقا تېزەكلەر بىلەن گىلى ھېكمەت ئۇسۇلىدا پىشۇرۇلىدۇ ۋە ئۇنىدىن كېيىن ئۇپىدەك سوقۇل-غان ناۋات ، مامىرانچىنىنى سېلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : رەمەد ۋە كىرپىك ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : كۆز ئاغرىۋاتقان مەزگىلدە كۆزگە چېپىلىدۇ .

ئەسكەرتىش : ئەگەر ئەنزىرۇت مۇدەببەر بولمىسا ، مامىرانچىنى ئىشلەتسە بولىدۇ .

## زورۇرى سەبرى

تەركىبى : يۇيۇلغان تۇتىيا 30 گرام ، سېرىق ھەلىيلە پوستى ، سەبرى ، زەرچۇبە ، فىلفىل ھەر بىرى 15 گرامدىن ، قارامۇچ 6 گرام .

ياسىلىشى : يۇقىرىقى دورىلارنى يۇمشاق سالايە قىلىپ تالقان تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ئىسسىق .

تەسىرى : كۆز قىچىشىش ، ياشاڭغۇراش قاتارلىقلارنى ياخشىلاش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ياشانغان كىشىلەردىكى كۆز قىچىشىش ۋە ياشاڭغۇراش كېسەللىك-لىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : كۆزگە سېپىلىدۇ .

## زورۇرى كافۇر

تەركىبى : كۆيدۈرۈلگەن سەدەپ ، تېشىلمىگەن مەرۋايىد ھەر بىرى 6 گرام ، نشاستە 3 گرام ، كافۇر 1 گرام .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كۆزنىڭ قىزىللىقىنى پەسەيتىدۇ . كۆز ياللۇغى (رە-مەد ) گە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : كۆزگە سېپىلىدۇ .

## زورۇرى قەلەي

تەركىبى: يۇيۇلغان تۇتىيا، قەلەي ئۇپىسى ھەر بىرى 10 گرام.
ياسىلىشى: دورىلارنى يۇمشاق سالايە قىلىپ تالقان قىلىنىدۇ.
تەبىئىيتى: ئىسسىق.
تەسىرى: كۆزنىڭ ياشاڭغۇرۇشى ۋە قىزىشىنى يوقىتىش، ئاغرىق توختىتىش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: كونا كۆز ئاغرىقى، كۆز قىزىرىپ ئاغرىش، كۆز ياشاڭغۇراش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: كۆزگە سېپىلىدۇ.

## زورۇرى مامىرانچىنى

تەركىبى: ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى، ئەنزۇت ھەر بىرى 30 گرام، مامىرانچىنى، خۇنسياۋشان ھەر بىرى 6 گرام.
ياسىلىشى: دورىلارنى يۇمشاق سالايە قىلىپ، قىلىن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تالقان قىلىنىدۇ.
تەبىئىيتى: ئىسسىق.
تەسىرى: ئاغرىق قالدۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.
ئىشلىتىلىشى: بالىلاردىكى كۆز ئاغرىشنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: كۆز جاراھەتلىرىگە سېپىلىدۇ.

## زورۇرى مەغسۇل

تەركىبى: قالغاچ مايىقى، ئاقىرقەرھا، ئەنزۇرۇت، زەنگار، مىتال كۆيۈندىسى.
ياسىلىشى: ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ كۆزگە چېپىلىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: كۆزگە چۈشكەن يەڭگىل دەرىجىدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ

ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : كۆزگە سېپىلىدۇ .

### زورۇرى مەلكايا

تەركىبى : زەھەرسىزلەندۇرۇلگەن ئەنزۇرۇت ، نىشاستە ، سەمغى ئەرەبى ، ناۋات باراۋەر مىقداردا .
ياسىلىشى : دورىلارنى ئۇيدەك سوقۇپ ، شايىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ .
تەسىرى : رەمەدكە مەنپەئەت قىلىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : قاپاق قىرلىرى ياللۇغى (رەمەد ) نىلىق دەسلەپىدە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : كۆزنىلىق ئەتراپىغا سۈركىلىدۇ .

### زىمادى ئەنزەرۇت

تەركىبى : ئاق سەندەل 3 گرام ، ئەنزۇرۇت 2 گرام ، تۇخۇم ئېقى مەلۇم مىقداردا .
ياسىلىشى : ئاق سەندەلنى سۈرۈپ ئۈستىدىن ئەنزۇرۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ تۇخۇم ئېقى بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كۆز ياشاڭغۇراشقا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : ئىككى قاش ئارىسىغا چېپىلىدۇ .

### زىمادى ئەين

تەركىبى : سەندەل ، گىل ئەرمىنى ، روسۇت ، مارجان شوخلا باراۋەر مىقداردا .
ياسىلىشى : سەندەلنى سالايە قىلىپ ، قالغان دورىلارنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : كۆز قىزىرىشنى ياندۇرىدۇ .
ئىشلىتىلىشى : كۆز قىزىرىپ ئاغرىغاندا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: كۆك يۇمغاقسۇت سۈيى كۆزنىڭ چۆرىسىگە سۈرۈپ تېڭىلىدۇ.

**شىيافى ئەبيەز**

تەركىبى: ئاق قەلەي، سەمغى ئەرەبى، كەتىرا ھەر بىرى 11 گرام، نىشاستە 4 گرام.
ياسىلىشى: دورىلار ئىسبەغۇلنىڭ شىرىسى ياكى تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: كۆز ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: ئايالنىڭ سۈتى ياكى ئۆچكىنىڭ سۈتى بىلەن ئېرىتىپ كۆزگە سۈرتۈلىدۇ.

**شىيافى ئەسۋەد**

تەركىبى: زەمچە 20 گرام، روسۇت 10 گرام، ئەفيۇن 2 گرام، قەشقەر ئۈپىسى، كۆك تۇتىيا، ئاقىرقەرھا پوستى ھەر بىرى 0.75 گرام.
ياسىلىشى: دورىلارنى ئۈپىدەك يۇمشىتىپ سۇدا سالايە قىلىپ شىياق قىلىنىدۇ.
تەسىرى: ئاغرىش، ئېچىشىش، قىچىشىش، قىزىرىش، ياشاگغۇراش قاتارلىقلارنى يوقىتىدۇ.
ئىشلىتىلىشى: كۆز كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: سۇتتە ئېزىپ كۆزگە چېپىلىدۇ.

**شىيافى سىماق**

تەركىبى: ئۇرۇقىدىن ئاجرىتىلغان سىماق 10 ھەسسە، قەشقەر ئۈپىسى 1 ھەسسە،

كەتىرا يېرىم ھەسسە، كافۇر $\frac{1}{4}$ ھەسسە.

ياسىلىشى: سىماقنى سۇدا پىشۇرۇپ سۈزۈپ قىيامغا كەلتۈرۈپ ئارقىدىن باشقا دورىلارنى قوشۇپ شىياف قىلىنىدۇ.

تەسىرى: ياللۇغ قايتۇرۇش، كۆز ئاغرىقلىرىنى ياخشىلاش تەسىرىنى بېرىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: كۆزنىڭ ياللۇغلىنىشى، قىچىشىشى، ياش ئېقىشى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: ئايالنىڭ سۈتى ياكى ئۈچكە سۈتىدە ئېرىتىپ كۆزگە سۈرتۈلىدۇ.

### شىيافى كافۇر

تەركىبى: كەتىرا، سەمغى ئەرەبى ھەر بىرى 14 گرام، قوغۇشۇن 10.5 گرام، كافۇر 1 گرام.

ياسىلىشى: ئۆپەدەك سوقۇپ سۇ بىلەن شىياف قىلىنىدۇ.

تەسىرى: كۆز ئاغرىش، قىزىرىش قاتارلىقلارغا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئىشلىتىلىشى: يۇقىرىقى مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: شىيافى نارىنجىغا ئوخشاش.

### شىيافى نارىنجى

تەركىبى: نارىنجى سۈيى بىلەن پەرۋىش قىلىنغان تۇتىيا 35 گرام، ئەفيۇن 10 گرام، ئاق قەلەي، سېرىق ھېلىلە ئۈكچىسى ھەر بىرى 7 گرام، كەتىرا، نىشاستە، ئەنزىرۇت، قىزىلگۈل، سېرىق سەبرى، روسۇت ھەر بىرى 3.5 گرام.

ياسىلىشى: شىياف تەييارلاش قائىدىسى بىلەن تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى: كۆزگە سۇ چۈشۈش، قىزىرىش، قىچىشىش، ياش ئېقىش قاتارلىق

ياللۇغ ئالامەتلىرىنى يوقىتىدۇ، كۆزنى ئاسرايدۇ.

ئىشلىتىلىشى: يۇقىرىقى مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: ئايال سۈتى ياكى ئۆچكە سۈتىدە ئېرىتىپ كۆزگە چېپىلىدۇ.

**قوتۇرى ئەيىن**

تەركىبى: چاكسۇ، بېھى ئۇرۇقى، ھەممىشە باھار ئۇرۇقى ھەر بىرى 10 دانە (بۇلار يېرىم سوقۇلىدۇ)، نىشاستە 2 گرام، روسۇت 0.2 گرام.

ياسىلىشى: دورىلارنى قاينىتىپ سۈزۈپ، سۈيىگە تۇخۇم ئېقى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: كۆز ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: كۆزگە تېمىتىلىدۇ.

**كوھلى ئەزىزى**

تەركىبى: كۆيدۈرۈلگەن سۈرمە 15 گرام، كۈمۈش كۆيۈندىسى، ئالتۇن كۆيۈندىسى، شادىنەج، ماش، تۇتىيا، كۆيدۈرۈلگەن مىس ھەر بىرى 6 گرام، سېرىق ھېلىيلە پوستى، سازەج ھىندى، قاراھۇچ، فىلفىل، نوشۇدۇر، سەبرى، روسۇت، زەفەر، دېگىز قىسقۇچ پاقىسى ھەر بىرى 3 گرام، زەنجىبىل، ئىفار 2 گرام، قەلەمفۇر 1.5 گرام، كافۇر 1 گرام.

ياسىلىشى: كوھلى تەييارلاش ئۇسۇلىدا سۈرتۈلىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ. كۆز قاراڭغۇلىشىش، كۆز ياشاڭغۇراش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. ئاقنى يوقىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : كۆزگە سۈرۈلىدۇ .

### كوھلى ئەھۋەل

تەركىبى : سۈزۈك رەڭلىك سىندۇرۇس مەلۇم مىقداردا ، ئىفار ، ئەنبەر ئاز مىقداردا .

ياسىلىشى : سىندۇرۇسنى سالايە قىلىپ پىلىكچە خالتىغا قاچىلاپ بىر قاچىغا قويۇپ ئۈستىگە مەلۇم مىقداردا گۈل يېغى ۋە سۈت قويۇلىدۇ . خالتا ئۇچىغا ئوت يېقىپ ، نېپىز مىس لېگەننى ئوت يېقىلغان پىلىك خالتا ئۈستىگە ئېسىپ قويۇلىدۇ . پىلىكچە كۆيۈپ ئۈنىڭ ئىسمى بىلەن لىگەننىڭ تېگى ئىسلاشقاندىن كېيىن ئىسنى توخۇ قانىتى بىلەن سۈپۈرۈپ يېغىۋېلىپ ئاز مىقداردا ئىفار ، ئەنبەرلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ سۈرمە تەييارلاپ ئىشلىتىلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كۆزدىكى ئالغايلىقنى تۈزىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : كۆزگە سۈرتۈلىدۇ .

### كوھلى بەياز

تەركىبى : مامىرانچىنى ، ئىگىر ھەر بىرى 10 گرام ، كۆپۈكى دەريا ، توغرىغا ، كېلەر مايىقى ، ئاق شېكەر تەڭ مىقداردا ، سۇ 280 م ل .

ياسىلىشى : مامىران ۋە ئىگىرلەرنى سۇدا $\frac{1}{4}$ قىسمى قالغىچە قاينىتىپ يۇقىرىقى دورىلارنى ئېرىتىپ ئاپتاپتا قويۇپ قۇرۇتۇپ يېپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كۆزگە چۈشكەن ئاقنى ئالىدۇ . بىر ئاي ئىشلىتىلسە ياخشى ئۈنۈم كۆرسىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : كۆزگە سۈرتۈلىدۇ .

### كوهلى جەۋاهىر

تەركىبى : تېشىلمىگەن مەرۋايىد 21 گرام ، سۈرمە تېشى 18 گرام ، تۇتىيا 12 گرام، مارجان ، مەرقەشىشا (ئالتۇن ، كۈمۈشنىڭ كۆيۈندىسى ) ھەر بىرى 6 گرام ، سازەج ھىندى 3 گرام ، ئىفار 1.5 گرام .

ياسىلىشى : مەزكۇر دورىلارنى ناھايىتى يۇمشاق سوقۇپ ۋە بەزنىسىنى سالايە قىلىپ يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كۆزنىڭ كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : پەلكۈچنى دورىغا مىلاپ كۆزگە تېمىتىلىدۇ .

### كوهلى دەمئە

تەركىبى : سېرىق ھېلىيلە 1 دانە ، زەفەر ئاز مىقداردا .

ياسىلىشى : ھېلىيلىنى خېمىرغا ئوراپ خىش ئۈستىدە قويۇپ ، قىزىتىلغان تونۇر ئىچىگە سېلىنىدۇ . پىشىپ قىزارغاندىن كېيىن ئېلىپ ھېلىيلىنى ئايرىۋېلىپ زەفەر بىلەن ناھايىتى يۇمشاق سالايە قىلىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كۆز ياشاڭغۇراشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : كۆزگە تارتىلىدۇ .

### كوهلى روشنايى

تەركىبى : سۈرمە تېشى 360 گرام ، مەرۋايىد 24 گرام ، مارجان 15 گرام، سەڭگى

سەبرى 12 گرام، مامىرانچىنى 6 گرام، ئالتۇن ۋەرەق 4 گرام.

ياسىلىشى: ئالتۇن ۋەرەقتىن باشقا دورىلارنى ھېلىيلە سۈيىدە ناھايىتى يۇمشاق سۈرۈپ ئېرىتىپ 4 كۈن تۇرغۇزغاندىن كېيىن يەنە گۇلابقا قوشۇپ 4 كۈن تۇرغۇزۇلىدۇ. 9 ـ كۈنى ئالتۇن ۋەرەقنى ئارىلاشتۇرۇپ، گۇلابقا يەنە سۈرۈپ تەييارلاپ تۆمۈر ياكى چىنە قاچىدا ساقلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: كۆزنىڭ كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. ھەر خىل كۆز ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: پەلكۈچنى دورىغا مىلاپ كۆزگە سۈرتۈلىدۇ.

### كوھلى غىشاۋە

تەركىبى: فىلفىل، قارامۇچ، قەنبىل تەڭ مىقداردا.

ياسىلىشى: يۇمشاق سوقۇپ يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: كۆز خىرەلىشىشكە شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشلىتىش ئۇسۇلى: كۆزگە سۈرتۈلىدۇ.

### كوھلى مۇقەۋۋى

تەركىبى: يۇيۇپ تازىلانغان 60 م ل ھۆل رەيھان سۈيىنىڭ قۇرۇتۇلمىسى مەلۇم مىقداردا، زەنجىبىل، قارامۇچ، مامىرەنچىنى ھەر بىرى 6 گرام، نوشۇدۇر 3 گرام.

ياسىلىشى: تۇتىيا ۋە رەيھان سۈيى قۇرۇتۇلمىسىنى سۈرۈپ، قالغانلىرىنى سوقۇپ يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ، باديان سۈيىگە چىلاپ قۇرۇتۇپ تۇتىيانى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن كۆزگە سۈرتۈلىدۇ.

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: كۆزنىڭ كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. كۆزدىن ياش ئېقىشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىلتىش ئۇسۇلى: كۆزگە سۈرتۈلىدۇ.

## كوھلى مۇنبىت

تەركىبى: كۆيدۈرۈلگەن خورما ئۇرۇقى 15 گرام، كۇندۇر كۈلى 12 گرام، سۇنبۇل 9 گرام، لاجۇۋەرد، ھەببى بىلسان ھەر بىرى 3 گرام.
ياسىلىشى: كوھلى تەييارلاش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: كىرپىك ئۈندۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى: سۈرمە پەلكۈچى بىلەن كىرپىك ساھەسىگە تارتىلىدۇ.

## كوھلى مەلكايا

تەركىبى: ئېشەك سۈتىدە مۇدەببەر قىلىنغان ئەنزۇرۇت، نىشاستە، ئاق شېكەر ھەر بىرى 15 گرام، ئۈزۈم ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى 3 گرام.
ياسىلىشى: كوھلى تەييارلاش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى: ھەر خىل كۆز ياشاڭغۇراشلارغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: دورىنى پەلكۈچكە مىلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

## كوھلى ۋەرد

تەركىبى: تازىلانغان قەلەي 24 گرام، ئالتۇن كۆيۈندىسى، سەمغى ئەرەبى، يۇيۇلغان شادىنەج ياكى كۆيدۈرۈپ يۇيۇلغان ماگنىت تېشى ھەر بىرى 12 گرام، بەسباسە، كۆيدۈرۈلگەن مىس، زەفەر ھەر بىرى 3 گرام، ئەفيۇن 3 گرام، كافۇر 1 گرام.
ياسىلىشى: كوھلى تەييارلاش ئۇسۇلىدا تەييارلىنىدۇ.
تەسىرى: كۆز جاراھەتلىرىگە شىپا بولىدۇ، كۆز قاراڭغۇلىشىش، قىچىشىشلارنى يوقىتىدۇ، ئالغايلىققا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ.
ئىشلىتىش ئۇسۇلى: كۆزگە سۈرتۈلىدۇ.

## كوھلى ئكسىرىن

تەركىبى : سۇرمە ، سياھدان باراۋەر مىقداردا .
ياسىلىشى : دورىلارنى ئۇپىدەك يۇمشاق سوقۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىر ۋە ئىشلىتىلىشى : كۆز مۇگگۇز پەردىسى جاراھەتلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش ئۇسۇلى : دورىنى لاتىغا قويۇپ كۆزگە تۇتۇپ داكا بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ .

## مەتبۇخى خىيارشەنبەر

تەركىبى : تەرەنجەبىل 45 گرام ، سەرپىستان ، چىلان ھەر بىرى 25 دانە ، ئاق لالە ئۇرۇقى ، بىنەفشە ھەر بىرى 10 گرام ، بابۇنە 6 گرام .
ياسىلىشى : قاتتىق دورىلارنى چالا سوقۇپ ، ھەممە دورىلارنى بىرلەشتۇرۇپ 1 لىتر قايناقسۇغا چىلاپ قايىنتىپ سۇزۇلىدۇ . خىيارشەنبەر ۋە تەرەنجەبىننى يېرىم چىنە قايناقسۇغا چىلاپ سوۋۇغاندا مۇجۇپ سىقىپ ، يۇقىرىقى قايناتمىغا بىرلەشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى : قان ۋە سەپرانى تەڭشەش ، قوقاق ياندۇرۇش ، تەرەت يۇمشىتىش تەسىرىگە ئىگە .
ئىشلىتىلىشى : كۆز ، قاپاق قىرلىرىنىڭ ياللۇغلىنىشى ، كۆزنىڭ قىزىرىپ ئاغرىشى ۋە ئىسسىقتىن بولغان بارلىق كۆز كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .
ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 پىيالىدىن قىزىق پېتى ئىچىلىدۇ .

## مەتبۇخى قەنتەريۇن

تەركىبى : ئۇرۇقسىز ئۈزۈم 60 گرام ، بەسفايەج 21 گرام ، قەنتەريۇن ، تۇربۇد ھەر بىرى 9 گرام .

ياسىلىشى : ھەممىسىنى چالا سوقۇپ 1 لىتر سۇدا $\frac{1}{3}$ قىسمى قالغىچە قاينىتىپ سىقىپ سۇزۇپ تاييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : كۆز ياشاڭغۇراشنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : 3 گرام ئىيارەج پەيقەرا قوشۇپ كۈندە 1 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100 م ل ئىچىلىدۇ .

## مەتبۇخى مۇلەييىن

تەركىبى : فونۇس 60 گرام ، گۇلقەنت 52.5 گرام ، گۇلبىنەفشە ، چىلان ، ئۇستۇخۇدۇس ھەر بىرى 16.5 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى بىر يېرىم لىتر سۇدا قاينىتىپ سۇزۇپ ، فونۇسنى ئېزىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ . ئەگەر سەپرادىن بولغان بولسا ئۇنىڭ ئورنىغا 36 گرام تەمرى ھىندى ياكى ئەينۇلا ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، شاھتەررە ، تەرەنجىبىل قاتارلىقلار مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇلىدۇ .

تەسىرى : قان تازىلايدۇ ، قان ۋە سەپرانىڭ نىسبىتىنى تەڭشەيدۇ ، بۇزۇلغان سەۋدانى سۈرىدۇ . ئاشقازاننى كۈچەيتىدۇ ، تەرەت يۇمشىتىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : كۆزنىڭ بارلىق كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 100 م ل ئىچىلىدۇ .

## مەئجۇنى كامازەريۇس

تەركىبى : سېرىق ھېلىيلە پوستى ، بەلىيلە پوستى ، ھېلىيلە كابۇلى پوستى ، قارا ھېلىيلە ، ئامىيلە ، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ، شاھتەررە ئۇرۇقى ، بىخسۇس ھەر بىرى 12 گرام ، كامازەريۇس (كەكرى ئۇرۇقى ) ھەممە دورىلار ۋەزنىدە ، قەنت 3 ھەسسە .

ياسىلىشى : ھېلىيلىلەرنى ئۆندەك سوقۇپ ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئىچ ياغ بىلەن ياغلىنىدۇ . قالغان دورىلارنى ئۆندەك سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە قەنتنى قىيام

قىلىپ تالقانلانغان دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ مەئجۇن تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : قان تازىلاش ، جىگەر خىزمىتىنى ياخشىلاش ، كۆز قىزىرىشىنى يوقىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : كۆز كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 24 گرام يېيىلىدۇ .

## مەئجۇنى ئىگىر

تەركىبى : ئىگىر 35 گرام ، يۇمۇلاق مۇرچ (ئاقمۇچ ، قارىمۇچ ) ، زەنجىبىل ، سىياھدان ، زىرە ، شەتىرەنجى ھەر بىرى 10 گرام ، ھەسەل 224 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى ئۇپىدەك يۇمشاق سوقۇپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ .

تەسىرى : كۆزگە چۈشكەن ئاقنا مەنپەئەت قىلىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : كۆزگە سۇ چۈشۈشكە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم 4 گرامدىن يەپ ئارقىدىن باديان سۈيى ئىچىلىدۇ .

## ھەبىي زەھەب I

تەركىبى : سەبرى 30 گرام ، تۇربۇد 21 گرام ، سېرىق ھېلىيلە پوستى 15 گرام ، سەقمۇنىيا 5 .9 گرام ، مەستىكى ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 7 گرام ، زەفەر 5 .1 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قايناقسۇدا يۇغۇرۇپ 3 .0 گراملىق ھەب تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى توختىتىدۇ ، بۇزۇق ماددىلارنى تازىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى ، كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ھەمدە بەدەننى تازىلاش مەقسەتلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم 5 .1 گرام (بەش دانە ) دىن ئىچىلىدۇ .

### ھەببى زەھەب I

تەركىبى : سەبرى 60 گرام ، سېرىق ھېلىيلە پوستى 30 گرام ، قىزىلگۈل 15 گرام ، مەستىكى ، كەتىرا ، زەفەر ، سەقمۇنىيا ھەر بىرى 9 گرام .

تەييارلاش : ھەببى زەھەب I بىلەن ئوخشاش .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان باش ، كۆز ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : ھەببى زەھەب I بىلەن ئوخشاش .

### ھەببى زەھەب II

تەركىبى : سەبرى 60 گرام ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 30 گرام ، سەقمۇنىيا ، زەفەر ، مەستىكى ، كەتىرا ، ئەنبەر ، ئالتۇن ۋەرەق ھەر بىرى 9 گرام ، ياقۇت ، مەرۋايىد ھەر بىرى 1.5 گرام .

ياسىلىشى : ھەببى زەھەب I بىلەن ئوخشاش .

تەسىرى : ھەر خىل باش ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ ، باشتىكى ئېغىرلىقنى يوقىتىدۇ ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ ، ئومۇمىي بەدەننى تازىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : كۆز ئاجىزلىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 1 قېتىم ، 2 گرام ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ .

### ھەببى زەھەب IV

تەركىبى : سەبرى سوقۇترى 30 گرام ، سېرىق ھېلىيلە پوستى 15 گرام ، مەستىكى ، كەتىرا ، سەقمۇنىيا ، قىزىلگۈل ، زەفەر ھەر بىرى 5 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، قايناقسۇدا خېمىر قىلىپ

قارىمۇچ چوڭلۇقىدا ھەب قىلىپ سايىدا قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : كۆزنىڭ بېسىمىنى تۆۋەنلىتىدۇ ، باش قىسمىدىكى قان تومۇرلارنى ئا-چىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : كۆزگە سۇ چۈشۈش ، كۆز ئىچكى بېسىمى ئېشىپ كېتىش ، باش ئاغرىش ، كۆز ئاجىزلىقى قاتارلىقلارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىچىلىدۇ .

## ھەببى شەبيار I

تەركىبى : قىزىلگۈل 13 گرام ، سەبىر سوقۇتىرى 10 گرام ، سېرىق ھېلىيلە پوستى 5 گرام ، مەستىكى ، ئاق تۇربۇد ، سەقمۇنىيا ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ، باديان ئەرىقى بىلەن خېمىر قىلىپ ، قارىمۇچ چوڭلۇقىدا ھەب تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : كۆزنىڭ كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : باش ئاغرىش ، ئاشقازان يېقىمسىزلىقى ، كۆرۈش ئاجىزلىشىش ، نا-مازشام كورلۇقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 3 گرام ئىستېمال قىلىنىدۇ .

## ھەببى شەبيار I

تەركىبى : تۇربۇد ، غارىقۇت ، ئەفتىمۇن (سېرىق يۆگەي ) ئۇستۇخۇدۇس ، ھې-لىيلە كابۇلى پوستى ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەپ ، سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ ھەب ياسىلىدۇ .

تەسىرى : باش ساھەسىنى تازىلايدۇ . كۆرۈشنى ياخشىلايدۇ .

ئىشلىتىلىشى : باش چىڭقىلىش ، كۆرۈش قىيىنلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە ئاخشىمى 12 دانە ئىستېمال قىلىدۇ .

### ھەببى شەبيار Ⅲ

تەركىبى : سەبرى سوقۇتىرى 18 گرام ، قىزىلگۈل ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، مەستىكى رۇمى ، ئاق تۇربۇد ھەر بىرى 8 گرام ، سەقمۇنىيا 4 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، باديان ئەرىقى بىلەن خېمىر قىلىپ 0.25 گراملىق ھەب تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : قۇرۇق ئىسسىق .

تەسىرى : كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : نامازشام كورلۇقى ، باش ، مېگە ئاغرىقلىرى ۋە ئاشقازان يېقىمسىزلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە ئاخشىمى ئاچ قورساق 10~7 دانە يەيدۇ .

### ھەببى شەبيار Ⅳ

تەركىبى : ھەببىنىل ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 36 گرام ، ھېلىيلە كابۇلى پوستى ، بەلىيلە پوستى ، سەبرى ، كۈندۇر ھەر بىرى 21 گرام ، كەتىرا 9 گرام ، مۇقەل ، مەستىكى ، رەۋەن ئۇسارىسى ھەر بىرى 3 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ، مۇقەلنى قايناقسۇ بىلەن ئېزىپ ، دورىلار بىلەن يۇغۇرۇپ خېمىر قىلىپ 0.3 گراملىق ھەب تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : باش ، قۇلاق ، كۆز ئاغرىقلىرىغا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ .

ئىشلىتىلىشى : كۆز ئېچىشىپ ئاغرىشقا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە ئاخشىمى ئاچ قورساق 7 دانە يېيىلىدۇ .

### ئىتر يىغىلى باديان

تەركىبى : ئارپا باديان 70 گرام ، سېرىق ھېلىيلە پوستى ، ھېلىيلە كابۇلى

پوستى ، بەلىيلە پوستى ، ئامىيلە ، يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى ، تاغ يالپۇزى ، قىزىلگۈل ھەر بىرى 10 گرام .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ ، بادام يېغىدا ياغلاپ 500 م ل كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ .

تەسىرى : كۆكرەك ۋە جىگەر تۇسالغۇلىرىنى ئېچىش ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ، ياشاڭغۇراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : كۆز ئاجىزلاشنى تىزگىنلەش ، كۆز ئاجىزلىقىدىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 2 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 20 گرام ئىستېمال قىلىدۇ .

## قۇلاق كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرى

### رەۋغىنى پەجەل ( تۇرۇپ يېغى )

تەركىبى : تۇرۇپ سۈيى 6 لىتر ، كۈنجۈت يېغى ياكى زەيتۇن يېغى 2 لىتر .

ياسىلىشى : كۆك تۇرۇپنى تازىلاپ قىرىپ ، سىقما ماشىنا ياكى داكا بىلەن سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ ، ئۇستىگە ياغنى قۇيۇپ تاكى سۈيى كېتىپ يېغى قالغىچە سۇس ئوتتا قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەبىئىيتى : ئىسسىق .

تەسىرى : ئاغرىق پەسەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : ھەر خىل سوغۇقتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ كۈندە 2~3 قېتىم قۇلاققا تېمىتىلىدۇ .

### رەۋغىنى كۈندۈر

تەركىبى : كۈندۈر 15 گرام ، سەبرى ، مۇرمەككى ، مەستىكى ، قۇندۇز قەھرى ، رۇسۇت (ھوزۇر) ، كالا ئۆتى ھەر بىرى 3 گرام ، ئاچچىق بادام يېغى 60 م ل ، كونا مۇسەللەس 120 م ل .

ياسىلىشى : دورىلار تالقىنىنى ئارىلاشتۇرۇپ يېغى قالغىچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : تېمىتىلىدۇ .

### شەربىتى ئۇستۇخۇدۇس IX

تەركىبى : ئۇستۇخۇدۇس 30 گرام ، بەسفايەج ، بالەنگۇ ، گاۋزەبان ھەر بىرى 15 گرام ، ئاق شېكەر 500 گرام ، سۇ 1 لىتىر .

ياسىلىشى : دورىلارنى قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈپ ، ئاخىرىدا شېكەرنى قو- شۇپ ئېرىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : مېڭىنى تازىلاش ، نېرۋىنى كۈچەيتىش ، يەل تارقىتىش تەسىرىگە ئىگە .

ئىشلىتىلىشى : مېگە توسالغۇلىرىنى ئېچىش ، ئاڭلاش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش مەق- سىتىدە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى : كۈندە 3 قېتىم ، ھەر قېتىمدا 1 قوشۇقتىن ئىچىلىدۇ .

### شىيافى بورە ئەرمىنى

تەركىبى : بورە ئەرمىنى 9 گرام ، ئاچچىق تاۋۇز گۆشى 4 گرام ، قۇندۇز قەھرى ، يۇمىلاق زىراۋەند ھەر بىرى 2 گرام ، قۇستە 0.5 گرام ، پەرفىيۇن 0.1 گرام ،

ئەفسەنتىننىڭ سوقۇپ چىقىرىلغان سۈيى 2 م ل .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ كالا ئۆتىدە يۇغۇرۇپ شىياڭ قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قۇلاق ئېغىرلىقىنى يوق قىلىش ، بەلغەمدىن بولغان قۇلاق ئاغرىشنى پەسەيتىش ، قۇلاققا غەيرىي ئاۋاز ئاڭلىنىشنى كەتكۈزۈش تەسىرىگە ئىگە ۋە شۇ مەقسەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : ئالدى بىلەن بابۇنە ، سېرىق چېچەك ، ئىكلىلمەلىك ، ياپۇز ، مەرزەنجۇش ، دەرمىنە ، ئەمەنلەرنى قايناتىپ قۇلاقنى تەرلىتىپ ، ئاندىن شىيافنى ئاچچىق بادام يېغىدا ئېزىپ قۇلاققا تامدۇرۇلىدۇ .

### شىيافى ۋەقەر

تەركىبى : مەرزەنجۇش ، قىزىل قىچا ، سوزاپ ، ئاچچىق تاۋۇز گۆشى ، تۇرۇپ ئۇرۇقى ، يۇمىلاق زىراۋەند باراۋەر مىقداردا ، ئاچچىق بادام يېغى مۇۋاپىق مىقداردا .

ياسىلىشى : دورىلارنى سوقۇپ تاسقاپ كالا ئۆتى بىلەن يۇغۇرۇپ شىياڭ قىلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قۇلاق ئېغىرلىقىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : ئاچچىق بادام يېغىدا ياغلاپ قۇلاققا تىقىلىدۇ .

### فەتىلەئى مەرۋى

تەركىبى : مەرۋى ( كىنوچە ) ئۇرۇقى ، ئەنزەرۇت تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى : ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ پىلىكچىنى دورىغا مىلاپ قۇلاققا تىقىلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قۇلاق ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ . يىرىڭنى توختىتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

**قۇتۇرى ئىسىم**

تەركىبى : كۈندۈر ، زەپەر ، قۇندۇز قەھرى ، ئاق خەربەق ھەر بىرى 9 گرام ، گىلى ئەرمىنى ، توغرىغا ھەر بىرى 6 گرام ، ھاراق 6 م ل .

ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى : دورىلارنى ھاراقتا ئېرىتىپ قۇلاققا تېمىتىلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قۇلاق ئېغىرلىقى ، غوڭۇلدىشى ھەمدە گازلىقىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

**قۇتۇرى ئەشا**

تەركىبى : سوزاپ سۈيى ، يۇمغاقسۈت سۈيى تەڭ مىقداردا .

ياسىلىشى : $\frac{1}{2}$ قىسمى قالغىچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى : نامازشام قارىغۇسىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : كۈندە 2 ~ 3 قېتىم كۆزگە تېمىتىلىدۇ .

**قۇتۇرى جالىنۇس**

تەركىبى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى : ئانارنى تېشىپ ئىچىدىكى ئۇرۇقى ۋە گۆشلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ ، كىچىك بالىنىڭ سۈيدۈكى بىلەن توشقۇزۇپ ، تۆشۈكنى ئېتىپ ئوتقا كۆمۈپ قىزىتىپ قۇلاققا تېمىتىلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قۇلاقتىكى يېرىڭ ۋە كىرلەرنى تازىلايدۇ . ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

**قۇتۇرى خۇبسۇلھەدىد**

تەركىبى : سىركە ۋە تۆمۈر كۆيۈندىسى مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى : تۆمۈر كۆيۈندىسىنى سىركىگە چىلاپ بىر ئاي تۇرغۇزغاندىن كېيىن سۈزۈپ تاييارلىنىدۇ . (سىركىسى ئايرىۋېلىنىدۇ) .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قۇلاقنىڭ كونا جاراھەتلىرىگە شىپا بولىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : قۇلاققا تېمىتىلىدۇ .

### قوتۇرى كەرەم

تەركىبى : شاپتۇل غازىڭى شىرىسى ، پىننە ياپرىقى شىرىسى مەلۇم مىقداردا .

ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى : تەنها ياكى بىرىكتۈرۈلگەن ھالدا تېمىتىلىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : قۇلاقتىكى قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

### قوتۇرى ۋەجئىلئۇزنى بارىد

تەركىبى : سوزاپ سۈيى ، رەيھان سۈيى ھەر بىرى 21 گرام ، بابۇنە يېغى 45 م ل . پەرفيۇن يېغى 6 م ل ، كونا ھاراق 60 م ل .

ياسىلىشى : ھەممىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۈيى تۈگەپ يېغى قالغانغا قەدەر قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .

تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : سوغۇقتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى : قۇلاققا تېمىتىلىدۇ .

### قوتۇرى ۋەجئىل ئۇزنى ھار

تەركىبى : گۈل يېغى 18 گرام ، تاتلىق بادام يېغى 15 م ل ، سىركە 30 م ل .

ياسىلىشى : گۈل يېغى ۋە بادام يېغىنى سىركە بىلەن قوشۇپ يېغى قالغانغا قەدەر قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ .
تەسىرى ۋە ئىشلىتىلىشى : ئىسسىقتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ ۋە شۇ مەقسەتتە ئىشلىتىلىدۇ .

### مەتبۇخى ھېلىلە IV

تەركىبى : سېرىق ھېلىلە ، ھېلىلە كابۇلى ھەر بىرى 45 گرام ، ئەپنۇلا سەرپىستان ھەر بىرى 30 دانە ، سانا ، شاھتەررە ھەر بىرى 15 گرام ، ئەفيۇن 12 گرام ، قىزىلگۈل ، كاسىنى ئۇرۇقى ، بادىرەنجبويا ھەر بىرى 9 گرام .
ياسىلىشى : قاتتىق دورىلار چالا سوقۇلىدۇ . يۇمشاقلىرى سوقۇلمايدۇ . 1 لىتىر قايناقسۇغا 12 سائەت چىلاپ ئەتىسى قاينىتىپ يېرىمى قالغاندا سۈزۈلىدۇ .
